ئۇرۇش ۋە ھەربىي ئىشلار (1)

# خەن سۇلالىسى بىلەن ھۇنلارنىڭ 300 يىللىق ئۇرۇشى



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

سۇڭ چاۋ

# خەن سۇلالىسى بىلەن ھۇنلارنىڭ 300 يىللىق ئۇرۇشى

## (1)

تەرجىمە قىلغۇچى: ئابدۇرېھىم راخمان

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

图书在版编目（CIP）数据

汉匈战争三百年及唐朝对突厥的战争 / 王小甫·宋超编；阿布都热依木译. —乌鲁木齐：新疆人民出版社，2002.12
ISBN 7-228-07824-1

Ⅰ.汉… Ⅱ.①王… ②宋… ③阿… Ⅲ.①匈奴—战争史—史料—中国—汉代—维吾尔语（中国少数民族语言）②突厥—战争史—史料—中国—唐代—维吾尔语（中国少数民族语言） Ⅳ.①E291②K289

中国版本图书馆 CIP 数据核字（2002）第 108348 号

责任编辑：穆合塔尔·马木提
责任校对：热娜·阿布里米提
封面设计：艾克拜尔·沙力

# 汉匈战争三百年（1）（维吾尔文）

宋超 著
阿布都热依木·热合曼 译

新疆人民出版社出版
（乌鲁木齐解放南路 348 号 邮政编码 830001）
新疆新华书店发行
乌鲁木齐福利印刷厂印刷
850×1168 毫米 1/32 开本 8.5 印张
2003 年 3 月第 1 版 2003 年 3 月第 1 次印刷
印数：1 — 3000

ISBN 7-228-07824-1 定价(两册):24.00 元

# تەرجىماندىن

ھۇن — قەدىمكى دەۋرلەردە ئېلىمىزنىڭ شىمالىدا ياشىغان قەدىمكى مىللەت نامى، شۇنداقلا ئەل نامى. چىن، خەن سۇلالىلىرى دەۋرىدە ھۇنلار قۇدرەت تېپىپ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونلىرىغا بېسىپ كىرگەن، خەن سۇلالىسى ھۇن ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ زۇلۇمىغا ئۇچرىغان مىللەت - قوۋملار بىلەن بىرلىشىپ ھۇن ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ كېڭەيمىچىلىكىگە زەربە بەرگەن، خەن شۆەندى دەۋرىدە ھۇنلار ئىچكى مالىمانچىلىق تۈپەيلىدىن بۆلۈنۈپ كەتكەن، جەنۇبىي ھۇنلار خەن سۇلالىسىگە بەيئەت قىلغان ۋە سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت جەھەتتە قويۇق مۇناسىۋەت قىلغان، شىمالىي ھۇنلار بولسا خەن سۇلالىسى بىلەن قارشىلىشىپ خېشى كارىدورى ۋە غەربىي يۇرتقا پاراكەندىچىلىك سالغان، كېيىن خەن سۇلالىسى ۋە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە قۇرۇلغان مەركىزىي ھاكىمىيەتلەر ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قوللىشى ۋە ياردىمىدە ھۇنلارنىڭ پاراكەندىچىلىكىنى تىنجىتىپ، ۋەتىنىمىزنىڭ بۈيۈك بىرلىكىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا ئاساس سالغان.

بۇ كىتابتا، ئاساسلىقى خەن سۇلالىسىنىڭ ھۇن ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ پاراكەندىچىلىكىنى تىنجىتىپ، بىرلىكنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش يولىدا ئېلىپ بارغان 300 يىللىق ئۇرۇش تونۇشتۇرۇلغان.

# مۇندەرىجە


بىرىنچى باب خەن ـ ھۇن ئۇرۇشىنىڭ كېلىپ چىقىشى ······ 1

1. ھۇنلار جەنۇبقا سۇرۇلۇپ يىلقىلىرىنى يايلىتىشقا پېتىنالمايدىغان بولدى ······ 2

2. شىمالىي چېگرىدا مۇداپىئە سىستېمىسىنىڭ ئورنىتىلغانلىقى ······ 12

3. باتۇر تەڭرىقۇتنىڭ شىمالىي چۆللۈكتە مۇستەھكەم ئاساسقا ئىگە بولغانلىقى ······ 21

ئىككىنچى باب خەن ـ ھۇن ئۇرۇشىدىن قۇدىلىشىشقىچە ··· 30

1. خەن گاۋزۇنىڭ پىڭچېڭدىكى جېڭى ······ 31

2. ئومۇملىقنى كۆزدە تۇتۇپ مادارا قىلىش ۋە قۇدىلىشىش سىياسىتى ······ 42

3. ئۇزۇلمەس چېگرا توقۇنۇشلىرى ······ 52

ئۈچىنچى باب خەن ـ ھۇن ئۇرۇشىنىڭ ئومۇمىيۇزلۇك پارتلىغانلىقى ······ 64

1. مايى ھىيلىسى ······ 65

2. خۇاڭخېنىڭ جەنۇبى ۋە چۆللۈكنىڭ جەنۇبىدىكى جەڭلەر ······ 74

3. خېشى ئۇرۇشى ······ 86

4. چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى ھەل قىلغۇچ جەڭ ······ 97

5. سۇۋۇنىڭ بايقال كۆلى بويىدا پادا باققانلىقى ······ 107

6. قايتىش يولى قالمىغان لى لىڭ ······ 116

7. لى گۇاڭلىنىڭ جىجۇ دەرياسى بويىدىكى مەغلۇبىيىتى ······ 128

تۆتىنچى باب خەن سۇلالىسى بىلەن ھۇنلار مۇناسىۋىتىنىڭ

يېڭىۋاشتىن ئىزىغا چۈشكەنلىكى ...... 137

1. «بۇگۇر مەكتۇپى» — ئۆتكەن ئىشلار ھەققىدىكى چوڭقۇر نادامەت ...... 138

2. ھۇنلارنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى جاڭجاللار ۋە قۇدىلىشىش ئەھدىنىڭ قايتا ئوتتۇرىغا قويۇلغانلىقى ...... 146

3. قوغشار تەڭرىقۇتنىڭ چۆللۈكنى بىرلىككە كەلتۈرگەنلىكى ۋە مەلىكە جاۋجۇننىڭ قورۇلدىن چىققانلىقى ...... 160

بەشىنچى باب خەن سۇلالىسى بىلەن ھۇنلارنىڭ غەربىي يۇرتنى تالاشقانلىقى ...... 177

1. جاڭ چيەننىڭ غەربىي يۇرتقا ئەلچىلىككە بارغانلىقى ...... 178

2. پەرغانىگە ئىككى قېتىم يۈرۈش قىلىنغانلىقى ۋە قۇسۇننىڭ بەش قېتىم تارتىۋېلىنغانلىقى ...... 188

3. خەن سۇلالىسى بىلەن ئۇيسۇنلارنىڭ بىرلىشىپ ھۇنلارغا زەربە بەرگەنلىكى ...... 201

4. بەن چاۋنىڭ غەربىي يۇرتنى باشقۇرغانلىقى ...... 209

ئالتىنچى باب ئىككى خەن دەۋرىدىكى خەن، ھۇن مۇناسىۋىتى ...... 229

1. ۋاڭ ماڭنىڭ ھۇنلارنى پاراكەندە قىلغانلىقى ...... 210

2. جەنۇبىي - شىمالىي ھۇنلارنىڭ ئۆزئارا تىركىشىپ تۇرغانلىقى ...... 242

3. ئەڭ ئاخىرقى بىر قېتىملىق كۆڭۈلسىز جەڭ — جىنۋېيشەن تېغىدىكى جەڭ ...... 254

# بىرىنچى باب

«ئايرىلىپ قالغاندا تەگرىتېغىدىن،
ئاۋۇماس بوپقالدى چارۋا - مېلىمىز.»

## — خەن - هۇن ئۇرۇشىنىڭ كېلىپ چىقىشى

● ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى يەتتە بەگلىكنىڭ تۇگىمەس جەڭگى - جېدەللىرى — هۇنلارنىڭ چوڭ چۆللۈكتە جىمجىتقىنا گۈللەنگەنلىكى

● ئىشلەپچىقىرىش تەشكىلى بىلەن هەربىي تەشكىل بىرلەشتۈرۈلگەن هۇن قوشۇنى

● هۇنلارنىڭ ئۆزۈنغىچە جاۋ بەگلىكىنى مارىلاشقا پېتىنالمىغانلىقى

● جەنۇبنىڭ قەيىرىدە يىلقا باقىمىز؟ — هۇنلارنىڭ خۇاڭخېنىڭ جەنۇبىدىن مەھرۇم قالغانلىقى

● چىن شىخۇاڭنىڭ مەملىكەتنى بىرلىككە كەلتۈرگەنلىكى ۋە سەددىچىنىنى تولۇقلاپ ياساتقانلىقى

● «مېنىڭ گۇناھىم ئەمەس» — مېڭ تيەننىڭ ئۆلۈمى ۋە هۇنلارنىڭ خۇاڭخېنىڭ جەنۇبىنى قايتىدىن ئىگىلىۋالغانلىقى

● باتۇر تەگرىقۇتنىڭ توڭغۇسلارنى مۇنقەرز قىلىپ، توخرىلارغا يۈرۈش قىلغانلىقى ھەمدە شىمالىي چۆللۈكتە مۇستەھكەم ئاساسقا ئىگە بولغانلىقى

# 1. ھۇنلار جەنۇبقا سۈرۈلۈپ يىلقىلىرىنى يايلىتىشقا پېتىنالمايدىغان بولدى

مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 3 ـ ئەسىرلەر ئۆپچۆرىسىدە، ئېلىمىز ئۇرۇشقاق بەگلىكلەر دەۋرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە تۇرۇۋاتقان، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى يەتتە بەگلىك توختىماي زوراۋانلىق تالىشىپ تۇرغان بىر چاغدا، بىر جەڭگىۋار يايلاق مىللىتى — ھۇنلار چۆللۈكنىڭ جەنۇب، شىمالىدا ئون ـ تىنىسىز باش كۆتۈرۈپ چىقتى.

«ھۇن» دېگەن بۇ ئىسىم گەرچە دەسلەپ «جۇ سالنامىسى» ، «تاش ـ ئىزىملار قورئى» قاتارلىق ئالدىنقى چىن سۇلالىسىنىڭ دەستۇرلىرىدا كۆرۈلىدۇ. لېكىن، خىلمۇخىل ناملار بىلەن ئاتالغان. سىما چيەن «تارىخىي خاتىرىلەر. ھۇنلار ھەققىدە قىسسە» دە ھۇنلارنىڭ ئاۋۋالقى تارىخى ھەققىدە تەپسىلىي توختىلىپ، بۇ مىللەتنىڭ نامىنى تۇنجى قېتىم «ھۇن» دەپ مۇقىملاشتۇرغانىدى. شۇنىڭدىن تارتىپ ئېلىمىزنىڭ شىمالىي چېگرىلىرىدا ئولتۇراقلاشقان قەيسەر، جەڭگە ماھىر بۇ يايلاق مىللىتى «ھۇن» دېگەن نام بىلەن جۇڭگو تارىخ سەھنىسىدە كۆرۈلۈشكە باشلىدى.

ھۇنلارنىڭ باش كۆتۈرۈشى بىر تاسادىپىيلىق ئەمەس، بەلكى ئېلىمىزنىڭ شىمالىدىكى يايلاق مىللەتلىرىنىڭ ئۇزۇن مەزگىللىك ئۆزئارا قوشۇلۇپ كېتىشىنىڭ نەتىجىسى ئىدى. چۆللۈكنىڭ شىمالىي ۋە جەنۇبىدىكى بىپايان يايلاقلار ئەلمىساقتىن تارتىپ شىمالدىكى چارۋىچى مىللەتلەر ئاۋۇغان ۋە گۈللەنگەن پائالىيەت بازىسى، شۇنداقلا چارۋىچى مىللەتلەر بىلەن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى تېرىم مىللەتلىرىنىڭ ئۆزئارا

ئۇچرىشىدىغان، توقۇنۇشىدىغان، جەڭ قىلىشىدىغان مۇھىم سورۇنى ئىدى. تارىخىي كىتابلاردا خاتىرىلىنىشىچە، يىراق قەدىمدىن تارتىپ نۇرغۇنلىغان چارۋىچى مىللەتلەر شىمالىي چۆللۈكتە جانلانغان. خۇاڭ زامانىسىدا شۇنيى شىمالغا قوغلانغان. شىيا سۇلالىسى دەۋرىدە شۇنيى بىلەن شىيا دۆلىتى قوشنا بولۇپ خۇاشيالار بىلەن قويۇق مۇناسىۋەتتە بولغان. يىن، شاڭ دەۋرىدە ھۇنلارنىڭ رىۋايەتلەردىكى ئەجدادى چۇنۋېي ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىن شىمالغا قېچىپ بېرىپ كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن تۇرمۇش كەچۈرگەن. بۇ چاغدا، گۇيفاڭلار كۈچىيىپ شاڭ سۇلالىسىنىڭ كۈچلۈك دۈشمىنىگە ئايلانغان. شاڭ خانى ۋۇ دىڭ ئۈچ يىل ئۇرۇش قىلىپ گۇيفاڭلارنىڭ باسمىچىلىقىنى چېكىندۈرگەن. غەربىي جۇ دەۋرىدە ھۇنلار كۈچىيىپ توختىماي پاراكەندىچىلىك سېلىپ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى خەلقلەرگە نۇرغۇن سورۇقچىلىقلارنى سالغان. ئەمىنىيە ۋە ئۇرۇشقاق بەگلىكلەر دەۋرلىرىدە شىمالدىكى چارۋىچى مىللەتلەر ئومۇملاشتۇرۇلۇپلا رۇڭ ـ دىلار دەپ ئاتالغان. بۇ «رۇڭ» ۋە «دى» لارنىڭ بەزىلىرى خۇاڭخې بويلىرىدا، بەزىلىرى چۆللۈكنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدا ئولتۇراقلاشقانىدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە، ئاق دىلارنىڭ بىر تارمىقى جۇڭشەن بەگلىكىنى قۇرغاندىن باشقا، قالغانلىرى خۇاڭخې بويلىرىدىكى رۇڭ ـ دىلارغا ياكى ھەرقايسى كۈچلۈك بەگلىكلەرگە قوشۇلۇپ كەتكەن ياكى شىمالىي چۆللۈككە قوغلىنىپ ئەلمىساقتىن تارتىپ شۇ يەرلەردە ياشاپ كېلىۋاتقان رۇڭ ـ دىلارغا قوشۇلۇپ كەتكەنىدى. چىن ۋە خەن سۇلالىلىرى ۋاقتىدا ھۇنلار «غۇز» لار دەپ ئاتالغان. شىمالدىكى چارۋىچى مىللەتلەرنىڭ مۇشۇنداق ئۇزۇن مەزگىللىك قوشۇلۇپ كېتىشى ئاساسىدا ھۇنلار شىمالىي چۆللۈكتە باش كۆتۈرۈپ چىقتى. ئىلىم ساھەسىدە ھۇنلارنىڭ كېلىپ چىقىشى مەسىلىسى ھەققىدە بىرلىككە كەلگەن كۆز قاراش يوق، بەزىلەر

شەرقىي غۇزلار دېسە، بەزىلەر چىياڭلار دەيدۇ؛ بەزىلەر تۈرك دېسە، بەزىلەر شاڭلار دەيدۇ. بۇ كۆز قاراشلار ھازىرغىچە بىرلىككە كەلمىدى. شۇنداق بولسىمۇ، كۆپچىلىك ئالىملار ھۇنلارنىڭ شەكىللىنىشىدە شىمالدىكى چارۋىچى مىللەتلەرنىڭ ناھايىتى زىچ مەنبەداشلىق مۇناسىۋىتى بار دەپ قارايدۇ.

ھۇنلار ناھايىتى ئۇزۇن زامانلار ئىلگىرىلا ئۇرۇقداشلىق ئىتتىپاقى بىلەن قەبىلە ئىتتىپاقى تۈزگەن بولسىمۇ، لېكىن تۇمەن تەڭرىقۇتتىن ئىلگىرى ھۇنلارنىڭ قەبىلە ئىتتىپاقى ناھايىتى تۇراقسىز باسقۇچتا تۇرغانىدى. ئەينى چاغدا، چۆللۈكنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدا نۇرغۇنلىغان چوڭ - كىچىك ئۇرۇق - قەبىلىلەر تارقالغان بولۇپ، بۇ ئۇرۇق - قەبىلىلەر بەزىدە چوڭىيىپ بەزىدە كىچىكلەپ، بەزىدە قوشۇلۇپ بەزىدە بۆلۈنۈپ ھەرقايسىسى ئۆز ئاقساقاللىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا بىر - بىرىگە بېقىنماي ياشايتتى. سىماچيەننىڭ مۆلچەرىگە قارىغاندا تەخمىنەن مىڭ يىللارچە ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، ھۇنلار تۇمەن تەڭرىقۇتنىڭ ھۆكۈمرانلىق دەۋرىگە كەلگەن. ئاندىن قەبىلىلەر ئىتتىپاقى تۇراقلاشقان. «تەڭرىقۇت» دېگەن نام قەبىلىلەر ئىتتىپاقى دەۋرىدە باشلانغان. لېكىن، ھۇن تارىخىدىكى تۇنجى تەڭرىقۇت — تۇمەن تەڭرىقۇت قەبىلىلەر ئىتتىپاقى قۇرۇلتىيى ئورتاق بېكىتكەن ھۇن مىللىتىنىڭ سەردارى ئىدى. ھۇنلار نۇرغۇن قەبىلىلەردىن تەركىب تاپقان بولۇپ، ھەر قايسى قەبىلىلەر يەنە بىر مۇنچە ئۇرۇقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. بۇنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ مەشھۇر ئۇرۇق لەۋنت ئۇرۇقى بولۇپ، تەڭرىقۇت مۇشۇ ئۇرۇقتىن چىقاتتى. يات ئۇرۇقلاردىن قۇيانلار، لانلار، شۇبۇلار، چورىنلار قاتارلىق تۆت ئۇرۇق ئەڭ مەشھۇر بولۇپ، تەڭرىقۇت بىلەن قۇدا - باجا بولالايتتى. ئادەتتە، تەختنى بىكار قىلىش ياكى تەختكە چىقىش، ئۇرۇش قىلىش ياكى قۇدىلىشىش، نەزىر - چىراغ قاتارلىق چوڭ

ئىشلارنى ھەرقايسى قەبىلىلەرنىڭ ئاقساقاللىرى قۇرۇلتاي چاقىرىپ قارار قىلاتتى.

چەكسىز كەتكەن شىمالىي چۆللۈكنىڭ تەبىئىي شارائىتى ھۇنلارنى ئىقتىسادىي جەھەتتىن پەقەت چارۋىچىلىق ۋە ئوۋچىلىقنى ئاساسىي ئىگىلىك شەكلى قىلىشقا مەجبۇر قىلغانىدى. ھۇنلار ئوت - سۇ قوغلىشىپ تەرەپ - تەرەپكە كۆچۈپ، كۆچمەن چارۋىچىلىق تۇرمۇش كەچۈرەتتى. پايانسىز ئوتلاق ھەرگىزمۇ خاتىرجەم دۇنيا ئەمەس ئىدى. بۇنىڭغا قانچىلىك تاسادىپىي خېيىمخەتەرنىڭ يوشۇرۇنۇپ ياتقانلىقىنى بىلىپ بولمايتتى. ئۆزگىرىشچان، ناچار تەبىئىي مۇھىت، قەبىھ ياۋايى ھايۋانلارنىڭ تۇيۇقسىز ھۇجۇملىرى، قوشنا قوۋملارنىڭ تۇيۇقسىز ھۇجۇملىرى ھۇنلارنىڭ چەبدەس، جەڭگە ماھىر، غالىب خاراكتېرىنى چېنىقتۇرغان ۋە ھۇنلاردا بالا چاغلىرىدىن تارتىپلا ئات مىنىش، ئوقيا ئېتىشقا ماھىر بولۇشتەك ئارتۇقچىلىقلارنى يېتىشتۈرگەن. ھۇنلار بالا چاغلىرىدا قوي مىنىپ قۇش، چاشقانلارنى ئوۋلايتتى، سەل چوڭ بولغاندا تۈلكە، توشقان ئوۋلايتتى. قۇرامىغا يەتكەن قاۋۇل ئەرلەر ھەممىسىلا چەۋەندازلار سېپىگە كىرەتتى. ئادەتتە ئاياللار، بالىلىرى، ئۇششاق - چوڭلىرى بىللە ياشاپ چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىناتتى. ئۇرۇش بولسا پۈتكۈل قوۋم بويىچە كۆچۈپ، قوشۇن بىلەن بىللە يۈرۈپ بۇلاڭ - تالاڭغا قاتنىشاتتى. ئىشلەپچىقىرىش تەشكىلى بىلەن ھەربىي تەشكىل بىرلەشتۈرۈلگەن بۇ خىل تۈزۈم ھۇن قوشۇنلىرىنى كۈچلۈك ئۇرۇش كۈچىگە ئىگە قىلىپلا قالماي، يۈكسەك دەرىجىدىكى جانلىقلىققا ۋە ھەرىكەتچانلىققا ئىگە قىلغان. پايدىلىق بولسا ئىلگىرىلەش، پايدىسىز بولسا چېكىنىش، كېلەڭسىز ئارقا سەپ لازىمەتلىكلىرى بىلەن چۈشىلىپ قالماسلىق چۆللۈكتىكى ئۇزۇن يوللۇق جەڭلەرگە تولىمۇ ماس كېلەتتى. ھۇن قوشۇنلىرىنىڭ

بۇ خىل ئارتۇقچىلىقى كېيىنكى كۈنلەردە خەن سۇلالىسى بىلەن ھۇنلار ئارىسىدىكى جەڭلەردە بىر مەزگىل ئۈستۈنلۈكنى نامايان قىلىپ، خەن قوشۇنلىرىنى سۇر ـ توقاي قىلىپ ئىككى پۇتنى بىر ئۆتۈككە تىقىپ قويغانىدى.

ئەممىنىيە دەۋرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە ھۇنلار بىلەن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى خەنزۇلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەر بارا ـ بارا كۆپىيىشكە باشلىدى. ھۇنلار خەنزۇلاردىن تېرىقچىلىق تېخنىكىلىرىنى، خەنزۇلار ھۇنلاردىن يىلقىچىلىق تەجرىبىلىرىنى ئۆگەندى. ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى تۆمۈر قوراللار ھۇنلار ئارىسىغا كىرىپ ھۇنلارنىڭ ئىجتىمائىي ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈپلا قالماي يەنە ھۇنلارنىڭ ئۆتكۈر جەڭ قوراللىرىنى ياسىشى ئۈچۈن زۆرۈر ماددىي شەرت ـ شارائىتلار بىلەن تەمىن ئەتتى. پادىشاھ جياۋ ۋۇلىڭ ھۇنلارنىڭ كىيىم ـ كېچەك، ئات مىنىش، ئوقيا ئېتىش تەجرىبىلىرىنى قوبۇل قىلىشنى تەشەببۇس قىلغاچقا ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە ئاتلىق ئەسكەرلەر پەيدا بولۇپ، جەڭ ھارۋىسى ئاساس قىلىنىدىغان ئۇرۇش شەكلى ئۆزگىرىپ، خەن سۇلالىسى بىلەن ھۇنلار ئارىسىدىكى جەڭدە ئاتلىق ئۇرۇش ئېلىپ بېرىشنىڭ پەردىسى ئېچىلدى. يېغىلىق دەۋرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىگە كەلگەندە ھۇنلار بىلەن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى بەگلىكلەر ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇشلار كۈنسېرى كۈچىيىپ ھۇنلارغا قوشنا بولغان چىن، جاۋ، يەن بەگلىكلىرى ئەڭ ئاۋۋال بۇ توقۇنۇشلاردا زور زىيانلارغا ئۇچرىدى. مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 312 ـ يىلى ھۇن چەۋەندازلىرى لۇفەن (ئورنى ھازىرقى سەنشى ئۆلكىسىنىڭ نىڭۋۇ ناھىيىسى ئەتراپىدا) ئەتراپىدا چېپىپ يۈرۈپ لۇفەننىڭ شىمالىغا جايلاشقان يەن بەگلىكىنىڭ بىخەتەرلىكىگە ئېغىر ۋەھىمە سېلىپ، تەختكە چىققىنىغا ئۇزۇن بولمىغان يەن بېگى جاۋۋاڭنى قەلەمدار، ئەلەمدار بەگلىرى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ دۆلەتنى قۇدرەت

تاپقۇزۇش، لەشكىرىي كۈچىنى كۈچەيتىش تەدبىرلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇشقا مەجبۇر قىلدى.
مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 265 ـ يىلىنىڭ ئالدى ـ كەينىدە جاۋ سانغۇنى لى مۇ چوڭ قوشۇنغا باشچىلىق قىلىپ دەيجۈن (ئورنى هازىرقى جىبىي ئۆلكىسى ۋېيشەن ناھىيىسى ئەتراپى)، يەنمېن (ئورنى هازىرقى شەنشى ئۆلكىسى نىڭۋۇ ناھىيىسى ئەتراپىدا) دا تۇرۇپ هۇنلاردىن مۇداپىئە كۆردى. لى مۇ جاۋ بەگلىكىنىڭ مەشھۇر سانغۇنى بولۇپ، شىمالىي چېگرىدا ئۇزۇن يىللار تۇرغاچقا هۇنلارنىڭ جانلىق، ھەرىكەتچان، تۇيۇقسىز هۇجۇمغا ماھىر بولۇشتەك جەڭ ئۇسۇللىرىغا تولىمۇ پىششىق ئىدى. شۇڭا، لى مۇ ئەسكەر ئىشلىتىشكە ماھىر بولۇپ، ئاتلىق ئوقيا مەشىقلىرىنى چىڭ تۇتاتتى، ھەربىي ئىنتىزامنى قاتتىق تۇتۇپ، لەشكەرلەرنىڭ خالىغانچە جەڭگە چىقىشىغا يول قويمايتتى. لېكىن، هۇنلار لى مۇنى جەڭدىن قورقىدىغان توخۇ يۈرەك دەپ قاراپ ھەيۋىسى بارغانسېرى ئېشىپ جاۋ بەگلىكىنىڭ چېگرىلىرىغا پات ـ پات قىستاپ كېلىپ، بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىپ كېتىدىغان بولۇپ قالدۇ. هۇنلارنىڭ ھەيۋە بىلەن قىلغان هۇجۇملىرىغا قارشى لى مۇ پەيت كۈتۈپ دۈشمەننى ئالداپ ئىچكىرىگە كىرگۈزۈش ھىيلىسى بىلەن بىر قېتىمدىلا هۇنلارنىڭ يۈز مىڭدىن ئارتۇق چەۋەندازىنى تارمار قىلدۇ. هۇنلارنىڭ قالدۇق لەشكەرلىرى قىيىن ئەھۋالدا قېلىپ شىمالغا قاچىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىنكى ئون نەچچە يىلدا هۇنلار جاۋ بەگلىكىنىڭ چېگرىلىرىغا يېقىنلىشىشقا جۈرئەت قىلالمايدۇ. لى مۇنىڭ هۇنلارغا قارشى هۇجۇمى خەنزۇلار بىلەن هۇنلارنىڭ تۇنجى قېتىملىق كەڭ كۆلەملىك ئۇرۇشى ھەمدە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى تېرىمچى مىللەتلىرىنىڭ ئاتلىق لەشكەرلەرگە تۇيۇقسىز هۇجۇم قىلغان بىر قېتىملىق غەلىبىلىك جەڭنىڭ مىسالى ئىدى. لېكىن، بۇنىڭدىن كۆرۈنۈپ تۇرىدۇكى، بۇ قېتىمقى جەڭ گەرچە هۇنلارنى ئېغىر

مەغلۇبىيەتكە ئۇچراتقان، ھۇنلارنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە بېسىپ كىرىشىنى ۋاقىتىنچە چەكلىگەن بولسىمۇ لېكىن، جاۋ قوشۇنلىرىنىڭ توختىماي ھۇجۇم قىلىپ ھۇنلارغا ئەجەللىك زەربە بەرگۈدەك ئىقتىدارى يوق ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى ھەرقايسى بەگلىكلەر چىن قوشۇنلىرىنىڭ كۈچلۈك ھۇجۇمى ئاستىدا ئۆزىنى ئوڭشىيالماي، ھەتتا ئۆز غېمىنى قىلىشقىمۇ ئىمكانى يوق، شىمالغا ھۇجۇم قىلىشقا ئەسلا ماغدۇرى يوق ئىدى. يەن بەگلىكىنىڭ ۋەلىئەھدىسى يەن، دەن، چىن بەگلىكىدىن مۇداپىئە كۆرۈش ئۈچۈن، ھەتتا ۋەزىرى جۇۋۇ بىلەن مەسلىھەتلىشىپ چىن بەگلىكىدىن يۈز ئۆرۈگەن سانغۇن فەن يۇچىگە ھۇنلار بىلەن ئالاقە باغلاشقا پەرمان چۈشۈرۈپ، چىن بەگلىكىگە ئورتاق تاقابىل تۇرۇشنى پىلانلىدى. كېيىن چىن بەگلىكىنىڭ چاقماق تېزلىكىدە بېسىپ كىرىشى تۇپەيلى بۇ ئۇرۇشلار ئەمەلگە ئاشمىدى.

مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 3 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى ھۇنلارنىڭ تەسىر دائىرىسى بارغانسېرى كېڭەيدى. ئەينى چاغدا، تۈمەن تەڭرىقۇتنىڭ بارگاھى چۇغاي تاغلىرى (ئورنى ھازىرقى ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونى تەۋەسىدىكى لاڭشەن تېغى، داچىڭشەن تېغى ئەتراپى) نىڭ شىمالىدىكى تۈمەن شەھىرى (ئورنى ھازىرقى ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونى ۋۇيۈەن ناھىيىسى ئەتراپى) غا ئورۇنلىشىپ چوغاينىڭ جەنۇب ـ شىمالىدىكى كەڭرى رايونلارنى كونترول قىلىۋالدى ھەم خۇاڭخې دەرياسىدىن ئۆتۈپ خۇاڭخېنىڭ جەنۇبىدىكى قەدىمدە خېتاۋ رايونى دەپ ئاتالغان يەرلىرىنى بېسىۋالدى. مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 221 ـ يىلى چىن شىخۇاڭ ھەرقايسى بەگلىكلەرنى يوقىتىپ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ 200 يىلدىن ئارتۇق داۋاملاشقان جەڭگى ـ جىدەل ۋەزىيىتىگە خاتىمە بېرىپ، جۇڭگو تارىخىدا تۇنجى قېتىم بىرلىككە كەلگەن فېئودال خانلىقنى قۇردى. لېكىن، چىن

سۇلالىسىنىڭ شىمالى يەنىلا ھۇنلاردىن كېلىدىغان زور تەھدىتكە
ئۇچراپ تۇراتتى. ھۇنلارنىڭ كونتروللۇقىدا تۇرۇۋاتقان
خۇاڭخېنىڭ جەنۇبىي قىسمى تارىختىن بۇيان ھەربىر تەرەپ
تالىشىدىغان مۇھىم جاي بولۇپ، خۇددى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە
قېقىلغان شىنىغا ئوخشاش چىن سۇلالىسىنىڭ شىمالىي
چېگرىسىدىن بىر يوچۇق ئېچىپ، قوشنا يۇنجوڭ، يەنمېن،
شاڭجۇن ۋىلايەتلىرى ھۇن چەۋەندازلىرىنىڭ بىۋاستە ھۇجۇمىغا
ئۇچراپلا قالماي، بەلكى چىن سۇلالىسىنىڭ پايتەختى شيەنياڭمۇ
تەھدىتكە ئۇچراپ تۇراتتى.

بۇنداق كۈچلۈك ۋەھىمىگە نىسبەتەن ئۆز ئىشلىرىنىڭ
يۈكسەك پەللىسىدە تۇرۇۋاتقان چىن شىخۇاڭ زادى چىداپ
تۇرالمىدى. چىن سۇلالىسى بىلەن ھۇنلار ئوتتۇرىسى-
دىكى جەڭدىن ساقلانغىلى بولمايتتى. خۇاڭخېنىڭ جەنۇبىنى
تارتىۋېلىش چوقۇمكى چىن شىخۇاڭنىڭ ئۇرۇش قىلىشىدىكى
تۇنجى نىشانى ئىدى.

مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 220 ـ يىلى يەنى چىن سۇلالىسى
بىرلىككە كېلىپ ئىككىنچى يىلى، چىن شىخۇاڭ تۇنجى قېتىم
چېگرا ۋىلايەتلىرىدىن لوڭشى، بېيدىلەرنى كۆزدىن كەچۈرۈپ
شىمالدىكى مۇداپىئە ئىشلىرىنى شەخسەن ئۆزى ئورۇنلاشتۇردى.

مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 215 ـ يىلى چىن شىخۇاڭ ئىككىنچى قېتىم
شىمالدىكى چېگرا بويلىرىنى كۆزدىن كەچۈرۈپ، شاڭجۈن
(ئورنى ھازىرقى شەنشى ئۆلكىسى يۈلىن ناھىيىسىنىڭ شەرقىي
جەنۇبى) دىن پايتەخت شيەنياڭغا قايتتى. شۇ چاغدا، ئۆزىگە
چىقىش يولى ئىزدەۋاتقان يەن بەگلىكىدىكى لۇشېڭ قاتارلىقلار
چىن شىخۇاڭنىڭ پەرمانىغا بىنائەن قۇرۇق قول قايتتى. ئۇلار
چىن قانۇنىنىڭ رەھىمسىز جازاسىدىن قورقتىمۇ ياكى چىن
شىخۇاڭنىڭ ھۇنلارغا ھۇجۇم قىلىش خىيالىنى ئويلاپ يەتتىمۇ
لۇشېڭ قاتارلىقلار «چىننى ھالاك قىلغۇچىلار ھۇنلاردۇر» دېگەن

پەتمۋانى توقۇپ چىقتى. بۇ سۆزلەر چىن شىنخۇاڭنىڭ
ھۇنلارغا لەشكەر تارتىش قارارىنى تېخىمۇ چىڭىتتى. شۇ يىلى
چىن شىنخۇاڭ سانغۇنى مېڭ تيەننى 300 مىڭ كىشىلىك زور
قوشۇننى باشلاپ شىمالدىكى ھۇنلارغا قارشى ئەۋەتتى. مېڭ تيەن
لەشكىرىي خادىم ئائىلىسىدىن كېلىپ چىققان بولۇپ، بوۋىسى
مېڭ ئاۋ، ئاتىسى مېڭ ۋۇلار چىن بەگلىكىنىڭ ئاتاقلىق
سەركەردىلىرى ئىدى. ئۇلار چىن سۇلالىسىنى بىرلىككە
كەلتۈرۈش ئىشلىرىدا ئالەمشۇمۇل تۆھپىلەر قوشقانىدى. مېڭ
تيەن ئۆزىمۇ كارامەت ھەربىي قابىلىيەتكە ئىگە بولۇپ، چى
بەگلىكىنى يوقىتىشتا تۆھپە كۆرسەتكەن بولغاچقا چىن
شىنخۇاڭنىڭ ئەڭ ئىشەنگەن ۋە ياخشى كۆرىدىغان
سانغۇنلىرىدىن بىرى ئىدى. مېڭ تيەن قوشۇن تارتىپ ماڭغاندىن
كېيىن، يول بويى غەلىبىسىرى ئىلگىرىلەپ ئىككىنچى يىلى
ھۇنلارنى خۇاڭخېنىڭ شىمالىغا قوغلىۋېتىپ، خۇاڭخېنىڭ
جەنۇبىدىكى پۇتكۈل جايلارنى قايتۇرۇۋالدى ھەمدە 3 - يىلىغا
كەلگەندە 34 ناھىيە (بەزىلەر 44 ناھىيە دەپ قارايدۇ) بىنا
قىلىپ دەريانى توسۇق قىلىپ، لەشكەر تۇرغۇزۇپ خېتاۋ
رايونىنىڭ ئەمىنلىكىگە كاپالەتلىك قىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن،
مېڭ تيەن شاڭجۇندە ئولتۇراقلىشىپ شىمالىي چېگرىدا لەشكەر
تۇرغۇزۇش، ھۇنلاردىن مۇداپىئە كۆرۈش ئىشلىرىغا قوماندانلىق
قىلدى.

مېڭ تيەننىڭ خۇاڭخېنىڭ جەنۇبىدىكى جايلارنى
قايتۇرۇۋېلىشى ھۇنلارغا تېخىمۇ ئېغىر زەربە بولدى. خۇاڭخې
سۈيى خۇاڭخې دەرياسىنىڭ جەنۇبىدىكى جايلارغا ئۇزۇن يىللار
سىڭىپ ئېقىپ تۇرغاچقا تۇپرىقى مۇنبەت، ئوت - سۈيى مول،
ھاۋاسى نەم ۋە ئىللىق بولۇپ، ناھايىتى ئوبدان تەبىئىي ئوتلاق
بولۇپلا قالماي، دېھقانچىلىقنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقىمۇ ناھايىتى
ماس كېلەتتى. بىر چارۋىچى مىللەت ئۈچۈن ئېيتقاندا مۇشۇنداق

«گۆھەردەك يەر» دىن مەھرۇم بولۇپ، شىمالغا 300 نەچچە چاقىرىم چېكىنىپ چۆللۈكنىڭ شىمالى (ئىچكى موڭغۇل ئېگىزلىكىدىكى چۆللۈكنىڭ شىمالىي رايونلىرىنى كۆرسىتىدۇ) دەك ئوت ـ سۇيىنىڭ تايىنى يوق، سوغۇق جايلارغا قېچىپ بېرىش ھۇنلارنىڭ تۇرمۇشىغا زور تەسىر كۆرسەتكەنلىكىنى تەسەۋۋۇر قىلىش تەس ئەمەس. لېكىن، چىن قوشۇنلىرىنىڭ كۈچ ھەيۋىسىدىن قورققان ھۇنلار پەقەت «ئارمان بار، دەرمان يوق» دېگەندەك پۈتۈن قوۋمى بويىچە شىمالغا كۆچۈپ چىن قوشۇنلىرىنىڭ ھۇجۇمىدىن ۋاقىتلىق مۇداپىئەلىنىپ تۇرۇشقا مەجبۇر بولدى. «ھۇنلار جەنۇبقا سۇرۇلۇپ يىلقىلىرىنى يايلىتىشقا، ھۇن چەۋەندازلىرى ئوقيا كۆتۈرۈپ ئۆچ ئېلىشقا پېتىنالمايدىغان بولدى.» خەن دەۋرىدىكى سىياسىئون جيايى «چىن سۇلالىسىنىڭ سەۋەنلىكلىرى» ناملىق ئەسىرىدە شۇنداق يېزىپ ھۇنلارنىڭ بۇ خىل زىددىيەتلىك روھىي ھالىتىنى ۋە قىيىن ئەھۋالىنى ئوبرازلىق ئەكس ئەتتۈرگەنىدى.

بىراق، مېڭ تيەننىڭ خواڭخېنىڭ جەنۇبىنى قايتۇرۇۋېلىشىدەك پارلاق غەلىبىسى ئۇزۇن داۋاملىشالمىدى. تالانت ۋە تەدبىر ساھىبى بولغان چىن شىخۇاڭنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن ئەقىلسىز ۋە ئىقتىدارسىز خۇ خې تەختنى تارتىۋېلىپ مېڭ تيەننى ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىشقا مەجبۇر قىلدى. ئۇنىڭ نۇرغۇن يىللار يۇرەك قېنىنى سەرپ قىلىپ قۇرۇپ چىققان شىمالىي چېگرا مۇداپىئەسى شۇنىڭ بىلەن يىمىرىلدى. لەشكەرلەرمۇ تەرەپ ـ تەرەپكە پىتىراپ كەتتى. ھۇنلار پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ جەنۇبقا يۈرۈش قىلىپ خواڭخېنىڭ جەنۇبىنى قانمۇ تۆكمەي ناھايىتى ئاسانلا تارتىۋالدى. چىن سۇلالىسىنىڭ داۋامى بولۇپ قۇرۇلغان خەن سۇلالىسى ھۇنلارنىڭ «جەنۇبقا كېلىپ يىلقا باقىدىغان، ئوقيا كۆتۈرۈپ ئۆچ ئالىدىغان» ئوبيېكتى بولۇپ قالدى. كېيىنكى كۈنلەردىكى خەن

سۇلالىسى بىلەن ھۇنلار ئوتتۇرىسىدىكى خۇاڭخېنىڭ جەنۇبىنى تالىشىشنى چۆرىدەپ ئېلىپ بېرىلغان جەڭلەردە مۇشۇ نەرسە يوشۇرۇنغانىدى.

## 2. شىمالىي چېگرىدا مۇداپىئە سىستېمىسىنىڭ ئورنىتىلغانلىقى

گەنسۇ ئۆلكىسىدىكى جىايۇگۇەندىن باشلانغان ھەيۋەتلىك سەددىچىن سېپىلى گويا سوزۇلۇپ ياتقان ئەجدىھادەك چوڭ چۆللۈكنى، پايانسىز يايلاقلارنى كېسىپ ئۆتۈپ قاتمۇ قات، ئېگىز - پەس تاغ جىلغىلارنى باغاشلاپ، دەريا - ئېقىنلارنى بويلاپ شەرققە سوزۇلۇپ ئۇدۇل بوخەي دېڭىزىنىڭ قىرغىقىدىكى شەنخەيگۇەنگە بارىدۇ. مانا بۇ ئۇزۇنلۇقى ئالتە مىڭ چاقىرىمدىن ئاشىدىغان، دۇنياغا مەشھۇر سەددىچىن سېپىلىدۇر.

ئىزاھلاپ ئۆتۈشكە تېگىشلىكى، بىز كۆرۈپ تۇرغان سەددىچىن سېپىلى چىن سۇلالىسى ۋاقتىدا ياسىلىپ تارىختىن بېرى قايتا - قايتا رېمونت قىلىنىپ مىڭ سۇلالىسى دەۋرىگە كەلگەندە ئومۇمىيۈزلۈك رېمونت قىلىنغان مىڭ سېپىلىدۇر. ئۇ غەربتە لىنتاۋ (ئورنى ھازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسى مىنشەن ناھىيىسىدە) دىن باشلىنىپ شەرقتە لياۋدۇڭدىكى چىن سېپىلىغىچە يۇقىرىغا قانچە ماڭسىمۇ باشلىنىش نۇقتىسى ئوخشىمايدۇ. ئۆز ۋاقتىدا سانسىزلىغان ئادەمنىڭ ھاياتى ۋە مال - مۈلكى بەدىلىگە پۈتكەن چىن سېپىلىنىڭ ئەسلىي قىياپىتىنى ھازىر ھەر قانچە قىلىپمۇ تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدۇ. لېكىن، ئۇنىڭ پارچە - پۇرات سېپىل تاملىرى ئۈنسىز تارىختا ئوخشاش كېيىنكى كىشىلەرنى چەكسىز تەسەۋۋۇر ئالىمىگە باشلاپ كىرىدۇ.

ئۇرۇشقاق بەگلىكلەر دەۋرىدە ھۇنلار چۆللۈكنىڭ جەنۇبى ۋە

شىمالىدا باش كۆتۈرۈپ چىققاندىن كېيىن، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى ھەرقايسى بەگلىكلەرگە زور تەھدىت ئېلىپ كەلدى. بولۇپمۇ ھۇنلارغا قوشنا چىن، جاۋ، يەن قاتارلىق ئۈچ بەگلىككە نىسبەتەن شىمالىي چېگرا مۇداپىئەسىنى قانداق مۇستەھكەملەش، ھۇنلارنىڭ تاجاۋۇزچىلىقىغا قانداق تاقابىل تۇرۇش يۇقىرىقى ئۈچ بەگلىكنىڭ بەگ، ۋەزىرلىرىنىڭ ئالدىغا قويۇلغان جىددىي ھەل قىلىشقا تېگىشلىك مەسىلە بولۇپ قالدى.

ھۇنلار ۋەكىللىكىدىكى چارۋىچى مىللەتلەرنىڭ ئۆزىگە خاس، يىراقتىن تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىدىغان جەڭ شەكلى، ھۇجۇم قىلغاندا بوراندەك يوپۇرۇلۇپ كېلىدىغان، چېكىنگەندە تۇتۇندەك تېز غايىپ بولىدىغان مۇنداق غايەت زور جانلىقلىق ۋە تۇيۇقسىز زەربىلەر قارشى تەرەپنى مۇداپىئە كۆرۈشكىمۇ ئۈلگۈرەلمەيدىغان قىلىپ قوياتتى. ھۇن چەۋەندازلىرى زىرائەتلەرنى چەيلەپ، مال ـ چارۋىلارنى تالاپ، خەلقنى بۇلاپ، ھەرقايسى بەگلىكلەردىكى پۇقرالارغا غايەت زور سورۇقچىلىقلارنى سالاتتى.

بولۇپمۇ ھۇنلارنىڭ ھۇجۇملىرىدىن مۇداپىئە كۆرۈش تولىمۇ مۇشكۇل ئىدى. مۇداپىئە تەرەپتە تۇرۇۋاتقان ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى ھەرقايسى بەگلىكلەرگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، چېگرىنى ساقلاۋاتقان لەشكەرلەر تولىمۇ ئاز بولغاچقا، ھۇنلارنىڭ ھۇجۇملىرىنى چەكلەشكە ئامالسىز ئىدى؛ چېگرىدا نۇرغۇن لەشكەر يىغىپ تۇرغۇزۇشقا، ئۇلارغا ئاشلىق، يەم ـ خەشەك يەتكۈزۈش ئارقا سەپ تەمىناتى تولىمۇ مۇشكۇل بولۇپلا قالماي، شۇ چاغدىكى ھەرقايسى بەگلىكلەر ئارىسىدا توختىماي داۋاملىشىۋاتقان ھايات ـ ماماتلىق زور جەڭلەر، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئوبيېكتىپ ۋەزىيەتمۇ ھەرقايسى بەگلىكلەرنىڭ بۇنداق لەشكەر ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئىمكان بەرمەيتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇزۇنغا سوزۇلغان چېگرا لىنىيىسىدە ھەرقانداق بىر نۇقتىدا ھۇنلارنىڭ ھۇجۇم نىشانى بولۇپ قېلىشى مۇمكىن ئىدى.

بۇ ھۇنلارنىڭ باسمىچىلىقىغا قارشى مۇداپىئەنى تېخىمۇ قىيىنلاشتۇرۇۋېتەتتى. بۇنداق ۋەزىيەتتە، يەر شەكلىگە تايىنىپ ئۇزۇن مۇددەتلىك مۇداپىئە قۇرۇلۇشى بىنا قىلىش ھۇن چەۋەندازلىرىنىڭ ھۇجۇملىرىنى توسۇشتىكى ئۈنۈملۈك شەكىل ئىدى. شۇڭا، ئۆز ۋاقتىدا چىن، جاۋ، يەن بەگلىكلىرى سېپىل سوقۇپ شىمالىي ھۇنلارنى ئاساس قىلغان چارۋىچى مىللەتلەرنىڭ باسمىچىلىقىدىن مۇداپىئە كۆرگەن.

جاۋ بەگلىكى ئۇرۇشقاق بەگلىكلەر دەۋرىدە ئەڭ دەسلەپ سېپىل سوققان بەگلىكلەرنىڭ بىرى. جاۋ سۇخۇ (مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 349 — 326 ـ يىلىغىچە تەختتە ئولتۇرغان) دەۋرىدە جاۋ بەگلىكىنىڭ شىمالىي چېگرىسىدا سېپىل سوقۇلغان. ئۇنىڭ ئوغلى جاۋۋۇلىڭ تەختتە ئولتۇرغاندا ھۇن قاتارلىق چارۋىچى مىللەتلەرنىڭ بۇلاڭ ـ تالاڭلىرىغا قارشى تۇرۇش ئۈچۈن ھۇنلارنىڭ كىيىملىرىنى كىيىپ، ئات مىنىش، ئوقيا ئېتىشلىرىنى مەشىق قىلىپ، بەگلىكىنى قۇدرەت تاپقۇزۇپ، شىمالدا لىنخۇ، لۇفەن قاتارلىق جايلارنى بۆسۈپ ئۆتۈپ، ھۇن قاتارلىق چارۋىچى مىللەتلەرنى چۇغاي تاغلىرىنىڭ جەنۇبىغا قوغلىۋېتىپ، ئاندىن شەرقتە دەيدى (ئورنى ھازىرقى خېبېي ئۆلكىسى ۋېيشەن ناھىيىسىدە) دىن چۇغاي تاغلىرىنىڭ شەرقىي بۆلىكى، داچىڭشەن تېغىنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىنى بويلاپ غەربكە سوزۇلۇپ تاكى گاۋچۆ (ئورنى ھازىرقى ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونى لىنخې ناھىيىسىنىڭ شىمالىدا) غىچە ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى ئىككى مىڭ چاقىرىمدىن ئارتۇق سېپىل سوقتى. سېپىلنى بويلاپ يۈنجۇڭ، يەنمېن، دەيجۈن قاتارلىق ۋىلايەتلەرنى تەسىس قىلىپ، لەشكەر تۇرغۇزۇپ مۇداپىئە كۆرۈپ ھۇن قاتارلىق چارۋىچى مىللەتلەرنىڭ جەنۇبقا كېلىپ بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىشلىرىنى ئۈنۈملۈك توستى. جاۋ شاۋ پادىشاھ بولغاندىن كېيىن مەشھۇر سانغۇن لى مۇ دەيجۈن، يەنمېن ۋىلايەتلىرىدە

تۇرۇپ سەددىچىن سېپىلىغا تايىنىپ ھۇنلارنىڭ يۇزمىڭ كىشىلىك قوشۇنىنى تارمار قىلىپ، سەددىچىننىڭ ھۇنلارنىڭ باسمىچىلىقىدىن مۇداپىئە كۆرۈشتىكى غايەت زور رولىنى تولۇق نامايان قىلدى.

يەن بەگلىكىمۇ شىمالىي چېگرىدا سېپىل سوقتى. «تارىخىي خاتىرىلەر. ھۇنلار ھەققىدە قىسسە» دە خاتىرىلىنىشىچە، ئۇرۇشقاق بەگلىكلەر دەۋرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە يەن بەگلىكىنىڭ دانىشمەن سانغۇنى چىن كەي ھۇنلار ئارىسىغا تۇرغاق بولۇپ كىرىپ ھۇنلارنىڭ چوڭقۇر ئىشەنچىسىگە ئېرىشكەن، لېكىن چىن كەي يەن بەگلىكىگە قايتقاندىن كېيىن دەرھاللا زور قوشۇننى باشلاپ شەرقىي ھۇنلارنى تارمار قىلىپ، ئۇلارنى مىڭ نەچچە چاقىرىم چېكىندۈردى. كېيىن يەن بەگلىكىدىكىلەر شىمالىي چېگرىغا ۋە يېڭىدىن ئىگىلىگەن زېمىنلارنى چۆرىدەپ سېپىل سوقتى. يەن سېپىلى غەربتە زاۋيالىڭ (ئورنى تەخمىنەن ھازىرقى خېبېي ئۆلكىسى شۈەنخۇانىڭ شىمالىغا توغرا كېلىدۇ) دىن شەرقتە شياڭپىڭ (ئورنى تەخمىنەن ھازىرقى لياۋنىڭ ئۆلكىسى شېنياڭ شەھىرىنىڭ شەرقى) غىچە بولۇپ شاڭگۇ، يۇياڭ، يۇبېيپىڭ، لياۋشى، لياۋدۇڭ ۋىلايەتلىرىنى تەسىس قىلىپ ھۇنلارنىڭ باسمىچىلىقىدىن مۇداپىئە كۆردى.

چىن بەگلىكى جاۋۋاڭ دەۋرىدە (مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 306 ـ يىلىدىن مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 251 ـ يىللارغىچە تەختتە ئولتۇرغان) شىمالىي چېگرىدا سېپىل سوقۇشقا باشلىغان. ئەينى چاغدا، چىن بەگلىكىنىڭ شىمالىدا پائالىيەت ئېلىپ بېرىۋاتقانلار غەربىي رۇڭلارغا تەۋە يىچۈلىكلەر ئىدى. ئەمىنىيە دەۋرىدىن تارتىپلا يىچۇ قۇدرەت تېپىپ چىن بەگلىكىنىڭ شىمالىي چېگرىسىدا زور ۋەھىمە پەيدا قىلىپ تۇراتتى. چىن بەگلىكىدىكىلەر يەر ئاچقاندا پات ـ پات يىچۈلىكلەرنىڭ پاراكەندىچىلىكىگە ئۇچراپ تۇراتتى. چىنۋۇۋاڭنىڭ تۇنجى يىلى

( مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 310 ـ يىلى ) شىمالدىكى يىچۇگە لەشكەر تارتتى. بىراق، ناھايىتى ئاز ئۇنۇمگە ئېرىشتى. جاۋۋاڭ دەۋرىدە شۇەن خان ئانا چىن بەگلىكىنىڭ شىمالىي چېگرىسىنىڭ ئەمىنلىكى ئۈچۈن ئايانماي ئۆزى ئوتتۇرىغا چىقىپ يىچۇنى ئۆزىگە قارىتىپ، يىچۇ رۇڭ خانى بىلەن ئۇزۇن يىللار بىللە تۇرۇپ ئۇنىڭدىن ئىككى پەرزەنت كۆردى. جاۋۋاڭنىڭ 35 ـ يىلى ( مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 272 ـ يىلى ) خان ئانا گەنچۇەن قەسرىدە يىچۇ رۇڭ خانىنى قەستلەپ ئۆلتۈرۈپ چاقماق تېزلىكىدە لەشكەر تارتىپ يىچۇلەرنى يوق قىلىپ ئۇلارنىڭ زېمىنىنى ئىگىلىدى.

گەرچە يىچۇلەر يوقىتىلغان بولسىمۇ، لېكىن يەنە تېخىمۇ كۈچلۈك بىر دۈشمەن — ھۇنلار چىن بەگلىكىنىڭ شىمالىي چېگرىسىدا پەيدا بولغانىدى. ھۇنلارنىڭ باسمىچىلىقىدىن مۇداپىئە كۆرۈش ئۈچۈن چىن بەگلىكى لوشى، شاڭجۈن چېگرىلىرىنى بويلاپ ھازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسى مىنشەن ناھىيىسىنىڭ غەربىي جەنۇبى تاۋ خې دەرياسىنىڭ شەرقىي قىرغىقىنىڭ شىمالىدىن تاكى دىناۋ ( ئۇرنى ھازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسى لىنتاۋ ناھىيىسىنىڭ شەرقىي شىمالى ) غىچە، نىڭشيانىڭ گۇيۇەندىن ئۆتۈپ خۇاڭخې دەرياسىغىچە بولغان ئارىلىقتا سېپىل سوقۇپ ھۇنلارنىڭ جەنۇبقا بېسىپ كىرىش غەرىزىنى ئۇنۇملۇك توستى.

چىن، جاۋ، يەن بەگلىكلىرى سوققان سېپىللار ھۇنلارنى ئاساس قىلغان شىمالدىكى چارۋىچى مىللەتلەرنىڭ ھۇجۇملىرىدىن مۇداپىئە كۆرۈشتە مۇئەييەن ئۇنۇمگە ئېرىشكەن بولسىمۇ، لېكىن ھۇنلارنىڭ جەنۇبقا ھۇجۇم قىلىش قەستىنى ئۈزۈل ـ كېسىل توسيالمىدى. بولۇپمۇ، جاۋ، يەن بەگلىكلىرىگە كېلىدىغان ھەربىي بېسىم كۈچلۈك چىن قوشۇنلىرىدىن كەلگەچكە، ھۇنلارنىڭ تاجاۋۇزلىرى ئىككىنچى مەسىلە بولۇپ قالغانىدى. ئۇرۇشقاق بەگلىكلەر دەۋرىگە كەلگەندە جاۋ بەگلىكىنىڭ يىمىرىلىشىگە ئەگىشىپ ھۇنلار ناھايىتى تېزلا سەددىچىن

مۇداپىئەسىنى بۇسۇپ ئۆتۈپ، چۇغاي تاغلىرىدىن ھالقىپ، خۇاڭخېدىن ئۆتۈپ خۇاڭخېنىڭ جەنۇبىدىكى جايلارنى ئىگىلەپ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى تېرىم رايونى ئۈچۈن تەھدىت بولۇپ شەكىللەندى.

مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 221 ـ يىلى چىن شىخۇاڭ بۆلۈنمە ھاكىمىيەتلەرنى يوقىتىپ ئالتە بەگلىكنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ ئۇرۇش ئوتى قاپلىغان ئۇرۇشقاق بەگلىكلەر دەۋرىگە خاتىمە بەردى. گەرچە، كونا رەقىبلىرى تىنجىتىلغان بولسىمۇ، لېكىن چىن سۇلالىسىنىڭ شىمالىي چېگرىلىرىدا ھۇن قوشۇنلىرىنىڭ قولاقنى تېشىۋەتكۇدەك قى ـ چۇ ئاۋازلىرى ياڭراشقا باشلىدى. ھۇنلاردىن كېلىدىغان ھۇجۇمغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن چىن شىخۇاڭ دۆلەتنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ 6 ـ يىلى مېڭ تيەننى 350 مىڭ كىشىلىك زور قوشۇنغا باش قىلىپ ئەۋەتىپ ھۇنلارنى خۇاڭخېنىڭ جەنۇبىدىكى جايلاردىن قوغلاپ چىقىرىپ، چۇغاينىڭ جەنۇبىدىكى جايلارنى تارتىۋېلىپ، يۇجۇڭ (ئورنى گەنسۇ ئۆلكىسى يۇجۇڭ ناھىيىسىنىڭ غەربىدە) دىن شەرقتە چۇغاي تاغلىرىنىڭ باغرىغىچە 34 ناھىيە تەسىس قىلدى. چىن سۇلالىسىنىڭ زېمىنىنىڭ كېڭىيىشىگە ئەگىشىپ ئۇرۇشقاق بەگلىكلەر دەۋرىدە ياسالغان بىر قىسىم سېپىللار ئەسلىدىكى رولىنى يوقاتقانىدى. شىمالغا قوغلانغان ھۇنلارنىڭ خۇاڭخېنىڭ جەنۇبىدىكى بىپايان، مۇنبەت زېمىنىدىن ئايرىلىپ قالغىنىغا تەن بەرمەي قايتىدىن باش كۆتۈرۈپ چىقىشى تامامەن مۇمكىن ئىدى. مۇشۇنداق ۋەزىيەتتە، سەددىچىن سېپىلىنى قايتىدىن رېمونت قىلىش ۋە سوقۇش چىن سۇلالىسىنىڭ ئالدىغا قويۇلغان جىددىي ۋەزىپە ئىدى.

چىن شىخۇاڭنىڭ 33 ـ يىلى (مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 214 ـ يىلى) مېڭ تيەن خۇاڭخېنىڭ جەنۇبىدىكى جايلارنى قايتۇرۇۋالغاندىن كېيىن، چىن شىخۇاڭ شىمال مۇداپىئەسىنى

ئۇزۇل ـ كېسىل مۇستەھكەملەش ئۈچۈن مىلادى تيەنگە يېڭىدىن سېپىل سوقۇش، يەنى ئۇرۇشقاق بەگلىكلەر دەۋرىدىكى چىن، جاۋ، يەن بەگلىكلىرى سالغان سېپىللارنى تۇتاشتۇرۇپ، رىمونت قىلىپ پۇختىلاشقا يارلىق چۈشۈردى. بۇ ئۇلۇغ قۇرۇلۇشنى تاماملاش ئۈچۈن چىن ھۆكۈمىتى مەملىكەت مىقياسىدا ھاشار ئۇيۇشتۇرۇپ، ئون نەچچە يىل جاپالىق تىرىشىش نەتىجىسىدە ئاخىرى غەربتە لىنتاۋدىن شەرقتە لياۋدۇڭغىچە سوزۇلغان ھەيۋەتلىك سەددىچىن سېپىلىنى بەرپا قىلدى. سېپىل قۇرۇلۇشى ۋە مۇداپىئە ئېھتىياجى ئۈچۈن يەنە شەرقتىن غەربكە تۇتىشىدىغان شىمالىي قاتناش لىنىيىسى ئېچىلدى. چىن شىخۇاڭنىڭ 35 ـ يىلى (مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 212 ـ يىلى). مىلادى تيەن يەنە بىۋاستە يول قۇرۇلۇشىغا مەسئۇل بولدى. بىۋاستە يول غەربتە شىمالدىكى مۇھىم بازار جيۇيۇەن (ئورنى ھازىرقى ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونى باۋتۇ شەھىرىنىڭ غەربىي شىمالىدا) دىن جەنۇبتا يۈنياڭدىكى گەنچۈەنگۇڭ (ئورنى ھازىرقى شەنشى ئۆلكىسى گوخۇا ناھىيىسىنىڭ غەربىي شىمالىدا) قىسىرىغىچە ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 1700 چاقىرىمدىن ئارتۇق بولۇپ تاغ ـ جىلغىلارنى تۈزلەپ، تۈرلۈك قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، كونا يولنى ئىشلىتىش ئەسلا مۇمكىن بولمىغان شارائىتتا تاغ ـ ئېدىرلاردا، بىپايان ئوردوس يايلاقلىرىدا جەنۇب ـ شىمالنى تۇتاشتۇرىدىغان يېڭى بىر يول. بۇ مەركىزىي ھۆكۈمەت بىلەن شىمالدىكى مۇداپىئە رايونلىرىنىڭ مۇناسىۋىتىنى كۈچەيتىش، پەرمانلارنى ۋاقتىدا يەتكۈزۈش، قوشۇنـــــى ھەرىكەتلەندۈرۈپ شىمال مۇداپىئە سىستېمىسىنى مۇستەھكەملەشنى ئىشەنچلىك كاپالەتكە ئىگە قىلدى. سەددىچىن سېپىلىنىڭ سوقۇلۇشى ۋە بىۋاستە يولنىڭ ياسىلىشى چىن سۇلالىسىنىڭ شىمالىي چېگرىسىدا مۇستەھكەم مۇداپىئە لىنىيىسى ئورنىتىلغانلىقىنىڭ بەلگىسى سۈپىتىدە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونىنىڭ ئەمىنلىكىنى

كاپالەتكە ئىگە قىلدى. سەددىچىن سېپىلى ھۇنلارنىڭ
باسمىچىلىقىدىن مۇداپىئە كۆرۈش تەرەپتىن غايەت زور رول
ئوينىغان بولسىمۇ، لېكىن چىن سۇلالىسى ئۈچۈن ئەجەللىك
بالايىئاپەت ئېلىپ كەلدى. سېپىل قۇرۇلۇشى ئۈچۈن ھاشارغا
ھەيدەلگەن لەشكەر، ئەمەلدار ۋە پۇقرالار بىر نەچچە مىليون
كىشىدىن كەم ئەمەس ئىدى. قۇرۇلۇشنىڭ «دەريا ئۈستى»
بۆلىكىدىلا 350 مىڭدىن ئارتۇق مۇداپىئە لەشكىرى ھەرىكەتكە
كەلتۈرۈلدى. ھاشارغا تۇتۇلغان جىنايەتچىلەر، لەك توشۇيدىغان
ئامىمىنىڭ سانىمۇ ئاز ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە چىن
سۇلالىسىنىڭ «قانخور دۆلەت» دېگەن نامى خەلققە سالغان
ۋەھشىيانە زۇلۇملىرى بىلەن ھەممە ئىقلىمغا پۇر كەتتى. سېپىل
قۇرۇلۇشىغا ۋە چېگرا مۇداپىئەسىگە ئەۋەتىلگەن لەشكەرلەر
شىمالنى ھالاكەت گىردابى دەپ قارايتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە سېپىل
قۇرۇلۇشى بىلەن بىر ۋاقىتتا يول ياساش، خان قەبرىسى، ئوردا
قۇرۇلۇشى، تۆۋەن ئىقلىمغا يۈرۈش قىلىشتەك زور قۇرۇلۇشلار
ۋە ھەربىي يۈرۈشلەر قانچىلىك ئادەمنىڭ جېنى ۋە مال ـ
مۈلكىنى يۇتۇپ كەتكەنلىكىنى بىلگىلى بولمايتتى. بۇ ئىشلار
ئەمدىلا ئۇرۇش پاراكەندىچىلىكىدىن قۇتۇلۇپ ئۇھ دېگەن
پۇقرالارغا نىسبەتەن شۇبھىسىزكى بىر زور ئاپەت بولدى.
قۇدرەتلىك چىن سۇلالىسىنىڭ بىرلىككە كېلىپ ئون نەچچە يىل
ئۆتمەيلا مۇنقەرز بولۇشى خەلقنى مۇشۇنداق تىنىمسىز ئېزىشى
بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىدى. خۇاڭخېنىڭ جەنۇبىدىكى جايلارنى
قايتۇرۇۋالغان، سەددىچىن سېپىلىنى سوقۇپ ھۇنلارنى ۋەھىمىگە
سالغان مېڭ تيەن چىن II خۇخې تەرىپىدىن مەجبۇرلىنىپ
ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغاندا، ئۆزىنىڭ ئىلگىرى نېمە گۇناھ
ئۆتكۈزگەنلىكىنى ئاڭقىرالماي قالغان. ئەڭ ئاخىرى ئۇ
«سېپىلنى سوقۇشقا نازارەتچىلىك قىلىپ ‹يەر تومۇرى› نى
ئۈزۈۋەتكەنلىكىمدىن بالا ـ قازاغا دۇچار بولدۇم» دەپ خۇلاسە

چىقارغان. نەچچە ئون يىلدىن كېيىن غەربىي خەن سۇلالىسىنىڭ مەشھۇر تارىخچىسى سىماچيەن سەددىچىننى زىيارەت قىلىپ، بىۋاسىتە يول بىلەن چاڭئەنگە قايتىش سەپىرىدە مېڭ تيەن نازارەت قىلىپ ياساتقان ھەيۋەتلىك سېپىل راۋاقلىرى، بىۋاسىتە يول قۇرۇلۇشىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەندىن كېيىن، بۇلار چوڭقۇر تەسىر قىلىپ مېڭ تيەننىڭ مەشھۇر سانغون تۇرۇپ خانغا مەكتۇپ سۇنۇپ نەسىھەت قىلىپ، پۇقرالارنى ۋاقتىدا ئاسراپ قالماي ئەكسىچە خۇشامەتكۇيلۇق قىلىپ خەلقنى خالىغانچە ئىشلىتىپ، ئۆز ئۆلۈمىنى «يەرنىڭ تومۇرى»نى ئۈزۈۋەتكەنلىكىگە ئارتىپ قويۇپ، ئۆلۈم ئالدىدىمۇ ئويغانمىغانلىقىنى ئەيىبلىگەن.

چىن سۇلالىسىنىڭ مۇنقەرز بولۇشىغا ئەگىشىپ ھۇن چەۋەندازلىرى سەددىچىندىن بۆسۈپ ئۆتۈپ خۇاڭخېنىڭ جەنۇبىدىكى جايلارنى قايتىدىن بېسىۋالدى. خەن سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى چاغلىرىدا بىر مەزگىل ئىچىدە ھۇنلار چېگرا ۋىلايەتلىرىگە پات - پات پاراكەندىچىلىك سېلىپ تۇردى. ھەتتا لەشكەرلىرى ئاستانە چاڭئەنگىمۇ قىستاپ كەلدى. سەددىچىن سېپىلىنىڭ مۇداپىئە رولى ئەمەلىيەتتە ئېغىر دەرىجىدە ئاجىزلاپ كەتتى. لېكىن، خەن سۇلالىسىدىكىلەرنىڭ نەزىرىدە سەددىچىن يەنىلا خەن سۇلالىسى بىلەن ھۇنلارنى ئايرىپ تۇرىدىغان مۇھىم بەلگە ئىدى. خەن ۋېندى سەلتەنەت دەۋرىنىڭ ئىككىنچى يىلى (مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 162 - يىلى) خەن ۋېندى ھۇنلارنىڭ روشان تەڭرىقۇتىغا مەكتۇپ ئەۋەتىپ، سەددىچىننىڭ شىمالىدىكى «ئوقياچىلار ئېلى» تەڭرىقۇتقا تەۋە بولۇش، سەددىچىننىڭ جەنۇبىدىكى «تاجىلىق كۆلبە» خەن سۇلالىسىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولۇش، خەنزۇلار سېپىلدىن ئۆتمەسلىك، ھۇنلار سېپىلدىن كىرمەسلىك، ئىككى تەرەپ قۇدا بولۇش شەرتىنى ئوتتۇرىغا قويىدى. غەربىي خەن سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى يىللىرى

سەددىچىننى قايتا رېمونت قىلىش بىلەن سەددىچىندىن بۆسۈپ ئۆتۈش مەركەز قىلىنغان شىمالىي مۇداپىئە سىستېمىسىنى چۆرىدىگەن ھالدا خەن سۇلالىسى بىلەن ھۇنلار كەسكىن جەڭلەرنى باشلىۋەتتى.

## 3. باتۇر تەڭرىقۇتنىڭ شىمالىي چۆللۈكتە مۇستەھكەم ئاساسقا ئىگە بولغانلىقى

مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 209 - يىلى چىن سۇلالىسى بىلەن ھۇنلار تارىخىدىكى ئالاھىدە ئەھمىيەتلىك بىر يىل بولدى. چىن سۇلالىسىنىڭ خانى خۇخې بىلەن ھۇن ئىمپېرىيىسىنىڭ قۇرغۇچىسى باتۇر تەڭرىقۇت بىرلا ۋاقىتتا تارىخ سەھنىسىگە چىقىپ، نەتىجىسى ئوخشىمىغان ئىككى خىل تراگېكومېدىيىگە رېژىسسورلۇق قىلدى.

چىن Ⅱ خۇخې چىن شىخۇاڭنىڭ كىچىك ئوغلى بولۇپ ئۇنىڭغا ئەسلى تەخت نېسىپ بولمايتتى. بىر قېتىملىق تاسادىپىي پۇرسەتتە ئۇ خانلىق تەختكە چىقىپ قالغانىدى. مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 210 - يىلى چىن شىخۇاڭ 5 - قېتىم مەملىكەتنى كۆزدىن كەچۈرۈش سەپىرىدە پىڭتەيدە تۇيۇقسىزلا كېسەل بولۇپ ئۆلىدۇ. بىراق، ۋەلىئەھدى فۇسۇ يىراق شىمالىي چېگرىدا مېڭ تيەن باشچىلىقىدىكى چېگرىنى مۇداپىئە قىلغۇچى چوڭ قوشۇننى نازارەت قىلىپ تۇرۇۋاتقاچقا، چىن شىخۇاڭ بىللە سەپەردە بولۇۋاتقان خۇخې ھەرەم ئاغىسى جاۋ گاۋ ۋە ۋەزىر لى سى بىلەن سۈيىقەست پىلانلاپ ساختا ۋەسىيەتنامە ياساپ، فۇسۇنى ئۆلۈۋېلىشقا مەجبۇرلاپ، تەختنى تارتىۋالىدۇ. خۇخېنىڭ ۋەھشىيانە ھۆكۈمرانلىقىدا ئاللىقاچان كرىزىسكە پاتقان چىن خانلىقى تېخىمۇ خەۋپتە قالدى. چىن Ⅱ نىڭ سەلتەنەت دەۋرىنىڭ تۇنجى يىلى (مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 209 - يىلى) 7 - ئايدا چىن

شىڭ - ۋۇ گاڭلار دازې يېزىسىدا (ئورنى ھازىرقى ئەنخۇي ئۆلكىسى سۇشيەن ناھىيىسىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدا) تۇغ كۆتۈرۈپ، چىڭ سۇلالىسىگە قارشى تۇنجى بولۇپ قوزغالدى. ئۇلارغا پۈتۈن مەملىكەت ئاۋاز قوشۇپ، چىن خانلىقىنىڭ زاۋال تاپىدىغان كۈنلىرىنىڭ ئۇزاققا قالمىغانلىقىدىن دېرەك بەردى. چىن خانلىقى زېمىنىدا كۈن ئولتۇرۇپ زاۋاللىنىشقا يۈز تۇتقان مەنزىرە بىلەن روشەن سېلىشتۇرما ھالدا ھۇن ئىمپېرىيىسى چۆللۈكنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدا باش كۆتۈردى. گەرچە باتۇر تەڭرىقۇتمۇ خۇخېغا ئوخشاش سۈيىقەست بىلەن تەڭرىقۇتلۇق ئورنىنى تارتىۋالغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ھازىرلىغان ئالاھىدە سىياسىي، ھەربىي ئىقتىدارىنى خۇخې بىلەن سېلىشتۇرۇپ بولمايتتى. باتۇر تەڭرىقۇتنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا چىن قوشۇنلىرىدىن مەغلۇپ بولۇپ پېتىراپ شىمالغا قېچىپ كەتكەن ھۇنلار تۇغ - ئەلەملىرىنى كۆتۈرۈپ، داقا - دۇمباقلىرىنى ياڭرىتىپ گۈللەپ ياشنايدىغان تەرەققىيات دەۋرىگە قەدەم قويدى.

باتۇر تۇمەن تەڭرىقۇتنىڭ چوڭ ئوغلى بولۇپ، دەسلەپتە خانتېكىن سۈپىتىدە دادىسى تەرىپىدىن ئەينى چاغدا دۇرخان (دۇنخۇاڭ)، چىلەنشەن تاغلىرى ئارىلىقىدا چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان توخرىلار ئارىسىغا تۇرغاقلىققا ئەۋەتىلگەن. ھۇن قەبىلە ئىتتىپاقىنىڭ ئادىتى بويىچە خانتېكىننى ھەرقايسى قەبىلىلەرنىڭ ئاقساقاللىرى قۇرۇلتاي چاقىرىپ ئورتاق سايلايتتى. لېكىن، بۇ چاغدا تۇمەن ئۆزىنىڭ ئەڭ ئامراق ئالچىسىدىن تۇغۇلغان كىچىك ئوغلىنى خانتېكىن قىلىپ تىكلىمەكچى بولىدۇ. كىچىك ئوغلىنى تەختكە چىقىرىش يولىدىكى ئەڭ چوڭ توسالغۇنى يوقىتىش ئۈچۈن تۇمەن تەڭرىقۇت جىددىي ھۇجۇم قوزغاپ، چوڭ ئوغلى باتۇرنى ئۆلتۈرگۈزۈۋې-تىشنى قەستلەيدۇ. باتۇر ئۆزىگە كېلىۋاتقان خەۋپ - خەتەرنى ئۆز ۋاقتىدا تۇيۇپ توخرىلارنىڭ ئەتىۋارلىق دۇلدۇلىنى ئوغرىلاپ،

توخرىلار مۇھاسىرىسىنى بۆسۈپ ئۆتۈپ، ھۇنلارنىڭ قېشىغا قېچىپ كېلىدۇ. تۈمەن تەڭرىقۇتنىڭ چوڭ ئوغلىنى تاشلاپ كىچىك ئوغلىنى خانتېكىن قىلىپ تىكلەش غەرىزى ئەمەلگە ئاشمىغان بولسىمۇ، لېكىن باتۇرنىڭ مۇنداق قەيسىرانە ھەرىكىتى ئۇنى يېڭىۋاشتىن تەسىرلەندۈرىدۇ. شۇڭا، تۈمەن تەڭرىقۇت پەرمان چۈشۈرۈپ باتۇرنى تۈمەن چەۋەندازلار قوشۇنىغا باش قىلىدۇ. ئەمما، تەڭرىقۇتلۇق ئورنىغا كىم ۋارىسلىق قىلىش مەسىلىسى يەنىلا ھەل قىلىنمايدۇ.

مۇنداق بىر قاتار ۋەقەلەردىن كېيىن، باتۇر ئۆزىنىڭ تەسىر دائىرىسىنى كېڭەيتىدۇ ھەمدە تەڭرىقۇتلۇق ئورنىنى تارتىۋېلىشقا نىيەت باغلايدۇ. باتۇر ئاۋازلىق ئوقيانى ياساپ چەۋەندازلىرىغا مەشىق قىلدۇرىدۇ ۋە قاتتىق بۇيرۇق بىلەن ئەڭ ئاخىرى ئۆزىگە سادىق بىر ئاتلىق قوشۇننى تەربىيىلەپ چىقىدۇ. مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 209 - يىلى باتۇر تۈمەن تەڭرىقۇتنىڭ ئوۋ ئوۋلاش پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، قول ئاستىدىكىلەرگە بۇيرۇق چۈشۈرۈپ ئاتىسىنى ئۆلتۈرگۈزىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۆگەي ئاپىسى، ئىنىسى ۋە ئۆزىگە بويسۇنمىغان ۋەزىرلەرنى پاك-پاكىز قىرىپ تاشلاپ، ئۆزىنى تەڭرىقۇت قىلىپ تىكلەيدۇ. شۇندىن باشلاپ، باتۇر تەڭرىقۇت ھۇنلارنىڭ ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقىنى مۇستەھكەم كونترول قىلىدۇ. قەبىلىلەر قۇرۇلتىيى مەۋجۇت بولسىمۇ تەڭرىقۇت ۋارىسى مەسىلىسىدە پىكىر قىلىش ھوقۇقىدىن مەھرۇم بولىدۇ.

باتۇر تەڭرىقۇتلۇق ئورنىنى تارتىۋالغاندىن كېيىن، دەرھال كەڭ كۆلەمدە ئەتراپتىكى قوشنا ئەللەرنى بويسۇندۇرۇش ئۇرۇشىنى باشلايدۇ. ئەينى چاغدا، ھۇنلارنىڭ شەرقىدىكى تۇڭغۇسلار بىلەن غەربتىكى توخرىلارنىڭ كۈچى ناھايىتى كۈچلۈك بولۇپ، شەرق ۋە غەرب تەرەپتىن ھۇنلارنىڭ بىخەتەرلىكىگە تەھدىت سېلىپ تۇراتتى. بولۇپمۇ، تۇڭغۇسلار ھۇنلارنى كۆزگە

ئىلمايتتى. توڭغۇسلارنىڭ خانى باتۇرنىڭ ئۆز ئاتىسىنى ئۆلتۈرۈپ تەختكە ئولتۇرغانلىقىنى ئاڭلاپ، هۇنلارنىڭ ئىچكى قىسمى تىنچسىز دەپ قاراپ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ هۇنلارنىڭ ئۇچقۇر تولپىرى بىلەن باتۇرنىڭ ئەڭ ئامراق ئالچىسىنى ئۆتۈنۈپ بېرىشكە قىستايدۇ. توڭغۇسلارنىڭ خىلمۇخىل يولسىز تەلەپلىرىنى باتۇر تەڭرىقۇت غىڭ قىلماي قاندۇرىدۇ. توڭغۇسلار هۇنلار ئاجىز، بوزەك دەپ قاراپ قەدەممۇ قەدەم ئىلگىرىلەپ هۇنلاردىن ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدىكى ئارىلىق رايون دەپ ئايرىلغان زېمىننى ئاشكارا تەلەپ قىلغاندا، باتۇر تەڭرىقۇت غەزەپلىنىپ ئارسلانغا ئوخشاش قەلبىدىكى يىغىلىپ قالغان ئوتنى بىراقلا چىقىرىپ، زېمىندىن كېچىشنى تەشەببۇس قىلغان ۋەزىرلەرنى قەتلى قىلىپ، شەخسەن ئۆزى لەشكەر باشلاپ توڭغۇسلارنى بويسۇندۇرۇش يۈرۈشىگە ئاتلىنىدۇ. باتۇر تەڭرىقۇت شەخسەن ئۆزى خىللىغان هۇن چەۋەندازلىرىنى باشلاپ توڭغۇسلارنىڭ ئالدىدا تۇيۇقسىز پەيدا بولغاندا، غالجىرلاشقان ۋە هوشيارلىقىنى يوقاتقان توڭغۇسلارنىڭ خان، سەركەردىلىرى ئۆزىنى قوغداشقا ئۈلگۈرەلمەي قالىدۇ، ئۇلار ئېسىنى يىغقۇچە هۇن قوشۇنلىرى تەرىپىدىن تېرىپىرەن قىلىنىپ خەلقى، مال ـ چارۋىلىرى، بايلىقلىرى غالىبلارنىڭ ئولجىسىغا ئايلىنىپ كېتىدۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ، توڭغۇسلار هۇنلارنىڭ تەسىر دائىرىسىگە كىرىپ قالىدۇ.

تەخمىنەن مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 205 ـ يىلى باتۇر تەڭرىقۇت توڭغۇسلارنى بويسۇندۇرغاندىن كېيىن، غەربكە يۈرۈش قىلىپ توخرىلارغا قاتتىق زەربە بەردى. توخرىلار بىلەن باتۇر تەڭرىقۇت ئوتتۇرىسىدا شەخسىي ئاداۋەت بولۇپلا قالماي، ئۇلار ئىگىلەپ تۇرغان خېشى رايونى ئىنتايىن مۇهىم ئىستراتېگىيىلىك ئورۇن بولۇپ، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىن غەربىي يۇرت (غەربىي رايون) غا ئۆتىدىغان بىردىنبىر مۇهىم بوغۇز ئىدى. خېشى رايونى

كونترول قىلىنىسىلا پۈتكۈل غەربىي يۇرتنى كونترول قىلغانلىق بولاتتى. بولۇپمۇ، خېشى رايونىغا جايلاشقان چىلەنشەن تېغى بىلەن ئالچى تېغى (يەنجى تېغى) (ئورنى هازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسى شەندەن ناهىيىسىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدا) شەرقتىن غەربكە ئىككى مىڭ چاقىرىمدىن ئارتۇق، جەنۇبتىن شىمالغا يۈز چاقىرىمدىن ئارتۇق كېلىدىغان بۇ رايون ئورمانلىرى بۈك - باراقسان، ئوت - سۈيى ئەلۋەك، هاۋاسى قىشتا ئىللىق يازدا سالقىن، ناهايىتى ياخشى تەبىئىي يايلاق بولۇپ، چارۋىچىلىقنى ئاساس قىلغان هۇنلارغا نىسبەتەن غايەت زور سېھرىي كۈچكە ئىگە ئىدى. شۇڭا، هۇنلارنىڭ بۇ يەرنى ئىگىلەپ ئۆزىنىڭكى قىلىۋېلىشى تۇرغان گەپ ئىدى. توخرىلارنىڭ هۇن قوشۇنلىرىنىڭ هۇجۇمىغا تاقابىل تۇرغۇدەك كۈچى بولمىغانلىقتىن، ئۆزلىرى ئۇزۇن يىللار ياشىغان خېشى رايونىدىن كېچىپ، غەربكە كۆچۈشكە مەجبۇر بولدى. لېكىن، توخرىلارمۇ قانداقلا بولمىسۇن بىر چوڭ مىللەت بولغاچقا ئۇلارنىڭمۇ يۈز مىڭدىن ئوشۇق «كىرىچ تارتالايدىغان چەۋەنداز ئەزىمەتلەر» ى بار ئىدى. هۇنلارمۇ قىسقا ۋاقىت ئىچىدە توخرىلارنى ئۇزۇل - كېسىل بويسۇندۇرۇشقا ئامالسىز ئىدى. پەقەت مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 176 - يىلىنىڭ ئالدى - كەينىدە باتۇر تەڭرىقۇت توخرىلارغا قارشى 2 - قېتىملىق هۇجۇم قوزغىغاندىن كېيىنلا، توخرىلارنى يەنە بىر قېتىم مەغلۇپ قىلىپ خېشى رايونىنى تەلتۆكۈس ئىگىلىدى. توخرىلارنىڭ كۆپ قىسمى پۈتۈن قوۋمى بويىچە غەربكە كۆچۈپ كېتىشكە مەجبۇر بولدى. ئۇلارنىڭ ئاز بىر قىسمى ئارىلىشىپ ئولتۇراقلاشتى ۋە كېيىنكى كىچىك توخرىلار دەپ ئاتالدى.

باتۇر تەڭرىقۇت توخرىلارنى ۋە توڭغۇسلارنى بويسۇندۇرۇش- نىڭ ئالدى - كەينىدە، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك زېمىنى جەڭگە - جېدەل قايىنىمىغا غەرق بولغانىدى. مىلادىيە-

دىن بىۋرۇنقى 207 ـ يىلى چىن خانلىقى ھەر قايسى بەگلەر، پىدائىي لەشكەرلىرىنىڭ بىرلىشىپ زەربە بېرىشى بىلەن مۇنقەرز بولدى. خەن خانى ليۇ باڭ غەربىي چۇنىڭ مۇشتۇمزورى شياڭ يۈ بىلەن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ ھاكىمىيەت ھوقۇقىنى تالىشىپ ئۆزئارا قىرغىن قىلىشىپ قاتتىق تۇتۇشۇپ قالدى. باتۇر تەڭرىقۇت تەبىئىيكى زېمىننى كېڭەيتىشنىڭ بۇنداق ياخشى پۇرسىتىنى قولدىن بەرمەيتتى. ئۇ لۇفەن بىلەن بەيياڭدىكى خېنەن بەگلىكىنى بويسۇندۇرۇپ، مېڭ تيەن تارتىۋالغان بارلىق زېمىنلارنى قايتۇرۇۋېلىپلا قالماي يەنە يەنجۇن (ئورنى ھازىرقى خېبېي ئۆلكىسىنىڭ شىمالىدا) ۋە دەيجۇن (ئورنى ھازىرقى شەندۇڭ ئۆلكىسىنىڭ شەرقىي شىمالى قىسمىدا) گە بېسىپ كىرىپ تۇمەن تەڭرىقۇت دەۋرىدە ھۇنلارنىڭ مەغلۇپ بولۇپ شىمالغا چېكىنگەنلىكىدەك ئار ـ نومۇسنى يۇيدى. كېيىن باتۇر تەڭرىقۇت ناھايىتى تېزلىكتە ھۇنلارنىڭ شىمالىدا ياشاۋاتقان خۇنيۇ، چۇشې، دىڭلىڭ (بايقال كۆلى بويلىرىدا ياشايتتى، خاكاس قىرغىزلار، يېنىسەي دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدا ياشايتتى) شىنلى قاتارلىق قەبىلىلەرنى بويسۇندۇردى. بۇ قەبىلىلەرنىڭ كۆپ قىسمى چارۋىچىلىق ۋە ئوۋچىلىق بىلەن كۈن كەچۈرەتتى. ئۇلار بىپايان ھەم مۇنبەت، يايلاق ئورمانلارنى ئىگىلىگەنىدى. ھۇنلارنىڭ بۇ جايلارنى ئىگىلىشى ئۆز ئىقتىسادىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە دۆلەت كۈچىنى كۈچلەندۈرۈشتە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە ئىدى.

باتۇر تەڭرىقۇتنىڭ كۆپ يىللار ھەر تەرەپكە قوشۇن تارتىپ يۈرۈش قىلىش نەتىجىسىدە شەرقتە لياۋدۇڭ يېرىم ئارىلىدىن موڭغۇل يايلاقلىرىنى كېسىپ ئۆتۈپ غەربتە چياڭ، دىلارغىچە، شىمالدا بايقال كۆلىدىن جەنۇبتا خېتاۋ يەنى بوگۇنكى سەنشى، شەنشى ئۆلكىلىرىنىڭ شىمالىغىچە بولغان كەڭ تېررىتورىيە ھۇنلارنىڭ كونتروللۇقىغا ئۆتتى. ھۇنلار بويسۇندۇرغان

رايونلارنىڭ ئۈزلۈكسىز كېڭىيىشىگە ئەگىشىپ، تۈركۈم - تۈركۈم قۇللار، بايلىقلار ۋە ئارغىماقلار ھۇنلارنىڭ قولىغا كىرىشكە باشلىدى. ئەزەلدىن كۈچلۈكلەرگە چوقۇنۇپ ئاجىزلارنى كۆزگە ئىلمايدىغان، بۇلاڭ - تالاڭنى چوڭ كۆرىدىغان ھۇنلارنىڭ قەلبىدە باتۇر تەڭرىقۇت شۈبھىسىزكى تەڭداشسىز قوماندانغا ئايلىنىپ كۆپ ساندىكى ۋەزىر - ئاقسۆڭەكلەرنىڭ چىن دىلىدىن ھىمايە قىلىشىغا ئېرىشتى. شۇنداق قىلىپ، قۇدرەتلىك ھۇن ئىمپېرىيىسى باتۇر تەڭرىقۇت ھۆكۈمرانلىقى دەۋرىدە مەيدانغا كەلدى. ئۇنىڭ ئوغلى ئاغا تەڭرىقۇت ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان دەۋردە ھۇن ئىمپېرىيىسى گۈللەپ ياشناش باسقۇچىغا كىرىپ شىمالىي چۆللۈكتە قەد كۆتۈرۈپ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە يەتكۈچە سورۇقچىلىقلارنى سالدى.

بۇ كەڭرى زېمىننى تېخىمۇ ئۈنۈملۈك كونترول قىلىش ئۈچۈن باتۇر تەڭرىقۇت ھۇنلارنىڭ سىياسىي مەركىزى تەڭرىقۇت ئوردىسىنى چۆللۈكنىڭ جەنۇبىدىكى (موڭغۇل ئېگىزلىكىدىكى چوڭ چۆللۈكنىڭ جەنۇبىدىكى رايونلارنى كۆرسىتىدۇ) چۇغاي تاغلىرىدىن چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى ئورقۇن دەرياسىنىڭ شەرقىي قىرغىقىدىكى خوشۇت سايدام كۆلى ئەتراپىغا كۆچۈردى. بۇ خەنزۇ تارىخىدا «ئەجدىھا بالىق» ياكى «تەختىھون» دەپ ئاتالدى. تەڭرىقۇت ئوردىسى چۆللۈكنىڭ شىمالىغا كۆچۈرۈلگەندىن كېيىن ھۇنلارنىڭ مەركىزىي بەلۋېغىدىن تەڭرىقۇت پەرمانلىرىنى ھەر تەرەپكە يەتكۈزۈشكە قولايلىق بولدى. ھۇنلارنىڭ ھاكىمىيەت ئورگىنى ئوتتۇرا، ئوڭ، سول ئۈچ قىسىمغا بۆلۈنەتتى. ئوتتۇرا قىسىم تەڭرىقۇتنىڭ باشقۇرۇشىدىكى مەركىزىي قىسىم بولۇپ، باشقۇرۇلىدىغان رايونلار ھۇنلارنىڭ ئوتتۇرا قىسىمغا جايلاشقان بولاتتى. ئۇنىڭ جەنۇبىي تەرىپى خەن سۇلالىسىنىڭ دەيجۈن ۋىلايىتى (ئورنى ھازىرقى خېبېي ئۆلكىسىنىڭ ۋېيشەن ناھىيىسىنىڭ شەرقىي شىمالىدا)، يۈنجۇڭ ۋىلايىتى (ئورنى

هازىرقى ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونى توقتۇ ناھىيىسىنىڭ شەرقىي شىمالىدا) قىسىملىرىغا تۇتىشاتتى. سول قىسمى سول تۇغ قاننىڭ باشقۇرۇشىدا بولۇپ، ئۇنىڭ باشقۇرۇشىدىكى جايلار ھۇنلارنىڭ شەرقىي قىسمىغا جايلاشقان بولۇپ، ئۇنىڭ جەنۇبىي تەرىپى شاڭگۇ ۋىلايىتى (ئورنى ھازىرقى خېبېي ئۆلكىسى خۇەنلەي ناھىيىسىنىڭ شەرقىي شىمالى) بىلەن قارىشىپ تۇرىدۇ. ئوڭ تەرىپى ئوڭ تۇغ قاننىڭ باشقۇرۇشىدا بولۇپ، ئۇنىڭ باشقۇرۇشىدىكى رايونلار ھۇنلارنىڭ غەربىي قىسمىغا جايلاشقان. ئۇنىڭ جەنۇبىي تەرىپى ئۇدۇل شاڭجۈن ۋىلايىتى (ئورنى ھازىرقى شەنشى ئۆلكىسى يۈلىن ناھىيىسىنىڭ شەرقىي جەنۇبى) نىڭ غەربىي رايونلىرىغا تۇتىشاتتى. تەڭرىقۇت ھۇنلارنىڭ ھەربىي ھاكىمىيىتىنىڭ بارلىق ھوقۇقىنى قولىدا تۇتقان بولۇپ ئوڭ، سول تۇغ قانلار تەڭرىقۇتقا ياردەملىشىپ ھاكىمىيەت يۈرگۈزەتتى. يەرلىكتىكى ئەڭ يۇقىرى مەنسەپدار ئوڭ، سول تۇغ قانلار بولاتتى. ھۇنلارنىڭ ئادىتىدە سول تەرەپ ئۈستۈن بولۇپ سول تۇغ قاننىڭ ھوقۇقى ۋە ئورنى تەڭرىقۇتتىنلا كېيىن تۇراتتى. ئۇ تەڭرىقۇتنىڭ مەخسۇس ياردەمچىسى ھېسابلىناتتى. شۇڭا، دائىم بۇ ۋەزىپىنى خانتېكىن ئۈستىگە ئالاتتى. ئوڭ، سول تۇغ قانلارنىڭ ئاستىدا ئوڭ، سول قول قان، ئوڭ، سول چوڭ سانغۇن، ئوڭ، سول تۇتۇقبەگ، ئوڭ، سول تۇتۇنبېگى قاتارلىق يۇقىرى مەنسەپلەر بولاتتى. ھۇنلارنىڭ ئادىتى بويىچە ئۇلار مۇئەييەن ساندىكى چەۋەندازلارغا ۋە مۇقىم «بۆلۈنمە يەر» لەر (مۇقىم كېسىپ بېرىلگەن چارۋىچىلىق رايونى) گە ئىگە بولاتتى، ئادەتتە مەمۇرىي ئەمەلدارلار ئۇرۇش ۋاقتىدا ھەربىي قوماندان بولۇپ چەۋەندازلىرىنى باشلاپ ئۇرۇشقا كىرەتتى. ھۇنلارنىڭ تەڭرىقۇت ئوردىسىدىن تارتىپ يەرلىك ھەر دەرىجىلىك ئورۇنلارغىچە مەمۇرىي ۋە ھەربىي ھاكىمىيەت بىرلەشتۈرۈلگەن بۇنداق ھۆكۈمرانلىق ئاپپاراتىنىڭ قۇرۇلۇشى

تەڭرىقۇت ئەڭ ئالىي قوماندانلىق ھوقۇقىغا ئىگە بولغان، ھەر دەرىجىلىك ئەمەلدارلارنىڭ مۇئەييەن ئىگىلىك ھوقۇقىغا ئىگە بولغانلىقىنى گەۋدىلەندۇرەتتى. بۇ زېمىنى كەڭ شىمالىي چۆللۈكتە تۈيۈقسىز يۈز بېرىدىغان ئىشلارغا تاقابىل تۇرۇشتا ناھايىتى زۆرۈر ئىدى. ھۇن چەۋەندازلىرىنىڭ شىمالىي چۆللۈكتىكى ئوتلاقلاردا ھەر تەرەپكە ئەركىن ئات چاپتۇرۇپ تارقىلىپ يۈرۈشى، شىمالدىكى چارۋىچىلىقنى ئاساس قىلغان نۇرغۇن مىللەتلەرنىڭ ئۇلارغا باش ئېگىپ قارام بولۇشى دەل مۇشۇنداق قاتتىق ۋە جانلىق مەمۇرىي، ھەربىي تەشكىلىي قۇرۇلما بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك ئىدى.

مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 202 - يىلى بەش يىلغا سوزۇلغان چۇ - خەن ئۇرۇشى ئاخىرى ئاياغلىشىپ، خەن خانى ليۇ باڭ خان ئاتىلىپ، چاڭئەننى ئاستانە قىلىپ غەربىي خەن سۇلالىسىنى قۇردى. ئۇزۇن مۇددەتلىك جەڭلەرنىڭ ھالسىرىتىشى بىلەن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك زېمىنى ئاللىقاچان چاك - چېكىدىن پارچىلىنىپ، خەلق تۇرمۇشى خانىۋەيران بولغانىدى. يېڭىلا تىكلەنگەن غەربىي خەن سۇلالىسى ئۆزىنى ئوڭشىۋېلىشقا جىددىي ئېھتىياجلىق ئىدى. سەددىچىنىنىڭ شىمالىدىكى چەكسىز يايلاقتا ھونلار گۈللەپ ياشناپ تەرەققىي تاپماقتا ئىدى. باتۇر تەڭرىقۇت چۆللۈكنىڭ جەنۇب - شىمالىنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، مۇنبەت ۋە ئوت - سۇلۇق يايلاقتا سەمرىپ چاپچىپ تۇرغان جەڭ ئارغىماقلىرى كۆككە قاراپ كىشنىشىپ، سەپراس بولۇپ تۇرغان 350 مىڭ ئەزىمەتنى جەڭگاھتا سىناپ بېقىشقا ئالدىراپ تۇراتتى. ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك زېمىنى ئۇلارنىڭ كارامىتىنى كۆرسىتىدىغان يېڭى جەڭگاھقا ئايلانغانىدى. سەددىچىنىدىن ئۆتۈپ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە ئات چاپتۇرۇپ كىرىشنىڭ قانچىلىغان ھۇن يىگىتلىرىنىڭ يۈرەك تارىنى تىترەتكەنلىكىنى بىلىپ بولمايتتى.

# ئىككىنچى باب

«پىگچېلىك شەھىرىدە تارتتۇق دەرد ـ ئەلەم،
يەتتە كۈن ئاچلىقتا بولدى ماغدۇر كەم،
ئوقيانىمۇ ئەپلەپ ئاتالمىدۇق ھەم.»

## — خەن ـ ھۇن ئۇرۇشىدىن قۇدىلىشىشقىچە

● «پىگچېلىك ئۇرۇشى» — باتۇرلارچە ئىلگىرىلەپ، شەرمەندىلەرچە مەغلۇپ بولۇش

● نەۋرىسى بوۋىسىدىن ئۆي ئايرىپ قارشىلىشىشقا پېتىنالامدۇ؟

● تىز پۈكۈپ يالۋۇرۇپمۇ ھەممە نەرسىنى تىلىگىلى بولمىغانلىقى، باتۇر تەڭرىقۇتنىڭ مەكتۇپ ئەۋەتىپ خانىكە لۇ خۇنى ھاقارەتلىگەنلىكى

● «قايدىكىن مەرد ـ پەھلىۋان ئەلنى قوغدايدىغان؟»

● ياغاچ چۆرىنىڭ قورۇلنى پاراكەندە قىلغانلىقى، چەۋەندازلارنىڭ گەنچۈەن قەسرىگە بېسىپ كىرگەنلىكى

● «ئۇچقۇر سانغۇن» نىڭ قان كېچىپ جەڭ قىلغانلىقى

## 1. خەن گاۋزۇنىڭ پىڭچېڭدىكى جېڭى

خەن گاۋزۇ سەلتەنەت دەۋرىنىڭ يەتتىنچى يىلى (مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 200 - يىلى) 10 - ئايدا، ئاچچىق بوران ئۇشقىتىپ تۇرغان، قار - يامغۇر ئالەمنى بىر ئالغان، شىمالىي سەنشى رايونىنىڭ لوڭجۇ دېگەن يېرىدە جاندىن ئۆتكۈدەك سوغۇق بولۇۋاتاتتى. بۇ چاغدا، ھۇن قوشۇنلىرىنىڭ مۇھاسىرىسىدىن ئەمدىلا قۇتۇلغان، تەرتىپسىز، سولغۇن خەن قوشۇنلىرى قار - مۇز قاپلىغان داللاردا تەستە ئىلگىرىلەپ، رەسۋاسى چىققان ھالدا پىڭچېڭ (ھازىرقى سەنشى ئۆلكىسى داتۇڭ شەھىرىنىڭ شەرقىي شىمالىدا) غا قاراپ چېكىنمەكتە ئىدى. ئەسلىدە غەلىبىسىرى شىمالغا ئىلگىرىلەپ، ئاسىي سانغۇن خەن ۋاڭشىنغا قوغلاپ زەربە بېرىۋاتقان بۇ جەڭگىۋار قورقۇمسىز قوشۇننىڭ قىسقىغىنا يەتتە كۈندە مۇنداق ئېچىنىشلىق ھالغا چۈشۈپ قېلىشى ئۇ دۇنيا - بۇ دۇنيا چۈشىنىكسىز بىر ئىش ئىدى. خەن گاۋزۇ ليۇ باڭمۇ شۇ قوشۇن ئىچىدە بولۇپ كۆز ئالدىدىكى ئېچىنىشلىق مەنزىرىگە قاراپ، ئۆتكەن ئىشلارنى ئويلىغىنىچە توختىماي ئاھ ئۇراتتى. مەلۇمكى، ليۇ باڭ باشلاپ ماڭغان خەن قوشۇنى يارىماس، ئاجىز قوشۇن ئەمەس، بەلكى مەغرۇر ۋە غالىب قوشۇن ئىدى. خەن سۇلالىسىنىڭ تۇنجى يىلى (مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 260 - يىلى) 10 - ئايدا خەن قوشۇنى ئاۋۋال شيەنياڭغا كىرگەن، چىن شاھزادىسى ئامالسىز قولغا چۈشكەن، چۇ بەگلىكى بىلەن خەن بەگلىكى ئوتتۇرىسىدىكى جاپالىق بەش يىللىق ئۇرۇشتا بىر دەۋر مەشھۇر شەخسلەردىن بولۇپ تونۇلغان غەربىي چۇنىڭ زومىگەرى شياڭيۇ ۋۇجياڭ دەرياسى بويىدا ئۆزىنى بوغۇزلىۋالغانىدى. بىراق، پىڭچېڭدىكى

ئۇرۇشتا خەن قوشۇنلىرى تەرىپىدىن تېرىپېرەن قىلىنىپ قېچىپ كەلدى. بۇ خەن ئۇردىسىدىكى ۋەزىر - ۋۇزرالار، ئۇردا ئەھلى، ئاۋام خەلق، لەشكەرلەرنىڭلا روھىغا ئېغىر زەربە بولۇپلا قالماي، بەلكى كېيىنكى دەۋرلەردىكى خەن قوشۇنلىرى بىلەن ھۇنلار ئارىسىدىكى جەڭلەرگىمۇ چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتتى.

خەن قوشۇنلىرى ھۇنلار بىلەن بولغان تۇنجى قېتىملىق ئۇرۇشتا قاتتىق مەغلۇپ بولدى. بۇنداق ئاقىۋەت تاسادىپىي ئەمەس ئىدى. ليۇ باڭ گەرچە چۇ - خەن ئۇرۇشىدا غەلىبە قىلغۇچى ۋە غەربىي خەن سۇلالىسىنىڭ قۇرغۇچىسى بولسىمۇ، لېكىن بۇ غەلىبىنىڭ بەدىلى تولىمۇ زور بولغانىدى. ئۇزۇن مۇددەتلىك ئۇرۇش ئازابلىرىدىن كېيىن ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش زور بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان، تېرىلغۇ يەرلەر ئاق قالغان، نوپۇس ئازلاپ پۇقرالار سەرسان بولغان، خەلق ئىگىلىكى ئېغىر دەرىجىدە ۋەيران بولغانىدى. خارابە ئۇستىگە قۇرۇلغان غەربىي خەن ھۆكۈمىتىنىڭ دۆلەت كۈچى ئاجىز، مالىيە جەھەتتە ئېغىر قىيىنچىلىق ئىچىدە تۇرۇۋاتاتتى. پادىشاھ ئوخشاش رەڭلىك تۆت ئات قوشۇلغان مەپىگە ئولتۇرالمايدىغان، ۋەزىرلەر پەقەت كالا ھارۋىسىغىلا ئولتۇرالايدىغان ھالغا چۈشۈپ قالغانىدى. پۇقرالارنىڭ كۈنى بولسا ئىنتايىن ئېچىنىشلىق ئىدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە مەركىزىي ھۆكۈمەت ئەمدىلا قۇرۇلغاچقا ئىچكى قىسمىمۇ مۇقىم ئەمەس ئىدى. چۇ - خەن ئۇرۇشىدا ليۇ باڭ ئۆزى بىلەن بىرلىشىپ چۇ بەگلىكىگە زەربە بەرگەن ھەرقايسى يات فامىلىلىك بەگلەرگە ئەسلىدىكى زېمىنلىرىنى سۇيۇرغال قىلىپ بەرگەنىدى. خەن سۇلالىسىنىڭ بەشىنچى يىلى (مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 202 - يىلى) خەن شىن قاتارلىق يەتتە تۆھپىكار سەركەردىگە بەگلىك مەرتىۋىسى بېرىلدى. ئۇلار گۇەندۇڭنىڭ شەرقىدىكى كەڭرى رايونلارغا ئىگە بولۇپ، ئۇلارغا سۇيۇرغال قىلىنغان يەرلەر ئومۇمىي جەھەتتىن ئەينى دەۋردىكى

ئالته بەگلىكنىڭ زېمىنلىرى بىلەن ئوخشاش دېگۈدەك ئىدى. ئۇلار لەشكەر ساقلاپ ئۆزىنى كۈچەيتىپ ھەرقايسىسى بىر تەرەپ بولۇپ تۇرغاچقا، مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭ ئەمەلىي ئىگىدارچىلىقىدىكى رايونلار پەقەت گۇەنجۇڭ ئەتراپلىرى بىلەنلا چەكلىنىپ قالغانىدى. شۇڭلاشقا، ھوقۇقنىڭ مەركەزگە مەركەزلىشىشى ئېغىر توسقۇنلۇققا ئۇچرىدى. بۇ خىل ئەھۋالدا ئەڭ جىددىي ۋەزىپە ئىقتىسادنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، ئارام ئېلىپ ئۆزىنى ئوڭشىۋېلىش، يات نەسەبتىكى بەگلەرنى تازىلاش، ھوقۇقنى مەركەزگە مەركەزلەشتۈرۈش ۋە مۇستەھكەملەش ئىدى. شۇڭلاشقا، ھۇنلارنىڭ باسمىچىلىقىدىن قانداق مۇداپىئە كۆرۈش دەسلەپتە ليۇ باڭنىڭ ئالاھىدە دىققىتىنى تارتمىغانىدى.

غەربىي خەن سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى يىللىرى ھۇنلارغا قوشنا يات نەسەبتىكى بەگلىكلەردىن شەرقتىن غەربكىچە يەن بەگلىكى، جاۋ بەگلىكى، خەن بەگلىكلىرى بار ئىدى. يەن بېگى زاڭتۇ مەنسەپ بېرىلگەن يىلى سۇيىقەست قىلغانلىقى ئۈچۈن قەتلى قىلىنغان، ليۇ باڭنىڭ يۇرتدىشى، يېقىن ئاغىنىسى ئەمىر لەشكەر لۇ ۋەن يەن بېگى قىلىپ تەيىنلەنگەنىدى. جاۋ بېگى جاڭ ئېر مەنسەپ بېرىلىپ ئۇزۇن ئۆتمەي قازا قىلغانىدى. ئوغلى جاۋ ئوۋ ليۇ باڭ بىلەن خانىكە لۈخۇدىن تۇغۇلغان مەلىكە لۇ يۈەنىنىڭ كۈيۈسى بولغاچقا داۋاملىق بەگ بولدى. ئۇلارنىڭ ليۇ باڭ بىلەن پەۋقۇلئاددە مۇناسىۋەتتى بولغاچقا، ليۇ باڭ يات نەسەبتىكى بەگلەرنى تازىلىغاندا ئۇنىڭغا تەگمىگەنىدى. خەن بېگى خەن ۋاڭشىنىنىڭ ئەھۋالى بۇنىڭغا ئوخشىمايتتى. ئۇ ئۇرۇشقاق بەگلىكلەر دەۋرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدىكى خەن شياڭۋاڭنىڭ توقىلىنىڭ نەۋرىسى بولۇپ، چىن سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرى ليۇ باڭغا ئەگىشىپ قوۋۇقتىن كىرگەن بولۇپ، خەن زېمىنىدىكى ئون نەچچە شەھەر، قەلئەنى ئېلىشتا تۆھپە كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن خەن بېگى دېگەن نام ھەدىيە قىلىنغان.

ئۇنىڭغا دەسلەپتە يىگچۇەن، دۇياگدى (ئۇرنى هازىرقى خىنەن ئۆلكىسى يۇشيەن ناھىيىسى) قاتارلىق جايلار بۆلۈپ بېرىلگەن. يىگچۇەن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ مەركىزىگە جايلاشقان، مەشھۇر شەھەر لوياڭغا يېقىن بولۇپ، ئىستراتېگىيىلىك ئۇرنى ئىنتايىن مۇھىم ئىدى. ليۇ باڭ خەن ۋاڭشىنىنىڭ ئاسىيلىق قىلىشىدىن قاتتىق ئەنسىرەپ خەن گاۋزۇنىڭ ئالتىنچى يىلى (مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 201 ـ يىلى) ئەتىيازدا تەييۇەن ۋىلايىتىنى خەن شىنىنىڭ ئىختىيارىغا قويۇپ بېرىپ، خەن ۋاڭشىن تەييۇەنگە كۆچۈرۈلۈپ هۇنلاردىن مۇداپىئە كۆرۈشكە بۇيرۇلدى. ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى باي ئاۋات يەردىن غەربىي شىمالدىكى سوغۇق، جاپالىق چېگرا ۋىلايىتىگە كۆچۈرۈلۈشتىكى سىر ـ هېيلىنى خەن ۋاڭشىن ئەلۋەتتە بىلەتتى. خەن ۋاڭشىن تەييۇەنگە كەلگەندىن كېيىن دەرھال تۆھپە كۆرسىتىپ ليۇ باڭنىڭ كۆڭلىدىكى گۇمانلارنى يوقىتىش ئۈچۈن، تەشەببۇسكارلىق بىلەن مەكتۇپ سۇنۇپ بىر قەدەر يىراق بولغان جىنياڭ قەلئەسى (ئۇرنى هازىرقى سەنشى ئۆلكىسى تەيۇەن ناھىيىسى) دىن چېگرىغا يېقىن مايى (ئۇرنى هازىرقى شىشۇ ناھىيىسى) غا كۆچۈپ، هۇنلارغا يېقىنىراق تۇرۇپ مۇداپىئە كۆرۈشنى تەلەپ قىلدى. ليۇ باڭ بۇنى دەرھاللا تەستىقلىدى. لېكىن، ئىككى تەرەپ ئارىسىدىكى هالڭ ئاللىقاچان شەكىللەنگەن بولغاچقا، كېيىنكى ئىشلارنىڭ تەرەققىياتىنى كۆڭۈلدىكىدەك بولمىدى.

خەن ۋاڭشىن تەيۇەنگە يېتىپ بارغان يىلى كۈزدە، باتۇر تەڭرىقۇت زور قوشۇننى باشلاپ بېسىپ كېلىپ مايىنى قورشىۋالدى. شۇ چاغدا، خەن ۋاڭشىنىنىڭ شەھەرنى قورشىغۇدەك لەشكەر كۈچى يوق، ئوردىدىن كېلىدىغان ياردەمچى قوشۇنمۇ ۋاقتىدا يېتىپ كېلەلمىگەچكە هۇنلارغا بىر قانچە قېتىم مەخپىي ئەلچى ئەۋەتىپ سۈلھى قىلدى. شۇ چاغدا، ئەۋەتكەن ياردەمچى قوشۇنمۇ تەيۇەنگە كەلمىدى. ليۇ باڭ خەن ۋاڭشىنىنىڭ

مەخپىي هالدا هۇنلار بىلەن ئالاقە باغلىغانلىقىنى ئاڭلاپ قاتتىق غەزەپلىنىپ، خەن ۋاڭشىنغا مەكتۇپ ئەۋەتىپ ئۇنىڭ ئالا كۆڭۈللۈك قىلىپ، دۆلەت زېمىنىنى قوغدىمىغانلىقىنى، ۋەزىر تۇرۇقلۇق ساداقەت كۆرسەتمىگەنلىكىنى ئەيىبلەيدۇ. خەن ۋاڭشىن مەكتۇپنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن قاتتىق دەككە - دۈككىگە چۈشۈپ ئىلگىرىكى بىر ئىش كۆڭلىگە كېچىدۇ. چۇ - خەن ئۇرۇشى پارتلاپ 3 - يىلى خەن خانى ليۇ باڭ ئۇنىڭ بىلەن جۈكې قاتارلىقلاردىن يىڭياڭ (ئورنى هازىرقى خېنەن ئۆلكىسى يىڭياڭ ۋىلايىتىنىڭ شەرقىي شىمالى) نى قوغداشقا ئورۇنلاشتۇرىدۇ. شياڭيۇ يىڭياڭغا بېسىپ كەلگەندىن كېيىن جۈكې تىز پۈكمەي جان بېرىدۇ. خەن ۋاڭشىن بولسا شياڭيۇغا ئەل بولىدۇ ۋە ئۇزۇن ئۆتمەيلا چۇ بەگلىكىدىن يۈز ئۆرۈپ خەن بەگلىكىگە قايتىپ كېلىدۇ. مۇشۇلارنى ئويلىغىنىدا خەن ۋاڭشىن ليۇ باڭنىڭ ئىلگىرىكى ئىشلاردىن هېساب ئېلىپ ئىككى گۇناھىنى بىرلەشتۈرۈپ جازالىشىدىن قورقۇپ، شەھەرنى تەقدىم قىلىپ، ئەل بولۇپ هۇنلار بىلەن تەييۈەن ۋىلايىتىگە هۇجۇم قىلىدۇ، بۇنىڭ نەتىجىسىدە باتۇر تەڭرىقۇت جەنۇبقا لەشكەر تارتىپ جۇجۇ تېغى (ئورنى هازىرقى سەنشى ئۆلكىسى دەيشيەن ناهىيىسىنىڭ غەربىدە) دىن ئۆتۈپ جىنياڭغا هۇجۇم قىلىپ، كىچىك كۆلەمدىكى چېگرا توقۇنۇشىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ كەڭ كۆلەملىك خەن - هۇن ئۇرۇشىغا ئايلاندۇرۇۋېتىدۇ.

خەن ۋاڭشىن ئاسىيلىق قىلغاندىن كېيىن، هۇنلار كەڭ كۆلەمدە بېسىپ كىردى. تەييۈەن ۋىلايىتىدىكى جىنياڭنىڭ ۋەزىيىتى خەۋپتە قالدى. بۇ بىر قاتار كۆڭۈلسىز خەۋەرلەر ئوردىنى ساراسىمىگە سالدى. خەن گاۋزۇ ليۇ باڭ قاتتىق غەزەپلەندى. 2 - يىلى قىشتا، ليۇ باڭ ئۆزى قوشۇن باشلاپ تەييۈەن ۋىلايىتىگە كېلىپ هۇنلارغا تاقابىل تۇردى. جىنياڭ

مۇھاسىرىسىنى بىكار قىلىپ ئاسىي سانغۇن خەن ۋاڭشىنغا جازا يۈرۈشى قىلدى. خەن قوشۇنلىرى غەلىبىسىرى ئىلگىرىلەپ تۇڭدى (ئورنى ھازىرقى سەنشى ئۆلكىسى چىنشيەن ناھىيىسىنىڭ جەنۇبىدا) دا خەن ۋاڭشىن قوشۇنىنى مەغلۇپ قىلىپ ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى سانغۇنى ۋاڭ شىنى ئۆلتۈردى. خەن ۋاڭشىن ھۇنلارنىڭ ئارىسىغا قېچىپ بېرىۋالدى، لەشكەرلىرى تەرەپ - تەرەپكە پىتىراپ كەتتى. بۇ چاغدا، خەن ۋاڭشىنىنىڭ يەنە بىر قىسىم سانغۇنلىرىدىن مەن چيۇچېن، ۋاڭ خۇاڭ قاتارلىقلار جەنگو دەۋرىدىكى جاۋ بەگلىكىنىڭ كېيىنكى ئەۋلادى جاۋ لىنى خان قىلىپ تىكلەپ، خەن ۋاڭشىنىنىڭ قالدۇق لەشكەرلىرىنى توپلاپ باتۇر تەڭرىقۇت ۋە خەن بېگى خەن شىنلەر بىلەن بىرلىشىپ خەن قوشۇنلىرىغا ھۇجۇم قىلدى. ليۇ باڭ خەن بېگى خەن شىننى مەغلۇپ قىلغاندىن كېيىن، جىنياڭغا كىرىپ ئورۇنلاشتى. بۇ چاغدا، ھۇنلار ئوڭ توغ قان، سول توغ قانلارنى بىر تۈمەن چەۋەنداز ۋە خەن بېگى خەن شىن تەرەپنىڭ سانغۇنى ۋاڭ خۇاڭ باشچىلىقىدىكى قالدۇق قىسىمنى گۇاڭۋۇ (ئورنى ھازىرقى سەنشى ئۆلكىسى دەيشەن ناھىيىسىنىڭ غەربىي جەنۇبىدا) تەرەپلەرگە يىغدى. ليۇ باڭنىڭ جىنياڭغا كىرىۋالغانلىقىدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، جەنۇبقا يۈرۈش قىلىپ جىنياڭغا ھۇجۇم قىلدى. جىنياڭ سېپىلى ئاستىدا ۋاقىتلىق قۇراشتۇرۇلغان بىرلەشمە قوشۇن زور مەغلۇبىيەتكە ئۇچراپ ئالاقزادە بولۇپ غەربكە چېكىندى. شىخې ۋىلايىتىنىڭ ئەتراپىدا خەن قوشۇنى تەرىپىدىن يەنە بىر قېتىم مەغلۇپ قىلىندى. ھۇنلار لۇفەن (ئورنى ھازىرقى سەنشى ئۆلكىسى نىڭۋۇ ناھىيىسىدە) نىڭ غەربىي شىمالىدا قوشۇنلىرىنى يىغىۋاشتىن يىغدى. ئويلىمىغان يەردىن خەن قوشۇنى تەرىپىدىن يەنە بىر قېتىم مەغلۇپ قىلىندى.

ليۇ باڭ قوشۇن تارتىپ چىققاندىن كېيىن يول بويى

غەلىبىسىرى ئىلگىرىلەپ سىپىل ـ قوۋۇقلارنى بۆسۈپ، قارشى تەرەپنىڭ سەركەردە ـ سانغۇنلىرىنى ئۆلتۈرۈپ تىرىپىرەن قىلىپ ھۇن ۋە خەن ئېگى خەن شىن قوشۇنلىرىنى قەدەممۇ قەدەم چېكىندۇرۇپ، ئۇلارنىڭ قايتۇرما ھۇجۇم قىلغۇدەك كۈچىنى قويمىدى. مىڭلىغان ئاممىنىڭ ئالقىش سادالىرى ئىچىدە غەلىبە شادلىقىغا چۆمگەن لىيۇ باڭ زور قوشۇننى باشلاپ قەلەمدار، ئەلەمدار بەگلىرى بىلەن پىڭچېڭ شەھىرىگە كىردى. بۇ چاغدا، لىيۇ باڭ باتۇر تەگرىقۇتنىڭ پىڭچېڭ شەھىرىدىن ئانچە يىراق بولمىغان دەيگۇ (ئورنى ھازىرقى خېبېي ئۆلكىسى ۋېيشيەن ناھىيىسىنىڭ شەرقىي شىمالىدا) غا ئورۇنلاشتۇرغانلىقىدىن خەۋەر تاپقانىدى. ئۇ باتۇر تەگرىقۇت بىلەن بىر تۇتۇشۇپ بېقىشنى قارار قىلىپ ئۆزىنىڭ پارلاق ئورۇش تارىخىغا يەنە بىر يېڭى سەھىپە قوشماقچى بولدى. بىراق، بۇ چاغدا ھېچكىممۇ ئويلاپ يەتمىگەن بىر ئىش يۈز بەردى. پىڭچېڭدەك كىچىككىنە بىر چېگرا شەھىرىدە كۆرەڭلەپ كەتكەن خەن گاۋزۇ ئورۇش ھاياتىدا بىر قېتىم موللاق ئاتتى. ھۇنلارنى كەينى ـ كەينىدىن مەغلۇپ قىلغان لىيۇ باڭ ئىلگىرىكى غەلىبە شادلىقىدىن مەس بولۇپ كەتكەنىدى. ئەمەلىيەتتە، خەن قوشۇنى ئۇزۇن يۈرۈشلەر ۋە سانسىزلىغان دەھشەتلىك جەڭلەردىن كېيىن خېلىلا چارچىغان بولۇپ، دەم ئېلىپ قوشۇننى رەتلەشكە جىددىي ئېھتىياجلىق ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە لىيۇ باڭغا ئەگىشىپ پىڭچېڭغا كىرگەن قىسىم خەن قوشۇنلىرىنىڭ ئالدىن يۈرەر قىسمى بولۇپ، پىيادە لەشكەرلەرنى ئاساس قىلغانىدى. كېيىنكى ئاساسىي قىسمى ۋە ئارقا سەپ قىسمى يول ئۈستىدە ئىدى. بۇ چاغدا، قىرىشقاندەك تەگرىنىڭ قەھر ـ غەزىپى تۇتۇپ، قەھرىتان قىش شىمالىي رايونلارغا ئۆز دەھشىتىنى سالماقتا ئىدى. نۇرغۇن لەشكەرلەرنىڭ پۇت ـ قوللىرى قاتتىق سوغۇقتا توڭلاپ جەڭگىۋارلىقىنى يوقاتقانىدى. لىيۇ باڭ بۇ پايدىسىز ئامىللارنى پەقەتلا

ئويلىمىغانىدەك قىلاتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ ھۇنلارنىڭ ئەھۋالىنى
پەقەتلا بىلەلمىدى. ليۇ باڭ جىنياڭغا يېتىپ بارغاندىن كېيىن
ھۇنلارغا توختىماي ئەلچى ئەۋەتىپ، ھۇنلارنىڭ ئەھۋالىنى
ئۇقماقچى بولدى. لېكىن، باتۇر تەڭرىقۇت ئۇنىڭ غەرىزىنى
ئاللىقاچان تونۇپ، سەرخىل قاۋۇل لەشكەرلىرىنى ۋە ئات،
كالىلىرىنى يوشۇرۇپ قويىدۇ. خەن ئەلچىلىرىنىڭ كۆرگىنى
پەقەت بىر قىسىم قېرى ئاجىز لەشكەرلەر بىلەن ئورۇق ئاجىز
ئۇلاغلار بولىدۇ. ئون نەچچە خەن ئەلچىسى قايتىپ كەلگەندىن
كېيىن ئالداندى ۋە خاننىڭ كۆڭلىگە يېقىشقا مۇيەسسەر بولدى.
ھەممە كىشى بىردەك «ھۇنلار ئاجىزكەن، ھۇجۇم قىلىشقا
ئاسانكەن» دەپ قارىدى. پەقەت كاتاۋۇل ليۇ جىڭلا ھۇنلارغا
ئەلچى بولۇپ بارغاندىن كېيىن بۇ ئىشلاردا ھىيلە ـ نەيرەڭ
بارلىقىنى ھېس قىلىپ «خەن سۇلالىسى بىلەن ھۇنلار
تۇتىشىدىغان چاغدا ئادەت بويىچە ھۇنلار لەشكىرىي
كۈچىنى كۆز ـ كۆز قىلىپ خەن قوشۇنلىرىنى قورقۇتاتتى،
بىراق بۈگۈن ھۇنلار ئۆزىنى قەستەن ئاجىز كۆرسىتىۋاتىدۇ.
چوقۇم بۆكتۈرمە قويۇپ خەن قوشۇنلىرىنى تۇزاققا
دەسسەتمەكچى» دەپ قاراپ، ليۇ باڭغا مەكتۇپ سۇنۇپ ھۇنلارغا
ھۇجۇم قىلماسلىق ھەققىدە نەسىھەت قىلىدۇ. لېكىن، بۇ چاغدا
قېنى قىزىپ تۇرغان ليۇ باڭ باشقا ھېچقانداق غەيرىي پىكىرنى
ئاڭلىمايتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە زور قوشۇن جۇجۇ تېغىدىن ئۆتۈپ
پىڭچېڭغا قاراپ يولغا چىقىپ بولغانىدى. شۇڭا، ليۇ باڭ ليۇ
جىڭنى «زور قوشۇننى توسۇشقا ئۇرۇنغان» دەپ قاتتىق تىللاپ،
گۇاڭۋۇ (ئورنى سەنشى دەيشيەن ناھىيىسىنىڭ غەربىي جەنۇبىدا)
دا قامىدى ۋە ھۇنلارنى مەغلۇپ قىلغاندىن كېيىن جازالىماقچى
بولدى. ليۇ باڭ زور غەلىبە قازىنىش ئىشەنچى بىلەن ياۋ ئەھۋالى
ئېنىق بولمىغان ئەھۋالدا، چارچاپ ھالىدىن كەتكەن قوشۇننى
باشلاپ ھۇنلارغا جازا يۈرۈش قىلىش سەپىرىگە ئاتلاندى.

ليۇ باڭ خەن قوشۇنلىرىنى باشلاپ پىڭچېڭدىن ئەمدىلا ئايرىلىپ كۆپ ئۆتمەي شەرقىي شىمالغا قايرىلىپ بەيدېڭ تېغى ئەتراپلىرىغا كەلگەندە، تۇيۇقسىز ھۇنلارنىڭ كۆڭۈل قويۇپ ئورۇنلاشتۇرغان پىستىرمىسىغا يولۇقتى. باتۇر تەڭرىقۇتنىڭ قوماندانلىقىدا 400 مىڭدىن ئارتۇق ھۇن چەۋەندازى بەيدېڭ تېغىنىڭ قار - مۇزلۇقىدا خەن قوشۇنلىرىنى قاتمۇ قات قورشىۋالدى. ھۇنلار خۇددى ئۆز كۈچىنى كۆز - كۆز قىلماقچى بولغاندەك مۇھاسىرىنى تولىمۇ ئىنچىكىلىك بىلەن ئورۇنلاشتۇرغانىدى. بەيدېڭ تېغىنىڭ غەربىي تەرىپىنى ئاق بوز ئاتلىق قوشۇن، شەرق تەرىپىنى كۆك ئاتلىق قوشۇن، شىمال تەرىپىنى چىلان تورۇق ئاتلىق قوشۇن قورشاپ تۇراتتى. ھۇنلار ئىسسىق تېرە جۇۋىلارنى كىيگەن، ئوقيالىرىنى بەتلىگەن، چاپچىپ تۇرغان ئارغىماقلارغا مىنگەنىدى. تۆت خىل رەڭدىكى تۆت توپ بۇلۇت بەيدېڭ تېغىنىڭ تۆت تەرىپىدە لەيلەپ تۇراتتى. بىراق بۇ، مۇھاسىرىدە قالغان خەن قوشۇنلىرى ئۈچۈن تەلەيىنىڭ بەلگىسى ئەمەس، ئەزرائىلنىڭ بەلگىسى ئىدى. كۈچلۈك ھۇن چەۋەندازلىرىنىڭ قورشاۋىدا قالغان، پىيادە لەشكەرلەرنى ئاساس قىلغان خەن قوشۇنى تەبىئىيكى قورشاۋنى بۆسۈپ چىققۇدەك ئىقتىدارى بولمىغاچقا پەقەت بەيدېڭ تېغى تەرەپتە مۇداپىئەدە تۇرۇپ ھەمدەمچى قوشۇننىڭ كېلىشىنى كۈتۈشكە مەجبۇر بولدى. بىراق، زىمىستان قىشتا چەكسىز تاغ - دالىدا سوغۇقتىن پاناھلانغۇدەك كەپىمۇ، يېتەرلىك ئوزۇق - تۈلۈك، يەم - بوغۇزمۇ يوق ئىدى. ئاچلىق ۋە سوغۇق بىلەن ھۇن چەۋەندازلىرىنىڭ قوشلاپ ھۇجۇمى خەن قوشۇنلىرىنى ئېيتقۇسىز ئازابقا سالدى. قانچىلىك لەشكەرنىڭ جەسىتى ئاپئاق قار ئاستىدا قالغانلىقىنى، قانچىلىك لەشكەرنىڭ سوغۇقتا غال - غال تىترەپ، قوللىرى توڭلاپ ئۇرۇش قىلغۇدەك ماغدۇرى قالمىغانلىقىنى بىلىپ بولمايتتى.

بۇنداق مۇدھىش ۋەزىيەت ئالدىدا قانچىلىك جەڭ مەيدانلىرىنى كۆرگەن خەن گاۋزۇمۇ ھېچقانداق ئامال قىلالماي قالدى. خەن كۇەي قاتارلىق نوچى سانغۇنلىرىنىڭمۇ ئىلگىرىكىدەك ياۋ سەپلىرىگە بۆسۈپ كىرىپ ياۋ سەركەردىلىرىنىڭ كاللىسىنى ئېلىپ، تۇغىنى يۇلۇپ تاشلايدىغان غەيرەتلىرى ئۆچكەن، لەشكەرلەرنى باشلاپ ھۇنلار بىلەن تۇتىشىپ بېقىشقا پېتىنالماي تۇراتتى. بەختكە يارىشا قوشۇننىڭ مۇشاۋۇرى چېن پىڭ كاللىسىنى سەگەك تۇتۇپ ليۇ باڭغا بىر رەسسامغا زىلۋا بەدەنلىك گۈزەل بىر قىزنىڭ رەسىمىنى سىزغۇزۇپ، چېۋەر ئەلچىدىن بىرنى تاللاپ، ھۇنلارنىڭ مۇھاسىرىسىدىن مەخپىي ئۆتكۈزۈپ، چوڭ سوۋغا سالام بىلەن باتۇر تەڭرىقۇتنىڭ ئالچىسىنى سېتىۋېلىش ھەمدە ئالچىغا گۈزەل قىزنىڭ رەسىمىنى كۆرسىتىپ، خەن خانى باتۇر تەڭرىقۇت بىلەن يارىشىپ قالسا مۇشۇ قىزنى تەقدىم قىلىدىغانلىقىنى ئېيتىش ھەققىدە تەكلىپ بەردى. «سەتەڭ ھىيلىسى» دەرۋەقە ئۈنۈم بەردى. ئالچى تەڭرىقۇتنىڭ بۇ قىز بىلەن ئاپاق - چاپاق بولۇپ كېتىشىدىن قاتتىق ئەنسىرەپ، باتۇر تەڭرىقۇتقا: «ھۇنلار خەن زېمىنىنى تارتىۋالغان تەقدىردىمۇ تەڭرىقۇت ئۇ يەردە ئۇزۇن تۇرالمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە خەن خانىنىمۇ تەڭرىسى ئۆز پاناھىدا ساقلايدۇ، ئاسانلىقچە بوزەك بولمايدۇ» دېدى. باتۇر تەڭرىقۇت بۇنىڭدىن ئىلگىرى خەن بېگى شىننىڭ سانغۇنلىرىدىن ۋاڭ خۇاڭ، جۇ لى قاتارلىقلار بىلەن خەن قوشۇنلىرىغا تەڭلا ھۇجۇم قىلىشقا كېلىشكەنىدى. بىراق، ھۇنلار بەيدېڭ تېغىدا خەن قوشۇنىنى قورشىۋالغاندا نېمىشقىكىن ئۇلار كەلمىگەنلىكتىن ئۇلارنى خەن قوشۇنى بىلەن تىلى بىرمىكىن، دەپ گۇمانلاندى. شۇڭا، باتۇر ئالچىسىنىڭ نەسىھىتىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، قورشاۋنىڭ بىر بۇرجىكىنى ئېچىپ بېرىپ خەن قوشۇنلىرىنىڭ مۇشۇ يوچۇقتىن چىقىپ كېتىشىگە يول قويىدى. ھۇن قوشۇنلىرى

يوچۇق ئىچىپ بېرىشى ھامان ئۆگسۈلى ئۆچكەن ليۇ باڭ ھارۋىلىرىنى چاپتۇرغان پېتى خەۋپ ــ خەتەردىن ئامال بار تېزرەك قۇتۇلۇپ كەتمەكچى بولغاندا، چېن پىڭ ۋاقتىدا توسۇپ نەسىھەت قىلدى. ئوردا مىراقۇلى شيا خۇيىڭ ھېچنېمىدىن قورقمىغان قىياپەتتە تىزگىننى چىڭ تۇتۇپ ھارۋىنى ئاستا ھەيدەپ ماڭدى. ليۇ باڭنىڭ تۆت ئەتراپىنى قوغداپ ماڭغان سانغۇن، لەشكەرلەر قونداقلىق ئوقيالىرىنى بەتلەپ، ياۋنى چەنلەپ، ھۇنلارنىڭ تۇيۇقسىز ھۇجۇمىدىن مۇداپىئەلىنىپ ماڭدى. تاكى ئالدىدىكى ھەمدەمچى قوشۇن بىلەن ئۇچرىشىپ، باتۇر تەگرىقۇت قوشۇنلىرىنى باشلاپ شىمالغا كەتكەندىن كېيىنلا ليۇ باڭ ۋە ۋەزىرلەر يېنىك تىنىشتى.

راست گەپنى قىلغاندا، خەن قوشۇنلىرى ھۇنلارنىڭ مۇھاسىرىسىدە قالغان يەتتە كۈندە، ئىككى قوشۇن ئوتتۇرىسىدا چوڭ كۆلەملىك ئۇرۇش بولمىدى. خەن قوشۇنلىرىنىڭ ئەڭ چوڭ چىقىمى قاتتىق سوغۇق ۋە ئاچلىقنىڭ ھۇجۇمى بولدى. شۇڭلاشقىمۇ پىڭچېڭ ئۇرۇشىدىكى ئېغىر مەغلۇبىيەت خەن ئوردىسىدىكى ۋەزىر ــ ۋۇزرالارنىڭ كۆڭلىگە تېخىمۇ ئېغىر دەھشەت سالغانىدى. ليۇ باڭ ئۆز ۋاقتىدا ليۇ جىڭنى دەرھال قاماقتىن بوشىتىپ مەنسىپىنى ئۆستۈرۈپ تارتۇقلىدى. ھۇنلارغا ھۇجۇم قىلىشقا كۈشكۈرتكەن ئەلچىلەرنى ئۆلتۈرۈپ ئىچىدىكى غەزىپىنى چىقاردى. بۇ چاغدا، ئوردىدىلا ئەمەس، ئاۋام ئارىسىدىمۇ ھۇنلاردىن قاتتىق قورقۇش كەيپىياتى پەيدا بولدى.

«پىڭچېڭ شەھىرىدە تارتتۇق دەرد ــ ئەلەم،
يەتتە كۈن ئاچلىقتا بولدى ماغدۇر كەم،
ئوقيانىمۇ ئەپلەپ ئاتالمىدۇق ھەم.»

دېگەن ئازابلىق خەلق قوشىقىدا پىڭچېڭ ئۇرۇشىدىن كېيىنكى ئىجتىمائىي كەيپىيات جانلىق سۈرەتلەنگەنىدى.

## 2. ئومۇملىقنى كۆزدە تۇتۇپ مادارا قىلىش ۋە قۇدىلىشىش سىياسىتى

خەن گاۋزۇ سەلتەنەت دەۋرىنىڭ توققۇزىنچى يىلى (مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 199 ـ يىلى) 2 ـ ئايدا، ليۇ باڭ پىڭچېڭدا قاتتىق مەغلۇپ بولۇپ روھى چۈشكەن قوشۇننى باشلاپ خاپا هالدا ئاستانە چاڭئەنگە قايتىپ كەلدى. كىشىنىڭ كۆڭلىنى ئاۋۇندۇرىدىغىنى شۇكى، باش ۋەزىر سۇخې نازارەت قىلىپ ياساتقان ۋېيياڭ قەسرى پۈتكەنىدى. هەيۋەتلىك ۋە كۆركەم ئوردا سارايلارغا نەزەر سالغان ليۇ باڭ خۇددى يۈز ـ ئابرۇيىنى قايتا تېپىۋالغاندەك خانلىق هەيۋىسىنى قايتا هېس قىلدى. خانىشنىڭ نازۇ كەرەشمىگە تولغان تەسەللىلىرى بىلەن ليۇ باڭنىڭ غەزەپلىك كەيپىياتى ئاستا ـ ئاستا پەسكويغا چۈشتى. لېكىن، شىمالىي چېگرىدىن كەلگەن كۆڭۈلسىز خەۋەرلەر ئوردىنى يەنە بىر قېتىم پاتپاراق قىلىۋەتتى.

ليۇ باڭ چاڭئەنگە قايتىۋاتقاندا پىڭچېڭدىكى ئۇرۇشتا ئۆز هەيۋىسىنى نامايان قىلغان باتۇر تەڭرىقۇت تىغ ئۇچىنى دەي بەگلىكىگە قاراتتى. ليۇ باڭنىڭ ئاغىسى دەي بېگى ليۇشى قورقىنىدىن ئەرۋاھىدىن ئۇچۇپ توسۇپ بېقىشقا ئازراقمۇ هەرىكەت قىلمايلا ئۆڭسۈلى ئۆچكەن هالدا ئەلنى تاشلاپ قېچىپ، ليۇ باڭدىن بۇرۇن ئاستانىگە كېلىۋالدى. ليۇ باڭ زېمىننى ساقلىيالمىغان ئاكىسىغا تۇغقانچىلىق يۈزىنى قىلىپ مەنسىپىنى بىكار قىلغاندىن باشقا ئېغىرراق جازا بەرمىدى. بۇ ئىش ليۇ باڭنى يەنە بىر قېتىم ساراسىمىگە سالدى. هۇنلارنىڭ هەيۋىسى ئۆسۈپ بارغانسېرى كۆرەڭلەپ كېتىۋاتاتتى. شىمالىي چېگرىدىكى مالىمان ۋەزىيەتكە قارىتا هېچبىر ياخشىراق تەدبىر تاپالماي تۇرغان ليۇ باڭ غەم ئەندىشىگە پېتىپ تۇرغاندا، ليۇ جىڭ

پايدىلىق پۇرسەتنى قولدىن بەرمەي «قۇدىلىشىش» سىياسىتىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

ليۇ جىڭ ليۇ باڭنىڭ ئەڭ ئاساسلىق مۇشاۋىرلىرىدىن بىرى بولۇپ، ئەينى چاغدىكى خەن - هۇن ئىككى تەرەپنىڭ كۈچ سېلىشتۇرمىسىغا نىسبەتەن ئېنىق تونۇشقا ئىگە ئىدى. ئۇ «خەن سۇلالىسى ئەمدىلا قۇرۇلدى، سەركەردە - لەشكەرلەر چارچىدى، هۇنلار بولسا قۇدرەتلىك باسقۇچتا تۇرۇۋاتىدۇ. لەشكىرىي كۈچ بىلەن بويسۇندۇرغىلى بولمايدۇ، باتۇر تەڭرىقۇت ئاتىسىنى ئۆلتۈرۈپ تەختكە چىققان، هۆرمىتى ۋە كۈچ - قۇۋۋىتى يۇقىرى، ئۇنى «رەھىم - شەپقەت» چۈشەنچىلىرى بىلەن قايىل قىلغىلى بولمايدۇ؛ هۇنلارغا ياقىدىغان بىردىنبىر چارە «قۇدىلىشىش»، تۇر» دەپ قارىدى. ليۇ جىڭ چېن پىڭنىڭ پىڭچېڭدىكى «سەتەڭ هىيلىسى» دىن ئىلھام ئالغاندەك قىلاتتى. ئۇ ليۇباڭغا مەلىكە دىچاڭنى باتۇر تەڭرىقۇتقا ياتلىق قىلىش، نۇرغۇن قىمىز مېلى بېرىش، شۇنداق قىلغاندا باتۇر تەڭرىقۇت خەن مەلىكىسىنىڭ ئىززەت - ئابرۇيلۇق سالاھىيىتىگە هۆرمەت قىلىپ، خەن ئوردىسىنىڭ بايلىقىنى كۆزلەپ مەلىكىنى چوقۇم ئالچى قىلىدىغانلىقى، ئۇنىڭدىن تۇغۇلغان بالىنىڭ چوقۇم خانتېكىن بولىدىغانلىقى ھەققىدە تەكلىپ بېرىدۇ. «شۇنداق بولغاندا، — دەيدۇ ليۇ جىڭ، — باتۇر تەڭرىقۇت هايات چېغىدا ئالىيلىرىنىڭ كۈيئوغلى بولىدۇ، ئۆلگەندىن كېيىن نەۋرىلىرى تەڭرىقۇت بولىدۇ. نەۋرىسى بوۋىسىغا تىغ كۆتۈرۈپ ئۆي ئايرىيدىغان رەسىم - قائىدە نەدە بار؟» ئۇ يەنە ليۇ باڭغا جېكىلەپ «ئەگەر مەلىكە دىچاڭنى بەرمەي خان جەمەتىدىن بولغان باشقا قىزلارنى مەلىكە قىلىپ كۆرسىتىپ ياتلىق قىلىدىغان بولساق، هۇنلار بۇ ئىشنىڭ ھەقىقىتىنى بىلىپلا قالسا چوقۇم چاتاق چىقىدۇ» دەيدۇ. ليۇ جىڭ بۇ چاغدا باتۇر تەڭرىقۇتنىڭ ئۆز ئاتىسىنى قانداق ئۆلتۈرۈپ تەختكە چىققانلىقىنى، ئۆزىنىڭ ئەڭ

ئامراق ئالچىسىنى توڭغۇسلارغا قانداق ئۆتۈنۈۋەتكەنلىكىنى ئۇنتۇپ قالغانىدى. قانداقمۇ نىكاھ تاسىمىسى بىلەن ئۇنىڭ پۇت ـ قولىنى باغلاپ خەن خانىغا قول قوشتۇرۇپ باش ئېگىدىغان قىلغىلى بولسۇن! بۇ پۈتۈنلەي ليۇ جىڭنىڭ ئۆز ھېسسىياتى بىلەن قىلغان تەشەببۇسى بولسىمۇ، ليۇ باڭ ھېچبىر ئۇبدان تەدبىر بولمىغان ئەھۋالدا بۇنى پۈتۈنلەي قوبۇل قىلىپ، مەلىكە لۇ يۈەننى ئەۋەتىپ ھۇنلار بىلەن قۇدىلاشماقچى بولدى. ئويلىمىغان يەردىن، خانىكە لۇ بىر تالال يالغۇز قىزىنى «ياۋايىلار» يۇرتىغا ئەۋەتىپ باتۇرنىڭ چاڭگىلىغا تاشلاپ بېرىشكە قىيماي يىغىدىن توختىمىدى. ليۇ باڭ نائىلاج خان جەمەتىدىن باشقا بىر قىزنى مەلىكە قىلىپ كۆرسىتىپ، ليۇ جىڭنى ھۇنلار بىلەن قۇدىلىشىش ئۈچۈن ئەلچىلىككە بېرىش ئۈچۈن پەرمان چۈشۈردى.

خەن گاۋزۇنىڭ توققۇزىنچى يىلى (مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 198 ـ يىلى) ليۇ جىڭ پەرمان بويىچە ھۇنلار بىلەن رەسمىي قۇدىلىق مۇناسىۋەت ئورناتتى. «مەلىكە» نى تەگرىقۇتقا ياتلىق قىلىپ، نۇرغۇن سوۋغا ـ سالام بەرگەندىن باشقا ئاساسلىق ئۈچ شەرت ماقۇللاندى. بىرىنچى، خەن سۇلالىسى ھۇنلارغا ھەر يىلى بەلگىلىك مىقداردا ئالتۇن، تور پاختا، يىپەك، شاراب، گۈرۈچ، يېمەكلىك قاتارلىق نەرسىلەرنى ئولپان تاپشۇرۇش؛ ئىككىنچى، خەن سۇلالىسى قوۋۇقلارنى ئېچىۋېتىش، خەن سۇلالىسى بىلەن ھۇنلار ئوتتۇرىسىدىكى ماددىي ئەشيا ئالماشتۇرۇشقا رۇخسەت قىلىش؛ ئۈچىنچى، قېرىنداشلار ئارا سەددىچىنىنى چېگرا قىلىپ بىر ـ بىرىگە تاجاۋۇز قىلماسلىق. شۇنىڭدىن كېيىن، خەن گاۋزۇدىن كېيىن خۇيدى، خانىكە لۇ، ۋېندى، جىڭدىلاردىن تاكى خەن ۋۇدى سەلتەنەت دەۋرى يۈەنگۇاڭنىڭ ئىككىنچى يىلى (مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 133 ـ يىلى) ھۇنلارغا قارشى ئۇرۇش پارتلىغانغا قەدەر قۇدىلىشىش سىياسىتى خەن سۇلالىسىنىڭ

ھۇنلارغا قاراتقان ئەڭ ئاساسلىق سىياسىتى سۈپىتىدە 60 نەچچە يىل داۋام قىلدى.
ئەلۋەتتە، خەن سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى يىللىرى يۈرگۈزگەن قۇدىلىشىش سىياسىتى خەن سۇلالىسىنىڭ مەركىزىي ئوردىسى بىلەن ھۇن يەرلىك ھاكىمىيىتىنىڭ كۈچ سېلىشتۇرمىسىدىكى تەڭپۇڭسىزلىق تۈپەيلى ئامالسىز قوللىنىلغان، ئومۇملىقنى كۆزدە تۇتۇپ مادارا قىلىش، مەلىكە ۋە ئالتۇن، يىپەكلەرگە چېگرىنىڭ ۋاقىتلىق ئەمىنلىكىنى تېگىشىش سىياسىتى ئىدى. بۇ سىياسەتنى ئىجرا قىلىش ئۈچۈن خەن ئوردىسى غايەت زور بەدەل تۆلىدى. ھەريىلى ھۇنلارغا ناھايىتى كۆپ مىقداردا پۇل، مال ئولپان تاپشۇردى. گەرچە بۇ چىرايلىق نام بىلەن «قۇدىلىشىش» دېيىلسىمۇ، ئەمەلىيەتتە بىر خىل شەكلى ئۆزگەرگەن ئولپان ئىدى. ۋاقىتنىڭ ئۆزىرىشىغا ئەگىشىپ ئادەتتىكى بۇيۇملار ھۇن ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ تويماس نەپسىنى قاندۇرالمايدىغان بولۇپ قالدى. ئولپاننىڭ تۈرلىرى ئۆزلۈكسىز كۆپىيىپلا قالماي، ئالتۇن، يىپەك، شايى، تاۋار قاتارلىق قىممەتلىك بۇيۇملارنىڭ سانىمۇ بارغانسېرى كۆپىيىپ باردى. خەن سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا ئىقتىسادى تازا دېگەندەك ياخشى بولمىغان ئەھۋالدا، بۇ شۈبھىسىزكى ئېغىر بىر يۈك ئىدى. ئەلۋەتتە، قۇدىلىشىش پۈتۈنلەي پاسسىپ رول ئوينىغان ئەمەس، ئۇنىڭ خەن سۇلالىسى ۋە ھۇنلار ئۈچۈن ئاكتىپ رول ئوينىغان تەرىپىمۇ بولغان، بولۇپمۇ چېگرىنىڭ ئېچىنۋېتىلىشى بىلەن ھۇنلار چارۋىلىرىغا خەنزۇ رايونىدا دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرى، قول ھۈنەر بۇيۇملىرىنى تېگىشتى، بولۇپمۇ، مېتال سايمانلار ھۇنلارنىڭ يەككە ھالدا چارۋىچىلىقنى ئاساس قىلغان ئىقتىسادىي قۇرۇلمىسىنى ئۆزگەرتتى ھەمدە خەن سۇلالىسى بىلەن ھۇنلارنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى، مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش، مىللەتلەرنىڭ بىر - بىرىگە كېلىش مۇناسىۋىتى

قاتارلىق تەرەپلەردە مۇئەييەن مەنپەئەت يەتكۈزدى. خەن ـ ھۇن ئىككى تەرەپ قۇدىلىشىپ سەددىچىننى چېگرا قىلىپ ئۆزىنى قوغداپ، بىر ـ بىرىگە تاجاۋۇز قىلىشماي ئۆتۈشكەنلىكى، ئىككى مىللەت خەلقىنىڭ ئارامخۇدا ياشاپ، ھەر قايسىسى ئۆزىگە تېگىشلىك ھوقۇقىغا ئېرىشىشكە ئىمكان بەرگەن دانا تەدبىر ئىدى. ئەگەر خەن ـ ھۇن ئىككى تەرەپ، بولۇپمۇ ھۇنلار ئەينى چاغدا بۇ كېلىشىملەرگە قەتئىي ئەمەل قىلغان بولسا، چېگرىنىڭ جەددىي ۋەزىيىتىنى پەسەيتىپ، خەن ـ ھۇن خەلقلىرىنىڭ تىنچلىقتا بىللە تۇرۇشىغا زور پايدا يەتكۈزگەن بولار ئىدى. بىراق، خەن ئوردىسىدىكى ۋەزىر ـ ۋۇزرالار ئۇچۇن شۇ چاغدىكى «قۇدىلىشىش» پىكچېكلىك ئۇرۇشىدىكى دەھشەتلىك مەغلۇبىيەتنىڭ قارا سايىسىدا ئامالسىز قوللىنىلغان بىر خىل مۇۋاپىق سىياسەت ئىدى. بۇ ئىقتىسادىي جەھەتتە غايەت زور زىيان بولۇپلا قالماي، تارىختىن بۇيان ئۆزلىرى بىلەن يىراق چېگرىدىكى يات ئەللەرنى ئايرىشقا ئادەتلەنگەن خەنزۇلارنىڭ ئۆزۈمچىل پسىخىك ھالىتىگىمۇ ئېغىر زەربە بولدى. خەن ۋېندى زامانىدىكى مەشھۇر سىياسىئون جيايى يۇقىرىقى ۋەقەلەرنى بايان قىلغان بايانناممىسىدە شۇنداق يازغانىدى: خەن خاقانى پۈتۈن ئىقلىمنىڭ بېشى، ھۇنلار بولسا ئايىغى، خالاس. شۇنداق تۇرۇقلۇق ئەمدىلىكتە ھەيۋەتلىك ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك خانلىقى نوپۇسى خەن سۇلالىسىنىڭ بىر ناھىيىسىنىڭ نوپۇسىغىمۇ يەتمەيدىغان ھۇنلارغا بوزەك بولماقتا. بۇنداق ياقىلار ئېتەك، ئېتەكلەر ياقا بولۇپ قالغان، باش ئاياغ، ئاياغ باش بولۇپ قالغان غەلىتە ئەھۋال كىشىنى بەكمۇ ئازابلايدۇ ۋە چوڭقۇر ئەپسۇسلاندۇرىدۇ. خەنزۇلارنىڭ قەلبىنىڭ چوڭقۇر يېرىدە ھۇنلارنى «ياۋايى» دەپ قارايدىغان مەنسىتمەسلىك پسىخىكىسى يوشۇرۇنغان بولۇپ، ئۇلار خەن سۇلالىسى بىلەن ھۇنلارنىڭ قۇدىلىشىپ تۇغقان بولۇشقانلىقى ۋە ئەھدىلەشكەنلىكىگە كۆڭلىنىڭ چوڭقۇر يېرىدىن رازى ئەمەس

ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە خەن ئوردىسىنىڭ ھۇنلارغا ھەر يىلى زور مىقداردىكى پۇل، مال ئولپان تاپشۇرۇپ، تىز پۈكۈپ خۇشامەت قىلىپ ھۇنلاردىن ياخشىلىق تىلەشلىرىچۇ ـ تېخى! ھۇنلار بولسا، ئۇزۇن مۇددەتلىك چارۋىچىلىق، ئوۋچىلىق تۇرمۇشىدا يۈكسەك ھەربىي كۈچكە تايىنىپ ئاجىزنى بوزەك قىلىدىغان، بۇلاڭچىلىق، باسمىچىلىقنى شەرەپ بىلىدىغان مىللىي خاراكتېرنى شەكىللەندۇرگەن. مەغلۇپ بولغۇچى غەلىبە قىلغۇچىنىڭ ئايىغى ئاستىدا ئۆمىلەپ قىز ـ ئايال ۋە مال ـ دۇنيا ھەدىيە قىلىشى شەرت. بۇ ئۇلار ئۇچۇن مۇقەددەس ھەقىقەت! باتۇر تەڭرىقۇت توڭغۇسلارنى مەغلۇپ قىلغاندىمۇ، ئاغا تەڭرىقۇت ۋاقتىدا غەربىي يۇرتتىكى بەگلىكلەرنى بويسۇندۇرغاندىمۇ شۇنداق قىلغان. خەن خانى ۋېندىنىڭ ئالتىنچى يىلى (مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 174 ـ يىلى) خەن ئوردىسىنىڭ ھەرەمئاغىسى جوڭ خاڭشو خەن ئوردىسىنىڭ خان جەمەتى قىزىنى ئاغا تەڭرىقۇت بىلەن قۇدا بولۇشقا ئۆزىنى ئەۋەتكەنلىكىدىن نارازى بولغاچقا، شىمالىي چۆللۈككە بارغاندىن كېيىن ھۇنلار تەرەپكە ئۆتۈپ، ئاغا تەڭرىقۇتنىڭ ئەڭ ئىشەنچلىك مەسلىھەتچىسى بولۇپ قالغان. ئۇ خەن ئەلچىلىرى ھۇنلارنىڭ ئۆرپ ـ ئادەتلىرىنى ئەيىبلىگەندە رەددىيە بېرىپ: «ھۇنلار ئەزەلدىن ئۇرۇشنى كەسىپ قىلغان، ئەسلىدىنلا ھېچقانداق قائىدە ـ يوسۇننىڭ زۆرۈرىيىتى يوق، خەن خانلىقىنىڭ ھۇنلارغا ئەۋەتكەن يىپەك، مەشۇت، گۈرۈچ، ھاراق ئېچىتقۇسى قاتارلىقلارنىڭ سانى تولۇق، سۈپىتى ئالىي بولسىلا بولدى. ھۇنلارنىڭ ئۆرپ ـ ئادەتلىرىنى ئەيىبلەشكە نېمە ھەددىڭلار! بولمىسا كۈزدە ئات ـ كالىلار سەمرىگەندە ھۇن چەۋەندازلىرىنى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە ئەۋەتىپ زىرائەتلىرىڭلارنى دەسسەپ چەيلىۋېتىمىز!» دەيتتى. گەپ ـ سۆزلەر ئاددىيەك تۇرسىمۇ مەنىسى ناھايىتى ئېنىق بولۇپ، ئاتالمىش «قۇدىلىشىش» تا ھۇنلارغا ھېچقانداق چەكلەش كۈچى مەۋجۇت

ئەمەسلىكىنى بىلدۈرىدۇ. تارىخىي ماتېرىياللاردا خاتىرىلىنىشىچە گاۋدى، خۇيدى، ۋېندى، جىڭدى زامانلىرىدا خەن خانى كۆپ قېتىم خان جەمەت قىزلىرىنى ھۇن تەڭرىقۇتلىرىدىن باتۇر تەڭرىقۇت، ئاغا تەڭرىقۇت، كۆن تەڭرىقۇتلارغا ئالچى قىلىپ بەرگەن. «قۇدىلىشىش» نىڭ بۇ ئېغىر يۈكىنى ئۈستىگە ئالغان خەنزۇ قىزلىرىنىڭ ھۇن ئېلىگە بارغاندىن كېيىنكى تەقدىرى ھەققىدە تارىخىي ماتېرىياللاردا ھېچقانداق ئىز قالمىغان، ھەتتا ئىسمىنىمۇ ھېچكىم بىلمەيدۇ. مۇشۇ تەرەپتىنلا خەن خانلىقىنىڭ قۇدىلىشىش سىياستىنىڭ ئۇنۇمىنىڭ قانچىلىك بولغانلىقىنى پەرەز قىلغىلى بولىدۇ.

پاكىت يەنىلا مۇشۇنداق. لىيۇ جىڭ ھۇنلار بىلەن قۇدىلىشىش ئەھدى تۈزۈۋاتقاندا شىمالىي چېگرىدا يەنىلا ئىس - تۈتەكلەر كۆتۈرۈلۈپ، جەڭ دۇمباقلىرى ياڭراپ، خەن بېگى خەن شىن ۋە ئۇنىڭ سانغۇنلىرىدىن جاۋ لى، ۋاڭ خۇاڭلار ھۇنلار بىلەن بىرلىشىپ دەيجۇن، يەنمېن، يۈنجۇڭ قاتارلىق چېگرا ۋىلايەتلەرگە ئۈزۈلدۈرمەي پاراكەندىچىلىك سېلىپ تۇردى. خەن گاۋزۇ سەلتەنەت دەۋرىنىڭ 10 - يىلى (مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 197 - يىلى) لىيۇ باڭ ئەڭ ئىشەنچلىك دەپ قارايدىغان جاۋ، دەي ئىككى بەگلىكىنىڭ چېگرا مۇداپىئە ئىشلىرىغا مەسئۇل دەي بەگلىكىنىڭ ۋەزىرى چېن شى يۈز ئۆرۈپ ۋاڭ خۇاڭ قاتارلىقلار بىلەن بىرلىشىپ چېگرا ۋىلايەتلىرىگە پاراكەندىچىلىك سالدى. لىيۇ باڭ ئېغىر ئاغرىق تۇرۇپمۇ شىمالىي چېگرىغا يۈرۈش قىلىپ چېن شىغا جازا يۈرۈشى قىلىشقا مەجبۇر بولدى. خەن گاۋزۇ سەلتەنەت دەۋرىنىڭ 12 - يىلى (مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 195 - يىلى) خەن بېگى خەن شىن، چېن شىلار توپىلىڭى ئەمدىلا تىنجىتىلىپ تۇرۇشىغا، يەن بېگى لۇ ۋەن ئوردىنىڭ ئۆزىدىن گۇمانلىنىپ ئائىلە جەمەتىنى قەتلى قىلغانلىقىدىن خەۋەر تېپىپ مىڭلارچە ئادىمى بىلەن ھۇنلارغا تەسلىم بولدى. ھۇنلار ئۇنى

توڭغۇسلار ئېلىگە بەگ قىلدى. ئۇ ھۇنلار بىلەن بىرلىشىپ شاڭگۇ (ئورنى ھازىرقى خېبېي ئۆلكىسى خۇەيلەي ناھىيىسىنىڭ شەرقى) غا ھۇجۇم قىلدى. ھۇنلار خەن سۇلالىسىنىڭ ئاسمى ۋەزىرلىرى بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ تېخىمۇ دەھشەت بىلەن پاراكەندىچىلىك تۇغدۇردى. خەن گاۋزۇ ليۇ باڭنىڭ ئۆلۈمىگە قەدەر شىمالىي چېگرىدا شەرقتىن غەربكىچە بىر كۈنمۇ ئۇرۇش توختىمىدى.

خۇيدى تەختكە چىققاندىن كېيىن، باتۇر تەڭرىقۇت خەن سۇلالىسىنىڭ بەگ ـ ۋەزىرلىرىنى تېخىمۇ كۆزگە ئىلمايدىغان بولدى. خەن خانى خۇيدىنىڭ ئۈچىنچى يىلى (مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 192 ـ يىلى) باتۇر تەڭرىقۇت خەن ئوردىسىدا ئەمەلىي ھوقۇق يۈرگۈزۈۋاتقان خانىكە لۈغا مەكتۇپ ئەۋەتىپ كۆرەڭلىك بىلەن: «ساسلىقلاردا تۇغۇلۇپ مال ـ چارۋا يايلايدىغان، دالىدا ئۆسۈپ چوڭ بولغان» «بويتاق تەڭرىقۇت» لىقىنى، «ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنى ساياھەت قىلىش نىيىتىدە چېگرا جايلارغا كۆپ بارغان» لىقىنى ئېيتىپ خەن ئوردىسىغا ئوچۇق ـ ئاشكارا تەھدىت سالدى ۋە خانىكە لۈنى ھاقارەتلىك سۆزلەر بىلەن مازاق قىلدى. بۇنداق مەكتۇپ شۈبھىسىزكى خەن ئوردىسى ئۈچۈن ئىنتايىن قاتتىق ئىغۋاگەرچىلىك ئىدى. مەكتۇپنى كۆرۈپ قاتتىق غەزەپلەنگەن خانىكە لۈخۇ دەرھال ۋەزىرلەر كېڭىشى چاقىردى. لۈنىڭ سىڭلىسىنىڭ كۈيۈسى، جەسۇر سانغۇن فەن كۇەي مەردانىلىك بىلەن يۈز مىڭ لەشكەر بىلەن ھۇنلارغا زەربە بېرىش نىيىتىنى بىلدۈردى. باشقا ۋەزىرلەر خانىكەگە خۇشامەت قىلىپ ھەممىسىلا بۇنى ماقۇل كۆردى. ئەمىر نۆكەر جى بو فەن كۇەينى قاتتىق ئەيىبلەپ: «ئۆز ۋاقتىدا خەن گاۋزۇ 300 مىڭ كىشىلىك زور قوشۇن بىلەن پىڭچېڭدا مۇھاسىرىگە چۈشۈپ قالغاندا فەن كۇەيمۇ قوشۇن ئىچىدە بار ئىدى، بىراق ھېچنېمە قىلالمىغانىدى، ھالا بۈگۈن 100 مىڭ كىشىلىك قوشۇن بىلەن

ھۇنلارنى قانداقمۇ توسۇپ قالغىلى بولسۇن؟ جاھان ئەمدىلا تىنجىپ ئاۋام ئۆز دېمەي تۇرۇپ، فەن كۆي يەنە لەشكەر تارتىپ جاھاننى مالىمان قىلماقچى بولۇۋاتىدۇ، گۇناھىنى زادى كەچۈرۈشكە بولمايدۇ» دېدى. جى بونىڭ پۈتۈن كۈچى بىلەن قىلغان نەسىھەتلىرىنى ئاڭلاپ لۇ پەسكويغا چۈشتى. ئۇرۇش بىلەن ھۇنلارنى يەڭگىلى بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ كەمتەرانە سۆزلەر بىلەن جاۋاب ئەۋەتىپ خان جەمەتى قىزلىرىدىن بىرنى مەلىكە قىلىپ، باتۇر تەڭرىقۇتقا ياتلىق قىلىپ قۇدىلىشىشنى داۋاملاشتۇردى. لۇ ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن مەزگىلدە ھۇنلارغا لەشكەر تارتىش ئىشى قايتا تىلغا ئېلىنمىدى.

ۋېندى، جىڭدى زامانلىرىدا گەرچە ھۇنلار بىلەن قۇدىلىشىش سىياسىتى داۋاملاشتۇرۇلۇپ، ھەر يىلى غايەت زور مالىيە زىيىنىغا چىداپ، قۇدىلىشىش شەكلى بىلەن كۆپ مىقداردىكى بايلىق خەن ھۆكۈمدارلىرىنىڭ چېدىرلىرىغا كىرىپ تۇرغان بولسىمۇ، لېكىن شىمالىي چېگرىنىڭ ئەمىنلىكى ۋە پۇقرالارنىڭ مال ـ مۈلكىنىڭ بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلغىلى بولمىدى، بولۇپمۇ ھۇنلار نەپىس ئىشلەنگەن تاۋار ـ شايى قاتارلىقلارنى كۆرگەندىن كېيىن، خەن ھۆكۈمرانلىرىنىڭ يەنىمۇ ئاچ كۆزلۈكىنى قوزغىدى. تېخىمۇ كۆپلەپ بايلىق ئوندۇرۇۋېلىش ئۈچۈن ئەينى دەۋردىكى چېگرا ۋىلايەتلىرىدىن لوڭشى، بېيدى، شاڭجۈن، يۈنجۇڭ، دەيجۈن، شاڭگۇ، لياۋدۇڭ قاتارلىق ۋىلايەتلەر دائىم خەن لەشكەرلىرىنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچراپ تۇراتتى. چەۋەندازلار بارغانلا يېرىدە زىرائەتلەرنى چەيلەپ، مال ـ دۇنيالارنى بۇلاپ، ئاۋامنى پاراكەندە قىلىپ ناھايىتى دەھشەت سالدى. بۇ ئەھۋالغا قارىتا خەن خانى ۋېندىنىڭ ئالتىنچى يىلى (مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 174 ـ يىلى) باتۇر تەڭرىقۇتقا يازغان جاۋاب مەكتۇپىدا: «خەن سۇلالىسى بىلەن ھۇنلار ئېلى قېرىنداشلىق ئەھدى تۈزگەچكە، تەڭرىقۇتقا نۇرغۇن

قىممەتلىك سوۋغىلار ئەۋەتىپ تۇردى. ۋەھالەنكى، ئەھدىنى بۇزۇش، قېرىنداشلارچە مۇناسىۋەتنى يوققا چىقىرىش ھەمىشە ھۇنلار تەرىپىدىن بولۇپ كەلدى» دېدى. گەرچە مۇشۇنداق بولسىمۇ، خەن سۇلالىسى مەركىزىي ھاكىمىيىتىنىڭ دۆلەت كۈچى تېخى تولۇق ئەسلىگە كەلمىگەن ئەھۋالدا، بولۇپمۇ يات نەسەبتىكى بەگلەرنىڭ ئورنىنى شۇ نەسەبتىكى بەگلەر ئىگىلەپ يېڭى بىر بۆلۈنمە ۋەزىيەت شەكىللەنگەندىن كېيىن، ئۇنىڭغا يۈزلىنىپ تۇرغان «توسۇق» لارنى قانداق يوقىتىش، ۋە يات بەگلەرنىڭ قوراللىق ئىسيانلىرىنى قانداق تىنجىتىپ مەركىزىي ھاكىمىيەتنى قانداق مۇستەھكەملەش مەسىلىسى ئىدى. ھۇن باسمىچىلىرىغا تاقابىل تۇرۇش پەقەت ئىككىنچى ئورۇندىكى مەسىلە بولۇپ، پۈتۈنلەي مۇداپىئە ھالىتى قوللىنىلغانىدى. مانا بۇ ۋېندى، جىڭدى زامانىدا ھۇنلارنىڭ پاراكەندىچىلىكى ۋە ھاقارەتلىرىگە قايتا - قايتا ئۇچراپ تۇرۇقلۇق، باشتىن - ئاخىر تىز پۈكۈپ ھۇنلار بىلەن قۇدىلىشىشتا چىڭ تۇرۇشىنىڭ ئاچقۇچلۇق تەرىپى ئىدى.

خەن سۇلالىسىنىڭ دەسلەپىدە باشلانغان قۇدىلىشىش سىياسىتىنى داۋام قىلغان 60 نەچچە يىلدا، خەن سۇلالىسى بىلەن ھۇنلارنىڭ مۇناسىۋىتى باشتىن - ئاخىر ھەم زور كۆلەملىك ئۇرۇش بولمىغان، ھەم چېگرا توقۇنۇشلىرى توختاپ قالمىغان ئەھۋالدا تۇردى. قۇدىلىشىش ئەھدى توختىماي يىرتىپ تاشلانغان ھەم توختىماي ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ تۇرىدىغان ئەھۋالدا تۇردى. خەن سۇلالىسى بىلەن ھۇنلار ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇشنىڭ پۈتۈن جەريانىنى كۆزىتىدىغان بولساق، بۇنداق ئۇرۇش قىلاي دېسە قىلالمايدىغان، قۇدىلىشاي دېسە قۇدىلاشقۇسى كەلمەيدىغان ئەھۋالدىن شۇ كۈنلەردە خەن، ھۇن ئىككى تەرەپنىڭ ئىستراتېگىيە جەھەتتە تىركىشىش باسقۇچىدا تۇرۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

## 3. ئۈزۈلمەس چېگرا توقۇنۇشلىرى

خەن گاۋزۇنىڭ 12 ـ يىلى (مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 195 ـ يىلى) ليۇ باڭ ئەڭ ئاخىرقى بىر قېتىملىق ھەربىي يۈرۈشكە ئاتلىنىپ لەشكەر باشلاپ ئاسىيلىق قىلغان خۇەينەن بېگى يىڭ بونى مەغلۇپ قىلغاندىن كېيىن، ئايرىلغىنىغا ئۇزۇن يىللار بولغان يۇرتى پېيشەن (بۇگۈنكى جياڭسۇ پېيشەن) گە قايتتى. بۇ چاغدا ليۇ باڭ ياشىنىپ قالغان، تېنى ئاجىزلاپ، خىلمۇخىل كېسەللەر چىرمىۋالغانىدى. گەرچە ئۇ ئەمەلدارلىق كىيىمىنى كىيىپ يۇرتىغا قايتىپ ئۆزىنى كۆز ـ كۆز قىلىۋاتقان بولسىمۇ، كۆڭلى زادى ئەمىن تاپمايۋاتاتتى. ۋەلىئەھدىنىڭ ئورنى مەسىلىسىدە خانىكە لۈ ۋە ۋەزىرلەرنىڭ قايتا ـ قايتا مەكتۇپ سۇنۇشى ۋە ئارزۇلۇق خانىشى چىفۇنىڭ قاتتىق ـ يىرىك قىلىشلىرىمۇ ليۇ باڭنىڭ كۆڭلىنى بىسەرەمجان قىلىپ ئۆلگۈرگەنىدى. ھۇنلارنىڭ شىمالىي چېگرىغا كەڭ كۆلەمدە بېسىپ كىرىشى ليۇ باڭنىڭ كۆڭلىگە تېخىمۇ ئېغىر زەربە بولغانىدى. پېيشەندىكى شىڭ قەسىرىدە ليۇ باڭ ئۇرۇغ ـ تۇغقان، يۇرتداشلىرىغا زىياپەت بېرىپ 120 ئۆسمۈرنى ناخشا ـ ئۇسسۇل بىلەن سورۇننى قىزىتىشقا پەرمان قىلدى. شاراب كەيپى تۇتۇش بىلەن ليۇ باڭ تاراملاپ ياش تۆككەن پېتى مەردانىلىك بىلەن ئۇسسۇلغا چۈشۈپ: «چىقتى بوران ئۇچتى ھەريانغا بۇلۇت، دەھشەت ئىچرە يەنە ئەل ۋە يۇرت، قايدىكىن مەرد ـ پەھلىۋان ئەلنى قوغدايدىغان» دەپ ناخشا ئوقۇدى. جەسۇرلۇق ۋە چەكسىز ئازاب يوشۇرۇنغان بۇ ناخشا ليۇ باڭنىڭ شۇ چاغدىكى كەيپىياتىنى ھەقىقىي سۈرەتلەپ بەرگەنىدى. شۇنداق، ليۇ باڭغا ئەگىشىپ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك ھاكىمىيىتىنى تارتىۋالغان «مەرد ـ پەھلىۋانلار»

شۇ چاغدا ياكى مەلۇم گۇناھلار بىلەن قەتلى قىلىنغان، ياكى تۆھپە كۆرسىتىپ نام چىقارغاندىن كېيىن چەۋەندازلار سىپىگە تەۋەككۇل قىلىپ كىرىپ، شىمالىي چېگرىدىكى جەڭگاھقا بېرىشقا ئۇنىمايۋاتاتتى. خانلىق قۇرۇلغان بىلەن ئەتراپ تىنجىتىلمىغان، بولۇپمۇ شىمالىي چېگرىدا ھۇنلار يىرتقۇچلاردەك خىرىس قىلىپ تۇرغاندا يېڭى «مەرد - پەھلىۋانلار» نىڭ بۈيۈك خەن ئىمپېرىيىسىنىڭ زېمىنىنى قوغدىشىغا نەقەدەر تەشنا ئىدى - ھە! بىرنەچچە ئايدىن كېيىن خەن ئىمپېرىيىسىنىڭ بۇ قۇرغۇچىسى كۆڭلى ئەمىن تاپمايلا كۆزى يۇمۇلدى. لېكىن، ليۇ باڭنىڭ ئارزۇلىرى بىكار كەتمىدى.

ليۇ باڭ پىڭچېڭدىكى مەغلۇبىيىتىدىن كېيىن بىر تەرەپتىن ليۇ جىڭنىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلىپ ھۇنلار بىلەن قۇدىلىشىش سىياسىتىنى يۈرگۈزۈپ شىمالىي چېگرىدىكى ھۇنلار بىلەن جىددىي تىركىشىش ۋەزىيىتىنى يۇمشىتىشقا ئۇرۇنسا، يەنە بىر تەرەپتىن يېڭىۋاشتىن شىمالىي چېگرا مۇداپىئەسىنى ئورۇنلاشتۇردى ھەمدە باش سانغۇن فەن كۇەي، جۇ بو، سەي ۋۇ قاتارلىقلارنى خەن شىن، چېن شى قاتارلىق ئاسىي سانغۇنلارغا زەربە بېرىشكە ئەۋەتىپ، ئۇلارنىڭ ھۇنلار بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ شىمالىي چېگرىغا زەرە يەتكۈزۈشىنى توستى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ليۇ باڭ يەنە ليۇ جىڭنىڭ تەكلىپى بىلەن ئالتە بەگلىكنىڭ كونا ئېسىلزادىلىرىنى ۋە مەشھۇر جەمەتلەردىن گۇەنجۇڭ ئاھالىسىنى تولۇقلاپ ھۇنلارنىڭ ئاستانە رايونىغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىشىدىن مۇداپىئە كۆردى. بۇ بىر قاتار تەدبىرلەر خەن قوشۇنلىرىنىڭ دەسلەپكى ھۇجۇم ھالىتىدىن مۇداپىئە ھالىتىگە ئۆتۈپ قالغانلىقىنىڭ بەلگىسى ئىدى. ليۇ باڭنىڭ بۇ تەدبىرلىرى ئاقىلانە بولغاچقا تېزلا ئاكتىپ ئۈنۈمىنى كۆردى. خەن گاۋزۇنىڭ ئاخىرقى يىللىرى خەن بېگى خەن شىن، چېن شىلار خەن قوشۇنلىرىنىڭ زەربىسىدە ئىلگىرى -

ئاخىر زاۋال تاپتى. يەن بېگى لۇۋەن ھۇنلارغا تەسلىم بولۇپ كۆپ ئۆتمەي كېسەل بولۇپ ئۆلدى. ھۇنلار جەنۇبقا تاجاۋۇز قىلىشتىكى ئىچكى جەھەتتىكى ماسلاشقۇچىسىدىن مەھرۇم بولدى، ئۆسۈپ كەتكەن ھەيۋىسى پەسكويغا چۈشۈپ نەيزە ـ قالقانلىرىنى سەل يىغىشتۇرۇۋالدى. ئېھتىمال مۇھىمى بۇ چاغدا ھۇنلار پۈتۈن كۈچىنى غەربىي رايوننى تارتىۋېلىشقا سەرپ قىلىپ غەربىي يۇرتنى كونترول قىلىشقا ئۇرۇنغاچقا، جەنۇبقا بېسىپ كىرىش ھۇنلارنىڭ ھۇجۇم قىلىدىغان ئاساسىي نىشانى بولماي قالدى. گەرچە خۇيدى ۋە لۇخۇ دەۋرلىرىدە ھۇنلار ئاۋۇالقىدەكلا ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە بېسىپ كىرىپ تۇرغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ باسمىچىلىقنىڭ سانى ۋە كۆلىمى خەن گاۋزۇ زامانىسىدىكىگە قارىغاندا ئازلىغان ۋە يۇمشىغانىدى.

مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 179 ـ يىلى خەن ۋېندى لىيۇ خېڭ تەختكە چىقىپ، ھۇنلار بىلەن قۇدىلىشىش سىياسىتىنى داۋاملاشتۇردى. لېكىن، بۇ خىل تىرىشچانلىقلار ھۇنلارنىڭ باسمىچىلىقىنى توسۇيالمىدى. خەن ۋېندى سەلتەنەت دەۋرىنىڭ ئۈچىنچى يىلى (مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 177 ـ يىلى) 5 ـ ئايدا، ھۇنلارنىڭ ئوڭ تۈغ خانى خۇاڭخېنىڭ جەنۇبىغا بېسىپ كىرىپ، شاڭجۈن ۋىلايىتىگە تاجاۋۇز قىلىپ ئەمەلدار، پۇقرالارنى ئۆلتۈردى. بۇ ھۇنلارنىڭ خەن ۋېندىنىڭ قۇدىلىشىش ئارزۇسىغا بەرگەن بىرىنچى «جاۋاب» ى ئىدى. ياخشى نىيەتكە بېرىلگەن بۇ جاۋابتىن مىجەزى ئېغىر خەن ۋېندى ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي غەزەپلىنىپ كەيپىياتتا بىر تەرەپتىن ۋەزىر گۇەن يىڭنى 85 مىڭ لەشكەر بىلەن گاۋنۇ (ئورنى بۈگۈنكى شەنشى ئۆلكىسى يەنئەن ۋىلايىتىنىڭ شەرقىي شىمالى) غا ھۇنلارغا زەربە بېرىشكە ئەۋەتتى، يەنە بىر تەرەپتىن شەخسەن ئۆزى تەييۇەن ۋىلايىتىگە بېرىپ ھۇنلارغا جازا يۈرۈشى قىلدى. دەل مۇشۇ پەيتتە، لۇ بەگلىكىنىڭ ئىسيانىنى تىنجىتىشتا تۆھپە كۆرسەتكەن جىبېي بېگى

لىۇ شىڭجۇ سۈيۈرغالىنىڭ كىچىك بىرلىگەنلىكىگە نارازى بولۇپ پۈرسەتتىن پايدىلىنىپ ئىسيان كۆتۈردى. شىمالىي چېگرا تىنجىتىلماي تۇرۇپ، ئىچكى قىسىمدا يەنە قالايمىقانچىلىق كۆرۈلگەچكە، خەن ۋېندى ئالدىراپ - تېنەپ يۇز مىڭ كىشىلىك زور قوشۇن بىلەن ئەۋەتىپ جازا يۈرۈشى قىلدى. جىبېي بېگى ئىسيانى ناھايىتى تېز لا تىنجىتىلدى. ھۇنلارنىڭ ئوڭ تۇغ خانى شاڭجۇندىكى قىرغىنىدىن كېيىن تولۇق مۇۋەپپەقىيەت بىلەن قايتىپ كەتتى. خەن ۋېندى «ئۆزى جازا يۈرۈشى قىلىپ» زور قوشۇن بىلەن مىڭ چاقىرىملاپ قوغلىغان بولسىمۇ، ھۇنلار بىلەن تۇتۇشۇشقا ئۇلگۈرەلمىدى. شۇنىڭ بىلەن ھەممە ئىش ئاخىرلاشتى.

ھۇنلارنىڭ ئوڭ تۇغ خانىنىڭ بۇ قېتىمقى تاجاۋۇزى بەكمۇ چوڭ زىيان كەلتۈرمىدى. باتۇر تەڭرىقۇتمۇ خېشى رايونىنى تارتىۋالماي تۇرۇپ خەن قوشۇنلىرى بىلەن كەڭ كۆلەمدە توقۇنۇشۇپ قېلىشنى خالىمايتتى. شۇڭا، خەن ۋېندى ئەلچى ئەۋەتىپ بۇ قېتىمقى تاجاۋۇزنى ئەيىبلىگەندە، باتۇر تەڭرىقۇت بىر تەرەپتىن ئوڭ تۇغ خانىنىڭ بۇ تاجاۋۇزى ئۇچۇن مۇتتەھەملىك قىلسا، بىر تەرەپتىن ئوڭ تۇغ خانىنى خېشى رايونىغا توخرىلارغا ھۇجۇم قىلىشقا ئەۋەتىپ ئوڭ تۇغ خانىنى «جازالىغان» بولۇۋالدى. تەخمىنەن خەن ۋېندىنىڭ ئالتىنچى يىلى (مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 174 - يىلى) توخرىلار ھۇنلارنىڭ ئىككىنچى قېتىملىق ھۇجۇمىدا مەغلۇپ بولۇپ خېشى رايونىنى تاشلاپ غەربكە كۆچۈشكە مەجبۇر بولدى. كىروورانلىقلار (ئورنى بۈگۈنكى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىكى لوپنۇر كۆلى ۋە كۆنچى دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىدىن ئالتۇن تاغ ئېتەكلىرىگىچە)، ئۇيسۇنلار (ئەينى چاغدا ھازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسى چىلەنشەن تاغلىرى، دۇنخۇاڭ ئەتراپلىرىدا ياشىغان) ۋە ئۇلارنىڭ ئەتراپىدىكى 26 ئەلنىڭ ھەممىسى ھۇنلارغا تەۋە

بولۇپ، غەربىي يۇرتىنىڭ كەڭ رايونلىرىنىڭ ھەممىسى ھۇنلارنىڭ تەسىر دائىرىسىگە كىرىپ، ھۇن دۆلىتى مىسلىسىز دەرىجىدە كۈچەيدى. شۇ يىلى باتۇر تەڭرىقۇت قولىدىكى جەڭ قامچىسىنى داۋاملىق پۇلاڭلىتىپ، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونىغا تېخىمۇ زور ئاپەتنىڭ كۆلەڭگىسىنى تاشلىدى.

ئاغا تەڭرىقۇت ئاتىسى باتۇردىنمۇ مەغرۇر ئىدى. ئۇ ئۆزىنى «ئاسمان زېمىندىن تۇغۇلغان، كۈن ۋە ئاي تەرىپىدىن ئورۇنلاشتۇرۇلغان ھۇن ئېلىنىڭ ئۇلۇغ تەڭرىقۇتى» دەپ ئاتاپ، خەن ۋېندىنى ئۇدۇللا «خەن خاقانى» دەپ ئاتىدى. خەن ۋېندىغا ئەۋەتىلىدىغان مەكتۇپنىڭ لېپاپى ۋە تامغىسى خەن ۋېندىنىڭ مەكتۇپىدىن چوڭ ئىدى. بۇ خىل كۆرەڭ خاراكتېر ئۈستىگە ھۇنلارنىڭ مىسلىسىز كۈچەيگەن دۆلەت كۈچى قوشۇلۇپ، ئاغا تەڭرىقۇتنى ئاتىسىدىنمۇ بەتتەررەك ئۇرۇشخۇمار قىلىۋەتتى. شۇ كەملەردە، خېشىدىن لياۋدۇڭغىچە سوزۇلغان شىمالىي چېگرىدا ئىس - تۈتەك توختىماي كۆتۈرۈلۈپ تۇراتتى، ھەممىلا يەردە ھۇنلارنىڭ جەڭ ھارۋىسىنىڭ ئاۋازى ياڭراپ، ئارغىماقلىرى كىشنەپ چېگرا رايوندىكى پۇقرالارنى پاراكەندە قىلىپ، بۇلاپ - تالاپ، ئۆلتۈرۈپ ۋەھىمە سالاتتى. چېگرىنى قوغدىغۇچى لەشكەرلەر قان كېچىپ جەڭ قىلىپ ھۇنلارنى سەددىچىنىنىڭ سىرتىدا توسۇۋېلىشقا ئۇرۇناتتى. شىمالىي چېگرىنىڭ ۋەزىيىتى تولىمۇ جىددىي ئىدى. خۇددى جاۋسو ئېيتقاندەك: «ھۇنلار زور قوشۇن بىلەن بېسىپ كىرسە زور پايدىغا، كىچىكرەك كۆلەمدە بېسىپ كىرسە كىچىكرەك پايدىغا ئېرىشەتتى.» شۇڭا، ئۇ ھۇنلارنىڭ كۆچۈپ يۈرۈپ بىر يەردە تۇرماي قىلىدىغان جەڭ شەكلىگە قارىتا خەن ۋېندىغا پۇقرالارنى تەشكىللەپ چېگرا رايونلىرىنى تولۇقلاش، يەر - زېمىن، جابدۇق - ياراغ بېرىپ پۇقرالارنى چېگرا رايوندا ئولتۇراقلاشتۇرۇش، شۇنداق بولغاندا پۇقرالارنىڭ مال - مۈلكى ۋە ھاياتىنىڭ بىخەتەرلىكى ئۈچۈن ھۇن

باسمىچىلىرىغا جان تىكىپ قارشى تۇرىدىغانلىقى ھەققىدە تەكلىپ بەردى. خەن ۋېندى جاۋ سونىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلىپ، چېگرا رايونىنىڭ ۋەزىيىتىنى مۇقىملاشتۇرۇشتا بەلگىلىك ئۈنۈمگە ئېرىشتى.

خەن ۋېندى سەلتەنەت دەۋرىنىڭ 14 ـ يىلى (مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 166 ـ يىلى) ئاغا تەڭرىقۇت 140 مىڭ كىشىلىك لەشكەر بىلەن جاۋنا، شاۋ گۈەن (ئورنى بۈگۈنكى نىڭشيا خۇيزۇ ئاپتونوم رايونى گۇيۈەن ناھىيىسىنىڭ شەرقىي جەنۇب تەراپلىرىدا) غا بېسىپ كىرىپ، بېيدى ۋىلايىتىنىڭ كاھېبگى سۈن ئاڭنى ئۆلتۈردى. نۇرغۇن ئادەمنى ئەسىر ئېلىپ كۆپلىگەن مال ـ چارۋىنى بۇلاپ كەتتى ھەمدە يۇرۇش قىلىپ پېڭياڭ (ئورنى ھازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسى جېنيۈەن ناھىيىسىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدا) غا قەدەر بېسىپ كىردى ھەمدە چەۋەنداز قىسىملىرىغا خۇيجۇڭ قەسرى (ئورنى ھازىرقى شەنشى ئۆلكىسى لوڭشەن ناھىيىسىنىڭ غەربىي شىمالىدا) گە ئوت قويۇشقا بۇيرۇدى. چارلىغۇچى چەۋەنداز قىسىملىرى ھەتتا يۇشيەن ناھىيىسى (ئورنى ھازىرقى شەنشى ئۆلكىسى جېڭشياڭ ناھىيىسىدە) ۋە گەنچۈەن قەسرى (ئورنى ھازىرقى شەنشى ئۆلكىسى چۇنخۇا ناھىيىسىنىڭ غەربىي شىمالىدىكى گەنچۈەن تېغىدا) گە كىردى. ئاستانە چاڭئەن ئېغىر خەۋپتە قالدى. ھۇنلارنىڭ بۇ قېتىمقى باسمىچىلىقى خەن ۋېندى زامانىسىدىكى كۆلىمى ئەڭ زور بولغان بىر قېتىملىق تاجاۋۇزچىلىق ئىدى. خەن ۋېندى دەرھال يۈز مىڭدىن ئارتۇق چەۋەندازنى چاڭئەن ئەتراپىغا ئورۇنلاشتۇرۇپ ئاستانىنى قوغدىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ياش سانغۇن جاۋ شاڭرۇنى زور قوشۇن بىلەن ھۇنلارغا قارشى ئەۋەتتى. خەن ـ ھۇن ئۇرۇشى تارىخىدا رىۋايەتلىك تۇس ئالغان مەشھۇر سانغۇن لى گۇاڭ مۇشۇ قېتىمقى جەڭدە سەپ ئىچىدە بولۇپ تۇنجى قېتىم تۆھپە كۆرسەتتى. ئۇ پىشقان ئوقيا ئېتىش

ماھارىتى بىلەن نۇرغۇن چەۋەنداز ئارىسىدا ھەممە كارامىتىنى ئىشقا سېلىپ، خەن ۋېيدىنىڭ ئىلتىپاتىغا مۇشەررەپ بولدى. گەرچە خەن قوشۇنىدىكى بارلىق لەشكەرلەر ۋە تۆۋەن دەرىجىلىك لەشكىرىي ئەمەلدارلارنىڭ ھۇنلارغا قارشى باتۇرلارچە جەڭ قىلغۇسى بولسىمۇ، يۇقىرى قاتلامدىكى سانغۇنلار ياۋدىن بۆرىدىن قورققاندەك قورقۇپ تەشەببۇسكارلىق بىلەن ھۇجۇم قىلىشقا پېتىنالمىدى. ئاغا تەڭرىقۇت قورۇل ئىچىدە بىر ئايدەك خالىغانچە قىرغىنچىلىق قىلغاندىن كېيىن خەن قوشۇنىنىڭ نامدا قوغلىشى، ئەمەلىيەتتە «ئۇزىتىپ قويۇشى» بىلەن تىنچ ئامان قورۇلدىن چىقىپ كەتتى. خەن ۋېيدىنىڭ كۆڭلى قاتتىق غەش بولۇپ يوتىسىغا شاپىلاقلاپ، ئاھ ئۇرۇپ، ليەن پۇ، لى مولاردەك مەشھۇر سانغۇنلارنىڭ قورۇلنى قوغداپ ئۆزىنىڭ غېمىگە ھەمدەم بولمىغانلىقىدىن ئەپسۇسلانغانلىقى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس ئىدى.
خەن قوشۇنلىرىنىڭ ئاجىزلىق قىلىپ جەڭدىن قېچىپ پاسسىپ مۇداپىئەدە تۇرۇشى ھۇنلارنى تېخىمۇ كۆرەڭلىتىۋەتتى. بۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ ئوتتۇرا تۇزلەڭلىككە بولغان باسمىچىلىقى تېخىمۇ ۋەھشىيلەشتى. ھەريىلى دېگۇدەك ئوتتۇرا تۇزلەڭلىككە بېسىپ كىرىپ ئەسىر ئېلىپ تۇردى. شەرقتىكى لياۋدۇڭ ۋىلايىتى بىلەن غەربتىكى يۈنجۇڭ ۋىلايەتلىرى زەربىگە ئەڭ كۆپ ئۇچرىغانىدى. بۇ يەرلەردە ئەھۋال ئىنتايىن ئېغىر بولۇپ، ھەر يىلى ھۇنلار ئون مىڭدىن ئارتۇق ئادەمنى ئۆلتۈرۈپ تۇردى. بۇ خىل ۋەزىيەتتە خەن ۋېندى بىر تەرەپتىن ئەسلىدە يۈنجۇڭنى مۇھاپىزەت قىلغان، كېيىن سەۋەنلىك ئۆتكۈزۈپ جازالىنىۋاتقان ۋېي شاڭجېننى يۈنجۇڭ مۇھاپىزىتىگە يېڭىۋاشتىن قويدى. يەنە بىر تەرەپتىن، ھۇنلارغا ئەلچى ئەۋەتىپ ئاغا تەڭرىقۇت بىلەن قۇدىلىشىش ئىشىنى قايتىدىن كېڭەشتى. خەن ۋېندى سەلتەنەت دەۋرىنىڭ كېيىنكى ئىككىنچى يىلى (مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 162 - يىلى) خەن سۇلالىسى

ھۇنلار بىلەن قۇدىلىششىنى يەنە ئەسلىگە كەلتۈردى. كېلەركى يىلى ئاغا تەڭرىقۇت ئالەمدىن ئۆتتى. ئۇنىڭ ئوغلى كۈن تەڭرىقۇت تەختكە ۋارىسلىق قىلدى. خەن ۋېندى يەنە ئەلچى ئەۋەتىپ قۇدىلىشىش ئەھدى تۈزدى. لېكىن، ياخشى كۈنلەر ئۇزاققا بارمىدى، خەن ۋېندى كېيىنكى سەلتەنەت دەۋرىنىڭ ئالتىنچى يىلى (مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 158 - يىلى) ھۇنلار ئىككى يولغا بۆلۈنۈپ، ھەربىرى 30 مىڭ چەۋەنداز بىلەن شاڭجۈن، يۈنجۇڭ ۋىلايەتلىرىگە بېسىپ كىرىپ قىرغىنچىلىق، بۇلاڭچىلىق يۈرگۈزدى. گەنچۈەن، چاڭئەنلەر ئاسمانغا تاقاشقان بەلگە ئوتلىرىنى كۆردى. ئوردىنى يەنە جىددىي كەيپىيات قاپلىدى. خەن ۋېندى خېنىي قوشىېگى جۇ يافۇنى سانغۇن قىلىپ چاڭئەن ئەتراپىدا تۇرغۇزۇپ، ھۇنلارنىڭ چاڭئەن ئەتراپلىرىغا ھۇجۇم قىلىشىدىن مۇداپىئە كۆردى. بىر نەچچە ئايدىن كېيىن، خەن قوشۇنلىرى چېگرىغا يېتىپ كەلدى. لېكىن، بۇ چاغدا ھۇنلار ئاللىقاچان پۈتۈن قوشۇن بويىچە چېكىنىپ يىراقلارغا كەتكەنىدى.

مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 156 - يىلى خەن جىڭدى ليۇ چى تەختكە چىقتى. 4 - ئايدا ھۇنلار دەيجۈن ۋىلايىتىگە باستۇرۇپ كىردى. خەن جىڭدى باش تەپتىش بەگ تاۋ چىڭنى قورۇلغا ئەۋەتىپ كۈن تەڭرىقۇت بىلەن قۇدىلىششىنى ئەسلىگە كەلتۈردى. خەن جىڭدىنىڭ ئاۋۋالقى سەلتەنەت دەۋرىنىڭ ئۈچىنچى يىلى (مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 154 - يىلى) ۋۇ، چۇ قاتارلىق يەتتە بەگلىك ئىسيان كۆتۈردى. جاۋ بېگى ليۇ سۈي ھۇنلار بىلەن مەخپىي ئالاقە باغلاپ، ھۇنلارنى خەن قوشۇنى ئاساسىي كۈچىنى ئىشقا سېلىپ، جەنۇبنى تىنجىتىۋاتقان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ شىمالىي چېگرىغا بېسىپ كىرىپ جاۋ قوشۇنلىرى بىلەن بىرلىشىپ خەن قوشۇنىغا زەربە بېرىشكە كۈشكۈرتتى. ئەگەر بۇ سۈيىقەست ئەمەلگە ئاشقان بولسا، خەن قوشۇنى ئىككى سەپتە

جەڭ قىلمىدىغان قىيىن ئەھۋالدا قالغان بولاتتى. ئۆيلىمىغان يەردىن، خەن قوشۇنلىرى چاقماق تېزلىكىدە ئىلگىرىلەپ ئۈچ ئايغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە ۋۇ، چۇ بىرلەشمە ئارمىيىسىنى تارمار قىلدى. كۆپ ئۆتمەي، خەن قوشۇنى جاۋ بەگلىكىنىڭ ئاستانىسى خەندەننى ئىشغال قىلدى. ليۇ سوي ئۆزىنى ئۆلتۈرۇۋالدى. هۇنلار ۋەزىيەتنىڭ يامانلىقىنى كۆرۈپ لەشكەر چىقارمىدى. پارتلاش ئىمكانىيىتى بولغان بىر قېتىملىق چېگرا كرىزىس ئاخىر تىنچ ئامان ئۆتۈپ كەتتى. سۇ، چۇ يەتتە بەگلىكنىڭ ئىسيانى تىنجىتىلغاندىن كېيىن، هوقۇقنى مەركەزگە مەركەزلەشتۈرۈش بىر قەدەر كۈچەيتىلدى. خەن سۇلالىسىنىڭ دەسلەپىدىن تارتىپ ئىچكى بۆلۈنمە كۈچلەر هۇنلار بىلەن تىل بىرىكتۈرىدىغان ئەھۋال ئۈزۈل - كېسىل تۈگىتىلىپ، خەن قوشۇنلىرى كۈچىنى مەركەزلەشتۈرۈپ هۇنلارنىڭ تاجاۋۇزىغا قارشى تۇرالايدىغان بولدى.

خاقان خەن ۋېندى، خەن جىڭدى زامانىسىدا ئۈزۈلمەي داۋاملاشقان چېگرا ئۇرۇشلىرىدا لى گۇاڭ قاتارلىقلار ۋەكىللىكىدىكى بىر ئەۋلاد يېڭى لەشكىرىي خادىملار هۇنلارغا قارشى ئۇرۇشتىكى ئاساسىي كۈچكە ئايلاندى. لى گۇاڭ لوڭشى ۋىلايىتى چېڭجى ناھىيىسى (ئورنى هازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسى چىنئەن ناھىيىسىنىڭ شىمالىدا) دىن. لەشكىرىي خادىم ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. بوۋىسى لى شى چىن شىخۇاڭ دەۋرىدە سەركەردە بولۇپ يەن بەگلىكى بەگزادىسى دەننى قوغلاپ تۇتۇپ داڭ چىقارغان. لى گۇاڭ كىچىكىدىنلا جەمەتىنىڭ ئۇدۇمىنى قوبۇل قىلىپ، ئوقيا ئېتىش ماھارىتىنى قاتتىق مەشىق قىلغان. خەن ۋېندى زامانىسىدا لى گۇاڭ هۇنلارغا زەربە بېرىش قوشۇنىغا قاتناشقان. ماھىر مەرگەن بولغاچقا نۆكەر بەگ بولغان. خەن ۋېندى بىلەن كۆپ قېتىم ئوۋغا چىقىپ يىرتقۇچ هايۋانلارنى ئۆلتۈرگەن. خەن جىڭدى زاماندا لى گۇاڭ ئالىپ چەۋەنداز

تۆتۆقبەگ بولۇپ ئەمىر لەشكەر جۇ يافۇغا ئەگىشىپ ۋۇ، چۇ يەتتە بەگلىك ئىسيانىنى تىنجىتىشتا ئالاھىدە تۆھپە كۆرسەتكەن. لېكىن، لياڭ بېگى بەرگەن سانغۇنلۇق مۆھۈرنى ئۆز ئالدىغا قوبۇل قىلىپ قويغاچقا، خەن جىڭدىنىڭ گۇمانىنى قوزغاپ تارتۇقلانماي قالغان. ئەكسىچە، ئۇرۇش ئۈزۈلمەيدىغان شىمالىي چېگرىغا ھۇنلاردىن مۇداپىئە كۆرۈشكە ئەۋەتىلگەن. ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ شاڭگۇ، شاڭجۇن، لوڭشى، يەنمېن، يۈنجۇڭ قاتارلىق ۋىلايەتلەرگە قوشبېگى بولغان. قاقاس چۆللۈكتىكى ئوتلاقلاردا لى گۇاڭ دوبۇلغا - ساۋۇتىنى يەشمەي، ئېتىنىڭ ئىگىرىنى ئالماي، ئۇزاققا سوزۇلغان چېگرا لىنىيىسىدە كۈن - كۈنلەپ جەڭ قىلىپ، ھۇنلارنىڭ باسمىچىلىقىغا باتۇرانە قارشى تۇرغان.

خەن - ھۇن چېگرا ئۇرۇشى بىر مەيدان ئالاھىدە ئۇرۇش ئىدى. جەڭگاھ قاتناش لىنىيىسى ۋە ئاھالە زىچ رايوندىن يىراق بولۇپ، دائىم ئارقا سەپ تەمىناتى ۋە لەشكەر مەنبەسى ئۈزۈلۈپ قالاتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە خەن قوشۇنلىرىنىڭ رەقىبى كۈچلۈك چەۋەندازلارغا ئىگە ھۇنلار بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئۇرۇش شەكلى تولىمۇ تۇيۇقسىز ۋە جانلىق ئىدى. شۇڭا، بۇ خىل چېگرا ئۇرۇشى ئىككى قوشۇننىڭ رەسمىي سەپ تارتىپ ئۇرۇشىدىغان ئۇرۇشقا قارىغاندا تولىمۇ قورقۇنچلۇق ئىدى. لى گۇاڭ شىمالىي چېگرىدا ئۇزۇن يىللار ئۇرۇش قىلىپ چېگرا ئۇرۇشىنىڭ بۇ خىل ئالاھىدىلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلغاچقا، قوشۇننىڭ تەرتىپ ئىنتىزاملىرىنى ئاددىيلاشتۇردى. قوشۇن يۈرۈشكە ئاتلانغاندا مۇنتىزىم سەپ بولمايدىغان، چۈشكۈن قىلغاندا ھەر كىم ئۆزىنى جۆندەيدىغان قىلدى. ئارتۇقچى رەسىم - قائىدىلەرنى يوق قىلىپ بارگاھتا پەرمان، ھۆججەتلەرنى ئەمەلدىن قالدۇردى. لېكىن، سەگەكلىككە مەسئۇل رازۋېدكا چەۋەندازلىرى قوشۇن ئەتراپىدا يىراق - يىراقلارغا تارىلىپ يۈرەتتى. لەشكەرلەر قوشۇننىڭ

تەرتىپ ئىنتىزامىنىڭ بۇنداق ئاددىي بولۇشىنى ياخشى كۆرەتتى؛ قول ئاستىدىكىلەر ئۇنىڭ قوماندانلىقىغا بويسۇناتتى. هۇنلار لى گۇاڭنىڭ هەيۋىسىدىن قورقۇپ ئاسانلىقچە لى گۇاڭغا هۇجۇم قىلالمايتتى. خەن جىڭدىنىڭ ئوتتۇرا سەلتەنەت دەۋرىنىڭ ئىككىنچى يىلى (مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 148 ـ يىلى) قانۇننى قاتتىق ئىجرا قىلىپ بەگ ـ غوجا، ئۇرۇق ـ تۇغقانلارغىمۇ قارىماي «لاچىن» دەپ نام ئالغان جى دۇنى يەنمېنگە قوشىېگى قىلغاندىن كېيىن، هۇنلار ئۇزۇندىن بۇ ئىسمىنى ئاڭلاپ كەلگەچكە شۇنىڭدىن باشلاپ يەنمېن ۋىلايىتىگە بېسىپ كىرىشكە پېتىنالمايدىغان بولدى. خەن قوشۇنلىرىنىڭ قاتتىق مۇداپىئەسىدە هۇنلارنىڭ ئۆسۈپ كەتكەن هەيۋىسى سۇندى. خەن جىڭدىنىڭ ئۆلۈمىگە قەدەر هۇنلار كۆپ قېتىم چېگرا ۋىلايەتلىرىنى مالىمان قىلغاندىن باشقا، ئاستانە رايونىغا ئىچكىرىلەپ كىرەلمىدى. هۇنلارنىڭ ئاستانە شەهىرى چاڭئەنگە بولغان ئېغىر تەهدىتى ئۇزۇل ـ كېسىل تۈگىدى.

تاڭ دەۋرىدە ئۆتكەن شائىر ۋاڭ چاڭلىڭ چېگرا هەققىدىكى شېئىرىدا:

«چىن، خەن دەۋرىدە ئۆتكەل ـ قورۇلدا،
نۇر چاچاتتى كۆكتە يورۇق تولۇن ئاي.
يۈرۈپ تۈمەن يول لەشكەر سانغۇنلار،
قان كېچىپ جەڭ قىلدى بىرىمۇ قايتماي.

ئۇچقۇر سانغۇن ساقلار قورۇلنى،
دەهشەت سېلىپ هۇنلارغا هامان.
سىزلا بولسىڭىز هەزرىتى لى گۇاڭ،
چۇغايدىن ئاشالماس هۇنلار هېچقاچان.»

دەپ يازغانىدى. خەن ۋېندى، خەن جىڭدى زامانىدا شىمالىي چېگرىدىكى جاپالىق جەڭلەردە لى گۇاڭغا ئوخشاش بىر ئەۋلاد لەشكىرىي خادىملارنىڭ قان كېچىپ جەڭ قىلىشى بىلەن ھۇن چەۋەندازلىرى سەددىچىننىڭ سىرتىدا توسۇلۇپ، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىن ئىبارەت بۇ مۇنبەت زېمىننىڭ ئەمىنلىكى قوغدالدى. پۇقرالار دېمىنى ئېلىپ، ئىشلەپچىقىرىش تەرەققىي قىلىپ، «ۋېندى، جىڭدى زامانىدىكى ئاسايىشلىق» دەپ تەرىپلەنگەن باياشات دەۋرنى كۆتۈۋالدى ھەممە خەن ۋۇدى زامانىدىكى ھۇنلارغا قارشى كەڭ كۆلەملىك زەربىنىڭ غەلىبىسى ئۈچۈن ئاساس سېلىندى.

# ئۈچىنچى باب

«ھۇنلار تىنجىتىلمىغىچە ماڭا ئۆي ـ روزغارنىڭ لازىمى يوق»

## خەن ـ ھۇن ئۇرۇشىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك پارتىلىغانلىقى

- لەشكىرىي كۈچنى بىكار سەرپ قىلغان مايى بۆكتۈرمىسى
- ۋېي چىڭنىڭ خۇاڭخېنىڭ جەنۇبىنى قايتۇرۇۋالغانلىقى
- خۇاڭخېنىڭ جەنۇبىنى قوغداش يولىدا ئېلىپ بېرىلغان جەنۇبىي چۆللۈك ئۇرۇشى
- خو چۈبىڭنىڭ خېشى كارىدورىنى تارتىۋالغانلىقى
- خەن سۇلالىسى بىلەن ھۇنلارنىڭ تەقدىرىنى بەلگىلەيدىغان ھەل قىلغۇچ جەڭ — شىمالىي چۆللۈك چوڭ ئۇرۇشى
- ھۇنلار يىراققا كەتتى، «چۆللۈكنىڭ جەنۇبىدا بارگاھى قالمىدى»
- قوچقار قاچان قوزىلايدۇ؟
- قايتىش يولى قالمىغان لى لىڭ
- لى گۇاڭلىنىڭ چۆللۈكنى قانغا بويىغانلىقى

# 1. مايى ھىيلىسى

مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 140 ـ يىلى خەن ۋۇدى لىيۇ جې تەختكە چىقتى. 67 يىللىق نىسبىي تىنچلىقتىن كېيىن 16 ياشلىق بۇ خاقانىنىڭ ئالدىدا تۇرغىنى خەن خانلىقىنىڭ دەسلىپىدىكى ھەممە يەرنى ۋەھىمە قاپلىغان، ھۇنەر ـ كەسىپلەر خارابلاشقان پاجىئەلىك مەنزىرە ئەمەس، بەلكى گۈللەنگەن، قۇدرەت تاپقان، ھاياتىي كۈچكە تولغان غەربىي خەن ئىمپېرىيىسى ئىدى. «تارىخىي خاتىرىلەر. بازارنامە» دە خاتىرىلىنىشىچە، خەن خانى ۋۇدىنىڭ دەسلەپكى يىللىرى ئاستانىدىن چېگرا شەھەرلەرگىچە ئاشلىق ئامبارلىرى ئاشلىققا لىق تولغان، دۆلەت خەزىنىسىدە مال ـ دۇنيا دۆۋىلىنىپ كەتكەن، پايتەخت قوشۇنىنىڭ تەڭگە ـ تىللالىرى ئېشىپ ـ تېشىپ خەجلىگىلى ئورۇن يوق؛ ئامبارلارغا يىلدا ئاشلىق دۆۋىلىنىۋېرىپ ئېھتىياجدىن ئېشىپ، يەيدىغان ئېغىز يوق بولۇپ كەتكەنىدى. ئات مىنگەنلەر توپ ـ توپ يۈرۈشەتتى، بايتال مىنىۋالغانلار ئۆزىدىن نومۇس قىلىشاتتى. خەن خانى ۋېندى، جىڭدى زامانىدىكى سۇيۇرغاللار بىكار قىلىنىپ، ۋۇ، چۇ يەتتە بەگلىكنىڭ ئىسيانى تىنچىتىلغاندىن كېيىن، ھوقۇقنىڭ مەركەزلىشىشى مىسلىسىز كۈچەيدى. خاقاننىڭ ئەمر ـ پەرمانلىرى ھېچبىر توسالغۇسىز يۈرۈشىدىغان، ئوردىنىڭ ئىچى ـ سىرتىدىكى ئەمەلدارلار، پۇقرالار پەرمانلارغا جان دەپ بويسۇنىدىغان بولدى. خەن ۋۇدى ئۆزىمۇ تەڭرىنىڭ ئالاھىدە ياخشى كۆرۈشىگە ئېرىشتى. تەڭرى ئۇنىڭغا بىر كۈچلۈك روھ، چەكسىز ھېسسىياتنى ئاتا قىلدى. ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىن خانلىق قائىدە ـ نىزاملارغا ئەمەل قىلىشنىڭ قارىسىنىمۇ تاپقىلى

بولمايتتى. نازىن قىزلار، ئىسىل شارابلار، گۈزەل شېئىرىي مىسرالار، ھەشەمەتلىك ئوردا ـ قەسىرلەر، قاۋۇل ئارغىماقلار، ياسىداق مەپىلەر، بىپايان قۇملۇق دالىلار، چەت ئەللەرنىڭ ئاجايىپ تاغلىرى، ئۆلمەسلىكنىڭ دورىسى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىگىلا كۈچلۈك ھەۋىسى بار ئىدى. خەن ۋۇدىدەك «پادىشاھنىڭ زېمىندا پەيدا بولۇشى» بىلەن ئۆز قابىلىيىتىنى كۆرسىتەلەيدىغان زامانلار ئاخىرلىشىپ، ئۇنىڭ ئورنىنى قاتتىق ئۆزگىرىش يۈز بېرىدىغان بىر دەۋر ئالىدىغاندەك قىلاتتى.

خەن خانى جىندىنىڭ سەلتەنەت دەۋرىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا، خەن سۇلالىسى بىلەن ھۇنلارنىڭ مۇناسىۋىتىدە بىر قىسىم نازۇك ئۆزگىرىشلەر يۈز بەردى. ئۇزۇلمەي داۋاملاشقان چېگرا توقۇنۇشلىرىدىن كېيىن، ھۇنلارنىڭ دېۋەيلەپ تۇرىدىغان ھۇجۇم، چېگرا باسمىچىلىقى داۋاملىشىپ تۇرغان بولسىمۇ، ئوتتۇرا تۇزلەڭلىككە كەڭ كۆلەمدە ئىچكىرىلەپ بېسىپ كىرىپ سورۇقچىلىق سالىدىغان ئەھۋاللار بارغانسېرى ئازىيىپ باردى. خەن ۋۇدى تەختكە چىققان دەسلەپكى مەزگىلدە، قۇدىلىشىش سىياسىتىنى يېڭىۋاشتىن يولغا قويۇپ، شەھەر قورۇللىرىنى ئېچىۋېتىپ ھۇنلارغا كۆپلەپ مال ـ دۇنيا ھەدىيە قىلىپ تۇردى. ئۇرۇش قىلمىسىمۇ مال ـ دۇنياغا ئېرىشكىلى بولىدىغان ئەھۋالدا، كۆن تەگرىقۇتمۇ خەن سۇلالىسى بىلەن قۇدىلىشىش ئەھدىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش مۇددىئاسىنى بىلدۈردى. بۇنىڭ بىلەن شىمالىي چېگرىدا قىسقا بىر مەزگىللىك ئەمىنلىك دەۋرى بارلىققا كەلدى. لېكىن، خەن سۇلالىسى بىلەن ھۇنلار ئوتتۇرىسىدىكى 60 ـ 70 يىللىغا سوزۇلغان ئۇرۇش ۋە توقۇنۇشلاردا جۇغلانغان كونا ئاداۋەت تېخىچە ئۇنتۇلۇپ كېتىلمىگەنىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاتالمىش «قۇدىلىشىش» پەقەت خەن گاۋزۇ ليۇ باڭنىڭ پىڭچېڭدىكى شەرمەندىلەرچە مەغلۇبىيىتىدىن كېيىن ھۇنلارنىڭ مەجبۇرلىشى بىلەن تۈزۈلگەن

«شەرتسىز تەسلىم بولۇش» ئەھدى بولغاچقا، بۇ خەن گاۋزۇنىڭ ۋارىسلىرىنىڭ قاتتىق غەزىپىنى قوزغىغانىدى. لېكىن، بۇ قوبۇل قىلمىسا بولمايدىغان پاكىت ئىدى. خەن ۋۇدى زامانىغا كەلگەندە «خەن ۋېندى، خەن جىڭدىنىڭ سىياسەتلىرى» نەتىجىسىدە جۇغلانغان زور مىقداردىكى مال - دۇنيا ۋە خەن جىڭدى ۋۇ، چۇ يەتتە بەگلىك ئىسيانىنى تىنجىتقاندىن كېيىنكى ھوقۇقنى مەركەزلەشتۈرۈشنىڭ كۈچىيىشى بىلەن خەن سۇلالىسى بىلەن ھۇنلارنىڭ كۈچ سېلىشتۇرمىسىدا غايەت زور ئۆزگىرىشلەر يۈز بەرگەنىدى.

خەن ۋۇدى تەختكە چىققان جيەنيۈەنىڭ تۇنجى يىلى (مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 140 - يىلى) لا ھۇنلارغا جازا يۈرۈش قىلىش خاھىشى كۆتۈرۈلۈشكە باشلىدى. ۋەزىر خەن يەن خەن ۋۇدىنىڭ كۆڭلىگە يېقىش ئۈچۈن ئوردىدا سىپاھ، ياساۋۇللارغا ئاۋۋال ئات مىنىش، ئوقيا ئېتىشنى مەشىق قىلدۇردى. بۇ كۆلكىلىك ھەرىكەتلەر تېخى بالىلىقىنى يوقاتمىغان ياش خەن ۋۇدىنىڭ كۆڭلىنى خۇش قىلىۋەتتى. بىراق، ھۇنلارغا تاقابىل تۇرۇش تەدبىرلىرىنى بېكىتكەندە، خەن ۋۇدى تېخى پىشمىغان بۇ خىل خاراكتېرنىڭ قارشى تەرىپىدە مەيدانغا چىقتى. ئۇ ئېھتىياتچان پوزىتسىيىدە ئىنچىكىلىك بىلەن ئورۇنلاشتۇردى ۋە تەرتىپكە سالدى. خەن ۋۇدى لى گۇاڭ، چېڭ بۇشى قاتارلىق داڭلىق سانغۇنلىرىنى لەشكەر باشلاپ چېگرا ۋىلايەتلىرىنى قوغداشقا ئەۋەتتى ھەمدە لەشكەرلەرنى يىغىپ ۋە يۆتكەپ چېگرىنى مۇستەھكەملىدى. جيەنيۈەنىڭ 3 - يىلى خەن ۋۇدى تەسلىم بولغان ھۇنلارنىڭ ئاغزىدىن توخرىلارنىڭ ھۇنلاردىن يېڭىلىپ غەربكە كۆچكەنلىكىنى ئاڭلاپ، توخرىلار بىلەن بىرلىشىپ ھۇنلارنى ئوڭ تەرەپتىن قىسماققا ئېلىشنىڭ پۇرسىتى كەلگەنلىكىنى سەزگۈرلۈك بىلەن ھېس قىلدى. شۇڭا، ئەلچىلىرىنى يىغىپ غەربىي يۇرتقا ئەۋەتمەكچى بولدى. جاڭ

چيەن مانا مۇشۇنداق تارىخىي شارائىتتا تۇنجى قېتىم غەربىي يۇرتقا ئەلچىلىككە باردى. خەن ۋۇدى ھۇن چەۋەندازلىرىغا تاقابىل تۇرالايدىغان ساپالىق ئاتلىق قوشۇن بەرپا قىلىش ئۈچۈن، ئىلگىرىكى ئات سىياستى قۇرۇلۇشىنىڭ ئىلھامى ئاساسىدا ئاۋام خەلقنى ھەرخىل تەدبىرلەر قوللىنىپ ئات بېقىشقا ئىلھاملاندۇردى ۋە شىمالىي قىسمىغا سەككىز چېرىكچى بەگنى ئورۇنلاشتۇردى. بۇنىڭ ئىچىدە تۇنچى، يۆچى، چاڭشۇي، خۇچى قاتارلىق تۆت چېرىكچى بەگ مەخسۇس ئاتلىق لەشكەرلەرنى تەشكىللەش ۋە مەشىق قىلدۇرۇش ئۈچۈن تەيىنلەنگەنىدى. خەن ۋۇدى يەنە ياساۋۇلخانا تەسىس قىلىپ بىر تەرەپتىن خاننىڭ ياساۋۇللىرىغا مەنسەپ بەرسە، يەنە بىر تەرەپتىن ئاتلىق لەشكەرلەرنى تەربىيىلەيدىغان سەركەردە تاللاش ئۈچۈن غەربىي شىمالدىكى ئالتە ئايماق (لوڭشى، تيەنشۇي، ئەندىڭ، شاڭجۈن، بېيدى، شىخې) تىكى ئات مىنىشكە ماھىر «پاك ئائىلىنىڭ پەرزەنتلىرى» ۋە ئۇرۇشتا قازا قىلغان لەشكىرىي خادىملارنىڭ پەرزەنتلىرىنى يىغىپ ۋەزىپىگە قويدى، ئىقتىسادىي، لەشكىرىي، دىپلوماتىيە جەھەتلەردىكى بىر قاتار تىرىشچانلىقلار ئارقىلىق ھۇنلارنىڭ پاراكەندىچىلىكىگە تاقابىل تۇرۇشنىڭ تەييارلىقلىرى دەسلەپكى قەدەمدە پىشىپ يېتىلدى.

جيەنيۈەننىڭ ئالتىنچى يىلى (مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 135 ـ يىلى) تەڭرىقۇت قۇدىلىشىشنى تەلەپ قىلىپ ئەلچى ئەۋەتتى. خەن ۋۇدى ۋەزىر ـ ۋۇزرالىرى بىلەن بۇ ئىشنى كېڭەشتى. سورۇنبەگ ۋاڭ خۇي يەن دېگەن يەردىن بولۇپ، ئۇزۇن مۇددەت چېگرا ـ قورۇلدا ئەمەلدار بولغاچقا ھۇنلارنىڭ ئەھۋالىغا پىششىق ئىدى. ئۇ: «ھۇنلار ھەر قېتىم خەن سۇلالىسى بىلەن قۇدىلىشىش ئەھدى تۈزگەندە يىلغا توشمايلا ئەھدىنى بۇزاتتى. بۇ قېتىمقى قۇدىلىشىشمۇ ئۇزۇنغا بارمايدۇ. شۇڭا، قۇدىلىشىشنى رەت قىلىپ، ھۇنلارغا لەشكەر تارتىش زۆرۈر» دەپ قارىدى.

لېكىن، خەن ئۇردىسىنىڭ مۇھىم ۋەزىرى، باش تەپتىش بېگى خەن ئەنگو كۈچىنىڭ بارىچە قۇدىلىشىشنى تەشەببۇس قىلدى. ئۇ: «ھۇن چەۋەندازلىرىنىڭ ھەرىكىتى چاقماقتەك تېز، تۇسماق تەس. خەن قوشۇنلىرى مىڭ چاقىرىملاپ يول باسىدۇ، لەشكەرلەر ۋە ئات - ئۇلاغلار قاتمۇ قات جاپاغا دۇچار بولىدۇ. ھۇنلار ھېچقانچە كۈچ سەرپ قىلمايلا خەن قوشۇنلىرىنى يېڭىۋالىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ھۇنلارنىڭ زېمىنىنى، پۇقرالىرىنى تارتىۋالغان تەقدىردىمۇ خەن ئۇردىسىغا ھېچقانچە پايدىسى يوق، قۇدىلاشقانغا يەتمەيدۇ» دەپ تۇرۇۋالدى. كۆپ ساندىكى ۋەزىرلەر خەن ئەنگونىڭ پىكرىنى قۇۋۋەتلىگەچكە، خەن ۋۇدىمۇ ھۇنلار بىلەن قۇدىلىشىش ئەھدى تۈزۈشكە ماقۇل بولدى.

يۈەنگۇاڭنىڭ ئىككىنچى يىلى (مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 133 - يىلى)، يەنى بىن ئايمىقىنىڭ مايى (بۈگۈنكى سەنشى ئۆلكىسى شوشيەن ناھىيىسى) دېگەن يەردە زالىم نيې ۋېڭيىنى ۋاڭ خۇي ئارقىلىق خەن ۋۇدىغا: «ھۇنلار ھېلىلا خەن سۇلالىسى بىلەن قۇدىلىشىش ئەھدى تۈزدى. خەن سۇلالىسىگە قارىتا ئۇلارنىڭ تەييارلىقى يوق. بۇ پايدىلىق ئەھۋالنى كۆزدە تۇتۇپ، ھۇنلارنىڭ باسمىچىلىق ئەھۋالىنى تىڭتىڭلاپ، بۆكتۈرمە قويۇپ ھۇجۇم قىلىنسا تولۇق غەلىبىگە ئېرىشكىلى بولاتتى.» دەپ تەكلىپ بەردى. مۇبادا بۇ پىلان ئەمەلگە ئاشسا خەن سۇلالىسى بىلەن ھۇنلارنىڭ ئۆز ئارا مۇناسىۋىتى ئۈزۈل - كېسىل ئۈزۈلۈپ، ئاتمىش نەچچە يىل قۇدىلىشىش سىياسىتىنىڭ ئورنىنى ئۇرۇش مالىمانچىلىقى ئالغان بولاتتى. خەن ۋۇدى بۇ چاغدا قاتتىق ئىككىلىنىپ، ۋەزىرلەرنىڭ قايتا مەسلىھەتلىشىشىگە پەرمان چۈشۈردى. شۇنىڭ بىلەن ۋاڭ خۇي بىلەن ۋاڭ ئەنگو ئوتتۇرىسىدا يەنە بىر مەيدان كەسكىن مۇنازىرە باشلاندى. لەشكەر تارتىشنى تەشەببۇس قىلىشتا چىڭ تۇرغان ۋاڭ

خۇي خەن ۋۇدىغا يوللىغان مەكتۇپىدا مەردىنلىك بىلەن: «يېغىلىق دەۋرىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە، دەي بەگلىكى گەرچە كىچىك بولسىمۇ، شىمالدا كۈچلۈك ھۇنلارنىڭ ھۇجۇمى، جەنۇبتا ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى چوڭ بەگلىكلەرنىڭ تەھدىتى ئاستىدا، بەگ، ۋەزىرلەرنىڭ دۈشمەنگە بولغان ئۆچ - ئاداۋىتىنى ئۇنتۇماي، بىسىپ كىرگەنلەرگە باتۇرلارچە قارشى تۇرغانىكەن. ھۇنلار كۈچلۈك بولسىمۇ، دەي بەگلىكىگە ئالدىراپ ھۇجۇم قىلىشقا پېتىنالمىغانىكەن. ھالا بۈگۈن بۈيۈك خەن سۇلالىسى قۇدرەت تېپىپ، ئەلنى بىرلىككە كەلتۈردى. ئالىيلىرىنىڭ يۈكسەك نام - ئابرۇيلىرىنى يىراق ئەللەردىكىلەرمۇ مەدھىيىلەۋاتىدۇ. لېكىن، ھۇنلار توختىماي ھۇجۇم قىلىپ، چېگرىغا پاراكەندىچىلىك سېلىپ، لەشكەرلەرنى ئۆلتۈرۈپ، يارىلاندۇردى. جەسەت ساندۇقى قاچىلانغان ھارۋىلار يوللارغا پېتىشالماي قالدى. بۇ دەل ھۇجۇمغا قارشى تۇرمىغانلىقنىڭ سەۋەبىدىن بولغان» دەپ يازدى، ھەم دۈشمەننى ئالداپ جەنۇبقا ئېلىپ كېلىپ، مايىغا بۆكتۈرمە قويۇپ، دۈشمەننى قورشاپ يوقىتىشتىن ئىبارەت ئۇرۇش لايىھىسىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ۋاڭ ئەنگو كونا خاماننى سوروپ: «خەن خانى خەن گاۋزۇ ليۇ باڭ باتۇر ۋە دانا تۇرۇقلۇق پىڭچېڭدا ھۇنلارنىڭ يەتتە كۈنگە سوزۇلغان مۇھاسىرىسىدە قالغان؛ پىڭچېڭنى قايتۇرۇۋېلىش ئارزۇسىدا بولمىغانلىقىنىڭ سەۋەبى پۇقرالارنىڭ ھالىغا يېتىپ، ئاۋامنى ئارام ئالغۇزۇش ئۈچۈن ئىدى. ھۇنلار بىلەن قۇدىلىشىش بەش دەۋرنى بېسىپ ئۆتتى، ئاۋام پۇقراغا ئادەتتىكى ئىش بولۇپ قالدى. ئەجدادلارنىڭ قائىدە - قانۇنلىرىنى ئالدىراپ ئۆزگەرتمەسلىك كېرەك. ئۇنىڭ ئۈستىگە، لەشكەرلەر بىر قوزغالسا، ئالەم تەۋرەپ، يېڭىش - يېڭىلىشنى بىر نەرسە دېيىش تەس، ئالدىراپ لەشكەر تارتىشقا بولمايدۇ!» دەپ تۇرۇۋالدى. ۋاڭ خۇي بىلەن ۋاڭ ئەنگو ئىككىلىسى

مۇنازىرىلىشىپ بىر - بىرىگە زادى يول قويمىدى. خەن ۋۇدى ئىككى تەرەپنىڭ مۇنازىرىسىنى ئاڭلاپ ئۆزى قارار چىقىرىپ، ۋاڭ خۇينىڭ پىكرىنى ماقۇل تاپتى. شۇنىڭ بىلەن خۇنلار بىلەن قۇدىلىشىش ئۈزۈلۈپ، خۇنلارغا ئومۇميۈزلۈك قارشى تۇرۇش ئىستراتېگىيىسى ئاخىر مۇقىملاشتى.

شۇ يىلى 6 - ئايدا، خەن ۋۇدى نيې ۋېڭيىنى ياۋنى ئالداشقا خۇنلارنىڭ ئارىسىغا ئەۋەتتى. ئۇ مايى بېگىنـــى ئۆلتۈرۈپ، شەھەرنى تەسلىم قىلدۇرۇپ، مال - دۇنيانى خۇنلارغا تەقدىم قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ، كۆن تەڭرىقۇتنى ئالدىدى. مايى يەنمېن ۋىلايىتىنىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان بولۇپ، ئەينى چاغدىكى ئاساسلىق ئات يېتىشتۈرىدىغان رايونلارنىڭ بىرى، ھەم مۇھىم ئات بازىرى ئىدى. خەن سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا، خۇنلار مايىنى تالىشىپ خەن گاۋزۇ بىلەن كەسكىن بىر مەيدان جەڭ قىلغانىدى. مايىنى ئالغان بولسىمۇ، كېيىن يەنە قولدىن بېرىپ قويغانىدى. مايىنى قايتا قولغا چۈشۈرۈشنى ئىزچىل كۆڭلىگە پۈكۈپ يۈرەتتى. بۇ ۋاقىتتا، كۆن تەڭرىقۇت نيې ۋېڭيىنىڭ گەپ - سۆزلىرىگە ئىشىنىپ، مايى ئاسانلا قولغا كېلىدىغان بولدى دەپ ئويلاپ، يۈز مىڭ چەۋەندازنى باشلاپ ۋۇجۇ (ھازىرقى سەنشى ئۆلكىسى زويۈن ناھىيىسى) قەلئەسىــــگە باستۇرۇپ كىرىپ، مايىغا قاراپ ئىلگىرىلىدى. خەن ۋۇدى 320 مىڭ لەشكەر ئەۋەتىپ ھىماتچى سانغۇن خەن ئەنگو، ئاللىپ چەۋەنداز سانغۇن لى گۇاڭ، يېنىك ھارۋىلىقلار سانغۇنى گۇڭ سۇنخېلارنى ھەمدەمچى قوشۇن بىلەن مايى ئەتراپىدىكى جىلغىغا مۆكۈپ تۇرۇشقا پەرمان چۈشۈردى. ئاساسلىق قوشۇن سانغۇنى ۋاڭ خۇي بىلەن ئالدىنقى سەپ قوشۇنلار سانغۇنى لى شىنى 30 مىڭدىن ئارتۇق لەشكەرنى باشلاپ، دەيجۈن ۋىلايىتىدىن چىقىپ، ھەمدەمچى قوشۇن بىلەن خۇنلار تۇتۇشقاندىن كېيىــــن، يان تەرەپتىن خۇنلارنىڭ ئارقا سەپ تەمىنات قىسمىغا ھۇجۇم قىلىپ،

ئۇلارنىڭ چېكىنىش يولىنى ئۈزۈۋېتىپ، ھۇنلارنىڭ ئاساسىي كۈچىنى تەلتۆكۈس يوقىتىشقا تەييارلاندى. پوتكول قوشۇنغا ۋاڭ ئەنگو قوماندانلىق قىلدى. ۋاڭ خۇي قاتارلىق تۆت سانغۇن ھىمايە قىلدى. بۇ چاغدا، نېي ۋېيىي مايىغا قايتىپ كېلىپ، مەھبۇستىن بىرنى ئۆلتۈرۈپ، كاللىسىنى شەھەر قوۋۇقىغا ئېسىپ، ھۇنلارنىڭ ئالدىن تىنىڭ - تىڭلاشقا كەلگەن ئەلچىلىرىگە مايى شەھىرىنى ئېلىشنى ئېيتتى. بۇ چاغدا، ناھايىتى ئىنچىكە ئورۇنلاشتۇرۇشلار ئارقىلىق، قىلتاقلار ناھايىتى ئوبدان قۇرۇلۇپ، كۈن تەڭرىقۇتنىڭ ئۆزىنى ئۆلۈمگە تۇتۇپ بېرىشىلا قالغانىدى.

كۈن تەڭرىقۇت ئەلچىنىڭ دوكلاتىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، قىن - قىنىغا پاتماي زور قوشۇننى باشلاپ مايىغا قاراپ ئات سالدى. لېكىن، مايىغا 100 چاقىرىمدەك قالغان يەرگە كەلگەندە، كۈن تەڭرىقۇت توپ - توپ پادىلارنىڭ كەڭ دالىدا ئوتلاپ يۈرگەنلىكىنى، بىراق ئۇلارغا قارايدىغان ئادەمنىڭ يوقلۇقىنى تۇيۇقسىز بايقاپ قالدى. ئۇ بۇ خىل بىنورمال ئەھۋالغا قارىتا قاتتىق گۇمانلاندى. دەل مۇشۇ پەيتتە، ھۇنلار خەن قوشۇنلىرىنىڭ قاراۋۇلخانىسىغا ھۇجۇم قىلىپ، يەنمېن ۋىلايىتىنىڭ زىندان بېگىنى تۇتۇۋالدى. تەڭرىنىڭ ئۆتكۈر قىلىچىنىڭ ھەيۋىسىدە، زىندان بېگى خەن قوشۇنلىرىنىڭ ھىيلىسىنى ئاشكارىلىۋەتتى. تەڭرىقۇت بۇنى ئاڭلاپ قاتتىق چۆچىدى ۋە ئاجايىپ خۇشال بولۇپ، «بۇ تەڭرىقۇتنىڭ ئىلتىپاتى» دەپ قاراپ، زىندان بېگىگە «تەڭرىبەگ» دەپ نام بېرىپ، قوشۇننى دەرھال چېكىنىشكە پەرمان چۈشۈردى. تۇيۇقسىز يۈز بەرگەن بۇ ئۆزگىرىش خەن قوشۇنلىرىنىڭ ئۇزاقتىن بۇيانقى ئورۇنلاشتۇرۇشىنى بىكار قىلىۋەتتى. مايى جىلغىسىدا بۆكتۈرمىدە ياتقان خەن قوشۇنلىرىنىڭ ئاساسىي قىسمى زادى كەلمەيدىغان دۈشمەننى ساقلاپ يېتىۋەردى. ۋاڭ

خۇ، لى شىلار ئۈچ تۈمەن لەشكەر بىلەن ئۆزىدىن يۈز ھەسسە ئارتۇق بولغان ياۋ قوشۇنى بىلەن يەككىمۇ يەككە تۇتىشىشقا پېتىنالمىدى. خەن قوشۇنلىرى ئۆز ھېلىسىنىڭ پاش بولۇپ قالغانلىقىنى سېزىپ، ئالمان - تالمان قوغلاپ قورۇلغا يېتىپ كەلگەن چاغدا، ھۇنلارنىڭ پۈتكۈل قوشۇنى ئاللىقاچان بىخەتەر چېكىنىپ بولغانىدى. خەن ۋۇدى بىلەن ۋەزىر - ۋۇزرالارنىڭ كۆپ كۈچ سەرپ قىلىپ، كۆڭۈل قويۇپ تۈزگەن «مايى ھېلىسى» شۇنىڭ بىلەن ئۈن - تىنسىز ئاخىرلاشتى.

«مايى ھېلىسىنىڭ مەغلۇبىيىتى» خەن ۋۇدىنىڭ غۇرۇرىنى يەرگە ئۇردى. ۋاڭ خۇي ئوردا كېڭەشىدە تۇنجى بولۇپ مايىدا ھۇنلارغا بۆكتۈرمە قويۇش ھەققىدە تەكلىپ بەرگەنىدى. بىراق، ئۇنىڭ لەشكەر چېكىندۈرگەن ھالقىلىق پەيتتە توسۇپ زەربە بېرىشكە پېتىنالمىغانلىقى خەن ۋۇدىنىڭ تېخىمۇ غەزىپىنى قوزغىدى. ۋاڭ خۇي ئۆزىنى ھۇنلارغا تەشەببۇسكارلىق بىلەن ھۇجۇم قىلمىغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى توخۇ يۈرەكلىك قىلىپ جەڭدىن قاچقانلىقتىن ئەمەس، بەلكى كۈتۈلمىگەن ئەھۋال يۈز بەرگەنلىكىدىن، يەنە كېلىپ ئەسلىدىكى پىلان بويىچە ھەرىكەت ئېلىپ بارالمىغانلىقتىن بولدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۈچ تۈمەن لەشكەر بىلەن يۈز مىڭ كىشىلىك زور قوشۇنغا ھۇجۇم قىلغاندا، يېڭىلماي قالمايتتۇق، دەپ ئۆزىنى ئاقلىدى، ۋاڭ خۇينىڭ چۈشەندۈرۈشلىرى پۈتۈنلەي داۋلىسىز بولمىسىمۇ، يەنە كېلىپ خەن ۋۇدىنىڭ ئانىسى خان ئانا ۋاڭ خۇي ئۈچۈن گەپ قىلغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ تىرىشچانلىقلار خەن ۋۇدىنىڭ ئاللىقاچان قىيامىغا يەتكەن غەزىپىنى باسالمىدى. ۋاڭ خۇي زىندانغا تاشلانغاندىن كېيىن قېچىپ كېتەلمەيدىغانلىقىنى، ھامان ئۆلىدىغانلىقىنى بىلىپ، ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالدى.

ۋاڭ خۇي ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىپ گۇناھىنى تىلىدى. «مايى ھېلىسى» شۇنىڭ بىلەن تۈگىدى. ئەسلىدە بۇ قېتىمقى

بۆكتۇرمىدە «يۈزدە ـ يۈز نۇسرەت قازىنىمىز، بىر جەڭدىلا تەڭرىقۇتنى تۇتىمىز، هۇنلارنى بويسۇندۇرىمىز» دەپ قارىغانىدى. ئەمەلىيەتتە، نەچچە يۈز مىڭ كىشىلىك زور قوشۇننى ئىشقا سالغاندا، مەخپىيەتلىكنى ساقلاشمۇ تەس گەپ ئىدى. يەنە كېلىپ هۇنلارنى مەغلۇپ قىلىشنىڭ ئۈمىدى بىر قېتىملىق بۆكتۇرمىگە باغلانغانىدى. خەن ۋۇدى بىلەن ۋەزىرلەرنىڭ هۇن چەۋەندازلىرىنىڭ ئۆزۈن مۇساپىلىك هۇجۇملارغا ماهىر، يېڭى ۋەزىيەتكە لايىقلىشىش ئىقتىدارى ناهايىتى كۈچلۈك ئىكەنلىكىدەك ئالاهىدىلىكىنىڭ تولۇق تونۇلمىغانلىقىنى ئىپادىلىدى. بىراق، «مايى هىيلىسى» نىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولمىغانلىقىدىن خەن ۋۇدىنىڭ هۇنلارغا قارشى ئۇرۇش ئىرادىسى تەۋرەپ قالمىدى. يېڭىۋاشتىن ئۇرۇش تەييارلىقلىرىنى تېخىمۇ تولۇق قىلىپ، هۇنلار بىلەن هەل قىلغۇچ بىر مەيدان جەڭ قىلىشقا ئىرادە باغلىدى. كۆن تەڭرىقۇت دەسلەپ ئالافزادە بولغاندىن كېيىن، دەرهال لەشكەر چىقىرىپ، زور قوشۇن بىلەن چېگرا ـ قورۇللارغا هۇجۇم قىلىپ، خەن قوشۇنلىرىنىڭ مايىدا ئۆزلىرىگە توزاق قۇرغانلىقىنىڭ ئۆچىنى ئالدى. شۇنىڭدىن كېيىن، شىمالىي چېگرىدا ئۇرۇش ئوتى تۇتىشىپ، ئۇزۇن مەزگىللىك خەن ـ هۇن ئۇرۇشىنىڭ پەردىسى رەسمىي ئېچىلدى.

## 2. خۇاڭخېنىڭ جەنۇبى ۋە چۆللۈكنىڭ جەنۇبىدىكى جەڭلەر

يۈەنگۇاڭنىڭ ئىككىنچى يىلى هۇنلار «مايى هىيلىسى» نى بەربات قىلغاندىن كېيىن، خەن ۋۇدى ئاچچىقىدا «مەسلىهەتكە كىرمىگەن» جاۋابكار ۋەزىر ۋاڭ خۈينى زىندانغا تاشلاپ، ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىشقا مەجبۇر قىلدى. بۇنىڭ ئىچىدە ئەلۋەتتە خەن

ۋۇدىنىڭ مۇشۇ ئىشنى باھانە قىلىپ ئاچچىقىنى چىقىرىشىنىڭ
تەركىبىمۇ بار ئىدى. خەن ۋۇدى مايى ئۇرۇشىغا قوماندانلىق
قىلغان سەركەردىلەرگە نىسبەتەن نارازىلىق كەيپىياتىنىمۇ
ئىپادىلىدى. بولۇپمۇ، ئۇرۇشنىڭ باش سەركەردىسى خەن ئەنگو،
خەن مىڭدىنىڭ دەسلەپكى يىللىرى ۋۇ، چۇ بەگلىكلىرىنى
تۇسۇشتا نامى ئالەمگە پۇر كەتكەن بولسىمۇ، ئىراق ئەزەلدىن
ھۇنلارغا نىسبەتەن كۆڭلىدە ۋەھىمە بولغاچقا، ھەددىدىن زىيادە
ئېھتىياتچانلىق قىلىپ، تەشەببۇسكارلىق بىلەن ھۇجۇم
قىلالمىغانىدى. پۇرسەت تېپىپ يېڭى ۋەزىيەتكە لايىقلىشىش
ئىقتىدارى تېخىمۇ كەمچىل بولغاچقا، ئۇرۇش قىلىشنىڭ مۇۋاپىق
پۇرسىتىنى بىكاردىن - بىكار قولدىن بېرىپ قويغانىدى.

ھۇنلار بىلەن بولغان ئۇرۇشلاردا ياش، ئاچچىقى يامان خاقان
بىلەن كونا سەركەردىلەر، پېشقەدەم ۋەزىرلەر ئوتتۇرىسىدىكى
زىددىيەت مايى ئۇرۇشى ئارقىلىق ئاشكارىلىنىپ قالدى.
«قالتىس تۆھپىلەرنى قالتىس ئادەملەرلا يارىتالايدۇ» بۇ خەن
ۋۇدىنىڭ ئادەم ئىشلىتىشتىكى يېتەكچى ئىدىيىسى ئىدى.
ھۇنلارغا تاقابىل تۇرۇشتەك ئېغىر ۋەزىپىنى ئۆز ئۈستىگە
ئالالايدىغان قابىلىيەت ئىگىلىرىنى تاللاش ئۈچۈن، خەن ۋۇدىنىڭ
نەزىرى ئارزۇلۇق خېنىم ۋېي زىخۇنىڭ ئىنىسى ۋېي چىڭغا
چۈشتى. شۇنىڭدىن كېيىن، ۋېي چىڭ نۇرغۇن سەركەردىلەر
ئىچىدە خەن ۋۇدى زامانىدا ھۇنلارغا تاقابىل تۇرۇشتىكى مۇھىم
سەركەردىلەردىن بولۇپ قالدى.

ۋېي چىڭ خېدۇڭ ۋىلايىتى پىڭياڭ ناھىيىسىدىن (ھازىرقى
سەنشى ئۆلكىسى لىنفېن ناھىيىسىنىڭ غەربىي جەنۇبىدا). دادىسى
جېڭ جى پىڭياڭدىكى ئورنى تۆۋەنرەك بىر كىچىك ئەمەلدار
ئىدى. پىڭياڭ مەلىكىسىنىڭ قەسرىدە خىزمەت قىلىۋاتقاندا
دېدەك ۋېي ئاۋ بىلەن بۇزۇقچىلىق قىلىپ ۋېي چىڭ تۇغۇلغانىدى.
ۋېي چىڭ نىكاھسىز تۇغۇلغان بالا بولۇش سۈپىتى بىلەن بالىلىق

ۋە ياشلىق دەۋرى باشقىلارنىڭ پەس كۆرۈشى ۋە سوغۇق مۇئامىلىدە بولۇشىدەك جاپالىق مۇھىتتا ئۆتكەندى. قورامىغا يەتكەندىن كېيىن، مەلىكە قەسرىگە قايتىپ كېلىپ، چەۋەنداز نۆكەر بولۇپ خىزمەت قىلدى. جيەنيۈەننىڭ ئىككىنچى يىلى (مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 139 ـ يىلى)، ۋېي چىڭنىڭ ئەڭ كىچىك ئىگىچىسى ۋېي زىخۇ خەن ۋۇدىنىڭ مۇھەببىتىگە نائىل بولدى. كېيىن چېڭ خانىكەنىڭ ئانىسى، يەنى خەن ۋۇدىنىڭ ھامىمىسى مەلىكە داجاڭ ۋېي زىخۇنىڭ ھامىلدار ئىكەنلىكىنى ئۇقۇپ، ئۇ قىزىنىڭ خانىشلىق ئورنىنى تارتقۇزۇپ قويۇشتىن ئەنسىرەپ، ۋېي چىڭنى تۇتقۇن قىلىدۇ ۋە ئۆلتۈرمەكچى بولىدۇ. بەختكە يارىشا ۋېي چىڭنىڭ دوستى، چەۋەنداز نۆكەر گۇڭسۇن ئاۋ بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ، كېچىلەپ ئادەم باشلاپ كېلىپ ئۇنى قاماقتىن قۇتۇلدۇرۇۋالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ۋېي چىڭ بىر قېتىملىق ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇپ قالىدۇ. خەن ۋۇدى بۇ ئىشنى بىلگەندىن كېيىن، ۋېي چىڭنى چاقىرىپ جيەنجۇڭ قەسرىنىڭ نازارەتچىبېگى ۋە شىغاۋۇللۇق مەنسىپىگە تەيىنلەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن ۋېي چىڭ ھاقارەتلىك، ئېچىنىشلىق ئىجتىمائىي ئورۇندىن قۇتۇلىدۇ. ۋېي زىخۇ بانۇلۇققا تەيىنلەنگەندىن كېيىن، ۋېي چىڭمۇ كېڭەشبەگلىككە كۆتۈرۈلۈپ، ئوردىدىكى بىر يېڭى ئاقسۆڭەك بولۇپ قالدى. ۋېي چىڭنىڭ شىرەم تۇغقانلىرى ئۇنىڭ تولىمۇ تەلەيلىك ھالدا يۇقىرى مەنسەپكە ئېرىشكەنلىكىگە ناتوغرا گۇمانلارنى قىلىشقان بولسىمۇ، بىراق ئۇ ئاخىرقى ھېسابتا ئۆسمۈرلۈك، ياشلىق دەۋرىدىكى ئازاب ـ ئوقۇبەتلىك ئۇۋالچىلىق كۈنلىرىدىن كېيىن، جەڭگاھلاردىن ئات چاپتۇرۇپ تۆھپە يارىتىشقا شارائىت ھازىرلىدى.

يۈەنگۇاڭنىڭ ئالتىنچى يىلى (مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 129 ـ يىلى) ھۇنلار شاڭگۇ ۋىلايىتىگە بېسىپ كىرىپ، پۇقرالارنى ئۆلتۈردى، بۇلىدى. ۋېي چىڭ ھارۋا ئاتلىقلار سانغۇنى بولۇپ،

تۇمەن چەۋەندازلارنى باشلاپ، شاڭگۇ ۋىلايىتىگە بېرىپ ھۇنلارغا تاقابىل تۇردى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، يېنىك ھارۋىلىقلار سانغۇنى گۇڭسۇن خې، چەۋەنداز سانغۇن گۇڭسۇن ئاۋ، ئالىپ چەۋەنداز سانغۇنى لى گۇاڭلار ھەربىرى بىر تۇمەندىن چەۋەندازلارنى باشلاپ ئايرىم - يۈنجۇ، دەيجۈن، يەنمېنلەردىن چىقىپ ھۇنلارغا قوغلاپ زەربە بەردى. تۆت سانغۇن ئىچىدە لى گۇاڭ بىلەن گۇڭسۇن خې پېشقەدەم سانغۇنلار، گۇڭسۇن ئاۋ كىچىكىدىنلا قوشۇنغا قاتنىشىپ، كۆپ ئۇرۇشلارنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن. پەقەت ۋېي چىڭلا يېڭىياچى سانغۇن ئىدى. بىراق، ئۇرۇشنىڭ نەتىجىسى كىشىلەر ئويلىغاندەك بولماي قالدى. گۇڭسۇن خې يۈەنجۇڭدىن چىقىپ ھۇنلاردىن يېڭىلىپ، يەتتە مىڭغا يېقىن سەركەردە - لەشكىرى چىقىم بولۇپ بەدەر تىكىۋەتتى. لى گۇاڭنىڭ تەلىيى تېخىمۇ تەتۈر كەلدى. ئۇ تەڭرىقۇتنىڭ ئاساسىي قوشۇنى بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىپ يېڭىلدى ۋە ئەسىرگە چۈشۈپ، ئەقىل - پاراسىتى ۋە پىششىقان ئات مىنىش، ئوقيا ئېتىش ماھارىتىگە تايىنىپ ھۇنلارنىڭ جەڭ ئارغىماقلىرىنى تارتىۋېلىپ قېچىپ كەلدى. تۆت يولدىن چىققان تۆت سانغۇننىڭ ئىچىدە پەقەت ۋېي چىڭنىڭ قوشۇنىلا شاڭگۇغا كىرگەن دۈشمەنلەرنى چېكىندۈرۈپ ھۇنلارنىڭ چېگرىسىغا بېسىپ كىرىپ، ئەجدىھابالىقغا قەدەر بېرىپ، ھۇنلارنىڭ 700 دىن كۆپرەك ئادىمىنى ئۆلتۈرۈپ ۋە ئەسىر ئېلىپ زەپەر قۇچۇپ قايتىپ كەلدى. ۋېي چىڭ تۇنجى قېتىم قوشۇن تارتىپ چىقىپلا تۆھپە يارىتىپ خەن ۋۇدىنى خۇشال قىلىۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن ۋېي چىڭغا قوۋۇق ئىچى تۆرىسى ئۇنۋانى بېرىلىپ رىغبەتلەندۈرۈلدى.

ھۇنلار بۇ ئۇرۇشتىن كېيىن ھەدەپ ئۆچ ئالغىلى تۇردى. شۇ يىلى كۈزدە ھۇن چەۋەندازلىرى يۈياڭ (ھازىرقى بېيجىڭ شەھىرى مىيۈننىڭ غەربىي جەنۇبى) ئەتراپلىرىغا شىددەتلىك

ھۇجۇم قىلدى. كېيىنكى يىلى، يۈەنشۇنىڭ تۇنجى يىلى (مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 128 ـ يىلى) ھۇنلار لياۋشى (ھازىرقى لياۋنىڭ ئۆلكىسى لىگيۈەن ناھىيىسىنىڭ غەربىي جەنۇبى) ئەتراپىغا يەنە بىر قېتىم ھۇجۇم قىلىپ ئىككى مىڭدىن ئارتۇق ئادەمنى ئۆلتۈردى، بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلدى. لياۋشى قوشبېگى ۋەتەن ئۈچۈن جان پىدا قىلدى. ھۇنلار داۋاملىق غەربكە بېسىپ كىردى، يۈياڭ يەنە پاراكەندىچىلىكتە قالدى. يۈياڭنى قوغداۋاتقان پېشقەدەم سانغۇن خەن ئەنگو پۈتۈن قوشۇنى بىلەن دېگۈدەك ھالاك بولۇپ، قورغانغا بېكىنىۋېلىپ ياردەمچى قوشۇننى كۈتتى. ھۇن چەۋەندازلىرى لياۋشى، يۈياڭدىن ئۆتۈپ، غەلىبىسېرى غەربكە ئىلگىرىلەپ، يەنمېنگە ھۇجۇم قىلىپ كىرىپ مىڭدىن ئارتۇق ئادەمنى ئۆلتۈردى ۋە بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلدى. دەل مۇشۇ ئالاقزادىلىك ئارىلىقىدا، ۋېي چىڭ قايتىدىن يارلىق ئېلىپ جەڭگاھقا چىقتى. ئۇ ئۈچ مىڭ سەركەردە ـ لەشكەرنى باشلاپ ھۇنلارنى توسۇش ئۈچۈن يەنمېنگە قاراپ ئىلگىرىلىدى. لى شى سانغۇن دەيجۈن ۋىلايىتىدىن چىقىپ، ھۇنلارنىڭ كەينىدىن ھۇجۇم قىلىپ، ۋېي چىڭ بىلەن بىر يولدا ئۆز ئارا ماسلاشماقچى بولدى. ۋېي چىڭ قوشۇننى باشلاپ ئۇدۇل يەنمېنگە يېتىپ بارغاندىن كېيىن، باسمىچى ھۇنلار بىلەن شىددەتلىك جەڭنى باشلىۋەتتى. ھۇنلار ئېچىنىشلىق مەغلۇپ بولۇپ، مىڭلاپ جەسەتلىرىنى تاشلاپ، ئالدىراپ ـ تېنەپ تىكىۋەتتى. ۋېي چىڭ ئىككى قېتىملىق ھۇجۇمدا تولۇق غەلىبىگە ئېرىشىپ ئۆزىنىڭ ئالاھىدە لەشكىرىي ئىقتىدارىنى نامايان قىلىپ كاتتا داڭ چىقاردى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ جاھاننى لەرزىگە كەلتۈرگەن خۇاڭخېنىڭ جەنۇبىدىكى ئۇرۇشتا تۆھپىسىگە يارىشا خەن قوشۇنىنىڭ باش قوماندانى بولۇپ قالدى.

يۈەنگۇاڭنىڭ ئالتىنچى يىلى، يۈەنشۇنىڭ تۇنجى يىلى خەن قوشۇنى ئىككى قېتىم زور كۆلەمدە لەشكەر چىقىرىپ، ئاز ـ

تولا نەتىجىلەرگە ئېرىشكەن بولسىمۇ، بىراق ئېنىقكى بۇنداق يالغۇز مۇداپىئە خاراكتېرىدە قىلىنغان ئۇرۇش ھۇنلارنىڭ ئىستراتېگىيىلىك مۇھىم جايىغا تېگەلمىدى ھەم ھۇنلارنىڭ ئاساسىي كۈچى بىلەن تۇتىشالمىغاچقا، ھۇنلارنىڭ ئەمەلىي كۈچىنى ھېچقانداق ئاجىزلىتالمىدى. يۈەنشۇنىڭ ئىككىنچى يىلى (مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 127 - يىلى) ھۇنلار شاڭگۇ، يۇيالڭ ۋىلايەتلىرىگە يەنە ھۇجۇم قىلىپ، مىڭدىن ئارتۇق ئادەمنى ئۆلتۈردى ۋە بۇلاڭ - تالاڭ قىلدى. پاكىتلار ئىسپاتلىدىكى خەن قوشۇنى لەشكەرلەرنى يوللارغا بۆلۈپ مۇداپىئە قىلىش شەكلىدىكى ئۇرۇش بىلەن چېگرىنىڭ ئەمىنلىكىگە كاپالەتلىك قىلالمايتتى. ئەكسىچە خەن قوشۇنلىرى لەشكەرلىرىنى چېكىندۇرۇپ كېتىشكىلا، ھۇنلار قايتىدىن باستۇرۇپ كىرىپ، تېخىمۇ دەھشەتلىك ئۆچ ئالاتتى. ئەينى چاغدا، ھۇنلار ئاساسەن خەن چېگرىسىنىڭ شەرقىي قىسمىدا خەن قوشۇنلىرىغا توختىماي ھۇجۇم قىلاتتى. بىراق، خەن سۇلالىسىگە ئەڭ زور تەھدىت سېلىپ تۇرغىنى ھۇنلارنىڭ شەرقىي قىسمىدىكى سول تۇغ قاننىڭ قوشۇنى ئەمەس، بەلكى چۇغاي تاغلىرىدا پائالىيەت ئېلىپ بېرىۋاتقان ئوڭ تۇغ قان ۋە خۇاڭخېنىڭ جەنۇبىدىكى زېمىنلارنى ئىگىلىۋالغان ھۇنلارنىڭ لۇفەن بېگى، بەييالڭ بېگىنىڭ قوشۇنلىرى ئىدى. بولۇپمۇ، خۇاڭخېنىڭ جەنۇبىدىكى زېمىنلار، شىمالدا چۇغاي تاغلىرى بىلەن تۇتىشاتتى. جەنۇبىي چاڭئەندىن 700 چاقىرىمىمۇ كەلمەيتتى. غەربىي ھۇنلارنىڭ شوتۇق قان ۋە قونشار قانلار ھۆكۈمرانلىقىدىكى خېشى رايونى بىلەن قوشنا، شەرق تەرەپتە دىڭشياڭ بىلەن يۇنجۇڭ ۋىلايەتلىرىگە تەھدىت سالاتتى. چىن سۇلالىسىنىڭ ئاخىرى، خەن سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى يىللىرى باتۇر تەڭرىقۇت خۇاڭخېنىڭ جەنۇبىدىكى جايلارنى قايتىدىن بېسىۋالغاندىن كېيىن، ھۇنلارنىڭ جەنۇبتىكى بازىسى بولۇپ قالغانىدى. شۇڭا، ھۇنلارنىڭ شەرق ۋە غەربتىكى

مۇناسىۋىتىنى ئۈزۈۋېتىش، ھۇنلارنىڭ گۇەنجۇڭ رايونىغا بولغان تەھدىتىنى ئۈزۈل - كېسىل تۈگىتىش ئۈچۈن، خۇاڭخېنىڭ جەنۇبىدىكى زېمىنلارنى ئېلىشنىڭ ئىستراتېگىيىلىك ئەھمىيىتى ناھايىتى زور ئىدى. ھۇنلارغىمۇ بۇ نۇقتا ناھايىتى ئېنىق ئىدى. شۇڭا، سول تۇغ قاننىڭ قوشۇنى خەن سۇلالىسىنىڭ شەرقىي چېگرىسىغا توختىماي ھۇجۇم قىلىپ، خەن قوشۇنىنىڭ ئاساسىي كۈچىنى جەلپ قىلىپ مۇشۇ ياققا ئۆتكۈزۈۋېتىپ، خەن قوشۇنىنىڭ خۇاڭخېنىڭ جەنۇبىدىكى زېمىنلارغا بولغان بېسىمىنى ئاجىزلاتماقچى بولدى.

يۈەنشۇنىڭ ئىككىنچى يىلى، ھۇنلار شەرقتىكى چېگرا ۋىلايەتلەردە داۋاملىق پاراكەندىچىلىك تۇغدۇرۇپ، خەن قوشۇنلىرىنى مالىمان قىلدى ھەمدە ئۇلار خەن قوشۇنى ھالسىرىغاندا ھەمدەمچى قوشۇن تەلەپ قىلىدۇ، دەپ قارىدى. خەن ۋۇدى ھۇنلارنىڭ شەرقىي لىنىيىسىدىكى ھەرىكەتلىرىگە نىسبەتەن ھۇنلار شەرقتىن تەگسە، خەن قوشۇنى غەربتىن يۈرۈش قىلىش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ جاھانغا مەشھۇر بولغان خۇاڭخېنىڭ جەنۇبىي ئۇرۇشىنى قوزغىدى. خەن ۋۇدىنىڭ يارلىقى بىلەن ۋېي چىڭ ئۈچىنچى قېتىم يۈرۈشكە ئاتلاندى. ئۇ نەچچە تۈمەن كىشىلىك زور قوشۇننى باشلاپ يۈنجۇڭ (ھازىرقى ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونى توختۇنىڭ شەرقىي شىمالى) دىن خۇاڭخېنىڭ شىمالىي قىرغىقىنى بويلاپ غەربىي شىمالغا تېزلىك بىلەن ئىلگىرىلەپ، بىر ھۇجۇم بىلەن گاۋچۆ (قورغان نامى، ھازىرقى ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونى مېيەنخاڭ ئارقا قوشۇنىنىڭ شەرقىي شىمالى) نى ئېلىپ، خۇاڭخېنىڭ جەنۇبىنى ساقلاۋاتقان بەيياڭ بېگى ۋە لۇفەن بېگىنىڭ تەڭرىقۇت ئوردىسى بىلەن بولغان ئالاقىسىنى ئۈزۈۋەتتى. ئاندىن كېيىن، ۋېي چىڭ دەرھال جەنۇبقا لەشكەر تارتىپ خۇاڭخېنى بويلاپ ئۇدۇل لوڭشى (ھازىرقى گەنسۇ لىنتاۋ) غا يۈرۈش قىلىپ، بەيياڭ بېگى،

لۇفەن بېگىنىڭ مۇھاسىرىسىنى بىتچىت قىلىۋەتتى. بەيياڭ بېگى بىلەن لۇفەن بېگى مۇھاسىرىگە چۈشۈپ قالغانلىقىنى ھېس قىلىپ يەتكەندە، خۋاڭخېنىڭ مۇداپىئە لىنىيىسى ئاللىقاچان يىمىرىلىپ بولغانىدى. ئۇلار قالدۇق قىسىملىرىنى باشلاپ خۋاڭخېنىڭ غەربىدىن ئۆتۈپ، ئۆڭسۇلى ئۆچكەن ھالدا قورۇلىنىڭ سىرتىغا قېچىپ چىقتى. بۇ قېتىمقى ئۇرۇشتا، خەن قوشۇنى دۈشمەننىڭ مىڭلىغان ئادىمىنى يوقىتىپ، يۈز نەچچە مىڭ تۇياق مال ـ چارۋىنى ئولجا ئېلىپ، خۋاڭخېنىڭ جەنۇبىنى تولۇق قايتۇرۇۋالدى. ھونلارغا قارشى ئېلىپ بارغان ئۇرۇشلاردىن بىرى تۇنجى قېتىم ئىستراتېگىيىلىك ھەل قىلغۇچ غەلىبىگە ئېرىشتى.
ۋېي چىڭ بۇ قېتىمقى ئۇرۇشقا ناھايىتى مۇۋەپپەقىيەتلىك قوماندانلىق قىلدى. خەن قوشۇنلىرىنىڭ ئىلگىرىكى ئۇرۇشلاردا بۆكتۈرمە قويۇش، توسۇش، ياردەمنى ئاساس قىلىشتەك ئۇرۇش شەكلى ئۆزگەرتىلىپ، پۈتكۈل ئۇرۇش ئۇزۇن مۇساپىلىك قوغلاپ زەربە بېرىش، ئايلانما ھەرىكەت ئارقىلىق قورشاپ ھۇجۇم قىلىش ئۇرۇشى جەريانىدا تاماملانغانىدى. ھونلار خەن قوشۇنىنىڭ ئۇرۇش غەرىزىنى ھېس قىلىپ يەتكەندە، ئاللىقاچان خەن قوشۇنىنىڭ قاتمۇ قات مۇھاسىرىسىگە چۈشۈپ قېلىپ، مەغلۇبىيىتى مۇقىملىشىپ قالغانىدى. ۋېي چىڭمۇ خۋاڭخېنىڭ جەنۇبىدىكى جايلارنى ئېلىشتا تۆھپە كۆرسىتىپ، چاڭپىڭ تۆرىسى مەرتىۋىسىگە ئېرىشتى.

خەن قوشۇنى خۋاڭخېنىڭ جەنۇبىدىكى جايلارنى ئىگىلىگەندىن كېيىن، جەڭ مېۋىلىرىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن، خەن ۋۇدى مۇشاۋۇر جۇفۇيەننىڭ پىكرىنى قوبۇل قىلىپ، خۋاڭخېنىڭ جەنۇبىدا شوفاڭ (ھازىرقى ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونى مېنخاڭ قوشۇنىنىڭ شىمالى) ۋە ۋۇيەن (ھازىرقى ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونى باۋتۇنىڭ غەربىي شىمالى) ۋىلايەتلىرىنى تەسىس قىلدى. سانغۇن سۇجيەننى يۈز

مىڭدىن كۆپرەك ئادەمنى باشلاپ شوفاڭ سېپىلىنى سېلىشقا ھەم چىن سۇلالىسى ۋاقتىدا سېلىنغان كونا سېپىلنى قايتىدىن رېمونت قىلىشقا پەرمان چۈشۈردى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئىچكىرى جايلاردىن يۈز مىڭدىن ئارتۇق ئاھالىنى شوفاڭغا ماكانلاشتۇرۇپ، چېگرا ۋىلايەت ئاھالىلىرىنى تولۇقلىدى. ھەم زور مىقداردا ئاشلىق يۆتكەپ لەشكىرىي ۋە خەلق لازىمەتلىكلىرىنى تولۇقلىدى. شۇنىڭدىن كېيىن، خۇاڭخېنىڭ جەنۇبىدىكى جايلار خەن ئوردىسىنىڭ قاتتىق كونتروللۇقىغا ئۆتۈپ، خەن قوشۇنىنىڭ ھۇنلارغا ھۇجۇم قىلىشتىكى مۇھىم بىر بازىسى بولۇپ قالدى.

خۇاڭخېنىڭ جەنۇبىدىكى جايلارنىڭ قولدىن كېتىشى ۋە خەن سۇلالىسىنىڭ شوفاڭ، ۋۇيۈەن ۋىلايەتلىرىنى تەسىس قىلىشى ھۇنلارغا ئەجەللىك زەربە بولدى. ئۇ ئىككى تۈرلۈك ھۆكۈمرانلىقىدىكى جايلار — ھۇنلارنىڭ ئوڭ تەرىپى، خەن قوشۇنىنىڭ كۆز ئالدىدا بىۋاسىتە ئېچىلىپ قالدى. خۇاڭخېنىڭ جەنۇبىدىكى رايونلارنىڭ تۇپرىقى مۇنبەت، ھاۋاسى مۆتىدىل بولۇپ، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىقنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا مۇۋاپىق كېلەتتى. بۇ ھۇنلارنىڭ ئىقتىسادىغا ناھايىتى زور تەسىر كۆرسەتتى. ھۇنلار خۇاڭخېنىڭ جەنۇبىدىكى جايلارنى قايتۇرۇۋېلىش ئۈچۈن، يۈەنشۇنىڭ ئۈچىنچى يىلى (مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 126 ـ يىلى) قىشتا، ئون مىڭدىن ئارتۇق چەۋەنداز بىلەن دەيجۈن ۋىلايىتىگە ھۇجۇم قىلىپ كىردى. قوش بېگى گوڭ يۈ ئۇرۇشتا ئۆلدى. يازدا، يەنىمۇ يەنە پاراكەندىچىلىككە ئۇچرىدى. خەن ۋۇدى يۈەنشۇنىڭ تۆتىنچى يىلى، ھۇنلار يۈز مىڭ كىشىلىك زور قوشۇن بىلەن ئۈچ يولغا بۆلۈنۈپ دەيجۈن، دىڭشياڭ ۋە شاڭجۈن ۋىلايەتلىرىگە بېسىپ كىردى. خەن ۋۇدى يۈەنشۇنىڭ بەشىنچى يىلى ئۇلار ئوڭ قانات يەنە خۇاڭخېنىڭ جەنۇبىغا بېسىپ كىرىپ، شوفاڭغا پاراكەندىچىلىك سالدى. قىسقىغىنا

ئۈچ يىلدا، ھۇنلارنىڭ زور قوشۇن بىلەن چېگرىغا توختىماي پاراكەندىچىلىك سېلىپ تۇرغانلىقىدىن ھۇنلارنىڭ خواڭخېنىڭ جەنۇبىنى تارتىۋېلىشقا قانچىلىك ئالدىراۋاتقانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. بۇ خىل ۋەزىيەتتە خەن ۋۇدى خواڭخېنىڭ جەنۇبىدىكى ئورۇشنىڭ غەلىبە مېۋىسىنى ھەقىقىي ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن خەن ۋۇدىنىڭ يۈەنشۇنىڭ بەشىنچى يىلى (مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 124 - يىلى) باھاردا يەنە چۆللۈكنىڭ جەنۇبىي ئورۇشىنى قوزغىدى.

چۆللۈكنىڭ جەنۇبىدىكى ئورۇشتا خەن قوشۇنلىرى ئىككى يولغا بۆلۈندى. ۋېي چىڭ ئاساسىي قوشۇنغا قوماندانلىق قىلىپ، سۇجيەن قاتارلىق تۆت سانغۇننىڭ قوماندانلىقىدىكى 30 مىڭ چەۋەندازنى باشلاپ شوفاڭدىن چىقىپ ھونلارنىڭ ئوڭ تۇغ قاننىڭ قىسىملىرىغا ھۇجۇم قىلدى، يەنە بىر تارمىقى لى شى، جاڭ سىگۇڭ قاتارلىق سانغۇنلارنىڭ قوماندانلىقىدا يېيپىڭ (ھازىرقى لىياۋنىڭ يىڭچۈەننىڭ شىمالىي تەۋەسىدە) نىڭ ئوڭ تەرىپىدىن چىقىپ ھۇنلارنىڭ ئوڭ تۇغ قاننىڭ قىسىملىرىنى توسۇپ ئاساسىي قوشۇننىڭ ھەرىكىتىگە ياندىن ماسلاشتى. ۋېي چىڭنىڭ زور قوشۇنى شوفاڭدىن چىقىپ گاۋچۆگە يېتىپ بارغاندىن كېيىن، شىمالىي قورۇلدىن 6 - 7 يۈز چاقىرىم ئىلگىرىلەپ ئوڭ تۇغ قاننىڭ ئوردىسىغا ئۇدۇل ھۇجۇم قىلدى. ئوڭ تۇغ قان ئۆز ئوردىسىنى خەن قورۇلىدىن يىراقتا، خەن قوشۇنى بۇ يەرگە ھەرگىز كەلمەيدۇ دەپ قاراپ، ھېچقانداق مۇداپىئە تەييارلىقى قىلمىغان. بەلكى، چېدىردا ئامراق خوتۇنلىرى بىلەن شاراب بەزمىسى قىلىپ قېمىز ئىچىپ قاتتىق مەس بولۇپ كەتكەنىدى. مانا مۇشۇنداق پەيتتە، پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلگەن خەن قوشۇنلىرى كېچىدە شىددەتلىك ھۇجۇم قوزغىدى. شېرىن ئۇيقۇدا ياتقان ئوڭ تۇغ قان يەر جاھاننى تىترەتكۈدەك قىر - چاپ ئاۋازلىرىدىن چۆچۈپ ئويغىنىپ ئارانلا بىر ئامراق توقلى ۋە يۈز

نەچچە چەۋەندازى بىلەن ئۆگسۈلى ئۆچكەن ھالدا ئارغىماقلىرىغا مىنىپ مۇھاسىرىنى بۆسۈپ شىمالغا قاراپ قاچتى. ئۇنىڭ قىسىملىرىدىن كىچىك خانىنىڭ قول ئاستىدىكى 15 مىڭدىن ئارتۇق ئادىمى، يۈز مىڭ تۇياقتىن ئارتۇق مال - چارۋىسى خەن قوشۇنلىرىغا ئەسىر ۋە ئولجا چۈشتى. ۋېي چىڭنىڭ بۇ ئۇرۇشتىكى تۆھپىسى ئالاھىدە زور بولغاچقا خەن ۋۇدى ئالاھىدە يارلىق چۈشۈرۈپ، ئەلچى ئەۋەتىپ ئۇلۇغ سانغۇنلۇق تامغىسىنى ئېلىپ قوشۇن ئىچىدە ۋېي چىڭنى ئۇلۇغ سانغۇن دەپ بەيئەت قىلىشقا، بارلىق سانغۇنلارنىڭ ئۇلۇغ سانغۇننىڭ قوماندانلىقىغا بويسۇنۇشقا پەرمان چۈشۈردى.

خۇاڭخېنىڭ جەنۇبىدىكى ئۇرۇش شوفاڭ ۋىلايىتىنىڭ بىخەتەرلىكىگە تەلتۆكۈس كاپالەتلىك قىلىپ، ھۇنلارنىڭ ئوڭ تۇغ قانىنىڭ قىسىملىرىنى تولۇق دېگۈدەك يوقىتىپلا قالماي، ھۇن تەڭرىقۇتىنىڭ ئاساسىي كۈچى ۋە خېشى رايونىنى ئىگىلەپ ياتقان شۇتۇق قان، قونشارقانلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى ئۈزۈپ تاشلاپ، كېيىنكى خېشى ئۇرۇشىنىڭ غەلىبىسى ئۈچۈن ئاساس سالدى. ھۇنلارنىڭ ئىچىغىسە تەڭرىقۇتى خەن قوشۇنلىرىدىن ئۆچ ئېلىش ئۈچۈن چۆللۈكنىڭ جەنۇبى ئۇرۇشىنى قوزغىدى. شۇ يىلى كۈزدە، ئون مىڭدىن ئارتۇق چەۋەندازلارنى ئەۋەتىپ دەيجۈن ۋىلايىتىگە بېسىپ كىرىپ دەيجۈن ۋىلايىتىنىڭ كاھىبكى جۇيىڭنى ئۆلتۈرۈپ، مىڭدىن ئارتۇق ئەمەلدار ۋە پۇقرانى ئۆلتۈردى. خەن ۋۇدى بۇنىڭغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن يۈەنشونىڭ ئالتىنچى يىلى (مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 123 - يىلى) باھاردا بۇيرۇق چۈشۈردى، ئۇلۇغ سانغۇن ۋېي چىڭ، گۇڭسۈن ئاۋ، گۇڭسۈن خې، جاۋشىن، سۇجيەن، لى گۇاڭ، لى زې قاتارلىق ئالتە سانغۇن بىلەن يۈز مىڭدىن ئارتۇق زور قوشۇننى باشلاپ دىڭشياڭدىن چىقىپ، يۈز نەچچە چاقىرىم يۈرۈپ ھۇن تەڭرىقۇتىنىڭ ئاساسىي قوشۇنىغا بىۋاسىتە ئۇرۇش قوزغاپ، مىڭدىن ئارتۇق ئادەمنى

يوقىتىپ قورۇلغا قايتىپ كەلدى. بىرەر ئايچە دەم ئالغاندىن
كېيىن، ۋېي چىڭ ئالتە سانغۇننى باشلاپ دىڭشياڭدىن چىقىپ
ھۇنلارغا ھۇجۇم قىلىپ، 10 مىڭدىن ئارتۇق دۈشمەننى
ئۆلتۈردى. بىراق، ئوڭ قانات سانغۇن سۇجيەن، تۇرشاۋۇل
سانغۇن جاۋسۇنلا ئۈچ مىڭ چەۋەندازنى باشلاپ ھۇنلارنىڭ
ئاساسىي كۈچى بىلەن بىر كۈن قاتتىق تۇتۇشقاندىن كېيىن خەن
قوشۇنلىرى ئېغىر مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىدى. جاۋ سۇن ئەسلى
ھۇنلارنىڭ كىچىك خانى بولۇپ، خەن سۇلالىسىگە تەسلىم
بولغاندىن كېيىن شى تۆرىسى مەنسىپى بېرىلگەنىدى. بۇ چاغدا
ئۇ پايدىسىز ۋەزىيەتنى كۆرۈپ، قالدۇق قىسىملىرىدىن 800 دىن
ئارتۇق چەۋەندازلارنى باشلاپ ھۇنلارغا تەسلىم بولدى. جاۋسۇن
ئالدىنقى سەپتە دۈشمەنگە تەسلىم بولغاچقا، سۇجيەن تېخىمۇ
قىيىن ئەھۋالدا قالدى. شۇڭا، قوشۇننى تاشلاپ ئۆزى يالغۇز
قېچىپ كەلدى. بۇ ۋېي چىڭ قوشۇن تارتىپ چىققاندىن بۇيان
تۇنجى قېتىم ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىشى بولۇپ، ئۈچ مىڭدىن
ئارتۇق چەۋەنداز ۋە ئىككى سانغۇندىن ئايرىلدى. تەلەيى ئىلاھى
ئۇنىڭ قېشىدىن كەتكەندەك قىلاتتى. لېكىن، بۇ جەڭدە ئەمدىلا
18 گە كىرگەن خوچۈبىڭ قەيسەر، قورقماس كەيپىياتتا
قوشۇنىدىن ئۈزۈپ ئۆزى يالغۇز تۆھپە كۆرسىتىپ خەن ۋۇدىنىڭ
دىققىتىنى تارتىپ، ناھايىتى تېزلا يېتىلگەن داڭلىق سانغۇنغا
ئايلاندى. جاۋ سۇن ھۇنلار ئارىسىغا قايتىپ بارغاندىن كېيىن،
ئىچىغىسە تەڭرىقۇت قاتتىق خۇشال بولۇپ، ئۇنىڭغا دەرھال چوڭ
ھوقۇق مەرتىۋە بېرىپ، ئۇنىڭ ھوقۇقىنىڭ تەڭرىقۇتتىنلا كېيىن
تۇرىدىغانلىقىنى ئىپادىلىدى ھەمدە ئۆز ئىگىچىسىنى ئۇنىڭغا
ياتلىق قىلدى. جاۋسۇن خەن سۇلالىسىگە تەسلىم بولغاندىن
كېيىن، تۆرىلىك مەرتىۋىسى بېرىلىپ سانغۇن بولغانىدى. ئۇ
خەن قوشۇنىنىڭ ئەھۋالىنى تېخىمۇ ئوبدان چۈشەنگەچكە،
تەڭرىقۇتقا ھۇنلارنىڭ ئاساسىي كۈچىنى چۆللۈكنىڭ شىمالىغا

خەن قورۇلىدىن يىراق بولغان جايغا يۆتكەپ كېتىش، خەن قوشۇنلىرىنى قىزىقتۇرۇپ ئىچكىرىلەپ كىرگۈزۈش، كۈچ سەرپ قىلىشتىن ساقلىنىپ خەن قوشۇنلىرى ھېرىپ ھالى قالمىغان پۇرسەتتە قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتۈش ھەققىدە تەكلىپ بەردى. تەڭرىقۇت جاۋسۇننىڭ تەكلىپىنى ئاڭلاپ، ھۇنلارنىڭ ئاساسىي كۈچىنى چۆللۈكنىڭ شىمالىغا يۆتكەپ كەتتى. لېكىن، ئىچىغىسە تەڭرىقۇت بىلەن جاۋسۇن ئويلىمىغان يەردىن ھۇنلارنىڭ ئاساسىي كۈچى چۆللۈكنىڭ شىمالىغا يۆتكىلىپ چېگرا ۋەزىيىتى سەل ـ پەل ياخشىلانغاندىن كېيىن، خەن قوشۇنلىرى دەرھال قوشۇن تارتىپ چۆللۈكنىڭ شىمالىغا يۈرۈش قىلماي، ئەكسىچە زور قوشۇننى غەربكە يۆتكەپ يەنە بىر مەشھۇر ئۇرۇش — خېشى ئۇرۇشىنى قوزغىدى.

## 3. خېشى ئۇرۇشى

شەنشى ئۆلكىسىنىڭ شىڭپىڭ ناھىيىسى تەۋەسىدە، بىر دەۋرنىڭ قەيسەر خوجىسى ھېسابلانغان خەن ۋۇدىنىڭ ھەيۋەتلىك ماۋلىڭ قەبرىستانلىقى بار. ئۇنىڭ شەرق، شىمال ۋە غەربىي جەنۇبىدا ئىككى دۆۋە توپىدىن ھاسىل بولغان قوشۇپ دەپنە قىلىنغانلار قەبرىسى كىشىنىڭ تولىمۇ دىققىتىنى تارتىدۇ. ئۇنىڭ شەرقىي شىمالىدا لۇشەن تېغىغا ئوخشايدىغان قەبرە بار بولۇپ، ئۇنىڭ داڭقى ئالەمگە پۇر كەتكەن، ئورنى ھەممە ۋەزىرلەردىن ئۈستۈن بولغان ئۇلۇغ سانغۇن ۋېي چىڭ دەپنە قىلىنغان. غەربىي جەنۇب تەرەپتە گويا چىلىيەنشەن تاغلىرىغا ئوخشايدىغان بىر ھەيۋەتلىك قەبرە بار بولۇپ، ئۇنىڭغا بالدۇر كەتكەن قەيسەر سانغۇن دەپنە قىلىنغان. بۇ ئۇلۇغ سانغۇن ۋېي چىڭ بىلەن بىللە نامى چىققان، ھۇنلارغا قارشى ئۇرۇشتىكى يەنە بىر مەشھۇر سانغۇن ئالىپ چەۋەنداز خوچۈبىڭدۇر. قەبرە ئالدىغا بىر ھۇننى

دەسسەپ تۇرغان ئاتنىڭ تاش ھەيكىلى ئورنىتىلغان. بۇ ھەيكەل كېيىنكىلەرگە ئۇنىڭ ئاجايىپ جەڭ نەتىجىلىرىنى نامايان قىلىپ تۇرىدۇ. خوچۇبىڭ قىسقا، ئەمما پارلاق ھاياتىدا چاقناپ تۇرغان يۇلتۇزدەك تەرەپ - تەرەپكە نۇر چېچىپ ئالەمنى كېزىپ تۇردى ۋە كېچە ئاسمىنىدا ئۇن - تىنسىز غايىب بولدى. لېكىن، بۇك - باراقسان ۋە ياپيېشىل چىلىيەنشەن ئېتەكلىرىدە، قاقاس ۋە جىمجىت شىمالىي چۆللۈكتە ئۇچمەس ئىزلىرى قالدى.

خوچۇبىڭ خېدۇڭ پىڭياڭلىق بولۇپ، خوجۇگرۇ بىلەن ۋېي زىخۇ، ۋېي چىڭنىڭ ئاچىسى شاۋئېرنىڭ نىكاھسىز تۇغۇلغان بالىسى ئىدى. يۈەنشۇنىڭ تۇنجى يىلى (مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 128 - يىلى)، ۋېي زىخۇ خانىكە بولغاندىن كېيىن، ۋېي جەمەتى بىردىنلا ئېسىلزادىلەردىن بولۇپ قالدى. ۋېيشاۋئېر پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ خوجۇگرۇنى تاشلاپ، خەن سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدىكى مەشھۇر ۋەزىر چېن پىڭنىڭ ئەۋرىسى، خوجىدار بەگ چېن جاڭنىڭ قۇچىقىغا ئۆزىنى ئاتتى. خوچۇبىڭ خانىكە ۋېي زىخۇنىڭ جىيەنى بولغاچقا، 18 يېشىدىلا شىغاۋۇل بولدى، بۇ خالىغان چاغدا ئوردىغا كىرىپ - چىقالايدىغان، خاننىڭ ئەتراپىدا يۈرەلەيدىغان، سىياسىي ئىشلاردىن خەۋەردار بولۇپ تۇرالايدىغان مۇھىم خىزمەت ئىدى. لېكىن، چېگرا تالاپەتكە ئۇچراپ، ئۇزۇلمەي داۋام قىلىۋاتقان خەن - ھۇن ئۇرۇشى ئاچقۇچلۇق پەيتكە كىرگەندە، خوچۇبىڭدەك ئېسىلزادە ئائىلىنىڭ بىر ياش پەرزەنتى نەغمە - ناۋا قايناپ تۇرىدىغان ئوردا تۇرمۇشىدا ئۆمرىنى ئۆتكۈزۈۋېتىشنى خالىماي، جىددىيچىلىككە، تەۋەككۈلچىلىككە ۋە ھالاكەت سىناقلىرىغا تولغان جەڭگاھقا ئۆزىنى ئاتماقچى بولدى.

مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 123 - يىلى ئۇلۇغ سانغۇن ۋېي چىڭ گوڭسۇن ئاۋ قاتارلىق ئالتە سانغۇننى باشلاپ، ئىككىنچى قېتىم

دىڭشياڭدىن چىقىپ هۇنلارغا هۇجۇم قىلدى. خوچۇبىڭ كىچىكىدىنلا ئوقيا ئېتىشقا ماھىر ئىدى. ئۇنىڭ تۆھپە كۆرسەتكۈسى كېلىپ، تەشەببۇسكارلىق بىلەن خەن ۋۇدىدىن جەڭگە چىقىشنى ئىلتىماس قىلىپ، قوشۇن بىلەن بىللە يۈرۈشكە ئاتلاندى. كىچىك ئاتىسى ۋېي چىڭ ئۇنى قىران چېرىكچى قىلىپ تەيىنلىدى. شۇنىڭدىن كېيىن، خوچۇبىڭ ئات مىنىپ يالمان ئويىنىتىدىغان لەشكەرلىك هاياتىنى باشلىدى. ۋېي چىڭ ئىككى قېتىم دىڭشياڭدىن چىققاندا، خوچۇبىڭ ئۆزى يالغۇز 800 باتۇر، يېنىك چەۋەندازنى باشلاپ ۋېي چىڭ قوشۇنىدىن يۈز نەچچە چاقىرىم ئۇزاپ، هۇنلارنىڭ كەينى تەرىپىگە ئىچكىرىلەپ كىرىپ، پايدىلىق جەڭ پۇرسىتىنى چىڭ تۇتۇپ، ئىككى مىڭدىن ئارتۇق دۈشمەننى ئۆلتۈردى ۋە تۇتقۇن قىلدى. بۇنىڭ ئىچىدە، تەڭرىقۇتنىڭ بوۋا جەمەتىدىن بولغان شىرۇ بېگى، چان بەگنى ئۆلتۈردى. هۇنلارنىڭ باش ۋەزىرى، تۇتۇن بېگىنى ۋە تەڭرىقۇتنىڭ تاغىسى رۇگۇربىلەر خەن قوشۇنىغا ئەسىرگە چۈشتى. خوچۇبىڭ باتۇرلۇق بىلەن جەڭ قىلىپ، دۈشمەننى ئۆلتۈرۈپ تۆھپە ياراتقاندا، ۋېي چىڭنىڭ قول ئاستىدىكى ئالتە پېشقەدەم سانغۇننىڭ ئۆپكىسى كۆرۈنۈپ قالدى. تۇرشاۋۇل سانغۇن جاۋشىن هۇنلارغا تەسلىم بولدى. ئوڭ قانات سانغۇن سۇجيەن قوشۇنىنى تاشلاپ قېچىپ كەلدى. قالغان تۆت سانغۇننىڭمۇ چوڭ نەتىجىسى ئادەتتىكىدەك ئىدى. خوچۇبىڭنىڭ باتۇر ئۈچ قوشۇنىنىڭ تۆھپىلىرىنى تەقدىرلەش ئۈچۈن خەن ۋۇدى ئۇنىڭغا ئۇزغان تۆرە مەرتىۋىسىنى بەردى؛ لېكىن ئۇلۇغ سانغۇن ۋېي چىڭنىڭ تۆھپىسى كۆرۈنەرلىك بولمىغانلىقى، ئىككى سانغۇنىدىن ئايرىلىپ قالغانلىقى ئۈچۈن تارتۇقلانمىدى.

يۈەنشۇ يىللىرى ئارىلىقىدا (مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 128 — 123 ـ يىللار) خەن قوشۇنلىرى توختىماي خۇاڭخېنىڭ جەنۇبى بىلەن چۆللۈكنىڭ جەنۇبىدىكى جەڭلەرنى قوزغىغاندىن كېيىن،

ھۇنلار خۇاڭخېنىڭ جەنۇبىدىكى جايلاردىن مەھرۇم بولدى. ئىچىنىسە تەگرىقۇت جاۋشىنىنىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلىپ، ئاساسىي قوشۇننى چۆللۈكنىڭ شىمالىغا يۆتكەپ كەتتى. قۇملۇقنىڭ جەنۇبىدىكى كەڭ رايونلاردا پەقەت شەرقتە سول تۇغ قان، غەربتە خېشى رايونىدىكى قونشارقان، شۇتۇق قاننىڭ قىسىملىرىلا قالغانىدى. لېكىن، ئىككى تەرەپنىڭ ئالاقىسىنى خەن قوشۇنلىرى ئۈزۈۋەتكەنىدى. ھۇنلارنىڭ شەرق، غەرب تەرەپتىكى ئىككى ئەمەلىي كۈچىدىن قارىغاندا، شەرق تەرەپتىكى سول تۇغ قاننىڭ قوشۇنى كىچىك بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ پائالىيەت رايونى ئاساسەن خەن چېگرىسىنىڭ شەرقىي قىسىملىرى بولۇپ، خەن سۇلالىسىنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي مەركىزى گۇەنجۇڭ رايونىغا بولغان تەھدىتى چەكلىك ئىدى. لېكىن، خېشى رايونى ئۇنداق ئەمەس ئىدى. ئەزەلدىن تارتىپ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك بىلەن غەربىي يۇرتنىڭ بوغۇزىغا جايلاشقان مۇھىم قاتناش يولى بولۇپ، خېشى رايونى كونترول قىلىنسا غەربىي يۇرتنى بېسىۋېلىپلا قالماي، جەنۇبتا چياڭلار بىلەن ئالاقە باغلاپ غەربىي شىمالىي چېگرىنىڭ بىخەتەرلىكىگە بىۋاسىتە تەھدىت سالغىلى بولاتتى. غەربىي يۇرت بىلەن بولغان قاتناش ئالاقىسىنى راۋانلاشتۇرۇش ۋە غەربىي چېگرىسىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن، خەن ۋۇدى پۇرسەتنى قولدىن بەرمەي ئىككىنچى قېتىملىق ئىستراتېگىيىلىك ئۇرۇش — خېشى ئۇرۇشىنى قوزغىدى. ئۇرۇش قوماندانلىقىنىڭ ئېغىر يۈكى ياش ئۈزىغان تۆرە خوچۇبىڭنىڭ زىممىسىگە يۈكلەندى.

خەن ۋۇدى يۈەنشۇنىڭ ئىككىنچى يىلى (مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 121 - يىلى) ئەتىيازدا، خوچۇبىڭ قىران چەۋەنداز سانغۇنلۇققا تەيىنلىنىپ، ئون مىڭ چەۋەندازنى باشلاپ، لوڭشىنىڭ شىمالىدىن چىقىپ ھۇنلارغا تېگىش قىلدى. خەن قوشۇنى ۋۇشياۋلىنىڭ تېغىدىن ئۆتۈپ، خۇنۇ دەرياسى (ھازىرقى

گەنسۇ مىنلى، ۋۇ ۋېي ئەتراپلىرىدىن ئېقىپ ئۆتىدۇ) دىن كېچىپ، ھۇنلارنىڭ بەش بەگلىكى ئارىلىقىدا ئايلىنىپ جەڭ قىلىپ، قارشىلىق كۆرسەتكەنلەرنى قورال كۈچى بىلەن بويسۇندۇرۇپ، تەسلىم بولغانلارنى ئەمىن قىلدى. ئالتە كۈنلۈك جەڭدىن كېيىن بەش بەگلىكنىڭ ھەممىسى خەن قوشۇنىنىڭ كونتروللۇقىغا ئۆتتى. خوچۈبىڭ يەنجى تېغىدىن ئۆتۈپ مىڭ نەچچە چاقىرىم يۈرۈپ، قونشارقان، شۈتۇق قانىنىڭ قىسىملىرى بىلەن گاۋلەن تېغىدا (بۇ يەر ئېنىق ئەمەس، ھازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ غەربىي شىمال قىسمىغا توغرا كېلىدۇ. ھازىرقى لەنجۇ ئەتراپىدىكى گاۋلەن تېغى ئەمەس) قاتتىق گىرەلەشمە جەڭ قىلدى. چاپ - چاپ ئۇرۇشى قىلماي، قىلىچۋازلىق ئۇرۇشى قىلدى. كۆپ ھەم تېز ئۇرۇش قىلىپ، ھۇنلارنىڭ شەرەن خانى ۋە رۇقۇ خانىنى ئۆلتۈرۈپ، قونشارقانىنىڭ ئوغلى، باش ۋەزىر كاھېبگىنى ئەسىر ئېلىپ، نۇرغۇن ئادەمنى تۇتقۇن قىلدى ھەمدە شۈتۇق قان ئىبادەت قىلىدىغان ئالتۇن بۇتنى قولغا چۈشۈردى. بۇ قېتىمقى ئۇرۇشتا خەن قوشۇنلىرىنىڭ چىقىمى ناھايىتى ئېغىر بولدى. خېلى كۆپ سەركەردە ۋە لەشكەرلەرنىڭ جەسىتى چۆلدە قالدى.

خېشى ئۇرۇشىدا دەسلەپكى غەلىبىنى قولغا كەلتۈرگەندىن كېيىن، خېشى رايونىنى ئۈزۈل - كېسىل ئىگىلەش ئۈچۈن، شۇ يىلى يازدا خەن قوشۇنلىرى ئىككى يولغا بۆلۈنۈپ، خېشى رايونىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۇرۇشىنى رەسمىي باشلىدى. خېشى ئۇرۇشىنىڭ ئاساسىي ھۇجۇم يۆنىلىشى بولغان غەربىي يۆنىلىش تەرەپتىن، قىران چەۋەنداز سانغۇن خوچۈبىڭ، ھەمراھ بەگ گۇڭسۈن ئاۋ ئون مىڭ كىشىلىك قوشۇننى باشلاپ، بېيدى (ھازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسى چىڭياڭ ناھىيىسىنىڭ غەربىي شىمالى) دىن ئىككى يولغا بۆلۈنۈپ يۈرۈش قىلدى. شەرقىي يۆنىلىشتىن بىلگە بەگ جاڭ چيەن بىلەن قوۋۇقچىباشى لى گۇاڭ

14 مىڭ چەۋەنداز بىلەن يۈيپىيىڭدىن بۆلۈنۈپ يولغا چىقىپ ھۇنلارنىڭ سول تۇغ قانىنىڭ قىسىملىرىنى توسۇپ، غەربىي يۆنىلىش ئاساسىي قىسىمنىڭ ھۇجۇمىغا ماسلاشتى. بۇ قېتىمقى ئۇرۇش لايىھىسى يۈەنشۇنىڭ بەشىنچى يىلىدىكى خەن قوشۇنلىرى قوزغىغان چۆللۈكنىڭ جەنۇبىي ئۇرۇشى بىلەن پۈتۈنلەي ئوخشاش ئىدى.

شەرقىي يۆنىلىش تەرەپتە، لى گۇاڭ تۆت مىڭ چەۋەندازنى باشلاپ ئالدىن يولغا چىقتى. خەن قورۇلىدىن چىقىپ شىمالغا قاراپ يۈز چاقىرىم ماڭغاندىن كېيىن، سول تۇغ قانىنىڭ 40 مىڭ چەۋەندازى بىلەن تويۇقسىز ئۇچرىشىپ قالدى. بىراق، جاڭ چيەن باشلاپ كېلىۋاتقان 10 مىڭدىن ئارتۇق لەشكەر جەڭگاھقا ۋاقتىدا يېتىپ كېلەلمىگەچكە، خەن قوشۇنىدىن تۆت مىڭ چەۋەنداز ھۇنلارنىڭ 40 مىڭ كىشىلىك قوشۇنىنىڭ مۇھاسىرىسىدە قالدى. ئۆزلىرىدىن ئون ھەسسە ئارتۇق دۈشمەن قوشۇنىغا دۈچ كەلگەن خەن قوشۇنى قورقۇپ ساراسىمىگە چۈشتى. قوشۇننىڭ كۆڭلىنى تىنچلاندۇرۇش ئۈچۈن، لى گۇاڭ كەسكىن ھالدا، ئۆز ئوغلى لى گەنگە نەچچە ئون باتۇرنى باشلاپ دۈشمەن قوشۇنىغا ئۇدۇللاپ زەربە بېرىشكە بۇيرۇدى. بۇ تويۇقسىز ھۇجۇمدىن ھۇن قوشۇنلىرىنىڭ سېپى پاراكەندە بولۇپ، ئۇنۇملۇك توسۇشقا ئۈلگۈرەلمىدى. لى گەن باتۇر چەۋەندازلارنى باشلاپ، ھۇن قوشۇنلىرىنىڭ ئارىسىغا بۆسۈپ كىرىپ، بىر نەچچە دۈشمەننى ئۆلتۈرگەندىن كېيىن، ھۇنلارنىڭ سېپىدىن بۆسۈپ چىقىپ، ئۈچقاندەك قايتىپ كېلىپ لى گۇاڭغا: «ھۇنلار تايىنلىق ئىكەن!» دەپ مەلۇمات بەردى. خەن قوشۇنىدىكى سەركەردە، لەشكەرلەر باش سانغۇننىڭ ئوغلىنىڭ دۈشمەنلەرنى باتۇرلارچە ئۆلتۈرگەن كۆرۈنۈشلىرىنى كۆرۈپ، كۆڭلى جايىغا چۈشتى. لى گۇاڭ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، خەن قوشۇنلىرىنى دائىرە شەكلىدە سەپكە تۇرغۇزۇپ، تەمىنات

ھارۋىلىرىنى ئۆلاپ، سىرتقى توسۇق قىلدى. ئوقياچىلار چوڭ ھارۋىلارنى پاناھداپ سەپنى قاتتىق ساقلىدى. بۇ چاغدا، ھۇنلارنىڭ 40 مىڭ كىشىلىك زور قوشۇنى گويا تاغنى تالقان قىلغاندەك ئەلپازدا خەن قوشۇنلىرى سېپىغا يوپۇرۇلۇپ ھەممە يامغۇردەك ئوق ياغدۇرۇپ، خەن لەشكەرلىرىنىڭ تېنىنى پارە - پارە قىلىپ، قىر - چاپ سادالىرى كۆكنى لەرزىگە سالدى. بىر نەچچە قېتىملىق شىددەتلىك ئۇرۇشتىن كېيىن، خەن لەشكەرلىرىنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكى ئۆلدى ۋە يارىلاندى. ئوقلىرىمۇ تۈگەي دەپ قالدى. مۇشۇ ئاچقۇچلۇق پەيتتە لى گۇاڭ لەشكەرلىرىگە ئوقلىرىنى ئاتماسلىققا پەرمان قىلدى. ئۆزى داڭلىق «داخۇاڭ» ناملىق ئوقياسىنىڭ كىرىچىنى تارتىپ دۈشمەن ئەھۋالىغا قاتتىق دىققەت قىلىپ تۇردى. قىسقا ۋاقىت ئارامدىن كېيىن ھۇن چەۋەندازلىرى خەن قوشۇنلىرىغا يەنە بىر قېتىم ھەيۋەت بىلەن يوپۇرۇلۇپ كەلدى. لى گۇاڭ ھۇجۇمغا قوماندانلىق قىلىۋاتقان سانغۇننى چەنلەپ كەينى - كەينىدىن ئوق ئۈزۈپ ياۋنىڭ بىر نەچچە ئادىمىنى ئۆلتۈردى. بۇنداق ۋايىغا يەتكەن ئوقيا ماھارىتىنى كۆرگەن ھۇن لەشكەرلىرىنىڭ كۆڭلى دەككە - دۈككىگە چۈشۈپ، ھۇجۇملىرى بىر پەس پەسكويغا چۈشتى. تۈن پەردىسى چۈللۈك ئۈستىگە يېيىلىپ، سوغۇق شامال چىقىشقا باشلىغاندا، بىر كۈن قاتتىق جەڭ قىلغان لەشكەرلەر ۋەھىمە ۋە ئۆلۈم تەشۋىشىدە ھېرىپ ھالىدىن كەتكەن ۋە ئادەم تەلەتى قالمىغانىدى. لى گۇاڭ بولسا يەنىلا ئۆزىنى تەمكىن تۇتۇپ، لەشكەرلەرگە تەسەللى بېرىپ سەپنى كۆزدىن كەچۈرۈپ، مۇداپىئە ئىشلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ تۇراتتى. بۇ چاغدا، جاڭ چيەن باشلاپ ماڭغان ئاساسىي قوشۇن لۈمۇلدەپ يېتىپ كېلىدۇ. خەن قوشۇنلىرىنىڭ ھەمدەمچى قىسىمىنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىنى كۆرگەن سول تۈغ قان غەلىبىگە كۆزى يەتمەي، مۇھاسىرىنى بىكار قىلىپ شىمالغا

چېكىنىپ كېتىدۇ. خەن قوشۇنلىرى ئېغىر چىقىم تارتقان، قاتتىق چارچىغانلىقتىن قوغلىغىدەك مادارى قالمىغانىدى. شەرقىي سەپتىكى ئۇرۇش مۇشۇنداق ئاياغلىشىدۇ.

غەربىي يولدا، خەن قوشۇنلىرىنىڭ يۈرۈشلىرىمۇ دەسلەپتە ئانچە ئوڭۇشلۇق بولمىدى. گوڭسۇن ئاۋ قىسىملىرى بېيدىدىن چىقىپلا يولدىن ئادىشىپ خېشى ئۇرۇشىغا قاتنىشالمىدى. ئۇرۇشنىڭ ئېغىر يۈكى خوچۈبىڭ بىر كىشىنىڭ زىممىسىگە چۈشتى. خوچۈبىڭ قاتتىق تاللانغان ماھىر چەۋەندازلارنى باشلاپ، بېيدىدىن چىقىپ غەربىي شىمالغا قاراپ ئىلگىرىلىدى. خۇاڭخې دەرياسىدىن ئۆتۈپ، خېلەنشەن تېغىدىن ئېشىپ چوڭ قۇملۇقنى كېسىپ ئۆتۈپ جۈيەن سازلىقى (ھازىرقى ئىچكى موڭغۇلنىڭ ئېرگىنا خوشۇنى تەۋەسىدە) غا يېتىپ بارغاندىن كېيىن، غەربىي جەنۇبقا بۇرۇلۇپ كىچىك توخرىلار (غەربكە كۆچمەي چىلىيەنشەن تاغلىرىدا چىپانلار بىلەن ئارىلىشىپ ئولتۇراقلاشقان توخرىلار «كىچىك توخرىلار» دەپ ئاتالغان.) دىن ئۆتۈپ، يەنە غەربىي شىمالدىن غەربىي جەنۇبقا بۇرۇلۇپ ئىككى مىڭ چاقىرىم ئىچكىرىلەپ، ھۇن قوشۇنلىرىنىڭ كەينى تەرىپىگە ئايلىنىپ ئۆتۈپ چىلىيەنشەن تاغلىرى بىلەن خېلەنشەن تاغلىرى ئارىلىقىدىكى لۈدې (ھازىرقى گەنسۇ جاڭيېنىڭ غەربىي شىمالىدا) ئەتراپىدا ھۇنلارنىڭ قونشار قانى ۋە شۇتۇق قاننىڭ قىسىملىرى بىلەن قاتتىق تۇتۇشتى. خىللانغان چەۋەندازلارنىڭ شىددەتلىك ھۇجۇمىدا چېكىنىش يولى ئۈزۈپ تاشلانغان ھۇن قوشۇنلىرى قاتتىق ساراسىمىگە چۈشۈپ ئۇنۇملۇك ئۇرۇش سېپى تەشكىللەشكە ئەسلا ئىمكانى بولمىدى. بۇنىڭ بىلەن بىر دەمدىلا ۋەتۆەرىكى چىقىپ ئۇلارنىڭ سېپى بۇزۇلۇپ، 32 مىڭدىن ئارتۇق ئادىمى ئۆلتۈرۈلدى. ھۇنلارنىڭ قونشارقان، شۇتۇق قان ناملىق ئىككى خانى ۋە ۋەزىر، كاھىبەگ قاتارلىقلار پايدىسىز ۋەزىيەتنى كۆرۈپ، ئىككى مىڭدەك ئادەمنى باشلاپ خەن قوشۇنىغا تەسلىم

بولدى. ھۇنلارنىڭ بەش نەپەر قاغانى، خان ئانىسى، تەگرىقۇت ئالچىسى، تېكىنى قاتارلىق ئاقسۆڭەكلەردىن 59 كىشى، ۋەزىر، سانغۇن، ياساقبەگ، كاھبەگ قاتارلىق ئەمەلدارلىرى بولۇپ 63 ئادەم ئەسىرگە چۈشتى. خوچۇبىڭ باشقا سانغۇنلار ماسلاشمىغان ئەھۋالدا يالغۇز ئۆزىنىڭ بىر قوشۇنىنى باشلاپ، يەر شەكلى مۇرەككەپ بولغان خېشى رايونىدا ئىككى مىڭ چاقىرىمدىن ئارتۇق يول يۈرۈپ جەڭ قىلىپ، ئارانلا ئۈچ مىڭدىن ئارتۇق ئادەم چىقىم تارتىش بەدىلىگە ھۇنلارنىڭ خېشى رايونىغا ئورۇنلاشتۇرغان ئاساسىي قىسمىنى بىر يولدىلا يوقاتتى ۋە خېشى جېڭىدىكى ھەل قىلغۇچ غەلىبىنى قولغا كەلتۈردى. شۇنىڭدەك ئۆزىدەك بىر ياش سانغۇننىڭ ئاجايىپ باتۇرلۇقى ۋە قالتىس قوماندانلىق قابىلىيىتىنى تولۇق نامايان قىلدى. خەن ۋۇدى خۇشال بولۇپ، ئۇنىڭغا بەش مىڭ 400 تۈتۈنلۈك يەر قوشۇپ سۇيۇرغال قىلدى. سەركەردە، شۆڭقار ئەمىرلەشكەر جاۋپونۇ ۋە چېرىكچى گاۋ بۇشى جەڭدە تۆھپىسى بولغانلىقى ئۈچۈن تۆرىلىك مەرتىۋىسى بېرىلدى.

قونشارقان، شۇتۇق قانلار بىر يىل ئىچىدىكى ئىككىلا قېتىملىق جەڭدە مەغلۇپ بولۇپ، نەچچە تۈمەن خىل چەۋەندازلىرىدىن ئايرىلدى. خېشى رايونى خەۋپتە قالغانلىقى ئۈچۈن ئىچىغىسە تەگرىقۇت قاتتىق غەزەپلىنىپ قونشارقان بىلەن شۇتۇق قاننى تەگرىقۇت ئوردىسىغا چاقىرىپ قاتتىق جازالىماقچى بولدى. ئىككىيلەن قاتتىق ۋەھىمىگە چۈشۈپ، شۇ يىلى كۈزدە مەخپىي مەسلىھەتلىشىپ خەن سۇلالىسىگە تەسلىم بولماقچى بولدى ۋە ئەلچى ئەۋەتىپ خۋاڭخې دەرياسى بويىدا سېپىل سېلىشقا نازارەتچىلىك قىلىۋاتقان سورۇنبەگ لى شى بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزمەكچى بولدى. خەن ۋۇدى لى شىنىڭ دوكلاتىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، بۇنىڭدا بىر مەسىلە بولۇشىدىن ئەنسىرەپ، خوچۇبىڭغا قوشۇننى باشلاپ بېرىپ، ئۇلارنىڭ تەسلىمىنى قوبۇل

قىلىش توغرىسىدا يارلىق چۈشۈردى. خوجۇبىڭ زور قوشۇننى باشلاپ خۋاڭخې دەرياسىدىن ئۆتكەندە، قونشارقاننىڭ بىر قىسىم سەركەردىلىرى خەن قوشۇنلىرىنىڭ كۈچلۈكلۈكىنى كۆرۈپ قاچماقچى بولدى. باشقىلارمۇ ئۇنىڭغا ئەگىشىپ پاراكەندە بولدى. مۇشۇنداق تولىمۇ جىددىيپەيتتە، خوجۇبىڭ پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، سەرخىل لەشكەرلىرىنى باشلاپ، هۇن بارگاھىغا كىرىپ قونشارقان بىلەن كۆرۈشۈپ، قېچىشقا ئۇرۇنغانلاردىن نۇرغۇن ئادەملەرنى ئۆلتۈرۈپ، 40 مىڭدىن ئارتۇق ئادەمنى تەسلىم قىلدى. لېكىن، تەسلىم بولغانلارنى يۈز مىڭ دەۋالدى. شۇنىڭ بىلەن هۇنلارنىڭ خېشى رايونىدىكى يېرىم ئەسىردىن كۆپرەك هۆكۈمرانلىقى ئۈزۈل - كېسىل يىمىرىلدى.

قونشارقان خەن سۇلالىسىگە تەسلىم بولغاندىن كېيىن، خەن ۋۇدى يارلىق چۈشۈرۈپ، قونشارقان قاتارلىقلارنى چاڭئەنگە ئېلىپ كېلىپ، تۆرلىك مەرتىۋىسى بېرىپ كۆڭلىگە تەسەللى بەردى. قالغانلىرىنى لۇڭشى، بېيدى، شاڭجۈن، شوفاڭ، يۈنجۇڭ قاتارلىق بەش ۋىلايەتكە، خۋاڭخېنىڭ جەنۇبىدىكى قورۇلىنىڭ ئىچىگە ئورۇنلاشتۇردى، هۇنلارنىڭ ئۆرپ - ئادەتلىرى، ئەمەل، ئۇنۋان ئەنئەنىلىرىنى داۋاملاشتۇرۇپ بەش قارام ئەل تەسىس قىلىپ، قارام ئەللەرگە كاھىبگى تەيىنلەپ ئىدارە قىلدى. كېيىن يەنە قونشارقان، شۇتۇق قانلارنىڭ ئۆز يۇرتلىرىغا كەينى - كەينىدىن جيۇ چۈەن، ۋۇ ۋېي، جاڭيې، دۇنخۇاڭ قاتارلىق تۆت ۋىلايەتنى تەسىس قىلىپ، گۇەندۇڭ رايونىدىن يۈز مىڭدەك نامرات ئاھالىنى كۆچۈرۈپ، ئاھالە تولۇقلىدى. خېشىدىكى تۆت ۋىلايەتنىڭ تەسىس قىلىنىشى هۇنلار بىلەن چياڭلارنىڭ قاتناش ئالاقىسىنى ئۈزۈپ، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك ۋە غەربىي يۇرت بىلەن بولغان ئالاقىنى راۋانلاشتۇردى. شۇنىڭدىن باشلاپ، هۇنلارنىڭ غەربىي يۇرتنى يالغۇز ئىگىلىۋالىدىغان دەۋرىنىڭ ئاخىرلاشقانلىقىنى جاكارلىدى.

خەن سۇلالىسىنىڭ ئەلچىلىرى، سودا كارۋانلىرى، لەشكەرىي قوشۇنلىرى خېشى كارىدورى ئارقىلىق غەربىي يۇرتقا ئۇزۇلمەي بېرىپ، غەربىي يۇرتنى كونترول قىلىش ئۈچۈن، ھۇنلارغا قارشى شىددەتلىك جەڭلەرنى ئېلىپ بېرىشقا تەييارلاندى.

خەن ۋۇدى ئارقا - ئارقىدىن خۇاڭخېنىڭ جەنۇبى ۋە خېشى ئۇرۇشلىرىنى قوزغىغاندىن كېيىن، ھۇنلار چۆللۈكنىڭ جەنۇبىدىكى ئىككى مۇھىم ئىستراتېگىيىلىك جاي — خۇاڭخېنىڭ جەنۇبى ۋە خېشى رايونىدىن مەھرۇم بولدى. خەن سۇلالىسى ئاخىرقى ھېسابتا ھۇنلارنىڭ ئاساسىي كۆچىنى چېگرىدىن يىراق جايغا، تەبىئىي شارائىتى چۆللۈكنىڭ جەنۇبىدىن تولىمۇ ناچار بولغان چۆللۈكنىڭ شىمالىي رايونىغا يۆتكىلىپ كېتىشكە مەجبۇرلاپ، ھۇنلارنىڭ خەن سۇلالىسىنىڭ ئوتتۇرا ۋە جەنۇبىي چېگرىلىرىغا بولغان تەھدىتىنى ئاساسەن تۈگەتتى. خەن - ھۇن ئىككى تەرەپنىڭ ئەمەلىي كۈچ سېلىشتۇرمىسىدا تۈپتىن ئۆزگىرىش ياسىدى. شۇنداقلا، كېيىنكى چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى خەن سۇلالىسى بىلەن ھۇنلار ئوتتۇرىسىدىكى ھەل قىلغۇچ ئۇرۇش ئۈچۈن شارائىت ھازىرلىدى. خۇاڭخېنىڭ جەنۇبىي ئۇرۇشىدىن كېيىن ھۇنلار چۇغاينىڭ جەنۇبىدىكى كەڭ رايونلاردىن مەھرۇم بولغانلىقىدىن كۆڭلى قاتتىق يېرىم بولۇپ، ھەر قېتىم بۇنى ئويلىغىنىدا، يۇزلىرىنى چاڭگاللاپ قاتتىق يىغلايدىغان بولدى. خېشى ئۇرۇشىدىن كېيىن، ھۇنلار ئوت، سۇيى ئەلۋەك خېشى رايونىدىن مەھرۇم بولۇپ، ئىقتىسادىي جەھەتتە تېخىمۇ زور زىيان تارتقاچقا، مۇنداق دەپ قوشاق توقۇشقانىدى:

«ئايرىلىپ قالغاندا تەڭرىتېغىدىن،
ئاۋۇماس بوپقالدى چارۋا - مېلىمىز.
ئايرىلىپ قالغاندا ئالچى تېغىدىن،
مۇڭلىنىپ، سارغايدى قىز - ئايالىمىز».

## 4. چوللۆكنىڭ شىمالىدىكى ھەل قىلغۇچ جەڭ

خەن ۋۇدى يۈەنشوۋنىڭ بەشىنچى يىلىدىكى خۇاڭخېنىڭ جەنۇبىي ئۇرۇشى بىلەن يۈەنشوۋنىڭ ئىككىنچى يىلىدىكى خېشى ئۇرۇشى ئارقىلىق، خەن — ھۇن ئۇرۇشى ۋەزىيىتىدە تۈپتىن ئۆزگىرىش يۈز بەردى. ھۇنلارنىڭ ئىككى قېتىملىق ھەل قىلغۇچ جەڭدە ئۇدا ئېچىنىشلىق مەغلۇپ بولۇشى، ئون تۈغ قان قىسىملىرىنىڭ قاتتىق چىقىم تارتىشى، قونشارقان ۋە شۇتۇق قانلارنىڭ قىسىملىرىنىڭ پۈتۈنلەي مەغلۇپ بولۇشى غەربىي شىمال چېگرىدىكى ھۇنلارنىڭ باسمىچىلىق ھەرىكىتىگە ئاساسىي جەھەتتىن خاتىمە بەردى. ئىچىغىسە تەڭرىقۇت جاۋشىنىنىڭ تەكلىپىنى ئاڭلاپ، چوللۆكنىڭ جەنۇبىدىن ۋاز كېچىپ، ئاساسىي قىسمىنى خەن قورۇلىدىن يىراق بولغان چوللۆكنىڭ شىمالىي رايونىغا يۆتكەپ كېتىپ، خەن قوشۇنلىرىنى چوللۆككە ئىچكىرىلەپ كىرگۈزۈپ، پۇرسەت كۈتۈپ يوقاتماقچى بولدى. شۇڭا، خەن سۇلالىسى چېگرىلىرىغا بولغان پاراكەندىچىلىكنى تېخى توختاتمىغانىدى. بولۇپمۇ، ھۇنلارنىڭ شەرقىي قىسمىغا جايلاشقان سول تۈغ قانىنىڭ قىسىملىرى باشتىن - ئاخىر ئېغىر زەربىگە ئۇچرىمىغاچقا، كۈچلۈك ئەمەلىي كۈچىنى ساقلاپ قالغانىدى. خېشى ئۇرۇشى ئاياغلىشىپ ئىككىنچى يىلى، ھۇنلار-ئىككى يولغا بۆلۈنۈپ ھەربىرى ئون مىڭ چەۋەنداز بىلەن يۈبېيپىڭ ۋە دىڭشياڭدىن ئىبارەت ئىككى ۋىلايەتكە بېسىپ كىرىپ، ئون مىڭدىن ئارتۇق ئادەمنى ئۆلتۈرۈپ ۋە بۇلاپ قورۇلدىن چىقىپ كەتتى.

خەن ۋۇدى خۇاڭخېنىڭ جەنۇبى ۋە خېشى ئۇرۇشىنى

پىلانلىغاندا، ئەسلىدە پەقەت خۇاڭخېنىڭ جەنۇبى ۋە خېشى رايونىدىن ئىبارەت ئىككى ئىستراتېگىيىلىك جاينى قايتۇرۇۋالغاندىن كېيىن، ھۇنلارغا بىر زەربە بېرىپلا شىمالىي چېگرىنىڭ ئەمىنلىكىگە كاپالەتلىك قىلىشنى پىلانلىغان، چۆللۈككە ئىچكىرىلەپ كىرىپ، ھۇنلارنىڭ ئاساسىي قىسمى بىلەن جەڭ قىلىش نىيىتىدە بولمىغانىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، خەن سۇلالىسىنىڭ ۋەزىر - ۋۇزرالىرى بىردەك «ھۇنلار چارۋىچى مىللەت، تەرەپ - تەرەپكە كۆچۈپ يۈرۈيدۇ، تەلتۆكۈس بويسۇندۇرماق تەس. ئەگەر ھۇنلار چېگرىغا پاراكەندىچىلىك سالمىسا، خەن قوشۇنلىرى توختىماي قوغلاشقا ئۇرۇنمىسىمۇ بولىدۇ» دەپ قاراشقانىدى. شىمالىي چېگرىدا ئۇرۇش ئوتلىرى ئۆچمىدى. ھۇنلارغا زەربە بېرىش جېڭىنى داۋاملاشتۇرماي بولمىدى.

خەن ۋۇدى يۈەنشۇنىڭ تۆتىنچى يىلى (مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 119 - يىلى) يازدا، شەخسەن ئۆزى سەركەردىلەر كېڭىشى چاقىرىپ، ھۇنلارغا قارشى ئۇرۇش ئىشىنى پىلانلىدى. خەن ۋۇدى ۋە سەركەردىلەرنىڭ ھەممىسى: «ھۇنلار ئاساسىي كۈچىنى چۆللۈكنىڭ شىمالىغا يۆتكەپ كەتتى، ئۇلار خەن قوشۇنلىرىنىڭ شىمالىي چۆللۈكنى كېزىپ، ئۇزۇن يىل يۈرۈپ جەڭ قىلغۇدەك ئىقتىدارى يوق، دەپ قارىدى. ئەگەر ھۇن قوشۇنلىرى لەشكەرلىرىنى يىغىپ شىمالىي چۆللۈككە ئىچكىرىلەپ كىرسە، ھۇنلارنىڭ بۇ خاتا ھۆكۈمىدىن تولۇق پايدىلىنىپ، دۈشمەن تەييارلىقسىز تۇرغان پۇرسەتتە ھۇجۇم قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئاساسىي كۈچىنى بىر يولدىلا بىتچىت قىلغىلى بولىدۇ» دەپ قاراشتى. خەن ۋۇدى بۇ ئۇرۇش پىلانىنى بېكىتتى ھەم تەستىقلىدى. شۇنىڭ بىلەن خەن سۇلالىسى بىلەن ھۇنلار ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇش تارىخىدىكى كۆلىمى ئەڭ زور بولغان بىر قېتىملىق ئىستراتېگىيىلىك ھەل قىلغۇچ ئۇرۇش باشلاندى.

چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى ئۇرۇشنىڭ غەلىبىلىك ئېلىپ بېرىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، خەن سۇلالىسى مەركىزىي ھۆكۈمىتى تولۇق تەييارلىق قىلدى. پۈتۈن مەملىكەت بويىچە زور مىقداردا ھەربىي لازىمەتلىكلەرنى تەييارلىدى. 100 مىڭ سەرخىل چەۋەندازلار قوشۇننى تاللىدى. تەمىنات، نەقلىياتلارنى يۆتكەشكە 100 مىڭدەك پىيادە لەشكەر مەسئۇل بولدى. خەلقتىن 40 مىڭ ئات يىغىپ قوشۇنغا زاپاس ئىشلىتىشكە بەردى. خەن قوشۇنلىرى ئەسلىدە دىڭشياڭدىن چىقىپ ئۇدۇل شىمالىي چۆللۈككە بېرىپ، ئىچىغىسە تەڭرىقۇتنىڭ ئاساسىي قىسمىنى تېپىپ ئۇرۇشماقچى بولغانىدى. زور قوشۇن يولغا چىقىش ئارىلىقىدا ئەسىرگە چۈشكەن بىر ھۇن لەشكىرىنىڭ ئاغزىدىن تەڭرىقۇتنىڭ شەرققە كەتكەنلىكىنى ئاڭلاپ، دەرھال ئۇرۇش پىلانىنى ئۆزگەرتىپ، ئۇلۇغ سانغۇن ۋېي چىڭ بىلەن قىران چەۋەنداز سانغۇن خوچۈبىڭلارغا ھەربىرىنىڭ 50 مىڭدىن چەۋەندازنى ئېلىپ، ئايرىم - ئايرىم دىڭشياڭ، دەيجۈنلەردىن چىقىپ ھۇنلارغا ھۇجۇم قىلىش ھەققىدە يارلىق چۈشۈردى. بۇ چاغدا، ھۇنلار خەن قوشۇنلىرىنىڭ زور كۆلەمدە باستۇرۇپ كېلىۋاتقانلىقىدىن خەۋەر تاپىدۇ. جاۋشىن ئىچىغىسە تەڭرىقۇتقا يەنە، «خەن قوشۇنلىرى چۆللۈككە ئىچكىرىلەپ كىرگەن تەقدىردىمۇ، لەشكەرلىرى ۋە ئاتلىرى ھېرىپ - چارچايدۇ. قوشۇنىمىز ھېچقانچە كۈچ سەرپ قىلمايلا يېڭىۋالالايدۇ» دەپ مەسلىھەت بەردى. تەڭرىقۇت ئۇنىڭ پىكرىنى قوبۇل قىلىپ، ئاياللار ۋە بالىلارنى، ئاجىز - ئورۇقلارنى ۋە ئات - ئۇلاغ، مال - مۈلۈكلەرنى يىراق شىمالىي رايونلارغا ئاپىرىۋېتىپ خىل لەشكەرلىرى بىلەن چۆللۈكنىڭ شىمالىدا خەن لەشكەرلىرىنى كۈتىدۇ.

ئۇلۇغ سانغۇن ۋېي چىڭ قوماندانلىقىدىكى غەربىي يول قوشۇنى دىڭشياڭدىن چىقىپ، تەڭرىقۇتنىڭ ئاساسىي قىسمى

بىلەن ئۇچرىشىدۇ. زور قوشۇن يولغا چىقىشتىن بۇرۇن پېشقەدەم سانغۇن لى گۇاڭ 60 تىن ئاشقان بولسىمۇ، غەيرەتتىن كەتمىگەننىدى. ئۇ خەن ۋۇدىدىن تەشەببۇسكارلىق بىلەن ھۇنلارغا ھۇجۇم قىلىشنى ئىلتىماس قىلىدۇ. خەن ۋۇدى لى گۇاڭ ياشىنىپ قالدى، دەپ ئۇنىمايدۇ. لېكىن، لى گۇاڭ قايتا تەلەپ قىلىپ تۇرۇۋالغاچقا، خەن ۋۇدى لى گۇاڭنى تۇرشاۋۇل سانغۇن قىلىپ، ۋېي چىڭنىڭ قوماندانلىقىدا بولۇشقا پەرمان قىلىدۇ. قوشۇندا يەنە ۋېي چىڭنىڭ يېقىن دوستى گۇڭسۇن ئاۋمۇ بار ئىدى. يۇەنشۇنىڭ ئىككىنچى يىلىدىكى خېشى ئۇرۇشىدا گۇڭسۇن ئاۋ جەڭ پۇرسىتىنى ئۆتكۈزۈۋەتكەچكە تۆرىلىك مەرتىۋىسى ئېلىپ تاشلانغانىدى. ئارىچىغۇنلۇققا تەيىنلىنىپ ۋېي چىڭنىڭ قول ئاستىدا بولدى. ۋېي چىڭ دىڭشياڭدىن چىقىپ، ئۆزۈن ئۆتمەي ئەسىرگە چۈشكەن بىر ھۇن لەشكىرىدىن تەڭرىقۇتنىڭ ئېنىق قارار گاھىنى بىلىۋالدى. ۋېي چىڭ گۇڭسۇن ئاۋغا قايتا تۆھپە يارىتىش پۇرسىتى بېرىش ۋە زور تۆھپىنى يالغۇز ئىگىلىۋېلىش ئۈچۈن تۇرشاۋۇل سانغۇن لى گۇاڭنى سول قانات سانغۇن جاۋشىچى بىلەن قوشۇلۇپ، شەرقىي يولدىن ھۇنلارنىڭ يان تەرىپىگە ئۆتۈپ ئاساسىي قوشۇننى ھىمايە قىلىشقا پەرمان چۈشۈرۈپ، ئۆزى گۇڭسۇن ئاۋ قاتارلىق خىل چەۋەندازلىرى بىلەن تەڭرىقۇتنىڭ ئۇدۇلىدىن ھۇجۇم قىلماقچى بولدى. لى گۇاڭ ۋېي چىڭنىڭ غەرىزىنى بىلگەچكە، بۇ خىل غەلىتە ئورۇنلاشتۇرۇشقا قاتتىق نارازى بولۇپ: «مېنى خاقان تۇرشاۋۇل سانغۇن قىلىپ تەيىنلىگەن، شۇڭا زور قوشۇننىڭ تۇرشاۋۇل قىسمى بولۇشۇم كېرەك. نېمىدەپ شەرقىي يولغا بارغۇدەكمەن؟ بولۇپمۇ، ھۇنلار بىلەن جەڭ قىلغاندىن بۇيان، پەقەت بۇگۇنلا تەڭرىقۇت بىلەن جەڭ قىلىش پۇرسىتىگە ئېرىشتىم. مەن تۇرشاۋۇل قىسىم بولۇپ، تەڭرىقۇت بىلەن ھايات ـ ماماتلىق جەڭ قىلىشقا قەسەم قىلىمەن» دەپ ۋېي چىڭغا قاتتىق ئېتىراز

بىلدۈردى، ۋېي چىڭ لى گۇاڭنىڭ پەرمانغا بويسۇنمىغانلىقىنى كۆرۈپ، دورغاپقا لەشكىرىي پەرمانىنى ئۇدۇل لى گۇاڭنىڭ بارگاھىغا ئاپىرىپ تاپشۇرۇشقا پەرمان قىلىدۇ. ئىش بۇ دەرىجىگە يەتكەندە، باشقا بارغۇدەك يەر بولمىغاچقا لى گۇاڭ غەزەپ ۋە ئەلەم بىلەن ئايرىلىپ قىسىملىرىنى باشلاپ جاۋشىچى بىلەن شەرقىي يولغا ئاتلىنىدۇ.

ۋېي چىڭ ئاساسىي قىسىمنى باشلاپ شىمالغا قاراپ مىڭ چاقىرىم ماڭغاندىن كېيىن، ئىچىغىسە تەڭرىقۇتنىڭ ئاساسىي قىسمىنىڭ قاتتىق سەپ تۈزۈپ ئۆزىنى ساقلاپ تۇرغانلىقىنى تۇيۇقسىز بايقايدۇ. كۆپ جەڭگاھلارنى كۆرگەن ۋېي چىڭ ۋەھىمە ئالدىدا تەمتىرەپ قالماي بىر تەرەپتىن جەڭ ھارۋىلىرى (بىر خىل قاپقاقلىق جەڭ ھارۋىسى) بىلەن ئەتراپىنى قورشاپ قورغان ھاسىل قىلىشقا پەرمان قىلىپ، ھۇن لەشكەرلىرىنىڭ تۇيۇقسىز ھۇجۇمىدىن مۇداپىئەلەنسە، يەنە بىر تەرەپتىن بەش مىڭ چەۋەندازنى ياۋ سېپىگە قارشى ماڭدۇرىدۇ. ئىچىغىسە تەڭرىقۇتمۇ 10 مىڭ چەۋەندازنى چىقىرىدۇ. جەڭگاھتا شۇ زامان تۇشمۇ تۇشتىن چوقان كۆتۈرۈلۈپ ئوقلار يامغۇردەك يېغىپ، قىر - چاپ باشلىنىپ كېتىدۇ. ئۆزىدىن 10 ھەسسە كۆپ ياۋ ئالدىدا ئىككى قوشۇننىڭ سەركەردە - لەشكەرلىرى جان تىكىپ ئېلىشىدۇ. قاش قارايغاندا تۇيۇقسىز بوران چىقىشقا باشلايدۇ. قۇم تاشلار يۈزلەرگە ئۇرۇلۇپ ئىككى قوشۇن بىر - بىرىنى كۆرەلمەي قالىدۇ. ۋېي چىڭ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئوڭ، سول ئىككى قاناتتىكى خەن لەشكەرلىرىنى تېزدىن ھەرىكەتلىنىپ ھۇن قوشۇنلىرىنى مۇھاسىرىگە ئېلىشقا پەرمان قىلىدۇ. ئىچىغىسە تەڭرىقۇت خەن لەشكەرلىرىنىڭ كۆپلۈكىنى، لەشكەر ۋە ئاتلىرىنىڭ قاۋۇللۇقىنى كۆرۈپ، بەرداشلىق بېرىشكە پېتىنالماي، بىر نەچچە يۈزگە يېقىن چەۋەندازلىرىنى باشلاپ گۇگۇم چۈشكەن چاغدا غەربىي شىمال تەرەپتىن خەن

قوشۇنلىرىنىڭ مۇھاسىرىسىنى بۆسۈپ قېچىپ كېتىدۇ. ئىككى قوشۇن قاتتىق تۇتۇشۇپ تۇن پەردىسى يېيىلغاندا، ۋېي چىڭ تەڭرىقۇتنىڭ مۇھاسىرىسىنى بۆسۈپ كەتكەنلىكىنى ئۇقۇپ، چەۋەندازلارغا تەڭرىقۇتنى كېچىلەپ قوغلاش ھەققىدە پەرمان چۈشۈرىدۇ. ۋېي چىڭ زور قوشۇننى باشلاپ كەينىدىن بارىدۇ. مۇھاسىرىدە قالغان ھۇن لەشكەرلىرى پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ تۆت تەرەپكە پىتىراپ كېتىدۇ. تاڭ ئاتقاندىن كېيىن، خەن قوشۇنلىرى 200 چاقىرىمدەك قوغلاپ باققان بولسىمۇ، تەڭرىقۇتنى تۇتالمايدۇ. ۋېي چىڭ قورۇلدىن چىققاندىن كېيىن، خەن قوشۇنلىرى جەمئىي 19 مىڭ ئادەمنى ئۆلتۈرۈپ ۋە ئەسىر ئېلىپ، تيەنيەن تېغىدىكى (ھازىرقى ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونى خانگاي تېغىنىڭ جەنۇبىدا) جاۋشىن شەھىرى (جاۋشىن ھۇنلارغا تەسلىم بولغاندىن كېيىن بىنا قىلىنغان، بۇرۇنقى نامى جاۋشىن شەھىرى ئىدى) گە يېتىپ بېرىپ، ھۇنلارنىڭ زاپاس سۆكلىرى بىلەن قوشۇننىڭ ئۇزۇق - تۈلۈكىنى تولۇقلىدى. ئۇ شەھەرنى ۋە ئېشىپ قالغان سۆكلەرنى كۆيدۈرۈۋېتىپ غەلىبە بىلەن قايتتى. ھۇنلار بۇ چاغدا قاتتىق پاراكەندە بولۇپ ئىچىغىسە تەڭرىقۇتنىڭ نەگە قېچىپ كەتكەنلىكىنى ھېچكىم بىلمەيتتى. ئولۇغ قول خان ئۆزىنى تەڭرىقۇت دەپ ئېلان قىلدى. كېيىن تەڭرىقۇتنىڭ خەۋىرىنى ئالغاندىن كېيىن، تەڭرىقۇت نامىنى بىكار قىلىپ خان بولدى.

بىراق، لى گۇاڭ، جاۋ شىجىلار باشلاپ ماڭغان خەن قوشۇنلىرى شەرقىي يولدا ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىدى. شەرقىي يول ئەگرى - توقاي بولۇپلا قالماي، يول بويى ئوت - چۆپلەر شالاڭ ئىدى. خەن قوشۇنلىرى ناھايىتى تەستە ئىلگىرىلىدى. يول باشلىغۇچىمۇ بولمىغانلىقى ئۈچۈن ئاخىرى چەكسىز يايلاقتا نىشاندىن ئېزىپ كەتتى. ۋېي چىڭنىڭ زور قوشۇنى تيەنيەن تېغىدىن غەلىبە بىلەن قايتقاندىن كېيىنلا لى گۇاڭ ۋە جاۋ

شىچىلار چۆللۈكنىڭ جەنۇبىدا ۋېي چىڭ بىلەن ئۇچراشتى. ۋېي چىڭ لى گۇاڭنى شەرقىي يولغا زورلاپ ئەۋەتكەنلىكىدىن كۆڭلىدە خىجىللىق ھېس قىلدىمۇ قانداق، دورغاپنى ئاشلىق ۋە شاراب ئېلىپ لى گۇاڭغا تەسەللى بېرىشكە ئالاھىدە ئەۋەتتى ھەم لى گۇاڭنى ئۇلۇغ سانغۇن بارگاھىغا كېلىپ يولدىن ئېزىپ كېتىش ئەھۋالىنى تەپسىلىي دوكلات قىلىشقا ئالدىراتتى. لى گۇاڭغا مەسئۇلىيەتنى قول ئاستىدىكىلەرگە ئارتىپ قويۇش ھەققىدە مەخپىي كۆرسەتمە بەردى. لى گۇاڭ بۇنداق نومۇسسىز قىلتاقنى قەتئىي رەت قىلىپ «چېرىكچى بەگلەردە گۇناھ يوق، يولدىن ئېزىپ كەتكەن مەن ئۆزۈم، بارلىق مەسئۇلىيەتنى ئۆز ئۈستۈمگە ئېلىشقا رازىمەن» دەپ كەسكىن قارار چىقىرىدۇ. دورغاپ كەتكەندىن كېيىن، مەردانىلىك بىلەن كۆپ يىللاردىن بېرى ئۆزى بىلەن ھايات ـ ماماتتا بىللە بولغان قول ئاستىدىكىلەرگە: «مەن ياشلىقىمدىن بۇيان ھۇنلار بىلەن چوڭ ـ كىچىك 70 نەچچە قېتىم جەڭ قىلىپتىمەن، ھېچقاچان سەركەردىلەرنىڭ كەينىدە قالغىنىم يوق، ھالا بۈگۈن ئۇلۇغ سانغۇن بىلەن ھۇنلارغا قارشى يۈرۈشكە چىقىپ يولدىن ئېزىپ كەتتىم. بۇمۇ تەڭرىنىڭ ئىرادىسىدۇر. ئەمدى 60 ياشتىن ئېشىپتىمەن. ئاشۇ قەلەمباز ـ ئەلەمبازلارنىڭ خورلاشلىرىغا چىدايمەنمۇ!» دەپلا ئۆزىنى بوغۇزلىۋالىدۇ. بىر ئۆمۈر ھۇنلارغا قارشى جەڭ قىلغان مەشھۇر سانغۇن مۇشۇنداق ئېچىنىشلىق ئۆلۈپ كېتىدۇ. ئوڭ قانات سانغۇن جاۋ شىچى يالغۇز جازالىنىپ زىندانغا تاشلىنىدۇ، كېيىن پۇل تۆلەپ قويۇپ بېرىلگەن بولسىمۇ ئاددىي پۇقرالىققا ئايلاندۇرۇلىدۇ.

ۋېي چىڭ دىڭشياڭدىن چىققان چاغدا، شەرقىي يولدىكى خەن قوشۇنلىرى خوچۈبىڭنىڭ قوماندانلىقىدا دەيجۈندىن چىقىپ ھۇنلارنىڭ سول تۈغ خانىغا ھۇجۇم قىلدى. خوچۈبىڭنىڭ قوماندانلىقىدا گەرچە 50 مىڭ چەۋەنداز بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ھەممىسى تاللانغان قىران، باتۇر، ياش چەۋەندازلار

ئىدى. قوشۇندا ئورۇنباسار سانغۇن تەسىس قىلىنمىغان. لى گۇاڭنىڭ ئوغلى لى گەندەك ياش سەركەردە بىلەن ھۇنلارنىڭ تەسلىم بولغان سانغۇنى فۇرۇز قاتارلىقلار باش چېرىكچىبەگلىككە تەيىنلىنىپ، لەشكىرىي قوماندانلىق ھوقۇقى يۇكسەك دەرىجىدە مەركەزلەشكەنىدى. يۇبېيپىڭ قوش بېگى لۇبودېمۇ خوچۇبىڭنىڭ قوماندانلىقىدا بولۇپ، يۇبېيپىڭدىن چىقىپ ئاساسىي قوشۇننىڭ ھەرىكىتىگە ماسلاشتى. خو چۇبىڭ قوماندانلىقىدىكى قوشۇن دېيجۇندىن چىققاندىن كېيىن، قوشۇندىكى بارلىق سەركەردە ـ لەشكەرلەرگە يېنىك قوراللىنىپ، ئالغا ئىلگىرىلەشكە پەرمان بەردى. قوشۇن تاغ ئېشىپ، سۇ كېچىپ ئىككى مىڭ چاقىرىمدىن ئارتۇق يول يۈرۈپ چۆللۇكتە سول تۇغ قاننىڭ قىسىملىرى بىلەن ئۇچراشتى. بىر قانچە قېتىملىق جىددىي جەڭدىن كېيىن، سول تۇغ قان مەغلۇپ بولۇپ قاچتى. خەن قوشۇنى ياۋنىڭ نورغۇن ئادىمىنى ئۆلتۈردى ۋە ئەسىر ئالدى. تەڭرىقۇتنىڭ يېقىن ۋەزىرى جانقۇرت ۋە ھۇنلارنىڭ تامتۇغ قان، خان قان قاتارلىق ئۈچ ئادىمىنى، باش ۋەزىر، سانغۇن قاتارلىق 83 ئادىمىنى ئەسىر ئالدى. بەچەچ قان (ھۇنلارنىڭ خانىنىڭ ئىسمى) نى ئۆلتۈرۈپ لاڭجۇشۇ تېغى (ئورنى ئېنىق ئەمەس. بەزى مەنبەلەردە ھازىرقى موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتىدىكى قۇرلۇن دەرياسىنىڭ شىمالىدىكى دوتۇلۇن دېيىلىدۇ) غا چىقىپ ئاسمان ئىلاھىغا، قۇيان تېغى (بۇگۇنكى موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتى ئۇلانباتۇر شەھىرىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدا) غا بېرىپ يەر ئىلاھىغا نەزىر قىلىپ، بايقالغىچە بېرىپ قايتتى.

چۆللۇكنىڭ شىمالىدىكى جەڭدە ۋېي چىڭ چۆللۇككە مىڭ چاقىرىملاپ ئىچكىرىلەپ كىرىپ، تەڭرىقۇتنىڭ ئاساسىي قىسمىنى يوقاتقان بولسىمۇ، سەركەردىلىرى ماسلاشالماي، تەڭرىقۇتنى قاچۇرۇپ قويغانلىقى، سانغۇن لى گۇاڭ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغانلىقى، جاۋ شىچى قاماقتا ئېلىنىپ تۆھپىسى

سەۋەنلىكىدىن ئېشىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن ۋېي چىڭ تارتۇقلانمىدى. سەركەردە ـ سانغۇنلىرىدىنمۇ بىرەر كىشى مەرتىۋىگە ئېرىشەلمىدى. ۋېي چىڭغا سېلىشتۇرغاندا خوچۈبىڭنىڭ تۆھپىسى تېخىمۇ پارلاق بولدى. شىمالىي چۆللۈككە ئىككى مىڭ چاقىرىملاپ كىرىپلا قالماي، ئۆلتۈرگەن ۋە ئەسىر ئالغان ئادىمىمۇ ۋېي چىڭنىڭكىدىن نەچچە ھەسسە كۆپ ئىدى. خەن ۋۇدى ئۆزىنىڭ ئامراق ياش سانغۇنىنىڭ يەنە تۆھپە يارىتالىغىنى ئۈچۈن تولىمۇ خۇش بولۇپ، خوچۈبىڭغا 5800 تۈتۈنلۈك يەر سۇيۇرغال قىلدى. سەركەردە سانغۇنلىرىدىن نۇرغۇن كىشى تۆرىلىككە كۆتۈرۈلدى. ۋېي چىڭ، خوچۈبىڭ ھەر ئىككىسىگە باش ئەمىر لەشكەرلىك مەرتىۋىسى بەردى. قىران چەۋەنداز سانغۇننىڭ ئورنى ۋە مائاشى ئۇلۇغ سانغۇن بىلەن باراۋەر بولىدۇ، دەپ يارلىق چۈشۈردى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، ۋېي چىڭ كۈندىن ـ كۈنگە ئېتىباردىن قېلىپ، خوچۈبىڭنىڭ ئورنى كۈندىن ـ كۈنگە كۆتۈرۈلدى. ۋېي چىڭنىڭ قول ئاستىدىكىلەردىن كۆپچىلىك بەس ـ بەستە خوچۈبىڭنىڭ قول ئاستىغا ئۆتۈپ مەنسەپ ـ مەرتىۋىگە ئېرىشتى.

خوچۈبىڭ ياش ھەم مەشھۇر سانغۇن بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۇنىڭ ھەقىقەتەن ئالاھىدە تەرەپلىرى بار ئىدى. ئۇ كەم سۆز لېكىن كەسكىن ئىدى. خەن ۋۇدى ئۇنىڭغا ۋۇچى، سۈنزۇنىڭ لەشكىرىي ئىلمىنى ئۆگىتىش كويىدا بولغاندا، ئۇ: «جەڭدە يېڭىش ـ يېڭىلىش قوماندانىنىڭ تەدبىرلىرىنىڭ توغرا ـ خاتالىقىدىن بولىدۇ. نوقۇل قەدىمكى لەشكىرىي ئىلىملەرنى ئۆگىنىش ھاجەتسىز» دەپ جاۋاب بېرىدۇ. بۇ سۆز قارىماققا توغرا ئەمەستەك كۆرۈنسىمۇ، بىراق بۇ مەغرۇرانە كەيپىيات ھەقىقەتەن كىشىنىڭ ھۆرمىتىنى قوزغايتتى. خەن ۋۇدى ئۇنىڭ ئالاھىدە جەڭ تۆھپىلىرىنى مۇكاپاتلاش ئۈچۈن ھەشەمەتلىك ھويلا ـ ئارام سالدۇرۇپ، ئۇنى كۆرۈپ

بېقىشقا بۇيرۇغاندا، ئۇ «ھۇنلار تېخى يوقىتىلمىدى. ماڭا ئۆي - روزغارنىڭ لازىمى يوق» دەپ جاۋاب بەردى. مىڭ يىللاردىن بېرى رىۋايەتكە ئايلانغان بۇ مەشھۇر سۆز بىر لەشكىرىي خادىمنىڭ چەكسىز باتۇرانە ۋە دۆلەت ئۈچۈن ئۆزىنى بېغىشلىغان ساداقىتىگە ۋەكىللىك قىلاتتى. شۇڭلاشقىمۇ خەن ۋۇدى ئۇنى تېخىمۇ ھۆرمەت قىلىدىغان بولدى.

چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى جەڭدە خەن قوشۇنلىرى ھەل قىلغۇچ غەلىبىگە ئېرىشىپ، يۈز يىللاردىن بۇيانقى ھۇن چەۋەندازلىرىنىڭ چېگرا - قورۇللارغا باستۇرۇپ كىرىپ، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك ئېكىن رايونىغا قاتتىق تەھدىت سالىدىغان، خەن قوشۇنلىرى بولسا ھېرىپ - چارچاپ مۇداپىئە كۆرىدىغان پاسسىپ ۋەزىيەت تۈپتىن ئۆزگەرتىلدى. بىراق، خەن قوشۇنلىرىنىڭ چىقىمىمۇ خېلى ئېغىر بولدى. ئون مىڭلىغان سەركەردە لەشكەرلەر جەڭگاھتا ئۆلدى، ئىككى قوشۇن قورۇلدىن چىقىش ئالدىدا 140 مىڭ تۇياق ئات بار ئىدى. قورۇلغا قايتىپ كەلگەنلىرى بولسا 30 مىڭغا يەتمىدى. بىراق، خەن قوشۇنىغا قارىغاندا ھۇنلارنىڭ چىقىمى تېخىمۇ زور بولدى. تەڭرىقۇتنىڭ ئاساسىي قىسمى بىلەن سول تۇغ قاننىڭ قىسمىدىن ئۆلگەن، يارىلانغان ۋە ئەسىرگە چۈشكەنلەر 90 مىڭدىن ئارتۇق ئىدى. ئات - ئۇلاغ، مال - مۈلۈكلىرىنىڭ چىقىمىنى ھېسابلاش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ھۇنلارنى تېخىمۇ شىمالغا كېتىشكە مەجبۇرلاپ، چۆللۈكنىڭ جەنۇبىدا ھۇنلارنىڭ ئوردىسى بولماسلىقتەك ۋەزىيەتنى شەكىللەندۈردى. خەن قوشۇنى شوفاڭنىڭ غەربىدىن جاڭيې، جۈيەن ئارىلىقىغىچە بولغان كەڭرى زېمىنلارنى ئىگىلەپ، خېشى كارىدورىنىڭ بىخەتەرلىكىنى كاپالەتكە ئىگە قىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن خېلى ئۇزۇن بىر مەزگىللەرگىچە، ھۇنلارنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە زور كۆلەمدە بېسىپ كىرگۈدەك مادارى بولمىدى. خەن سۇلالىسى بىلەن ھۇنلار ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇشنىڭ مەركىزى ھالقىسى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىن غەربىي يۇرتقا يۆتكەلدى.

## 5. سۇ ۋۇنىڭ بايقال كۆلى بويىدا پادا باققانلىقى

ئۇزاققا سوزۇلغان جاپالىق خەن - ھۇن ئۇرۇشلىرىدا بىۋاسىتە جەڭگاھقا بېرىپ، قان كېچىپ جەڭ قىلغان سەركەردە - لەشكەرلەر غايەت زور قۇربانلارنى بېرىپلا قالماي، ئىككى تەرەپ خاقانلىرىنىڭ مۇددىئالىرىغا يەتكۈزۈشنى ئۆز زىممىسىگە ئالغان ئەلچىلەرمۇ ئوخشىمىغان خەتەرلەرگە دۇچ كەلدى. بولۇپمۇ، خەن سۇلالىسى ئەلچىلىرى نىسبەتەن گۈللەنگەن، تەرەققىي قىلغان ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونىدىن قالاق، قاقاس شىمالىي چۆللۈككە ئەلچىلىككە بارغاندا، ئۇزۇن يوللارنىڭ جەبىر - جاپاسى، ئۆرپ - ئادەت ۋە تىل جەھەتتىكى مىللىي ئۆرپ - ئادەتلەرنىڭ ئوخشىماسلىقى ئۇلارغا داۋاملىق خىلمۇخىل خەۋپ - خەتەرلەرنى ئېلىپ كېلەتتى. شۇنداق بولسىمۇ نۇرغۇن ئەلچىلەر يەنىلا ۋەزىپىسىگە سادىق بولۇپ، جان پىدا قىلدى. خەن ۋۇدى زامانىسىدىكى سۇ ۋۇ خەن ئەلچىلىرى ئىچىدىكى بىر مەشھۇر تىپتۇر.

يۇەنشۇنىڭ تۆتىنچى يىلىدىكى شىمالىي چۆللۈكگە جايلاشقان تەڭرىقۇتنىڭ ئاساسىي قىسمى ۋە شەرق تەرەپتىكى سول تۇغ قاننىڭ قىسمى قاتتىق تالاپەتكە ئۇچرىغانلىقتىن ئامالسىز خەن قورۇلىدىن تولىمۇ يىراق بولغان چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى رايونلارغا كەتتى. ھۇن خانلىرىدىن چان تورۇ، دىياۋيەنتەن، كاھبەگ دوگيۇۋۇ قاتارلىقلار ھۇن ئىمپېرىيىسىنىڭ خارابلىشىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، بەس - بەستە خەن سۇلالىسىگە ئەل بولۇپ، بەگلىك مەرتىۋىسىگە ئېرىشتى. ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولغاننىڭ سىرتىدا، ئىچكى قىسمىدىكى قالايمىقان ۋەزىيەتتە جاۋ

شىن ئىچىغىسە تەگرىقۇتقا خەن سۇلالىسىگە ئەلچى ئەۋەتىپ قۇدىلىشىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى ئىلتىماس قىلىش ھەققىدە تەكلىپ بېرىدۇ. بۇ يۈەنگۋاڭنىڭ ئىككىنچى يىلىدىكى زور كۆلەملىك خەن - ھۇن ئۇرۇشى پارتلىغاندىن بۇيان ھۇنلارنىڭ تۇنجى قېتىم قۇدىلىشىش ئارزۇسىنى بىلدۈرۈشى ئىدى. شۇڭلاشقا، خەن ۋۇدى بۇ ئىشقا ئالاھىدە ئېتىبار بىلەن قاراپ، ۋەزىرلەرگە بۇ ئىشنى مەسلىھەت قىلىشقا پەرمان قىلىدۇ. ۋەزىر رېن چاڭ: «ھۇنلار يېقىندىلا مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىدى. ئۇلارنى بىزنىڭ تاشقى ۋەزىرىمىز قىلىشىمىز كېرەك. چېگراغا كېلىپ خەن خانلىقىغا بېقىنىشنى ئىلتىماس قىلسۇن» دەپ قارايدۇ. خەن ئوردىسىنىڭ بۇنداق قاتتىق جاۋابىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئىچىغىسە تەگرىقۇت قاتتىق غەزەپلىنىپ ئەلچى رېن‌چاڭنى تۇتۇپ قالىدۇ. خەن سۇلالىسى بىلەن ھۇنلارنىڭ قۇدىلىشىش مەسلىھەتى شۇنىڭ بىلەن بۇزۇلىدۇ. خەن ۋۇدى ئەلچى رېن چاڭنىڭ تۇتۇپ قېلىنغانلىقىنى ئۇققاندىن كېيىن، لەشكەر ۋە ئاتلارنى يىغىپ ھۇنلارغا يەنە ھۇجۇم قىلىشقا تەييارلىنىدۇ. بىراق، يۈەنشۇنىڭ ئالتىنچى يىلى (مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 117 - يىلى) ئامراق سانغۇنى قىران چەۋەنداز سانغۇن خوچۈبىڭ تۇيۇقسىز قازا قىلىدۇ. ھۇنلارغا جازا يۈرۈش قىلىش ئىشى شۇنىڭ بىلەن تاشلىنىپ قالىدۇ. خەن ۋۇدى سەلتەنەت دەۋرى يۈەندىڭنىڭ ئۈچىنچى يىلى (مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 114 - يىلى) ئىچىغىسە تەگرىقۇت ئالەمدىن ئۆتۈپ، ئۇنىڭ ئوغلى ئۇۋېي تەگرىقۇت بولىدۇ. ئۇ داۋاملىق چۆللۈكنىڭ شىمالىدا چەۋەندازلىرىنى ئارام ئالدۇرۇپ، خانلىق كۈچىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، جەنۇبقا بېسىپ كىرىش غەرىزىدە بولمىدى. شۇڭلاشقا، شىمالىي چېگرىدا ۋاقىتلىق بىر تىنچ ھالەت مەيدانغا كەلدى.

خەن ۋۇدى سەلتەنەت دەۋرى يۈەنفېڭنىڭ تۇنجى يىلى

(مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 110 ـ يىلى) قىشتا، خەن ۋۇدى ئىككى يۆ دۆلىتى (جەنۇبىي يۆ دۆلىتى ۋە شەرقىي يۆ دۆلىتى) نى بويسۇندۇرغاندىن كېيىنكى خۇشاللىقىدا يۈەندىڭنىڭ 5 ـ يىلى تۇنجى قېتىم شىمالىي چېگرا ـ قورۇللارنى كۆزدىن كەچۈرگەندىن كېيىن، يەنە بىر قېتىم سەپەرگە ئاتلاندى. 180 مىڭ باتۇر سەركەردە ۋە خىل لەشكەرنىڭ ھىمايىسىدە، خەن ۋۇدى تەڭرىقۇت كۆرەسىگە (ھازىرقى ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونى كۆكخوت شەھىرىنىڭ غەربىدە) بېرىپ، غەربتە شوفاڭ، بېيخې دەرياسى (ھازىرقى ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونىدىكى ئوچا دەرياسى) غىچە باردى ۋە ئەلچى گوجىنى مۇنداق دەپ ۋاقىپلاندۇرۇشقا يارلىق چۈشۈردى: بۈگۈن تەڭرىقۇت بۈيۈك خەن قوشۇنى بىلەن تۇتىشىشقا پېتىنالىسا، خاقان لەشكەرلىرىنى بىۋاستە ئۆزى باشلاپ چېگرىدا كۈتۈپ تۇرۇپتۇ؛ ئەگەر تەڭرىقۇت ئۇرۇشۇشقا پېتىنالمىسا، ئۇنداقتا بالدۇرراق خەن خانلىقىغا بېئەت قىلمىقى لازىم. ئۇنچىۋالا يىراق يەرلەرگە قېچىپ سۇسىز، گىياھسىز، شىمالنىڭ شىۋىرغانلىق دەشتلىرىدە يوشۇرۇنۇپ يۈرۈشنىڭ نېمە ھاجىتى؟ قاتتىق مەسخىرە يوشۇرۇنغان بۇ گەپلەرنى ئەينى چاغدا باتۇر تەڭرىقۇت خانىكە لۇخۇنى ھاقارەتلەپ يازغان مەكتۇپىغا سېلىشتۇرغىلى بولمايتتى. ئۇۋېي تەڭرىقۇت بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ قاتتىق غەزەپلىنىپ دەرھال ئېتىغا مىنىپ جەنۇبقا ئاتلانماقچى بولدى. بىراق، ھۇنلارنىڭ زەئىپلەشكەن ھالىتى بۇنداق قىلىشقا يار بەرمەيتتى. تەپ تارتماي شۇ گەپلەرنى قىلغان گوجىنىمۇ ئۆلتۈرۈشكە پېتىنالماي، ئۇنى يىراق بايقالغا ھەيدىدى. شۇنىڭدىن كېيىن، ئۇۋېي تەڭرىقۇت چەۋەندازلىرىنى جىددىي مەشىق قىلدۇرۇپ، ئۆچ ئېلىشقا تەييارلاندى. خەن سۇلالىسىگە بىر قانچە قېتىم ئەلچى ئەۋەتىپ، چىرايلىق سۆزلەر بىلەن خەن سۇلالىسى بىلەن بولغان قۇدىلىشىش ئەھدىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى تەلەپ قىلدى.

گوجى هۇنلارغا ئەلچىلىككە بېرىپ قايتىپ كەلمىگەندىن كېيىن، خەن ئوردىسى ۋاڭ ۋۇ قاتارلىقلارنى يەنە هۇنلارغا ئەلچىلىككە ماڭدۇرۇپ خەۋەر ئەكەلمەكچى بولىدۇ. هۇنلارنىڭ ئادىتى بويىچە خەن ئەلچىلىرى ئەلچىلىك دەستىكىنى تاشلاپ، يۈزلىرىنى بويىماي تۇرۇپ، تەڭرىقۇت بارگاھىغا كىرەلمەيتتى. ۋاڭ ۋۇ بېيدىلىق بولۇپ، هۇنلارنىڭ ئادەتلىرىگە پىششىق ئىدى. شۇڭا، ئەلچىلىك دەستىكىنى تاشلاپ يۈزلىرىنى بوياپ ئۇۋېي تەڭرىقۇتنىڭ كۆڭلىگە يېقىپ قالىدۇ. ئۇۋېي ۋاڭ ۋۇغا يالغاندىن ماقۇل بولۇپ، خان تېكىنىنى خەن سۇلالىسىگە تۇرغاق قىلىپ ئەۋەتىپ، قۇدىلىششقا رازى بولىدۇ. ۋاڭ ۋۇ بۇنى راست دەپ قېلىپ ئوردىغا مەلۇم قىلىدۇ. هۇنلارنىڭ خان تېكىنىنى خەن سۇلالىسىگە تۇرغاقلىققا ئەۋەتمەكچى بولغانلىقى خەن سۇلالىسىگە بەيئەت قىلغانلىقىنى بىلدۈرىدىغان زور ئۆزگىرىش ئىدى. خەن ۋۇدى بۇنىڭدىن ئېھتىيات قىلىپ ياڭ شىنىنى قايتا ئەلچىلىككە ئەۋەتىپ هۇنلارنى ۋەدىسىدە تۇرۇپ خان تېكىنىنى خەن سۇلالىسىگە تۇرغاقلىققا ئەۋەتىشنى تەلەپ قىلغاندا، تەڭرىقۇت بۇنى قەتئىي رەت قىلدى. ۋاڭ ۋۇ قايتا ئەلچى بولۇپ بارغاندىلا تەڭرىقۇت چاڭئەنگە بېرىپ خاقان بىلەن كۆرۈشۈپ قۇدىلىشىش ئەهدى تۈزۈشكە ۋەدە بەردى. شۇڭا، خەن سۇلالىسى چاڭئەندە تەڭرىقۇت ئۈچۈن ساراي سالدۇردى. نەتىجىدە، يەنە بىر قېتىم ئالداندى. كۆپ ئۆتمەي هۇنلار ئۆزىنىڭ تۆرىلىرىدىن بىرنى خەن سۇلالىسىگە ئەلچى قىلىپ ئەۋەتتى. بەختكە قارشى بۇ ئەلچى چاڭئەندە ئاغرىپ ئۆلۈپ قالىدۇ. خەن ئوردىسى لۇچۇڭگوغا 50 مىڭ چارەكلىك مائاش بەلگىسى بولغان تامغىنى ئاستۇرۇپ نەچچە مىڭ جىڭ ئالتۇن قىممىتىدە دەپنە ھەدىيىسى تەقدىم قىلىدۇ. ئۇۋېي تەڭرىقۇت خەن ئوردىسى ئېسىلزادە تۆرەمنى ئۆلتۈردى دەپ گۇمانلىنىپ، لۇچۇڭگونى تۇتۇپ قالىدۇ ۋە چەۋەندازلىرىنى ئەۋەتىپ چېگرىغا بېسىپ كىرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن خەن ـ هۇن

مۇناسىۋىتى يەنە جىددىيلىشىپ كېتىدۇ.

خەن ۋۇدى سەلتەنەت دەۋرى يۈەنفېڭنىڭ ئالتىنچى يىلى (مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 105 - يىلى) ئۇۋېي تەڭرىقۇت ئالەمدىن ئۆتۈپ ئوغلى ئوشلۇ تەڭرىقۇت بولىدۇ. ئۇ ياش بولغاچقا «بالا تەڭرىقۇت» دەپ ئاتىلىدۇ. يېڭى تەڭرىقۇت تەختكە چىققاندىن كېيىن، خەن ئوردىسى قەستەن ئىككى تۈركۈم ئەلچى ئەۋەتىدۇ. بىرى، تەڭرىقۇتنى مۇبارەكلەش، يەنە بىرى ئوڭ تۇغ قاننى تەبرىكلەش ئۈچۈن كەلگەن بولىسىمۇ، مەقسىتى ئوڭ تۇغ قان بىلەن تەڭرىقۇتنىڭ مۇناسىۋىتىنى يىراقلاشتۇرۇش ئىدى. تەڭرىقۇت قاتتىق غەزەپلىنىپ ئىككى تۈركۈم خەن ئەلچىسىنى تۇتۇپ قالىدۇ. خەن ئوردىسىمۇ ئۇنىڭدىن ئۆچ ئېلىش ئۈچۈن ئوخشاش ساندىكى هۇن ئەلچىلىرىنى تۇتۇپ قالىدۇ.

بالا تەڭرىقۇت مىجەزى چۇس، ئۇرۇشخۇمار ئادەم ئىدى. هۇنلارنىڭ سول قول چوڭ تۇتۇقبېگى تەڭرىقۇتنى ئۆلتۈرۈپ خەن سۇلالىسىگە تەسلىم بولۇش نىيىتىدە خەن سۇلالىسىگە مەخپىي ئادەم ئەۋەتىپ ئالاقە باغلايدۇ. خەن ۋۇدى سەلتەنەت دەۋرى تەيچۇنىڭ تۇنجى يىلى (مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 104 - يىلى) خەن ۋۇدى يىنيۇ سانغۇنى گۇڭسۇن ئاۋغا قورۇلنىڭ سىرتىدا تەسلىم بولغانلارنى قوبۇل قىلىش شەھىرى (ئورنى هازىرقى ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونى ئۇيرات خوشۇنىنىڭ شەرقىدە) سېلىشقا ۋە ئۇلارنى شۇ يەردە قوبۇل قىلىشقا يارلىق چۈشۈرىدۇ. ئىككىنچى يىلى خەن ۋۇدى جويې سانغۇنى جاۋپونۇنى 20 مىڭ چەۋەندازنى باشلاپ شوفاڭدىن چىقىپ جۇنچى تېغى (تەخمىنەن هازىرقى موڭغۇلىيە خەلق جۇمهۇرىيىتى تەۋەسىدىكى گوبىدىكى ئالتاي تاغلىرىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىغا توغرا كېلىدۇ) ئەتراپىدا ئۇچرىشىشقا ئەۋەتتى. ئويلىمىغان يەردىن سول قول چوڭ تۇتۇقبەگ قوزغالماقچى بولۇپ تۇرغاندا سېزىلىپ قالىدۇ. بالا تەڭرىقۇت سول قول چوڭ تۇتۇق بەگنى ئۆلتۈرگەندىن كېيىن،

دەرھال سول قاناتتىكى 80 مىڭ چەۋەندازنى خەن قوشۇنىغا قارشى ئەۋەتىدۇ. جاۋپونۇ ئۆگسولى ئۆچكەن ھالدا چېكىنىدۇ. تەسلىم بولغانلارنى قوبۇل قىلىش شەھىرىگە 400 چاقىرىم قالغاندا ھۇنلارنىڭ مۇھاسىرىسىگە چۈشۈپ، جاۋپونۇ ئەسىرگە چۈشىدۇ. پۈتۈن قوشۇن تارمار قىلىنىدۇ. بۇ چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى ئۇرۇشتا ھۇنلارنىڭ خەن قوشۇنى، ئۈستىدىن تۇنجى قېتىم غەلىبە قىلىشى ئىدى. بالا تەڭرىقۇت غەلىبىدىن پايدىلىنىپ تەسلىم بولغانلارنى قوبۇل قىلىش شەھىرىگە ھۇجۇم قىلىپ، چېگرىغا باستۇرۇپ كىرىپ قىرغىنچىلىق، بۇلاڭچىلىق قىلغاندىن كېيىن، چۆللۈكنىڭ شىمالىغا قايتىپ كېتىدۇ. ئۈچىنچى يىلى يازدا بالا تەڭرىقۇت كېسەل بولۇپ ئالەمدىن ئۆتىدۇ. كىچىك دادىسى گۈيلىقۇ تەڭرىقۇت بولىدۇ. خەن ۋۇدى ھۇنلاردىن مۇداپىئە كۆرۈش ئۈچۈن، دانىشبەگ شۇزىۋېينى ۋۇيۇەن، قورۇلىدىن چىقىپ، غەربىي شىمالدىن لۇچۇ تېغى (ھازىرقى ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونى ئۇيرات ئوتتۇرا ۋە ئارقا بىرلەشمە خوشۇنى چۇغاي تېغىنىڭ شىمالىي ئېتىكىدە) گىچە بولغان ئارىلىقتا بەش چوڭ قورۇل سېلىشقا پەرمان بەردى. بۇ تارىختا «دانىشبەگ قورۇلى» دەپ ئاتالدى. گۈيلىقۇ تەڭرىقۇت تىغمۇتىغ تاقابىل تۇرۇپ شۇ يىلى كۈزدە زور قوشۇننى ئەۋەتىپ دىڭشياڭ، يۈەنجوڭ ۋىلايەتلىرىگە باستۇرۇپ كىرىپ ئەمەلدار، پۇقرالارنى ئۆلتۈردى ۋە بۇلىدى. ئوڭ تۇغ قانمۇ لەشكەر چىقىرىپ جيۇچۇەن، جاڭيېلارغا بېسىپ كىرىپ بىر نەچچە مىڭ ئادەمنى بۇلاپ كېتىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن، شىمالىي چېگرىدا ئۇرۇش ئوتى يېڭىۋاشتىن تۇتىشىپ كېتىدۇ.

خەن ۋۇدى سەلتەنەت دەۋرى تەيچۇنىڭ تۇنجى يىلى (مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 101 - يىلى) گۈيلىقۇ تەڭرىقۇت كېسەل بىلەن ئۆلۈپ، ئۇنىڭ ئىنىسى سول قول چوڭ تۇتۇقبەگ چەتقۇ تەڭرىقۇت بولىدۇ. ئۇ ئەمدىلا تەڭرىقۇت بولغاچقا خەن

قوشۇنلىرىنىڭ پۇرسەتپەرەسلىك قىلىپ ھۇجۇم قىلىشىدىن ئەنسىرەپ، تەسلىم بولماي تۇتۇپ قېلىنغان خەن ئەلچىلىرىدىن لۇچۇڭگو قاتارلىقلارنى قايتۇرۇپ، خەن خانى بىلەن ياخشىلىشىش نىيىتىنى بىلدۈرىدۇ. خەن ۋۇدى سەلتەنەت دەۋرى تيەنخەننىڭ تۇنجى يىلى (مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 100 - يىلى) خەن ۋۇدى نۆكەر بېشى سۇ ۋۇنى ياردەمچىلىككە، نۆكەر بېشى جاڭ شىڭ، قارام بەگ چاڭ خۇي قاتارلىقلارنى ئەلچى قىلىپ ئۆزلىرى تۇتۇپ قالغان ھۇن ئەلچىلىرىنىمۇ قوشۇپ نۇرغۇن سوۋغا - سالام ئەۋەتىپ تەڭرىقۇتنىڭ خەن ئەلچىلىرىنى ئازاد قىلغانلىقىغا ۋە خەن سۇلالىسى بىلەن ياخشىلىشىش نىيىتىگە رەھمەت ئېيتىدۇ. كىم بىلسۇن؟ سۇ ۋۇ قاتارلىقلار يېنىپ كەتكەندىن كېيىن، تەڭرىقۇت خەن سۇلالىسى ھۇجۇم قىلالمىغۇدەك دەپ كۆڭلى تىنىپ قاتتىق تەكەببۇرلىشىپ كېتىدۇ. سۇ ۋۇ قاتارلىقلار بۇنى كۆرۈپ قاتتىق ئۈمىدسىزلىنىپ قايتىشقا تەرەددۇت قىلىدۇ. بىراق، دەل مۇشۇ چاغدا تۇيۇقسىز يۈز بەرگەن بىر ئىش سۇ ۋۇنىڭ كېيىنكى يېرىم ئۆمرىنىڭ تەقدىرىنى ئۆزگەرتىۋېتىدۇ.

سۇ ۋۇ قاتارلىقلار ھۇنلار ئارىسىغا يېتىپ بارغاندا، ھۇنلاردىن گو خان بىلەن خەن سۇلالىسىدىن يۇچاڭ قاتارلىقلار مەخپىي مەسلىھەتلىشىپ ئىسيان كۆتۈرمەكچى بولىدۇ. گو خان ھۇنلارنىڭ قۇنشار قاننىڭ جىيەنى بولۇپ قۇنشار قان بىللە خەن سۇلالىسىگە تەسلىم بولغان. كېيىن جويى سانغۇنى جاۋپونۇ ھۇنلارغا ھۇجۇم قىلىپ مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، ھۇنلارنىڭ ئارىسىغا قايتىپ بارغان. بۇنداق تىنىماي ئۆزگىرىپ تۇرغان يۇرۇشلەرگە تەڭرىقۇت يامان كۆزدە قاراپ، ئۇنى ئەتىۋارلاپ ئىشلەتمىگەن. شۇڭا، كۆڭلى غەش بولۇپ خەن سۇلالىسىگە قايتىپ كېتىشنىلا ئويلىغان. يۇچاڭنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر خەن سۇلالىسىدە بولۇپ، ھۇن يېرىدە بىر تۆھپە كۆرسىتىپ ئائىلىسىدىكىلەر ئۈچۈن تارتۇق ئېلىشنى ئويلايتتى. ئىككىيلەن

گېپىنى بىر قىلىپ ھونلارنىڭ مۇھىم ۋەزىرى ۋېيلونى ئۆلتۈرۈپ، تەڭرىقۇتنىڭ ئانىسى ئالچىنى تۇتقۇن قىلىپ خەن سۇلالىسىگە قايتماقچى بولىدۇ. دەل مۇشۇ چاغدا ياندىش ئەلچى جاڭ شېڭ يۇچاڭ بىلەن تونۇشۇپ قالىدۇ. شۇڭا، يۇچاڭ جاڭ شېڭ بىلەن مەخپىي مەسلىھەتلىشىپ، جاڭ شېڭنىڭ پۇتۇن كۈچى بىلەن قوللىشىغا ئېرىشىدۇ. تەڭرىقۇت ئوۋغا چىقىپ كەتكەن پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، گو خان بىلەن يۇچاڭ 70 نەچچە ئادەم بىلەن ئەمدىلا ئىسيان كۆتۈرمەكچى بولۇپ تۇرغاندا، ئارىدىن بىرى يۈز ئۆرۈپ كېچىدە چىقىپ پاش قىلىپ قويىدۇ، تەڭرىقۇتنىڭ بالىلىرى ۋە ئىنىلىرى ئۇلارنى قورشىۋالىدۇ. گو خان جەڭدە ئۆلىدۇ. يۇچاڭ ئەسىرگە چۈشىدۇ. تەڭرىقۇت بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ قاتتىق غەزەپلىنىپ، بۇ ئىشنى ۋېيلونىڭ بىر تەرەپ قىلىشىغا تاپشۇرىدۇ. جاڭ شېڭ بۇ ئىشنىڭ چاتاقلىقىنى كۆرۈپ ھەقىقىي ئەھۋالنى سۇ ۋۇغا ئېيتىدۇ. سۇۋۇ قاتتىق غەزەپلىنىپ جاڭ شېڭنىڭ تۆھپە كۆزلەپ دۆلەتنىڭ چوڭ ئىشلىرىغا دەخلى يەتكۈزگەنلىكىنى ئەيىبلەپ، ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالماقچى بولىدۇ، جاڭ شېڭ، چاڭ خۇيلار نەسىھەت قىلىپ ئۇنى توسۇۋالىدۇ.

دەرۋەقە، سوراقتا يۇچاڭ جاڭ شېڭنى چىشلەپ تارتىدۇ. ھەم بۇ ئىش سۇ ۋۇغىمۇ چېتىلىدۇ. ۋېيلو سۇ ۋۇ قاتارلىقلارنى چاقىرتىپ سوراق قىلغاندا، سۇ ۋۇ چاڭ خۇي قاتارلىقلارغا قاراپ «بۇ قېتىم يۈزسىزلەرچە تەسلىم بولۇپ، ھايات قالغان تەقدىردىمۇ قايسى يۈزۈم بىلەن خەن سۇلالىسىگە قايتىپ بارىمەن» دەيدۇ ـ دە، قەتئىيلىك بىلەن خەنجىرىنى چىقىرىپ ئۆزىگە سالىدۇ. ۋېيلو قاتتىق چۆچۈپ دەرھال سۇۋۇنى قۇچاقلاپ خەنجەرنى تارتىۋالىدۇ ۋە دەرھال چاپارمەن ئەۋەتىپ تېۋىپ چاقىرتىدۇ. تېۋىپ ئورەك كولاپ، ئورەككە چوغ سېلىپ سۇ ۋۇنى ئورەككە ياتقۇزىدۇ. دۈمبىسىنى دەسسەپ يارا ئاغزىدىكى

ئۇيۇپ قالغان قاننى چىقىرىۋېتىدۇ. بۇنداق پېرىم پېرىخونلۇق پېرىم تېبابەت ئۇسۇلىدا سۇ ۋۇ ھەرھالدا ئۆلۈم گىردابىدىن قايتىپ كەلگەن بولسىمۇ، پېرىم كۈن بىھوش ياتقاندىن كېيىن ئاستا - ئاستا ھوشىغا كېلىدۇ. تەگرىقۇت سۇ ۋۇنىڭ خىسلىتىگە قايىل بولۇپ، ئادەم ئەۋەتىپ ئەھۋال سورايدۇ. جاڭ شېڭ زىندانغا تاشلىنىدۇ. سۇ ۋۇنىڭ يارىسى بارغانسېرى ياخشىلىنىدۇ. تەگرىقۇت ئۇنى بېسىم بىلەن تەسلىم قىلماقچى بولىدۇ. ۋېيلۇ يۇچاڭنى ئۆلتۈرگەندىن كېيىن تەسلىم بولغانلارنىڭ ئامان قالىدىغانلىقىنى جاكارلايدۇ. جاڭ شېڭ دەرھاللا تەسلىم بولۇشنى ئىلتىماس قىلىدۇ. ئۆلۈم تەھدىتىمۇ، مال - دۇنيانىڭ قىزىقتۇرۇشىمۇ سۇ ۋۇنى تەۋرىتەلمەيدۇ. ۋېيلۇ ئامالسىز، سۇۋۇنى بىر چوڭ گەمىگە سولاپ قورسىقىنى ئاچ قويىدۇ. سۇۋۇ قار ۋە كىگىز يەپ ئاچلىقنى بېسىپ نەچچە كۈنگىچە ئۆلمەيدۇ. تەگرىقۇت سۇۋۇنىڭ زادى تەسلىم بولمايدىغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنى ئادەم ئايىغى تەگمىگەن بايقال بويىغا سۈرگۈن قىلىپ قوي باققۇزىدۇ ۋە «سەن قوچقار قوزىلىغاندا خەن ئېلىگە قايتىسەن» دەپ سۇ ۋۇنى قورقۇتماقچى بولىدۇ. شۇنىڭدىن تارتىپ، سۇ ۋۇ ئەلچىلىك دەستىكىنى ھەر كۈنى قولىدىن چۈشۈرمەي قار - مۇز سۇلىرىنى ئىچىپ، ئوت - چۆپلەرنى يەپ ئادەمزاتسىز بايقال كۆلى بويىدا ھايات كەچۈرىدۇ. 19 يىلدىن كېيىن، يەنى خەن خانى جاۋدى سەلتەنەت دەۋرى شىيۈەننىڭ ئالتىنچى يىلى (مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 81 - يىلى) ھۇنلار بىلەن خەن سۇلالىسى قايتا قۇدىلىشىش ئەھدى تۈزىدۇ. گۇيلىقۇ تەگرىقۇتنىڭ نەۋرىسى قوياندى تەگرىقۇت خەن سۇلالىسىگە بولغان ساداقىتىنى بىلدۈرۈش يۈزىسىدىن سۇۋۇ، چاڭ خۇي قاتارلىق توققۇز كىشىنى خەن سۇلالىسىگە قايتۇرىدۇ. سۇۋۇ قىران چاغلاردا ئەلچىلىككە بېرىپ 19 يىل جاپالىق قوي بېقىپ، چاچلىرى ئاقارغاندا خەن سۇلالىسىگە قايتىپ كېلىدۇ.

سۇ ۋۇنىڭ ھەر تەرەپكە ئەلچىلىككە بېرىپ ئۆز نامىغا ھاقارەت كەلتۈرمىگەن روھىنى تەقدىرلەش ئۈچۈن، خەن شۈەندى سەلتەنەت دەۋرىنىڭ گۈەنلۇ يىللىرىدا دۆلەتنى گۈللەندۈرگەن 11 مەشھۇر ۋەزىر قاتارىدا ئۇنىڭ رەسىمى چىلىن راۋىقىغا ئېسىلىپ ئوردا ۋە ئاۋام خەلقىنىڭ، ئەمەلدار - پۇقرالارنىڭ چىن كۆڭلىدىن ھۆرمەتلىشىگە سازاۋەر بولىدۇ.

سۇ ۋۇ ئەلچىلىككە كېتىپ قايتىپ كەلمىگەن ئىككىنچى يىلى، خەن - ھۇن مۇناسىۋىتى يامانلىشىپ يەنە بىر قېتىملىق چوڭ كۆلەملىك ئۇرۇش پارتلىدى. خەن ۋۇدى ئېرشى سانغۇنى لى گۇاڭلى، چەۋەنداز تۇتۇقبېگى لى لىڭلارغا خەن قوشۇنلىرىنى باشلاپ ئىككىگە بۆلۈنۈپ جيۇ چۈەن، جۇيەنلەردىن ھۇنلارغا ھۇجۇم قىلىشقا يارلىق چۈشۈردى. بەلكىم تەقدىرنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىدىنمۇ ياكى باشقا سەۋەبتىنمۇ مۇناسىۋىتى ناھايىتى يېقىن بولغان لى لىڭ بىلەن سۇ ۋۇ يەنە ئۇچرىشىپ قالدى.

## 6. قايتىش يولى قالمىغان لى لىڭ

چۆل باياۋان، دەشتى - چۆلدە كەزدىم تۈمەن مىڭ يول ئەنە،
خاقاننى دەپ لەشكەر تارتىپ ھۇن بىلەن جەڭ قىلدىم يەنە،
قىلىچ سۇندى، ئوق تۈگىدى چۈشۈپ قالدىم قورشاۋغا مەن،
جەڭدە ئۆلگەچ لەشكەرلىرىم بۇزۇلدى نام - ئەنئەنە.
ئاناممۇ ئۆلۈپ كەتتى، ئەجرى قالدى ئاق پېتى،
قانداق جاۋاب ئەيلەيىن ئۇقماي قالدىم ھېچنېمە.

ھەربىر مىسراسى ئاچچىق ئازاب، ئۈمىدسىزلىك بىلەن تولغان بۇ ناخشىنى لى لىڭ سۇۋۇنى خەن سۇلالىسىگە ئۇزىتىش زىياپىتىدە ئۇسسۇل ئويناپ تۇرۇپ ئېيتقانىدى. ناخشىدىكى

ھېسسىيات تولىمۇ مۇرەككەپ بولۇپ، ئانا تۇپراقنىڭ ئۈزۈلمەس رىشتى دوستىنىڭ ئوردىغا شەرەپ بىلەن قايتالىغانلىقىغا بولغان خۇشاللىق، ئۆزىنىڭ ئەگرى - توقاي سەرگۈزەشتىلىرى ۋە ئازابى، ئاتا - ئانىسىغا جاۋاب قايتۇرالمىغانلىقىغا بولغان ئۈمىدسىزلىكلەر يوشۇرۇنغانىدى.

خەن سۇلالىسى بىلەن ھۇنلار ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇش تارىخىدا، لى لىڭ ئەڭ كۆپ بەس - مۇنازىرە قوزغىغان شەخستۇر. ئۇمۇ سۇ ۋۇغا ئوخشاش ھۇنلار بىلەن قاتتىق تۇتۇشقان سەركەردىلەر ئەۋلادىدىن ئىدى. سۇۋۇنىڭ دادىسى سۇ چيەن دۇلىڭ (ھازىرقى شەنشى ئۆلكىسى شىئەن شەھىرىنىڭ غەربىي جەنۇبىدا) لىق بولۇپ، ياش چاغلىرىدىلا قوشۇنغا قاتنىشىپ چېرىكچىبەگ مەنسىپىگە ئېرىشكەن ۋە ئۇلۇغ سانغۇن ۋېي چىڭ بىلەن بىرلىكتە ھۇنلارغا زەربە بېرىپ، تۆھپە كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن سانغۇنلۇققا كۆتۈرۈلۈپ پىڭلىڭ بېگى مەرتىۋىسىگە ئېرىشكەن. لى لىڭنىڭ بوۋىسى بولسا نامى جاھانغا مەشھۇر «ئۇچقۇر سانغۇن» لى گۇاڭ ئىدى. خەن ۋۇدى سەلتەنەت دەۋرى يۈەنشۇنىڭ تۆتىنچى يىلى لى گۇاڭ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغاندىن كېيىن، بۇ لەشكىرىي جەمەتنىڭ ئامىتى قاچىدۇ. لى گۇاڭ ئۆلۈپ ئىككىنچى يىلى ئۇنىڭ نەۋرە ئىنىسى باش ۋەزىر لى سەي خانلىق يېرىنى ئوغرىلىقچە ئىگىلىۋالغانلىقى ئۈچۈن زىندانغا تاشلىنىپ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالىدۇ. لى گۇاڭنىڭ ئۈچ ئوغلى بولۇپ چوڭ ئوغلى لى داڭفۇ، ئىككىنچى ئوغلى لى جاۋلار لى گۇاڭدىن بۇرۇن ئۆلۈپ كەتكەنىدى. كەنجى ئوغلى لى گەن چېرىكچى بەگ مەنسىپىدە قىران چەۋەنداز سانغۇن خوچۇبىڭ قوشۇنىدا ھۇنلارغا ھۇجۇم قىلىپ سول تۇغ قانىنىڭ تۇغ ۋە داقا - دۇمباقلىرىنى تارتىۋېلىپ ئۆلكە بېگىلىك ئۇنۋانىغا ئېرىشىپ، دادىسىنىڭ ئورنىغا قوۋۇقچى باش بولىدۇ. ئۇلۇغ سانغۇن ۋېي چىڭنىڭ دادىسىنى ئۆلتۈرۈۋېلىشقا

مەجبۇر قىلغانلىقىغا ئاداۋەت ساقلاپ يۈرگەن لى گەن پۇرسەت تېپىپ ۋېي چىڭنى قاتتىق ئۇرۇپ يارىلاندۇرىدۇ. ۋېي چىڭ لى گۋاڭنىڭ ئۆلۈمىگە كۆڭلى غەش بولغاچقىمۇ بۇ ئىشنى يوشۇرىدۇ. بىراق، ۋېي چىڭنىڭ جىيەنى خوچۈبىڭ بۇنىڭدىن قاتتىق غەزەپلىنىپ لى گەن خانغا ھەمراھ بولۇپ گەنچۈەن قەسىرىگە كېلىپ ئوۋ ئوۋلاشقا چىققاندا، پۇرسەت تېپىپ ئۇنى ئېتىپ ئۆلتۈرىدۇ. بۇ خوچۈبىڭنىڭ خاننىڭ قەدىرلىشىگە ئېرىشىۋاتقان ۋاقتى بولغاچقا، خەن ۋۇدى ئىشنىڭ ھەقىقىتىنى جېنىنىڭ بارىچە يوشۇرۇپ، لى گەننى «ئوۋ ئوۋلاۋاتقاندا بۇغا ئۈسۈپ ئۆلتۈرۈپ قويدى» دەيدۇ. ئوردىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك بىر ئەمەلدارى ئەنە شۇنداق ئۈن - تىنسىز بۇ دۇنيادىن غايىب بولىدۇ.

لى گەن ئۆلگەندىن كېيىن، لى جەمەتى تېخىمۇ چۈشكۈنلىشىدۇ. گەرچە لى گەننىڭ ئوغلى لى يۈ ۋەلىئەھدىنىڭ ئەتىۋارلىشىغا ئېرىشكەن، ئۆزى باتۇر كىشى بولسىمۇ، بىراق ئاتا - بوۋىسىنىڭ ئېسىل - خىسلەتلىرىنى داۋاملاشتۇرالمىغان دۇنيا پەرەس كىشى ئىدى. لى داڭفۇنىڭ قورساقتا قالغان لى لىڭ ئاتلىق ئوغلى قۇرامىغا يەتكەندىن كېيىن، بۇ جەمەت ئىلگىرىكى شەرەپلىرىنى ئاستا - ئاستا ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە باشلىدى.

لى لىڭ قوشۇنغا كىرگەندىن كېيىن، شىغاۋۇل (مەھرەمبەگ) بولۇپ جىيەنجاڭ قەسىرىنىڭ نازارەتچى بېگى بولدى. جەمەتىنىڭ ئۇدۇمى بويىچە لى لىڭ ماھىر چەۋەنداز، ئۇستا مەرگەن بولۇپلا قالماي كىشىلەرگە مۇئامىلە قىلىشتا سەمىمىي، ساپ دىل بولۇپ نام - شۆھرىتى يىراقلارغا تارقالدى. خەن ۋۇدى لى لىڭدا لى گۋاڭنىڭ خىسلىتى بار دەپ ھېسابلاپ ئۇنىڭغا 800 چەۋەندازنى باشلاپ جۇ يەندىن ئۆتۈپ ھۇنلارغا 2000 چاقىرىمدىن كۆپرەك ئىچكىرىلەپ كىرىپ يەر شەكلىنى

تەكشۇرۇپ كېلىشىگە پەرمان قىلىدۇ. قايتىپ كەلگەندىن كېيىن چەۋەندازلار تۇتۇقىبىگىي بولۇپ جىۋ چۈەن، جاڭيېلاردىكى لەشكەرلەرگە ئات مىنىش، ئوقيا ئېتىشنى ئۆگىتىپ، ھۇنلارنىڭ پاراكەندىچىلىكىدىن مۇداپىئە كۆرىدۇ.

خەن ۋۇدى سەلتەنەت دەۋرى تيەنخەننىڭ ئىككىنچى يىلى (مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 99 - يىلى) يازدا، خەن ۋۇدى ئېرشى سانغۇن لى گۇاڭلىغا 30 مىڭ لەشكەر بىلەن جىۋ چۈەندىن چىقىپ ھۇنلارنىڭ ئوڭ تۇغ قانى بىلەن چىلىيەنشەن تېغىدا ئۇرۇشۇشقا يارلىق چۈشۈرىدۇ. لى گۇاڭلى 20 مىڭدىن ئارتۇق ئادىمىنى چىقىم قىلىشتەك زور بەدەل بىلەن ئوڭ تۇغ قانىنىڭ 10 مىڭدىن ئارتۇق ئادىمىنى يوقىتىدۇ. كېيىن، ھۇنلارنىڭ مۇھاسىرىسىگە چۈشۈپ پۈتۈن دېگۈدەك تارمار قىلىنىدۇ.

لى گۇاڭلى ئاتلىنىشتىن بۇرۇن، خەن ۋۇدى قوشۇنىنىڭ ئارقا سەپ تەمىنات ئىشلىرىغا كېپىللىك قىلىش ئۈچۈن لى لىڭنى ئالاھىدە چېگرىدىن چاقىرتىپ كېلىپ، ۋېيياڭ ئوردىسىنىڭ ۋۇتەي قەسرىدە شەخسەن ئۆزى قوبۇل قىلىپ، ئۇنىڭغا لى گۇاڭلىنىڭ تەمىنات قىسىملىرىنى قوغداپ مېڭىشقا يارلىق قىلىدۇ. لى گۇاڭلى خەن ۋۇدىنىڭ ئامراق خانىشى لى خانىشىنىڭ ئىنىسى (ئاكىسىمۇ دېيىلىدۇ) بولۇپ، پەرغانىنى بويسۇندۇرۇشتا تۆھپە كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن لى گۇاڭلىغا خەيشى تۆرىسى ئۇنۋانى بېرىلىپ، ئامىتى كېلىشكە باشلىغان. بىراق، چوڭ تۆھپىلىرى بىلەن ئۆزىگە شەرەپ كەلتۈرگەن بىر مەشھۇر لەشكىري خادىمنىڭ ئەۋلادى بولۇش سۈپىتى بىلەن لى لىڭ تۇغقانچىلىق مۇناسىۋىتىگە تايىنىپ ئۆسكەن لى گۇاڭلىنى ياراتمىغاچقا، ئۇنىڭ تەمىنات قىسمىنى قوغداپ ماڭغىلى ئۇنىمىدى. سىلىق - سىپايىلىك بىلەن ئۆزى قوماندانلىق قىلىۋاتقان چېگرىنى قوغدىغۇچى لەشكەرلەرنى «باتۇر، ئالاھىدە ماھارەتكە ئىگە قىلىچۋازلار»، «ئۇستا مەرگەنلەر» دەپ ئاتاپ،

ئۆزى مۇستەقىل بىر قوشۇننى باشلاپ جەڭ قىلغۇسى بارلىقىنى، هۇنلارنىڭ لەشكىرىي كۆچىنى توسۇپ لى گۋاڭلى قوشۇنىغا هۇجۇم قىلىشقا ئامالسىز قىلىپ قويماقچى ئىكەنلىكىنى بايان قىلىدۇ. بۇ گەرچە زەي سالماي ئېتىملىۋاتقان پو بولسىمۇ، خەن ۋۇدى لى لىڭنىڭ لى گۋاڭلىنىڭ قارىمىقىدا بولۇشنى خالىمايۋاتقانلىقىنى هېس قىلىپ، سەل - پەل خاپا بولغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ غەيرىتىگە زوقلىنىپ لى لىڭغا: «سانغۇنلار ئەزەلدىن خەقنىڭ پەرمانىنى ئاڭلاشنى خالىمايدۇ. بىراق، بۈگۈن زور قوشۇن چىقىرىۋاتىمەن. سىزگە بەرگۈدەك چەۋەنداز يوقتە» دەيدۇ. لى لىڭ: «چەۋەنداز بولمىسىمۇ بولىۋېرىدۇ. كەمىنىلىرى ئازغىنە قىسىم بىلەن دۈشمەننىڭ چوڭ قىسىمىغا هۇجۇم قىلىمەن، 5000 پىيادە لەشكىرىم بىلەن هۇنلارنىڭ ئارىسىغا بۆسۈپ كىرىمەن!» دەيدۇ. خەن ۋۇدى لى لىڭنىڭ ئىلتىماسىغا قوشۇلىدۇ.

لى لىڭ قوشۇننى تەرتىپكە سېلىپ يولغا چىقىش ئارىلىقىدا، خەن ۋۇدى قونداقلىق ئوقيالىقلار سانغۇنى لۇ بودېغا لەشكەرلىرىنى باشلاپ يولدا لى لىڭ قىسىملىرىنى قارشى ئېلىشقا پەرمان بېرىدۇ. لۇ بودې جەڭ كۆرگەن پېشقەدەم سانغۇن بولۇپ، ئىلگىرى خەن ۋۇدى سەلتەنەت دەۋرى يۈەندىڭنىڭ 5 - يىلى (مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 112 - يىلى) داۋالغۇشنى تىنجىتقۇچى سانغۇن بولغان. ئۆزى زور قوشۇننى باشلاپ جەنۇبىي يۆگە يۈرۈش قىلغان. ئەمدى كېلىپ نەۋرىسىدەك بىرسىنىڭ قارىمىقىدا بولۇش توغرا كەلگەچكە كۆڭلى بىئارام بولۇپ، خانغا مەكتۇپ سۇنۇپ: «هازىر كۈز پەسلى، هۇنلارنىڭ ئاتلىرى سېمىز ۋە كۈچلۈك، يېڭىش تەس. كەمىنىلىرى كېلەر يىلى ئەتىيازدا لى لىڭ بىلەن بىللە هۇنلارغا هۇجۇم قىلىشنى خالايمەن. شۇندىلا تولۇق غەلىبىگە ئېرىشىدۇ» دەيدۇ. خەن ۋۇدى مەكتۇپنى ئوقۇپ قاتتىق غەزەپلىنىپ «لى لىڭ پۇشايمان قىلىپ 5000 پىيادە

لەشكەر بىلەن ھۇنلارغا ھۇجۇم قىلىشقا پېتىنالماي، لۇبودېغا مەكتۇپ سۇنغۇزۇپ ۋاقىتنى كەينىگە سۈرمەكچى ئوخشايدۇ» دەپ گۇمانلىنىدۇ. شۇڭا، خەن ۋۇدى يارلىق چۈشۈرۈپ لۇ بودېنى شىخې (ھازىرقى ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونى جۇڭغار خوشۇنىنىڭ غەربىي جەنۇبى تەۋەسىدە) دىن يولغا چىقىپ، يىيۇ سانغۇنى گۇڭسۇن ئاۋ قوشۇنى بىلەن خۇيې تېغى (ھازىرقى نامى جۇتۇ تېغى، ھازىرقى موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتى ماندارى چۆللۈكى ئەتراپىدا) دا ئۇچراشسۇن! لى لىڭ قوۋمى ئېپىدا (9 ـ ئايدا) يولغا چىقىپ جىلۇ جاڭ (ھازىرقى ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونى ئېجىن خوشۇنىدا) دىن چىقىپ، شەرقىي جۇنجى تېغىنىڭ جەنۇبىدىكى لۇڭلى دەرياسىغا بېرىپ ياۋنىڭ ئەھۋالىنى كۆزەتسۇن! دەپ كۆرسەتتى. ئاندىن خەن ۋۇدى سەلتەنەت دەۋرى تەيچۇنىڭ تۇنجى يىلى جويې بېگى جاۋ پونۇ ھۇنلارغا ھۇجۇم قىلىپ ماڭغان يول بىلەن تەسلىمچىلەرنى قوبۇل قىلىش شەھىرىگە كېلىپ لەشكەرلەرنى ئارام ئالدۇرسۇن!... دەيدۇ ھەمدە لى لىڭغا يارلىقنى ئالغاندىن كېيىن لۇ بودې بىلەن قىلىشقان گەپ ـ سۆزلەرنى ئەينەن مەلۇم قىلىش توغرىسىدا يارلىق چۈشۈرىدۇ. دەرۋەقە، خەن ۋۇدى لى لىڭدىن گۇمانلىنىپ قالغانىدى. شۇڭا، ئارانلا 5000 پىيادە لەشكەرگە شۇنچىلا تەپسىلىي يارلىق چۈشۈرگەنىدى. لى لىڭ ئاشۇ ۋاقىتقىچە قوشۇن چىقارمىغاچقا ئوردىدا خۇددى غايەت زور بوران ـ چاپقۇن يۈز بېرىدىغاندەك گەپ ـ سۆزلەر كۆتۈرۈلدى.

لى لىڭ قوشۇن تارتىپ چىققاندىن كېيىن غەلىبىسىرى ئىلگىرىلەپ ناھايىتى تېزلا جۇنچى تېغىغا يېتىپ كېلىپ بارگاھ تىكىدۇ. ئۆزى بېسىپ ئۆتكەن پۈتكۈل تاغ ـ دەريالار ۋە يەر ۋەزىيىتىنى خەرىتىگە چۈشۈرۈپ قول ئاستىدىكى چەۋەنداز چېن بۇلېنى تېزدىن ئوردىغا مەلۇمات يەتكۈزۈشكە ئەۋەتىدۇ. خەن ۋۇدى لى لىڭنىڭ بۇنداق لەشكىرىي ھەرىكەتلىرىگە يۈكسەك

ئەھمىيەت بېرىپ ئۇنى دەرھال قوبۇل قىلىدۇ. چېن بۇ لې ئاددىي بىر لەشكەر بولسىمۇ، ناھايىتى ئۇستىلىق بىلەن لى لىڭنىڭ قوشۇن تارتىپ چىققاندىن بۇيانقى ئىشلىرىنى بىرمۇبىر بايان قىلىپ بېرىدۇ. خەن ۋۇدى بۇنى ئاڭلاپ قاتتىق سۆيۈنۈپ كېتىدۇ ۋە چېن بۇلېغا نۆكەر بەگلىك ئۇنۋانىنى بېرىدۇ. ۋەزىرلەر خاننىڭ كەڭ قوللۇقىنى كۆرۈپ ھەممىسى قەدەھ كۆتۈرۈپ تەبرىكلىشىدۇ. بىراق، دەل مۇشۇ پەيتتە بالا - قازا لى لىڭنىڭ بېشىغا يوپۇرۇلۇپ كېلىدۇ.

چېن بۇلې ئوردىغا قايتقاندىن كېيىن، لى لىڭنىڭ زور قوشۇنى تۇيۇقسىز چەتئەل تەگرىقۇتنىڭ 30 مىڭدىن ئارتۇق زور قوشۇنىنىڭ مۇھاسىرىسىدە قالىدۇ. ۋەزىيەت ئىنتايىن خەتەرلىك ئىدى. لى لىڭ بۇ چاغدا ئىككى تاغنىڭ ئارىسىدا جايلىشىپ ھارۋىلار بىلەن قورغان ياسىۋالغانىدى. لى لىڭ بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن لەشكەرلىرىنى باشلاپ سەپ تۈزۈپ تۇرىدۇ. ئالدى قاتاردىكىلەر قالقان - يالمانلار بىلەن ياۋ چەۋەندازلىرىنىڭ تۇيۇقسىز ھۇجۇملىرىدىن مۇداپىئە كۆرىدۇ. ئارقا سەپتىكىلەر ئوقيالىرىنى تۇتۇپ ياۋ چەۋەندازلىرىنى قاتتىق نىشانلاپ تۇرىدۇ. لى لىڭ پۈتۈن قوشۇنغا دۇمباق ئاۋازى چىقىش بىلەن ياۋغا ئاتلىنىش، جاڭنىڭ ئاۋازى بىلەن ھۇجۇمنى توختىتىش ھەققىدە پەرمان بېرىدۇ. ھاۋامۇ جىددىيلىكتىن قېتىپ قالغاندەك قىلاتتى. چەتئەل تەگرىقۇت خەن قوشۇنلىرىنىڭ ئارانلا نەچچە مىڭ ئادەم ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ كۆزگە ئىلماي پۈتۈن قوشۇننى خەن قوشۇنلىرىنىڭ سېپىگىچە باستۇرۇپ بېرىشقا بۇيرۇق بېرىدۇ. شۇ زامانلا ئارغىماقلار كىشنىشىپ، ھون چەۋەندازلىرى خەن قوشۇنلىرىنىڭ سېپىگە بوراندەك يوپۇرۇلۇپ كېلىدۇ. لېكىن، ھون ئارغىماقلىرى خەن قوشۇنلىرىنىڭ يالمانلىق سېپىدىن بۆسۈپ ئۆتەلمەيدۇ. يامغۇردەك يېغىۋاتقان ئوقلارنى خەن قوشۇنلىرىنىڭ قالقانلىرى توسۇۋالىدۇ. ھېچقانداق

مۇداپىئەلەنگۈدەك قالقانلىرى يوق ھۇن چەۋاندازلىرى خەن قوشۇنلىرىنىڭ ئوقياچىلىرىنىڭ ئالدىدا مانا مەن دەپلا تۇراتتى. لى لىڭنىڭ بىر بۇيرۇقى بىلەن مىڭلىغان كىرىچلاردىن ئوق ئۈزۈلۈپ، ئالدى سەپتىكى ھۇن چەۋەندازلىرىنى ئاتتىن يىقىتىدۇ. ئارقا سەپتىكى ھۇن چەۋەندازلىرى دەرھال ئاتلىرىنىڭ بېشىنى بۇراپ ئالدىراپ قېچىپ كېتىدۇ. خەن قوشۇنلىرى غەلىبە پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ ھۇجۇمغا ئۆتۈپ خېلى كۆپ ئادەمنى ئۆلتۈرىدۇ.

خەن قوشۇنىدا بارى - يوق 5000 لا ئادەم بولسىمۇ، ھۇنلارنىڭ تۇنجى قېتىملىق ھۇجۇمىنى چېكىندۈرگەندىن كېيىن، دەرھال جەنۇبقا چېكىنىدۇ. تەگرىقۇت خەن قوشۇنلىرىنىڭ پىيادە لەشكەرلىرى تەرىپىدىن تېرىپېرەن قىلىۋېتىلگەن چەۋەندازلار قوشۇنىنى كۆرۈپ ھەم ھەيران بولۇپ ھەم غەزەپلىنىپ، ھۇنلارنىڭ ئەتراپتىكى چەۋەندازلىرىدىن 30 مىڭ كىشىنى يىغىپ لى لىڭغا بىرلىكتە ھۇجۇم قىلىدۇ. خەن قوشۇنلىرى جەڭ قىلغاچ چېكىنىپ جەنۇبقا بىر قانچە كۈن سۈرۈلۈپ جىلغا ئىچىگە كىرىپ قالىدۇ. بىر نەچچە كۈنلۈك جاپالىق جەڭلەردىن كېيىن خەن قوشۇنلىرىدا ئۆلۈش - يارىلىنىش ئەھۋالى ئېغىر بولىدۇ. لى لىڭ: ئۈچ يېرىدىن يارىلانغانلار ھارۋىدا ئولتۇرۇش، ئىككى يېرىدىن يارىلانغانلار ھارۋا ھەيدەش، بىر يېرىدىن يارىلانغانلار داۋاملىق جەڭ قىلىش ھەققىدە پەرمان چۈشۈرىدۇ. جىلغىدىن چىققاندىن كېيىن، خەن قوشۇنلىرى ھۇنلارنىڭ قوغلاپ كەلگەن ئادەملىرىدىن 3000 دىن كۆپرەكىنى ئۆلتۈرىدۇ. بۇ چاغدا خەن قوشۇنلىرى ئەجدىھا بالىقنىڭ كونا يولى بىلەن شەرقىي جەنۇبقا قاراپ چېكىنىپ، تۆت - بەش كۈندىن كېيىن چوڭ سازلىقنىڭ (شەرقىي جۇنجى تېغىنىڭ دەل جەنۇبىي تەرىپىدە) قۇمۇشلۇققا يېتىپ كېلىدۇ. ھۇنلارنىڭ قوغلاپ كېلىۋاتقان چەۋەندازلىرى

شامال يۆنىلىشى بويىچە ئوت قويۇپ بېرىدۇ. خەن قوشۇنلىرى ئەتراپىدىكى قۇمۇشلارغا ئالدىن ئوت قويۇپ ئوت يولىنى ئۈزۈۋېتىدۇ. خەن قوشۇنلىرى سازلىقتىن قېچىپ چىقىپ خەن قورۇلىغا يېقىن تاغلىق رايونغا يېتىپ كېلىپ دەل ـ دەرەخلەرنى دالدا قىلىپ نەچچە مىڭ ھۇن چەۋەندازلىرىنى ئۆلتۈرىدۇ. چەتقۇ تەڭرىقۇت لى لىڭنىڭ كېچە ـ كۈندۈزلەپ جەنۇبقا چېكىنىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ خەن قوشۇنلىرى چېگرىدا زور تۈركۈمدە بۆكتۈرمە قويۇپ، ھۇنلارنى ئالداپ چېگرىغا يېقىنلاشتۇرۇشقا ئۇرۇنۇۋاتسا كېرەك، دەپ گۇمانلىنىدۇ. ۋەزىرلەر بىلەن مەسلىھەتلىشىپ قوغلاشنى توختاتماقچى بولىدۇ. ۋەزىرلەر تەڭرىقۇت شەخسەن ئۆزى يۈز نەچچە مىڭ چەۋەنداز بىلەن بىر نەچچە مىڭ خەن قوشۇنىنى يوقىتالمىسا كېيىن خەن قوشۇنلىرى ھۇنلارنى كۆزگە ئىلمايدىغان بولۇۋالىدۇ. ئەگەر تاغ ئىچىدە خەن قوشۇنلىرىنى يوقىتالمىساق يەنە 40 ـ 50 چاقىرىم نېرىدا تۈزلەڭلىك بار. شۇ چاغدا توختاتساقمۇ كېچىكمەيمىز، دەپ قارىشىدۇ.

ئەمەلىيەتتە، بۇ چاغدا خەن قوشۇنلىرى ئوت، سۇسىز جايغا بېرىپ قالغانىدى. لى لىڭنىڭ ئىلھاملاندۇرۇشى بىلەن لەشكەرلەر ئالدىدىكىلەر يىقىلسا كېيىنكىلەر ئىز بېسىپ قان كېچىپ جەڭ قىلىپ، باتۇرلۇق بىلەن قارشىلىق كۆرسىتىپ، بىر كۈندە ھۇنلار بىلەن ئون نەچچە قېتىملاپ جەڭ قىلىپ، يەنە قوغلاپ كەلگەن ھۇن چەۋەندازلىرىدىن 2000 دىن ئارتۇق كىشىنى ئۆلتۈردى. تەڭرىقۇت قەدەممۇ قەدەم ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچراۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، چېكىنىپ كەتمەكچى بولىدۇ. مۇشۇنداق ئاچقۇچلۇق پەيتتە، خەن قوشۇنىدىكى چاۋۇشبېگى گۇەن گەن چېرىكچىنىڭ ھاقارىتىگە ئۇچراپ ھۇنلارغا تەسلىم بولۇپ خەن قوشۇنلىرىنىڭ ئالدىدا ياردەمچى قىسىملارنىڭ يوقلۇقىنى، ئوق، ئوزۇق ـ تۈلۈك، يەم ـ خەشەكنى تۈگەپ

قالغانلىقىنى تەپسىلىي دەپ بېرىدۇ. تەڭرىقۇت خۇشال بولۇپ، خەن قوشۇنىغا جىددىي ھۇجۇم قىلىشقا پەرمان بېرىدۇ. خەن قوشۇنى چېكىنىپ گەنخەن تېغى (جۇيەن سازلىقىنىڭ دەل شىمالىغا توغرا كېلىدۇ) نىڭ ئاغزىغا يېتىپ كەلگەندە، قورۇلغا يۈز چاقىرىممۇ كەلمەيدىغان جايدا 3000 دىن ئارتۇق لەشكەر قالغانىدى. بىراق، ئوقلىرى ئېتىلىپ تۈگىگەن، قوراللىرى بۇزۇلۇپ، پەقەت ھارۋىلارنىڭ ياغاچلىرىنى سۇندۇرۇپ قورال قىلىپ جىلغىغا كىرىۋالغانىدى. ھۇنلار مۇھىم ئورۇننى ئىگىلىۋېلىپ تاش دومىلىتىپ شىددەتلىك ھۇجۇم قىلدى. خەن قوشۇنلىرىدىن ئۆلگەن - يارىدار بولغانلار كۆپ بولدى. ئالدىغا مېڭىش مۇمكىن بولمىدى. كېچە بولۇپ يۇلتۇز چىققاندا، لى لىڭ تەنها ئۆزى قىلىچىنى قولىغا ئېلىپ بارگاھتىن چىقىپ ياۋ ئەھۋالىنى كۆزەتمەكچى بولدى. بىراق، ئەتراپتا ئوتقاشلار لاۋۇلداپ ئادەم سان - ساناقسىز ئىدى. كۆپ ئۆتمەي لى لىڭ بارگاھقا قايتىپ كېلىپ ئەتراپتىكى لەشكىرىي ئەمەلدارلارغا ئاھ ئۇرۇپ «نەچچە ئون تاللا ئوق بولغان بولسا قورشاۋدىن چىقىپ كېتىشكىمۇ بولاتتى. ۋەھالەنكى ھازىر بىر تالمۇ ئوق يوق! تاڭ ئاتقاندىن كېيىن پۇت - قولىمىز باغلىنىدىغان بولدى» دەيدۇ. لى لىڭ لەشكەرلەرنىڭ ھەربىرىگە ئىككى كاپچىدىن ئاشلىق، بىر پارچىدىن مۇز بېرىپ تارقىلىپ مۇھاسىرىدىن چىقىپ جىلۇجاڭ قورغىنىدا ئۇچرىشىش توغرىسىدا پەرمان بېرىدۇ. تۈن نىسپىدە، لى لىڭ ۋە چېرىكچى خەن يەننىيەنلەر مۇھاسىرىگە ئات سالىدۇ. ئۇلارغا پەقەت ئون نەچچىلا يىگىت ئەگىشىدۇ. ھۇنلاردىن نەچچە مىڭ ئادەم ھۇجۇم قىلىدۇ. خەن يەننىيەن ئۆلىدۇ. لى لىڭ پۈتۈن قوشۇنىنىڭ تارمار بولغانلىقىنى كۆرۈپ ئاھ ئۇرۇپ: «خان ئالىيلىرىغا قارىغۇدەك يۈزۈم قالمىدى» دەپ ھۇنلارغا تەسلىم بولىدۇ. قالغان قىسىملار چېچىلىپ مۇھاسىرىدىن بۆسۈپ ئۆتۈپ 400 نەچچە ئادەم خەن قورۇلىغا

قېچىپ كېلەلەيدۇ.

لى لىڭنىڭ مەغلۇبىيەت خەۋىرى پايتەختكە يېتىپ كەلگەندىن كېيىن، خەن ۋۇدى دەسلەپتە لى لىڭنىڭ ۋەتەن ئۈچۈن ئۆزىنى قۇربان قىلىشىنى ئۈمىد قىلغانىدى. ئۇنىڭ ھۇنلارغا تەسلىم بولغانلىقىنى ئۇققاندىن كېيىن قاتتىق غەزەپلىنىپ، چېن بۇلېنى چاقىرتىپ جازالىماقچى بولىدۇ. قورقۇپ كەتكەن چېن بۇلې ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالىدۇ، باشتا لى لىڭ غەلىبە خەۋىرى يېتىپ كەلگەندە ۋەزىرلەر خاننى بەس ـ بەستە مۇبارەكلەشتى. لى لىڭ قىيىن ئەھۋالدا قالغاندا ھېچكىم بىر ئېغىز گەپ قىلمىدى. ئاخىرى «لى لىڭ مەغلۇپ بولۇپ ھۇنلارغا تەسلىم بولغان» دەپ يۇقىرىغا مەكتۇپ سۇنۇپ، لى لىڭنى جازالاشنى تەلەپ قىلدى. بۇنداق «سۇنىڭ ئېقىشىغا، تۈكنىڭ يېتىشىغا قاراپ ئىش كۆرىدىغان» رەزىل خىسلەتلەر لى لىڭ بىلەن تۈزۈك تونۇشمايدىغان تۈز نىيەت، غەزەپلىك سالنامىچى سىماچيەننى قاتتىق غەزەپلەندۈرىدۇ. شۇڭا، خەن ۋۇدى ئۇنىڭدىن سورىغاندا سىماچيەن قەتئىيلىك بىلەن تۈپتۈزلا: «لى لىڭ 9 ـ ئايدا قورۇلدىن چىقىپ يالغۇز قوشۇن بىلەن ھۇنلار ئىچىگە 2000 چاقىرىمدىن ئارتۇق ئىچكىرىلەپ كىرىپتۇ. ‹يولۋاس ئۇۋىسىغا كىرىپ ئۇنى ئالداپ، كۈچلۈك ھۇنلارنى مالىماتاڭ قىپتۇ.› چەتقۇ تەگرىقۇت يۈز نەچچە مىڭ چەۋەنداز بىلەن ئۈچ ئايدىن ئارتۇق جەڭ قىلىپ ئون مىڭدىن ئارتۇق ئادىمىدىن چىقىم تارتىپتۇ. لەشكەرلەرنىڭ ئۆلىدىغىنى ئۆلۈپ، يارىلىنىدىغىنى يارىلىنىپ، ئوقلىرى تۈگەپ، ئوزۇق ـ تۈلۈكى ئۈزۈلۈپ لەشكەرلەرنى قۇتقۇزالماي پۈتۈن قوشۇن تارمار بولۇپتۇ. شۇنداقتىمۇ ئوردا ئۈچۈن شەرەپ كەلتۈرۈپتۇ. لى لىڭ تەسلىم بولغان بولسىمۇ بەلكىم باشقا ئويى باردۇر. كەلگۈسىدە پۇرسەت تېپىپ ئالىيلىرىغا جاۋاب قايتۇرۇشنى ئىستىگەندۇر» دەيدۇ. خەن ۋۇدىنىڭ كۆڭلىنى ئەمىن تاپقۇزۇش مەنىسىدىكى

بۇ بىر قاتار سۆزلەرنى خەن ۋۇدى خاتا چۈشىنىپ «ئىرشى سانغۇن لى گۇاڭلىنىڭ لەشكەر تارتىپ ھىچنىمىگە ئېرىشەلمىگەنلىكىنى مەسخىر قىلىپ، ئەتەي لى لىڭنى ئاقلاۋاتىدۇ» دەپ ئويلاپ قالدى. خەن ۋۇدى شۇ غەزەپ بىلەن سىماچيەننى زىندانغا سېلىپ ئىچىنىشلىق ئاختىلاش جازاسى بېرىدۇ.

لى لىڭ مەغلۇپ بولۇپ ئىككىنچى يىلى، خەن ۋۇدى ئۆز ۋاقتىدا ياردەمچى قىسىم ئەۋەتەلمىگەنلىكىدىن لى لىڭنىڭ پۈتۈن قوشۇنى بويىچە تارمار بولغانلىقىنى ھېس قىلىپ پۇشايمان قىلدى. شۇڭا، يىنيۇ سانغۇنى گۇڭسۈن ئاۋنى ئەۋەتىپ قورۇلدىن چىقىپ لى لىڭنى قايتۇرۇپ كەلمەكچى بولىدۇ. ئويلىمىغان يەردىن گۇڭسۈن ئاۋ خىزمەت كۆرسىتەلمەي قايتىدۇ ۋە خەن ۋۇدىغا «ئەسىرگە چۈشكەن ھۇنلارنىڭ ئىقرار قىلىشىچە، لى لىڭ ھازىر خەن قوشۇنلىرىدىن مۇداپىئەلىنىش ئۈچۈن ھۇن لەشكەرلىرىنى تەربىيىلەپ بېرىۋېتىپتۇ» دەپ مەلۇم قىلىدۇ. بۇ خاتا خەۋەر خەن ۋۇدىنىڭ يەنە غەزىپىنى قوزغايدۇ ـ دە، لى لىڭنىڭ جەددى ـ جەمەتىنى يوقىتىش توغرىسىدا يارلىق چۈشۈرىدۇ. لوڭشىدا داڭق چىقارغان مەشھۇر سانغۇننىڭ ئەۋلادى ئۈزۈل ـ كېسىل تۈگىشىدۇ. ھۇن لەشكەرلىرىنى مەشقلەندۈرۈۋاتقىنى ئەسلىدە خەن سۇلالىسى قورۇل سىرتىدىكى كاھىبگى لى شۇ ئىدى. ئۇ ھۇنلارغا تەسلىم بولغاندىن كېيىن، تەڭرىقۇتنىڭ ئىلتىپاتىغا ئېرىشىپ ئورنى لى لىڭدىن ئۈستۈن تۇراتتى. لى لىڭ پۈتۈن ئائىلىسىنىڭ لى شۇنىڭ كاساپىتىدىن ئۆلتۈرۈلگەنلىكىدىن قاتتىق ئازابلىنىپ، ئادەم ئەۋەتىپ ئۇنى ئۆلتۈرگۈزۈۋەتتى. بىراق، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى ئىچىنىشلىق ئۆلتۈرۈلگەچكە، لى لىڭنىڭ قايتىش يولى پۈتۈنلەي ئۈزۈلگەنىدى. تەڭرىقۇت لى لىڭنىڭ باتۇر ۋە قاۋۇللۇقىغا قايىل بولۇپ، ئۆز قىزىنى ئۇنىڭغا بېرىدۇ. ئۇلۇغ قول چېرىكچىلەر

خانى قىلىپ تەيىنلەيدۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ ھۇنلار ئارىسىدا تۇرۇپ قالىدۇ. 20 نەچچە يىلدىن كېيىن ئاغرىپ ئۆلگەنگە قەدەر ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە بىر قەدەممۇ باسالمايدۇ.

## 7. لى گۇاڭلىنىڭ جىجۇ دەرياسى بويىدىكى مەغلۇبىيىتى

خەن ۋۇدى سەلتەنەت دەۋرى جىڭخېنىڭ ئۈچىنچى يىلى (مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 90 ـ يىلى) 3 ـ ئايدا، ئىللىق باھار شامىلى گۇەنجۇڭ زېمىنىنى سۆيۈپ ئۆتمەكتە ئىدى. ئاستانىنىڭ دەل شىمالىغا جايلاشقان ۋېيشۇي دەرياسى كۆۋرۈكى يېنىدا شاراب زىياپىتى تەييارلىنىپ قەلەمدار ـ ئەلەمدار بەگلەردىن نۇرغۇنى ۋەزىر ليۇ چۇماۋنىڭ باشچىلىقىدا، ئېرشى سانغۇنى لى گۇاڭلىنى ھۇنلارغا قارشى يۇرۇشكە ئۇزاتماقچى بولۇپ تۇراتتى. بىراق، قەلەمدار، ئەلەمدار بەگلەردە زور قوشۇن يۇرۇشكە ئاتلانغان چاغدىكى قاينام ـ تاشقىنلىق خۇشال كەيپىياتتىن ئەسەرمۇ يوق ئىدى. زورمۇ زور كۆلكىلەرنىڭ كەينىدە يوشۇرۇپ بولمايدىغان جىددىيچىلىك، ۋەھىمە كەيپىياتى ئەكس ئېتىپ تۇراتتى. بۇ ئىللىق باھار كۈنلىرىدىكى قاينام ـ تاشقىنلىق زىياپەتكە ئەمەس، ئەكسىچە زىمىستان قىشتىكى جازا زىياپىتىگە ئوخشاپ قالغانىدى.

شۇنداق، ئەمەلدارلارنىڭ ۋەھىمىلىك كەيپىياتىنى چۈشىنىش تەس ئەمەس ئىدى. ئالدىنقى يىلى كۈزدە ئاستانىدە بىر مەيدان ئىسلى كۆرۈلمىگەن دەھشەتلىك سىياسىي ئۆزگىرىش پارتلىغانىدى. ۋەلىئەھد ۋېي داخان ـ باخشىلارغا ئوقۇتۇپ خانىنى زەھەرلىك تىللار بىلەن تىللىغان، دېگەن تۆھمەتكە قېلىپ لەشكەر تارتىپ ۋەزىر ليۇ چۇماۋ باشچىلىقىدىكى قوشۇن بىلەن چاڭئەن شەھىرىدە بىر نەچچە كۈنلەر قالايمىقان جەڭ قىلىشقا

مەجبۇر بولدى. ۋەلىئەھد يېڭىلىپ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالدى. نەچچە ئون مىڭ ئادەم جەڭدە ئۆلدى. قانچىلىك ئىسىلزادە بەگلەرنىڭ، مەنسەپدار - ۋەزىرلەرنىڭ بۇنىڭغا چېتىلىپ ئۇرۇق - جەمەتىنىڭ قۇرۇتۇۋېتىلگەنلىكىنى بىلگىلى بولمايتتى. ھازىرمۇ داخانلىق ئىشىنىڭ ئاخىرى سۈرۈشتۈرۈلۈۋاتاتتى. ھېچكىممۇ ئۆز بېشىغا شۇ بالا قازانىڭ قاچان كېلىشىنى بىلمەيتتى. بىراق، ۋەزىر ليۇ چۈماۋ بىلەن ئىبرشى سانغۇنى لى گۇاڭلىدىن ئىبارەت كۆيئوغول - كېلىن مۇناسىۋىتىدىكى تۇغقانلار ھېچنېمىنى سەزمىگەندەك، خۇشال پاراڭلىشىپ ئولتۇراتتى. ۋەلىئەھد ۋېىنىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن ۋەلىئەھد ئورنى بوش تۇرۇۋاتاتتى. لى گۇاڭلى كۆڭلىدە خۇشال بولۇپ، ئاچىسى لى كىچىك خانىشنىڭ ئوغلى چاڭيى بېگى لى بۇنىڭ خانلىق ئورنىغا چىقىشىغا ئۈمىد بار، ئۆزۈم خان تاغىسى سالاھىيىتى بىلەن ئوردا ھوقۇقىنى يۈرگۈزەلەيدىغان بولدۇم، دەپ قاراپ، ليۇ چۈماۋغا: «جانابى تۆرەم، خاندىن چاڭيى بېگىنىڭ ۋەلىئەھد بولۇشىنى بالدۇرراق تەلەپ قىلغايلا. چاڭيى بېگى تەختكە چىقسا تۆرەمنىڭ يەنە نېمە غېمى قالاتتى؟» دەيدۇ.

ليۇ چۈماۋ شارابنى كۆپرەك ئىچىپ تاشلاپ قويدىمۇ، تەخت ۋارىسى مەسىلىسىدىن ئىبارەت بۇنداق ئىنچىكە مەسىلىنى يەڭ ئىچىدە مەسلىھەتلىشىشنىڭ ئۆز ئۇرۇق - جەمەتىگە قانداق بالاقازا ئېلىپ كېلىدىغانلىقىنى ئۇنتۇپ قالغاندەك، بۇنىڭغا دەرھاللا ماقۇل بولدى. لى گۇاڭلىنىڭ كۆڭلى تىنىپ، كەلگۈسىنىڭ گۈزەل مەنزىرىسىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ، كۆتۈرەڭگۈ روھ بىلەن 70 نەچچە مىڭ كىشىلىك زور قوشۇننى باشلاپ باش تەپتىش بېگى شياڭ چيۇ قوماندانلىقىدىكى 30 مىڭ، جۇڭخې تۆرىسى ماتۇڭ باشچىلىقىدىكى 40 مىڭ كىشىلىك قوشۇن بىلەن ۋۇ يۈەن، شىخې، جيۇچۈەنلەردىن بۆلىنىپ يولغا چىقىپ ھۇنلارغا قارشى جازا يۈرۈشى يولىغا قەدەم قويدى.

خەن ۋۇدى سەلتەنەت دەۋرى يۈەنفېڭنىڭ بەشىنچى يىلى (مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 106 ـ يىلى) ئۇلۇغ سانغۇن ۋېي چىڭ ئاغرىپ ئۆلدى، خەن ۋۇدىنىڭ ئالدىنقى دەۋرىدىكى خەن ـ هۇن ئۇرۇشىنىڭ دەھشەتلىك بوران ـ چاپقۇنلىرىدا مەيدانغا چىققان بىر قىسىم داڭلىق سانغۇنلارنىڭ ھەممىسى ئەلەمدىن ئۆتتى. بۇنداق «قەلەمدەر، ئەلەمدار ۋەزىرلەر» ئۇزۇلۇپ قىلىۋاتقان ئەھۋالدا لى گۇاڭلىنىڭ باش كۆتۈرۈپ چىقىشى، خەن ۋۇدىنىڭ كېيىنكى دەۋرىدىكى هۇنلارغا قارشى ئۇرۇشىدىكى بىر مۇھىم سەركەردە قىلىپ قويغانىدى.

لى گۇاڭلى جۇڭشەن بەگلىكى (هازىرقى خېبېي ئۆلكىسى دىڭشيەن ناھىيىسى) دىن بولۇپ، تۆۋەن تەبىقىدىكى نەغمىچى ئائىلىسىدىن كېلىپ چىققان، ئاچىسى لى كىچىك خانىش ئەسلىدە ئوردىنىڭ نەغمىچىسى بولۇپ، ئۇنىڭ پەرىزاتتەك گۈزەل رۇخسارى خەن ۋۇدىغا ياراپ قالىدۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ، لى جەمەتى بىردىنلا مەرتىۋىگە ئېرىشىپ يېڭى بىر ئەۋلاد ئېسىلزادىلەردىن بولۇپ قالىدۇ. خەن ۋۇدى سەلتەنەت دەۋرى تەيچۇ يىللىرىدا (مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 104 ~ 101 ـ يىللار) خەن ۋۇدى پەرغانىنى بويسۇندۇرۇش ئۇرۇشىنى قوزغايدۇ. ئامراق خانىشى لى كىچىك خانىشنىڭ ئىنىسى لى گۇاڭلىغا تۆھپە كۆرسىتىپ بەگلىك مەرتىۋىسى ئېلىشقا پۇرسەت بېرىش ئۈچۈن، ئۇنى ئېرشى سانغۇنى (ئېرشى پەرغانىدىكى قەدىمكى شەھەرلەرنىڭ بىرى بولۇپ، هازىرقى قىرغىزىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى مەرھەمەت دېگەن يەرگە توغرا كېلىدۇ) قىلىپ تەيىنلەيدۇ. بىر كۈنمۇ لەشكىرىي يۇرۇشكە قاتنىشىپ باقمىغان بۇ ئادەم مۇشۇنداق قىلىپ بىر كېچىدىلا سانغۇن بولۇپ، ئىلگىرى ـ كېيىن ئىككى قېتىم 100 مىڭ كىشىلىكتىن ئارتۇق زور قوشۇننى باشلاپ پەرغانىگە يۇرۇش قىلىدۇ.

ئۈچ يىل ۋاقىت سەرپ قىلىپ خېلى كۆپ ئادەمنىڭ ئۆلۈشى ۋە ياردار بولۇشىدەك بەدەل ھېسابىغا ئاخىرى پەرغانىنى بويسۇندۇرۇپ خاننىڭ ئەتىۋارلىق ئارغىمىقىنى قولغا چۈشۈرۈپ قايتىدۇ. بىر سەركەردە بولۇش سۈپىتى بىلەن لى گۇاڭلى خىزمىتىگە زادى ماس كەلمەيتتى. زور قوشۇننى باشلاپ يۈرۈش قىلىش ئىقتىدارىنى ھەم ھازىرلىمىغان، قوشۇننى باشقۇرۇش تەجرىبىسىمۇ يوق ئىدى. خەن قوشۇنلىرى ھەقىقىي جەڭ مەيدانىدا ھېچقانچە ئۆلمىگەن بولۇپ، كۆپ قىسمى قوماندانىنىڭ ئاچ كۆزلۈكى، رەھىمسىزلىكى تۈپەيلى ئۇزاققا سوزۇلغان يۈرۈشتە ئاچلىق ۋە كېسەل ئازابىدىن قىينىلىپ يىقىلغانىدى. بىراق، خەن ۋۇدىنىڭ كۆڭۈل بۆلگىنى لەشكىرىي جەھەتتىكى چىقىم بولماستىن، پەرغانىنىڭ بويسۇندۇرۇلغانلىقىدەك بىر پاكىت بولدى. ئۇ يەنىلا «ئۇن مىڭ چاقىرىملاپ يۈرۈش قىلغان سەۋەنلىكلىرى سۈرۈشتۈرۈلمەيدۇ» دېگەن باھانە بىلەن لى گۇاڭلىغا خەيشى تۆرىسى ئۇنۋانى بېرىدۇ. بىراق، پەرغانە ئۇرۇشىدىن كېيىن لى گۇاڭلىمۇ زور قوشۇنغا قوماندانلىق قىلىپ ئۇرۇش تەجرىبىلىرىنى ئاستا - ئاستا توپلىغانىدى. خەن ۋۇدى سەلتەنەت دەۋرى تيەنخەننىڭ ئىككىنچى يىلى ۋە تۆتىنچى يىلى ئىككى قېتىم ھۇنلار بىلەن ئۇرۇشقاندا، لى گۇاڭلى قوماندانلىقىدىكى خەن قوشۇنلىرى گەرچە يەنىلا ناھايىتى كۆپ چىقىم تارتقان بولسىمۇ، مۇناسىپ ساندىكى ھۇن قوشۇنىنى يوقىتىپ، خەن ۋۇدىنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشىپ ئوردىدىكى ئورنى كۈنسېرى كۆتۈرۈلۈشكە باشلىدى.

خەن ۋۇدى سەلتەنەت دەۋرى تەيشىنىڭ تۇنجى يىلى (مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 96 - يىلى) چەتقۇ تەڭرىقۇت ئاغرىپ ئۆلدى. چوڭ ئوغلى قولىقۇ تەڭرىقۇت بولدى. خەن ۋۇدى سەلتەنەت دەۋرى جىڭخېنىڭ ئىككىنچى يىلى (مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 91 - يىلى) ھۇنلار شاڭگۇ، ۋۇيۈەنلەرگە باستۇرۇپ

كىرىپ ئەمەلدار ـ پۇقرالارنى ئۆلتۈرۈپ بۇلاپ كەتتى. كېلەر يىلى ئەتىيازدا هۇنلار يەنە ۋۇ يۈەن، جيۇ چۈەنلەرگە بېسىپ كىرىپ خەن سۇلالىسىنىڭ ئىككى كاھىبىگىنى ئۆلتۈردى. لى گۇاڭلى قاتارلىقلارنىڭ هۇنلارنىڭ چېگرا ۋىلايەتلەرگە ئۇزلۇكسىز پاراكەندىچىلىك سېلىۋاتقان شارائىتتا زور قوشۇننى باشلاپ يۇرۇشكە چىققىنى، خەن قوشۇنلىرىنىڭ خەن ۋۇدىنىڭ كېيىنكى دەۋرىدىكى ئەڭ ئاخىرقى بىر قېتىملىق هۇنلارغا قارشى زور كۆلەملىك هۇجۇمى بوپقالدى.
خەن قوشۇنلىرىنىڭ يۇرۇشكە چىققانلىق خەۋىرى هۇنلارغا يېتىپ بارغاندىن كېيىن، قولىدىكى تەڭرىقۇت دەرھال پۇختا ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئاياللار، باللار، قېرى ـ ئاجىزلار ۋە چارۋا ـ ماللارنى، مال ـ دۇنياسىنى يىراقتىكى جىجۇ دەرياسى (هازىرقى موڭغۇلىيە جۇمھۇرىيىتى سېلىنگا دەرياسى) نىڭ شىمالىغا ئاپىرىۋېتىپ، ئۆزى خىل چەۋەندازلارنى باشلاپ گۇچيې دەرياسى (هازىرقى موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتى خانگاي تېغىنىڭ شەرقىي بۆلىكىنىڭ جەنۇبىدىن باشلىنىدۇ) دىن ئۆتۈپ خەن قوشۇنلىرى بىلەن ئۇچرىشىدۇ. سول تۇغ قان ئۆز قىسىملىرىنى ۋە مال ـ چارۋىلىرىنى ئېلىپ يۇۋۇ دەرياسى (هازىرقى موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتى تۇلا دەرياسى) نىڭ شىمالىغا ئالتە ـ يەتتە يۈز چاقىرىم يىراقلىقتا بېرىپ دۆۋشىيەن تېغىغا مۆكۈنۈپ، هۇجۇم قىلىشقا پۇرسەت كۈتۈپ ياتتى.
خەن قوشۇنلىرىنىڭ بەلگىلەنگەن ئورۇش يولىيورۇقى بويىچە باش تەپتىش بېگى شياڭ چيۇچېڭ 30 مىڭ ئادەم بىلەن شىخې قورۇلىدىن غەربىي شىمالغا قاراپ ئۇدۇل ئىلگىرىلەپ جوشيېجېڭ (جويې تېغى بىلەن جۇنجى تېغى ئارىلىقىدا) غا يېتىپ بېرىپ هۇن قوشۇنلىرىنى ئۇچرىتالماي، ئەسلىي يول بىلەن قايتتى. بۇ چاغدا قولىقۇ تەڭرىقۇت چوڭ سانغۇن بىلەن خەن سۇلالىسىنىڭ تەسلىم بولغان سانغۇنى لى لىڭنى 30 مىڭ

چەۋەنداز بىلەن قوغلاشقا ئەۋەتتى. جۇنجى تېغى ئەتراپىدا خەن قوشۇنلىرىغا يېتىشىۋېلىپ، ئۇرۇشنى باشلىۋەتتى.

خەن قوشۇنلىرىدىكى سەركەردە - لەشكەرلەر دۈشمەن سېپىنى بۇزۇپ، ئۇرۇشقاچ شەرققە قاراپ يۆتكىلىپ پۇنۇ دەرياسى (جۇنجى تېغىنىڭ شەرقىي شىمالىغا توغرا كېلىدۇ) غا قايتىپ كەلگەندە، ئىككى تەرەپ ئۇرۇشۇۋاتقىنىغا توققۇز كۈن بولغانىدى. ھۇن سەركەردىلىرى چىقىمىنىڭ كۆپ بولۇپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قوغلاشنى توختاتتى. خەن قوشۇنى ئوڭۇشلۇق چېكىنىپ كەتتى. جۇڭخې بېگى ماتۇڭ باشلاپ ماڭغان 40 مىڭدىن ئارتۇق خەن لەشكىرى جيۇ چۈەندىن يولغا چىقىپ غەربىي شىمالغا قاراپ مېڭىپ چىلىيەنشەن تاغلىرىغا يېتىپ بارغاندا تەڭرىقۇت ئەۋەتكەن يەنجۇ سانغۇن 20 مىڭدىن ئارتۇق چەۋەندازنى باشلاپ ھۇجۇم قىلىشقا پۇرسەت كۈتكەن بولسىمۇ، خەن قوشۇنلىرىنىڭ كۈچلۈكلۈكىنى كۆرۈپ، خەن قوشۇنلىرى بىلەن تۇتىشىشقا پېتىنالماي پەرىشان ھالدا قايتىپ كەتتى.

ئۈچ يولدىكى خەن قوشۇنلىرىنىڭ ئاساسىي قىسمى بولغان لى گۇاڭلى قوماندانلىقىدىكى 70 نەچچە مىڭ كىشىلىك زور قوشۇن ۋۇ يۈەندىن چىقىپ، دەسلەپتە يول بويى ئوڭۇشلۇق ئىلگىرىلەپ ناھايىتى تېزلا فۇياڭجۇ جىلغىسى (ھازىرقى موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتى دالانجا داغاتنىڭ غەربىي شىمالىغا جايلاشقان) ئەتراپىغا يېتىپ باردى. بۇ يەرنىڭ يەر شارائىتى مۇھىم، بۆكتۈرمە قويۇپ ھۇجۇم قىلىشقا ئەپلىك ئىدى. تەڭرىقۇت ئوڭ، سول چوڭ كاھبەگ ۋە ۋېيلۇ قوماندانلىقىدا 5000 دىن ئارتۇن چەۋەندازنى بۇ يەرگە بۆكتۈرۈپ قويغانىدى. لى گۇاڭلى بۇنى ئۇققاندىن كېيىن دەرھال پەرمان چۈشۈرۈپ، بېقىندى ئەللەردىن خىللانغان 2000 دىن ئارتۇق ھۇن چەۋەندازىنى (بېيئەت قىلغان ئاز سانلىق مىللەتلەردىن تەشكىللەنگەن چەۋەندازلار قىسمى) ھۇجۇمغا ئەۋەتتى. ھۇنلارنىڭ

بۆكتۈرمىسى ئەسقاتماي، ئەكسىچە نەچچە يۈز ئادىمى ئۆلۈپ ۋە يارىلىنىپ، قايتا ئۇرۇشقا پېتىنالماي، شىمالغا چېكىنىپ كەتتى. خەن قوشۇنلىرى بولسا غەلىبىسىرى ئىلگىرىلەپ، بىر يولىلا فەن فۇرېن شەھىرى (ئېيتىشلارغا قارىغاندا مەزكۇر شەھەرنى بىر خەن سانغۇنى سالدۇرغانىكەن. بۇ سەركەردە ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ فەن فامىلىلىك ئايالى قالدۇق لەشكەرلەرگە قوماندانلىق قىلىپ شەھەرنى ساقلىغاچقا «فەن فۇرېن (فەن خانىم) شەھىرى» دەپ ئاتالغان) نى بېسىۋالدى. لى گۇاڭلى دەسلەپكى غەلىبىدىن قاتتىق خۇشال بولۇپ، بىر تەرەپتىن فەن فۇرېن شەھىرىدە قىسىملارنى تەرتىپكە سالسا، بىر تەرەپتىن كېيىنكى باسقۇچلۇق ئۇرۇش پىلانىنى تۈزۈپ، ھۇنلار ئىچىگە ئىچكىرىلەپ كىرىپ خىزمەت كۆرسىتىپ تۆھپە يارىتىپ، جىيەنى چاڭيى بېگىنىڭ ۋەلىئەھد بولۇشىنى تىلەشكە بىر سىياسىي كاپىتال ھازىرلاشنى نىيەت قىلغانىدى. بىراق، مۇشۇ چاغدا بالا - قازانىڭ ئۆز جەمەتىنىڭ ئۈستىگە يېپىلىپ كېلىۋاتقانلىقىنى لى گۇاڭلى ئۇقمايتتى.

لى گۇاڭلى يۈرۈشكە چىقىپ ئۇزۇن ئۆتمەي، ئۇنىڭ ۋەزىر لىيۇ چۇماۋ بىلەن خوشلاشقاندا دېيىشكەن گەپلىرى ھەرەم ئاغىسى گوراڭنىڭ ئاغزى بىلەن خانغا مەلۇم قىلىندى. ئۇ: «ۋەزىرنىڭ خانىمى بىلەن لى گۇاڭلى خانىنىڭ بالدۇرراق ئۆلۈشىنى تىلەپ قارغىدى. چاڭيى بېگىمنى بالدۇرراق تەختكە چىقارماقچى بولدى» دېدى. خەن ۋۇدى قاتتىق غەزەپلىنىپ لىيۇ چۇماۋ بىلەن خانىمىنى زىندانغا تاشلاپ سوراق قىلدى. لى گۇاڭلىنىڭ خوتۇن - بالىلىرى بولۇپ چوڭ - كىچىك ھەممىسىنى زىندانغا تاشلىدى. 6 - ئايدا، لىيۇ چۇماۋ بېلى چېپىلىپ ئۆلتۈرۈلدى. خوتۇنىنىڭ بېشى چېپىلدى. بۇ خەۋەر ئالدىنقى سەپكە يېتىپ كەلگەندىن كېيىن لى گۇاڭلى قاتتىق قورقۇپ، رەڭگى ئۆچۈپ، نېمە قىلىشىنى بىلەلمەي، دەرھال ئاستانىگە قايتىپ

ئائىلىسىدىكىلەرنى قۇتقۇزۇشنى ئويلىدى. قول ئاستىدىكى خۇيافۇ: «رەپىقىڭىز ۋە ئائىلىڭىز زىنداندا ئىكەن، سانغون جانابلىرى ئاستانىگە قايتسىلىمۇ پەقەت زىنداندىلا كۆرۈشەلىشىڭىز مۇمكىن. ئۇنىڭدىن كېيىن، يەنە ھۇنلارنى بويسۇندۇرىمەن دېگەنلىرىمۇ بىكار» دەپ نەسىھەت قىلدى. لى گۇاڭلى زور قوشۇننى باشلاپ داۋاملىق شىمالغا مېڭىپ خىزمەت كۆرسىتىپ ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ گۇناھىنى تىلىۋالماقچى بولدى.

خەن قوشۇنى جىجۇ دەرياسىنىڭ جەنۇبىي قىرغىقىغا يېتىپ كەلگەندە ھۇنلار شىمالغا كېتىپ قالغانىدى. لى گۇاڭلى قول ئاستىدىكى سانغونىنى 20 مىڭ چەۋەنداز بىلەن جىجۇ دەرياسىدىن ئۆتۈپ ھۇجۇم قىلىشقا بۇيرىدۇ، ئۇلار تويۇقسىز ھۇنلارنىڭ سول تۇغ قانى، سول قول چوڭ سانغون قوماندانلىقىدىكى 20 مىڭ كىشىلىك قوشۇن بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىپ، بىر كۈن قاتتىق جەڭ قىلغاندىن كېيىن ھۇنلار قاتتىق مەغلۇپ بولۇپ، سول قول چوڭ سانغون ئۆلتۈرۈلىدۇ. ئۆلگەن، يارىلانغان لەشكەرلەرمۇ خېلى كۆپ ئىدى. لى گۇاڭلى زور غەلىبىنى قولغا كەلتۈرەي دەپ قالغاندا قول ئاستىدىكى سەركەردىلەر مالىمان كۆتۈرىدۇ. دورغاپ بىلەن كاھىبىگى قاتارلىقلار لى گۇاڭلىنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ زىندانغا چۈشۈپ قالغانلىقىنى ئۇقۇپ قېلىپ، ئۇنىڭ قارارلىرىغا نارازى بولۇپ «لى گۇاڭلى قوشۇننىڭ بىخەتەرلىكى بىلەن ھېسابلاشماي خىزمەت كۆرسىتىپ گۇناھىنى تىلەش غەرىزىدە بولۇۋاتىدۇ» دەپ قاراپ، مەسلىھەتلىشىپ لى گۇاڭلىنى تۇتۇپ، ئوردىغا قايتىپ كەتمەكچى بولدى. كىم بىلسۇن؟ بۇ خەۋەر ئاشكارىلىنىپ قېلىپ لى گۇاڭلى دورغاپ قاتارلىقلارنى ئۆلتۈرىدۇ. قوشۇننىڭ تىنچسىزلىقىنى كۆرۈپ، قوشۇننى جىجۇ دەرياسىنىڭ جەنۇبىغا قايتۇرۇپ كېلىشكە مەجبۇر بولىدۇ. قولىقۇ تەگرىقوت بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ ئۆزى 50 مىڭ چەۋەندازنى باشلاپ، دەريادىن

ئۆتۈپ ھېچنېمىگە قارىماي جىددىي قوغلاپ كەلگەچكە، خەن قوشۇنى جەڭ قىلغاچ چېكىنىدۇ. سۇيېۋۇدىكى يەنرەن تېغىغا چېكىنىپ كەلگەندە، چىقىمى خېلىلا ئېغىر بولۇپ قالغاندى، لەشكەرلەر قاتتىق چارچاپ كەتكەچكە بارگاھ تىكىپ ئارام ئېلىشقا مەجبۇر بولىدۇ. كېچىدە تەڭرىقۇت چەۋەندازلىرىغا خەن قوشۇنلىرىنىڭ ئالدى تەرىپىگە نەچچە گەز چوڭقۇرلۇقتا خەندەك كولاپ شىددەت بىلەن ھۇجۇم قىلىدۇ. خەن قوشۇنلىرى پىتىراپ، قوشۇن قالايمىقانلىشىپ كېتىدۇ. نۇرغۇن ئادەم ئۆلىدۇ ھەم يارىلىنىدۇ. لى گۇاڭلى مەغلۇبىيەتنىڭ مۇقىملىشىپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ ماڭىدىغان يولى ئۈزۈلۈپ، ھۇنلارغا تەسلىم بولۇشقا مەجبۇر بولىدۇ. 70 مىڭدىن ئارتۇق خەن قوشۇنى ئۈزۈل - كېسىل تارمار بولىدۇ.

قولىقۇ تەڭرىقۇت لى گۇاڭلىنىڭ خان تاغىسى ئىكەنلىكىدەك مەشھۇر نامىنى بۇرۇنلا ئاڭلىغاچقا، لى گۇاڭلىنىڭ تەسلىم بولغانلىقىنى كۆرۈپ ناھايىتى خۇشال بولۇپ، قىزىنى لى گۇاڭلىغا ياتلىق قىلىپ ۋېيلۇدىنمۇ بەكرەك ئەتىۋارلايدۇ، بىراق، بۇنداق ئالىي دەرىجىلىك ئەسىرلىك ھاياتى ئۇزۇنغا بارمىدى. ئىككىنچى يىلى ۋېيلۇ لى گۇاڭلىنىڭ ئەتىۋارلىنىپ كېتىۋاتقانلىقىغا چىدىماي، تەڭرىقۇتنىڭ ئاغرىپ قالغان پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، ھۇن پېرىخونلىرىنى قۇترىتىپ، لى گۇاڭلىغا زىيانكەشلىك قىلدى. تەڭرىقۇت شۇنىڭ بىلەن لى گۇاڭلىنى بوغۇزلاپ ئاتا - بوۋىسىغا قۇربانلىق قىلدى. لى گۇاڭلى ئۆلۇم ئالدىدا «ئۆلسەممۇ ھۇنلارنى يوقىتىمەن» دەپ قاتتىق تىللىدى. شۇنىڭغا دەل كېلىپ شۇ يىلى كۈزدە توختىماي قار يېغىپ، جۇت بولۇپ، مال - چارۋىلار توڭلاپ ئۆلدى. كېسەل تارقىلىپ كەتتى. زىرائەتلەر پىشمىدى. تەڭرىقۇت قاتتىق قورقۇپ، دەرھال لى گۇاڭلى ئۈچۈن ئىبادەتخانا سالدۇرۇپ قاياقلارغىدۇر ئۈچۈپ كەتكەن ئەرۋاھتىن تەسەللى تىلىدى.

# تۆتىنچى باب

«ئۈچ ئەۋلادقىچە ئىتلار قالايمىقان قاۋىمىدى، پۇقرالار لەشكىرىي يۈرۈشلەرگە مەجبۇرلانمىدى»

## — خەن سۇلالىسى بىلەن ھۇنلار مۇناسىۋىتىنىڭ يېڭىۋاشتىن ئىزىغا چۈشكەنلىكى

● خەن ۋۇدىنىڭ ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا پۇشايمان قىلىپ، «بۇگۇر مەكتۇپى» نى ئېلان قىلغانلىقى
● مۇشكۈل تاللاش — قوزغىلىش ۋە ئۇرۇش
● قوغشار تەڭرىقۇتنىڭ جەنۇبقا كېلىپ خەن سۇلالىسىگە بېقىنغانلىقى
● جىجىنىڭ يىراق كانگۇيغا كەتكەنلىكى، قوغشار تەڭرىقۇتنىڭ چۆللۈكنى بىرلىككە كەلتۈرگەنلىكى
● جاۋجۈننىڭ قورۇلدىن چىققانلىقى، خەن سۇلالىسى بىلەن ھۇنلارنىڭ 60 نەچچە يىل تىنچلىقتا بىللە تۇرغانلىقى

## 1. «بوگور مەكتۇپى» — ئۆتكەن ئىشلار ھەققىدىكى چوڭقۇر نادامەت

خەن ۋۇدى سەلتەنەت دەۋرى جېڭخېنىڭ تۆتىنچى يىلى (مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 89 - يىلى) 6 - ئاي، تومۇز پەسلى ئىدى. چاڭئەن شەھىرىدە پىژغىرىم ئىسسىق ئادەمگە ھۇجۇم قىلاتتى. چاڭئەننىڭ غەربىي شىمالىغا 300 چاقىرىم كېلىدىغان گەنچۈەن قەسرىدە غۇر - غۇر سالقىن شامال كىشىگە راھەت بېغىشلايتتى. گەنچۈەن قەسرى ئەسلىدە چىن سۇلالىسىنىڭ لىنگۇاڭ قەسرى بولۇپ، خەن ۋۇدى سەلتەنەت دەۋرى جيەنيۈەن يىللىرىدا (مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 140 ~ 135) زور كۆلەمدە كېڭەيتىپ ياسالغاندىن كېيىن، خەن ۋۇدىنىڭ تومۇز ئىسسىق ياز پەسلىدە سالقىندايدىغان ۋە ھۆكۈمەت ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلىدىغان ئەڭ كۆڭۈلدىكىدەك ئوردىسى بولۇپ قالغانىدى. بىراق، ھازىر خەن ۋۇدىنىڭ ئۆزى گەنچۈەن قەسرىدە بولسىمۇ، كەيپىياتى ئىلگىرىكى ئەركىن - ئازادە، خاتىرجەم كۆڭۈللىرىدىكىگە زادى ئوخشىمايتتى، ئۇنى ئالدىدا تۇرغان ئۆزىگە سۇنۇلغان مەلۇماتنامە، چوڭقۇر خىيال دېڭىزىغا غەرق قىلغانىدى.

بۇ سۇۋسۇ كامېبىگى ساڭ خوڭياڭ بىلەن ۋەزىر، باش تەپتىش بېگى قاتارلىق ئۈچەيلەن بىرلىشىپ يازغان مەكتۇپ بولۇپ، ئۇنىڭدا خەن ۋۇدىدىن غەربىي يۇرتنىڭ بوگور رايونىغا (غەربىي رايوندىكى بىر بەگلىكنىڭ نامى، ھازىرقى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى بوگور ناھىيىسىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدا) تېرىقچى لەشكەرلەرنى ئەۋەتىپ، ئۈچ چېرىكچى بەگ ئورۇنلاشتۇرۇپ نازارەت قىلدۇرۇشنى، ئىچكىرىدىكى پۇقرالارنى

بوگۇرگە ئەۋەتىپ تېرىقچىلىق قىلغۇزۇپ قورغان، قاراۋۇلخانىلارنى ياسىتىپ، ھەم چېگرىنى لازىم بولىدىغان ئاشلىق مەسىلىسىنى ھەل قىلغىلى، ھەم غەربىي يۇرتتىكى ھەرقايسى بەگلىكلەرگە ھەيۋە كۆرسىتىپ، ئۇيسۇنلارغا ياردەم بېرىپ، ھۇنلارغا بىرلىكتە تاقابىل تۇرۇش توغرىسىدا ئىلتىماس قىلغانىدى. بىراق، بۇ ساڭ خۇڭياڭنىڭ ھوقۇق دائىرىسىدىكى مەلۇمات بولسىمۇ، خەن ۋۇدى بۇنىڭغا دەرھال بىر نەرسە دېيەلمىدى. بۇ، ۋەزىرلەرنىڭ خېلىلا ھەيرانلىقىنى قوزغىدى. شۇنداق، بۇنداق ئەھۋال ئىلگىرى زادىلا كۆرۈلۈپ باقمىغانىدى. خەن ۋۇدى تەختكە چىققاندىن تارتىپ دۆلەت ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلىشتا كەسكىنلىكى بىلەن داڭق چىقارغانىدى. ھەتتا قاتتىق كاللا قاتۇرۇدىغان ھۆكۈمەت ئىشلىرىدىمۇ دەرھال بىر ئېغىز دىلا قارار قىلاتتى. ئىككىلىنىپ ئارىسالدى بولۇپ قالمايتتى. بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە خەن ۋۇدى ياشىنىپ قالغان، ئىلگىرىكى ئۆز پىكرىدە چىڭ تۇرۇۋالىدىغان مەنمەنچىلىكىدىن ئەسەرمۇ قالمىغاندەك قىلاتتى. نۇرغۇن ۋەزىرلەرنىڭ كۆڭلىگە ھەسرەتنىڭ قارا كۆلەڭگىسى سايە تاشلاپ، بۇيۇك خەن سۇلالىسىنىڭ كېيىنكى تەقدىرىدىن ئەندىشىگە چۈشكەنىدى.

خەن ۋۇدى سەلتەنەت دەۋرى يۈەنگۇاڭنىڭ ئىككىنچى يىلى خەن سۇلالىسى بىلەن ھۇنلار ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇش ئومۇميۈزلۈك پارتلىغاندىن باشلاپ، خەن ۋۇدى سەلتەنەت دەۋرى جېڭخېنىڭ ئىككىنچى يىلى لى گۇاڭلى جىجۇ دەرياسى بويىدا مەغلۇپ بولغانغا قەدەر، خەن ۋېندى، خەن جىڭدى زامانلىرىدىن تارتىپ نەچچە ئون يىل توپلىغان غايەت زور مال دۇنياسىنى سەرپ قىلىپ، يۈز مىڭلاپ زور قوشۇن ۋە سانسىز يۇقرانى ھەرىكەتلەندۈرۈپ ھۇنلارغا ئومۇميۈزلۈك ھۇجۇم قىلىپ، ھۇنلارغا 40 نەچچە يىل دەھشەتلىك زەربە بەردى.

«پۈتۈن ئىقلىمنى خورىتىپ، ئاھالىنىڭ يېرىمى ئازىيىپ» دېگەندەك غايەت زور بەدەل ھېسابىغا ئاخىرى ھۇنلارنىڭ ئاساسىي كۈچىنى چۆللۈكنىڭ جەنۇبىدىن قوغلاپ چىقىرىپ، خەن - ھۇن ئۇرۇشى ۋەزىيىتىنى ئۇزۇل - كېسىل ئۆزگەرتتى. خەن ۋۇدى شىمالدا ھۇنلار بىلەن شىددەتلىك ئۇرۇش قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇچ تەرەپكە زېمىننى كېڭەيتىپ، شەرقتە كورىيىنى بويسۇندۇردى، جەنۇبتا ئىككى يۆ دۆلىتىگە جازا يۈرۈشى قىلىپ، غەربىي جەنۇبتا بەدەۋى ئەللەردىن ئۆتۈپ، غەربتە چېياڭلارغا ھۇجۇم قىلدى. چوڭ - كىچىك ئۇرۇشلارنىڭ ھېسابى يوق ئىدى. لەشكىرىي خىراجەت ئادەمنى چۆچۈتەتتى. خەن ۋۇدى سەلتەنەت دەۋرى يۈەنشۇنىڭ تۆتىنچى يىلىدىكى چۆللۈكنىڭ شىمالىي ئۇرۇشىدىن كېيىن، خىزمەت كۆرسەتكەن سانغۇن لەشكەرلەرگە ئىنئام قىلىپ بېرىلگەن ئالتۇن بىر قېتىمدا ئەڭ يۇقىرى بولغاندا 500 مىڭ جىڭدىن ئارتۇق بولغانىدى. بۇ ئەينى چاغدىكى، خەن سۇلالىسى ئوردىسىنىڭ يىللىق كىرىمىگە توغرا كېلەتتى. ئۇرۇشتىن باشقا خەن ۋۇدى كەڭ كۆلەمدە ئوردا، قەسىر ياسىتىش، چاھارباغ بىنا قىلىش، ھەر تەرەپنى كۆزدىن كەچۈرۈش، سەيلى - ساياھەتكە چىقىش، مۆجىزىلىك دورا - دەرمانلارنى ئىزدەش، نەزىر - چىراغ، قۇربانلىق قىلىش قاتارلىقلارغا ھەددى - ھېسابسىز مال - دۇنيا سەرپ قىلغانىدى. كۈنسېرى قۇرۇقدىلىنىپ قېلىۋاتقان دۆلەت خەزىنىسىنى تولدۇرۇش ئۈچۈن، خەن ۋۇدى پۇل تۈزۈمىنى ئىسلاھ قىلدى. تىزنىق بويىچە ھېسابلاپ تىزنىق بويىچە مەلۇم قىلىش، تۇز، تۆمۈر تىجارىتىنى باشقۇرۇش قاتارلىق يېڭى مالىيە تەدبىرلىرىنى يولغا قويۇپ، ھۆكۈمەتنىڭ كىرىمىنى كۆپەيتتى. گەرچە نامدا «خەلق ئىنئام قىلمىغان تەقدىردىمۇ، دۆلەتتە ئېشىپ - تېشىپ تۇرىدۇ» دېيىلسىمۇ، ئەمەلىيەتتە بارلىق ئېغىرچىلىق

ئاخىر بېرىپ پۇقرانىڭ زېمىنىگە چۈشۈپ، ئۇلارنى ۋەيران قىلىپ، دېھقانلار توپىلاڭ كۆتۈرىدىغان ئىشلار كۈنسېرى ئېغىرلىشىۋاتاتتى. خەن ۋۇدى زالىم ئەمەلدارلارنى ئەتىۋارلاپ ئىشلىتىپ «كەشتە تونلۇق ئەلچىلەرنى» ھەرقايسى بەگلىكلەرگە ئەۋەتىپ، يەرلىك ئەمەلدارلارنى رەھىمسىزلەرچە ئەزدى. «خۇن قانۇنى» دېگەننى تۈزۈپ، دېھقانلار توپىلاڭلىرىنى ۋاقتىدا بايقىيالمىغان ياكى باستۇرالمىغان قوشبېگى ۋە ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى ئەمەلدارلارنىڭ ھەممىسىنى قەتلى قىلدى. بەگلىكلەردىكى ئەمەلدارلار توپىلاڭلارنى تىنجىتالماي كاللىسى كېتىشىدىن قورقۇپ، قەستەن ئىشنىڭ ھەقىقىتىنى يوشۇرۇپ، ۋەزىيەتنى تېخىمۇ جىددىيلەشتۈرۈۋەتتى.

دۆلەت ئىچىدىكى مۇشۇنداق ئېغىر سىياسىي ۋەزىيەتنى خەن ۋۇدى ئاخىر ھېس قىلماي قالمىدى. شۇنداقلا، پىشقان بىر سىياسىئون بولۇش سۈپىتى بىلەن خەن ۋۇدى ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى مۇستەھكەملەشنى تونۇپ يەتكەنىدى، خەن ۋۇدىنىڭ قارىشىچە پەقەت قاتتىق قوللۇق بىلەن باستۇرغان بىلەنلا بولمايتتى. ئادىل سىياسەت قوللىنىپ پۇقرالارنىڭ ئۆزىنى ئوڭشىۋېلىشىغا پۇرسەت بېرىش زۆرۈر ئىدى. بىراق، خەن ۋۇدى دەسلەپتە ياش چاغلىرىدا باشقىچە يول تۇتۇپ، ئۈمىدىنى مېھرىبان، كەڭ قورساق ۋەلىئەھد ۋېيغا باغلىغانىدى. خەن ۋۇدى ۋەلىئەھدىنىڭ تاغىسى، ئۇلۇغ سانغۇن ۋېي چىڭغا مۇنداق دېگەنىدى: «خەن جەمەتى ئۇردا ئىشلىرىنى ۋۇجۇدقا چىقاردى، ئەتراپتىكى يات قوۋملار ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە پارەكەندىچىلىك سېلىۋاتىدۇ، مەن تۈزۈملەرنى ئۆزگەرتمىسەم، كېيىنكىلەر بويسۇندۇرالماي قالىدۇ، قوشۇن چىقىرىپ جازا يۈرۈش قىلمىسا، جاھان ئەمىن تاپمايدۇ، بۇنىڭ ئۈچۈن پۇقرانى ئاۋارە قىلماي بولمايدۇ، كېيىنكىلەرمۇ ئاساسەن مېنىڭ ئەنئەنەم بويىچە ئىش قىلسا، چىن سۇلالىسىنىڭ مۇنقەرز بولغىنىدەك ئىشتىن

ساقلىنالايدۇ. ۋەلىئەھد ئاق كۆڭۈل، ئېغىر - بېسىق، چوقۇم جاھاننى ئەمىن قىلالايدۇ. مېنى خاتىرجەم قىلالايدۇ. ئەگەر خانلىق قانۇن - تۈزۈملىرىگە باش بولۇپ رىئايە قىلسا، ۋەلىئەھدىدىنمۇ دانىراق بىرى چىقامدۇ؟» مۇشۇ خىياللار بىلەن خەن ۋۇدى ئۆز ۋاقتىدا سىياسەتلەرنى ئۆزگەرتىشكە ئانچە كۆچەپ كەتمىدى. ئەتراپقا لەشكەر تارتىش ئىشلىرىنى، بولۇپمۇ ھۇنلار بىلەن ئۇرۇش قىلىش ئىشىنى توختاتمىغانىدى، چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى ھەل قىلغۇچ ئۇرۇشتا، ھۇنلار چۆللۈكتىن يىراققا كەتكەندىن كېيىنمۇ، يەنىلا بىر نەچچە قېتىم زور قوشۇننى يۇرۇشكە ئاتلاندۇرۇپ، شىددەتلىك ھۇجۇملىرىنىڭ داغدۇغىسىنى داۋاملاشتۇردى. شۇڭا، ۋەلىئەھد ۋېي دادىسىغا داۋاملىق لەشكەر تارتماسلىق ھەققىدە نەسىھەت قىلغانىدا، خەن ۋۇدى كۈلۈپ كېتىپ: «مېنىڭ ئەمگەكلىرىم سىزگە قالسا نېمىدېگەن ياخشى بولاتتى» دەيدۇ.

خەن ۋۇدى سەلتەنەت دەۋرى جېڭخې يىللىرىغا كەلگەندە، ياشىنىپ ئاغرىقچان بولۇپ قالغان خەن ۋۇدى سىياسەتلەرنى تەڭشەشكە ئۈلگۈرەلمەي قالدى. «باخشىلارنىڭ زىيانكەشلىكى» نىڭ يۈز بېرىشى ئۇنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشلىرىنى پۈتۈنلەي قالايمىقان قىلىۋەتتى. شۇ چاغلاردا، كىشىلەر زەھەرلىك تىللار بىلەن تىللىسا ياكى يەرگە ياغاچ قونچاق كۆمۈپ قويسا ئادەمگە زىيانكەشلىك قىلغىلى بولىدۇ، دەپ قارايتتى. بۇنداق ئۇسۇل «باخشىلىق» دەپ ئاتىلاتتى. خەن ۋۇدى سەلتەنەت دەۋرى جېڭخېنىڭ ئىككىنچى يىلى (مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 92 - يىلى) ۋەزىر گوڭسۇن خېنى خەقلەر پىرىخونلۇق قىلىپ خاننى زەھەرلىك تىللار بىلەن تىللىغان، دەپ چېقىشتۇرغانلىقى ئۈچۈن زىندانغا تاشلىنىپ ئۆلتۈرۈلدى. شۇنىڭدىن باشلاپ، مەملىكەت ئاتالمىش باخشىلارنى ئېنىقلاشنىڭ ۋەھىمىلىك دولقۇنىغا غەرق بولۇپ، ئىلگىرى - كېيىن خېلى كۆپ ئادەم ئۆلتۈرۈلدى، ھەتتا

خەن ۋۇدىنىڭ قىزلىرىدىن مەلىكە جۇجى، ياڭشىلارمۇ ۋە ۋېي چىڭنىڭ چوڭ ئوغلى چاڭپىڭ تۆرىسى ۋېي كاڭ قاتارلىق ئېسىلزادىلەرمۇ باخشىلىق قىلغان، دەپ ئۆلتۈرۈلدى. 2 - يىلى كەشتىلىك تونلۇق ئەلچى جياڭ چۇڭ ۋەلىئەھد ۋېي بىلەن شەخسىي ئاداۋىتى بولغانلىقى ئۈچۈن، خەن ۋۇدىنىڭ ياشىنىپ كېسەلچان بولۇپ قالغانلىقىنى ۋە ۋەلىئەھدىنىڭ تەختكە ۋارىسلىق قىلغاندىن كېيىن ئۆچ ئېلىشىدىن قورقۇپ، باخشىلارغا ئوقۇتۇپ داۋالاش باھانىسىدە ۋەلىئەھدىنىڭ قەسرىدىن ياغاچ قونچاقنى قېزىپ چىقىدۇ، ئاقىۋەت ۋەلىئەھد سىياسىي ئۆزگىرىش قوزغاشقا مەجبۇر بولۇپ، جياڭ چۇڭنى ئۆلتۈرىدۇ. ۋەلىئەھد مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالىدۇ. بۇ ئىشتىن كېيىن، ئېسىنى يىغىپ ئاتالمىش «باخشىلىق» دېگەننىڭ بىر ساختا نەرسە ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ يەتكەندە ۋەلىئەھد ئۆلۈپ بولغانىدى. شۇنداق قىلىپ، بالا - قازا يېتىپ كەلگەندە پۇشايماننى ئالغىلى قاچا قالمىغانىدى. 3 - يىلى، خەن ۋۇدى ئاخىرقى ئۆمرىدە قاتتىق ئىشەنچ باغلىغان سەركەردە لى گۇاڭلى لەشكەر تارتىپ چىقىپ، مەغلۇپ بولۇپ ھۇنلارغا تەسلىم بولىدۇ. 70 مىڭدىن ئارتۇق قوشۇن پۈتۈنلەي تارمار بولىدۇ. بۇ خەن - ھۇن ئۇرۇشى ئوموميۈزلۈك پارتلىغاندىن بۇيان خەن قوشۇنلىرىنىڭ ئەڭ ئېغىر بىر قېتىملىق مەغلۇبىيىتى ئىدى. ئۇزۇلمەي كېلىۋاتقان ئوڭۇشسىزلىقلارنىڭ خەن ۋۇدىغا قاتتىق زەربە بولغانلىقىنى ھېس قىلىش تەس ئەمەس ئىدى.

مۇشۇنداق بىر قاتار زور ئۆزگىرىشلەردىن كېيىن، خەن ۋۇدى ئۆتكەن ئىشلارغا پۇشايمان قىلىپ، ئۆزى بۇلارنى ئۆزگەرتىشكە بەل باغلىدى. خەن ۋۇدى سەلتەنەت دەۋرى جېڭخېنىڭ تۆتىنچى يىلى ئەتىيازدا، خەن ۋۇدى ۋەزىرلەرنىڭ ئىلتىماسلىرىغا ماقۇل بولۇپ، ئۆزىگە خاسىيەتلىك دورىنى ئىزدەش ئۈچۈن ھەددى - ھېسابسىز بايلىقلارنى سەرپ قىلغان

ئەۋلىيا ـ ئەنبىيالاردىن مەدەت تىلىگۈچىنى قوغلىۋېتىپ، زور ئۆزگىرىشلەرنى ئەمەلگە ئاشۇرىدىغانلىقىنىڭ شەپىسىنى كۆرسەتتى. دەل شۇ يىلى 6 ـ ئايدا، ساك خۇئىياك بۇگۇردە بوز يەر ئۆزلەشتۇرۇش تەكلىپىنى ئوتتۇرىغا قويغانىدى. خەن ۋۇدى سەلتەنەت دەۋرى تەيچۇنىڭ تۆتىنچى يىلى (مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 101 ـ يىلى)، لى گۇاڭلى پەرغانىنى بويسۇندۇرغاندىن كېيىن قوشۇنىنى باشلاپ يول ئۈستىدە بۇگۇرنى قولغا ئېلىپ، خەن سۇلالىسىنىڭ ئەلچى، چېرىكچى، بوز يەر ئۆزلەشتۇرگۈچى لەشكەرلىرى بولۇپ نەچچە يۈز ئادەمنى ئورۇنلاشتۇرۇپ، قورغان، قاراۋۇلخانىلارنى ياسىتىپ، ئۇنى خەن سۇلالىسى بىلەن غەربىي يۇرت ئەلچىلىرىنى ئىقتىسادىي جەھەتتىن تەمىنلەش ۋە غەربىي يۇرتتا تىجارەت قىلىش بازىسى قىلغانىدى. بۇ قېتىم ساك خۇئىياك بۇگۇردىكى بوز يەرلەرنى ئۆزلەشتۇرگۈچى لەشكەرلەرنىڭ سانىنى كۆپەيتىپ، بۇگۇردىكى بوز يەرلەرنىڭ كۆلىمىنى كېڭەيتىش، قورغان، قاراۋۇلخانىلارنى كۆپەيتىپ ياساش تەكلىپىنى بەرگەن ئىدى. گەرچە بوز يەرلەرنى ئۆزلەشتۇرۇش، قورغان ـ قاراۋۇلخانا ياساش ئىشلىرىغا زور قوشۇنى تەشكىللەپ يۈرۈش قىلىشتەك زور كۈچ كەتمىسىمۇ، ساك بىراق خەن ۋۇدى بىر مەھەل ئويلانغاندىن كېيىن، ساك خۇئىياڭنىڭ ئىلتىماسىنى قەتئىي رەت قىلدى ۋە «ئۆتكەن ئىشلار ھەققىدە چوڭقۇر نادامەت» بىلدۈرۈپ خانلىق مەكتۇپىنى چۈشۈردى. مانا بۇ مەشھۇر «بۇگۇر مەكتۇپى» دۇر.

خەن ۋۇدى مەكتۇپىدا كۆپ يىللاردىن بېرى ھۇنلارغا ئۇزۇلدۇرمەي لەشكەر تارتىپ ئاۋام پۇقراغا سورۇقچىلىق سالغانلىقىغا چوڭقۇر ئازابلىنىپ، «لەشكەرلەرنىڭ ئۆلۈپ، سەرسان ـ سەرگەردان بولۇپ كەتكەنلىكى مېنىڭ قەلبىمنى ئازابلايدۇ» دېدى. بۇگۇرگە بېرىپ بوز يەر ئۆزلەشتۇرۇش، قورغان، قاراۋۇلخانا ياساش ئۈچۈن زور چىقىم كېتىدىغانلىقى،

پۇقرالا پاراكەندە بولىدىغانلىقىنى كۆرسەتتى، بۇنىڭدىن كېيىن بۇنداق تەكلىپلەرنى زادى ئاڭلاشقا تاقىتى يوقلۇقىنى ھەمدە بۇنىڭدىن كېيىن لەشكەرنى يۈرۈش قىلمايدىغانلىقىنى، پۇقرالارغا قاتتىق قوللۇق قىلىشقا يول قويمايدىغانلىقىنى، ئەسكەرلىك مەجبۇرىيىتى ۋە ھاشار بىكار قىلىنىدىغانلىقىنى، دېھقانچىلىقنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. «ئات بېقىش پەرمانى» (ئاۋام ئىچىدە ئات باققۇچىلارغا ئېتىبار بېرىدىغان بىرخىل پەرمان) نى قايتا يولغا قويۇپ، ئاۋام پۇقرانى ئات بېقىشقا ئىلھاملاندۇردى. بۇمۇ پەقەت زۆرۈر بولغان ھەربىي تەييارلىق ئۈچۈنلا ئىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، خەن ۋۇدى باش ۋەزىر تيەن چيەنچيۇغا ئەل باياشات تۆرە دەپ ئۇنۋان بېرىپ، خەلقنى پاراۋان قىلىش نىيىتىنى ئىپادىلىدى. جاۋگۇنى سۇۋۇسۇ كاھىپگى قىلىپ تەيىنلەپ «ئالماشتۇرۇپ تېرىش» دەپ ئاتالغان تېرىقچىلىق ئۇسۇلىنى كېڭەيتىپ، دېھقانچىلىق قوراللىرىنى ياخشىلاپ، دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تەرەققىياتىغا ئىلھام بەردى.

«بۇگۇر پەرمانى» ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن ناھايىتى تېزلا ئاكتىپ ئۈنۈم كۆرسەتتى. ھەرقايسى جايلاردىكى دېھقانلار توپىلاڭلىرى بېسىقتى. بىر قىسىم ئۆتكۈر ئىجتىمائىي مەسىلىلەر دەسلەپكى قەدەمدە ھەل قىلىندى. ھۇنلارغا لەشكەر تارتىش ئىشى تىلغا ئېلىنمىدى. ئۈچ يىلدىن كېيىن، خەن ۋۇدى تېپتىنىچ كەيپىياتتا بۇ دۇنيادىن خاتىرجەم كەتتى. ئۆلۈمدىن ئىككى كۈن ئىلگىرى خەن ۋۇدى سەككىز ياشلىق ئوغلى ليۇ فېيلىڭنى ۋەلىئەھد قىلىپ، باش ئەمىر لەشكەرلەر، ئۇلۇغ سانغۇن خوگۇاڭ قاتارلىقلارنى نائىپلىققا تەيىنلەش ھەققىدە پەرمان چۈشۈرگەنىدى. خوگۇاڭ خەن ۋۇدىنىڭ ئامراق سانغۇنى، خوچۈبىڭنىڭ ئاتا بىر ئانا باشقا ئىنىسى بولۇپ، ئېھتىياتچان، ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىشتا ئېغىر — بېسىق بولغاچقا، خەن

ۋۇدىنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشكەنىدى. ئۇ خەن ۋۇدىنىڭ سەكراتتا يېتىپ قىلغان ھاۋالىسىنى يەردە قويمىدى. قۇرامىغا يەتمىگەن خەن جاۋغا ئوبدان ياردەملىشىپ، خەن ۋۇدىنىڭ ئۆمۈرىنىڭ ئاخىرىدا تۈزگەن سىياسەتلىرىنى سەمىمىيلىك بىلەن ئىجرا قىلدى. قىسقىغىنا بىر نەچچە يىلدىلا، ھالاكەت گىردابىغا بېرىپ قالغان سىياسىي ۋەزىيەتنى تۇراقلاشتۇردى. شىمالىي سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى مەشھۇر تارىخچى سىماگۇاڭ «ئەلنى ئىدارە قىلىش ئۆرنەكلىرى» ناملىق ئەسەردە خەن ۋۇدىنىڭ ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا دادىل ئىسلاھات ئېلىپ بېرىپ، يارامىلىق ۋەزىرلەرنى ھۆكۈمەت ئىشلىرىغا ياردەملىشىشقا قويغانلىقىنى ماختىغانىدى. شۇڭا، خەن ۋۇدى غەربىي خەن سۇلالىسىنى «چىڭ سۇلالىسىدەك ھالاك بولۇش گىردابىدىن» ساقلاپ قالغانىدى. خاقان شۇەندى تەختكە چىققاندىن كېيىن، خەن ۋۇدىنىڭ نەسىھەتلىرىنى ئەستە تۇتۇپ ھاشاردا كەچۈرلىك قىلىپ، باج سېلىقنى يەڭگىللىتىپ، تارىخچىلار «شۇەندى يىللىرىدىكى مەمۇرچىلىق» دەپمۇ ئاتالغان يەنە بىر مەزگىللىك گۈللەپ ياشناش ۋەزىيىتىنى كۆتۈۋالدى.

## 2. ھونلارنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى جاڭجاللار ۋە قۇدىلىشىش ئەھدىنىڭ قايتا ئوتتۇرىغا قويۇلغانلىقى

خەن ۋۇدىنىڭ «ئۆتكەن ئىشلارغا چوڭقۇر نادامەت» بىلدۈرگەن «بۇگۇر مەكتۇپى» غەربىي خەن سۇلالىسىنىڭ سىياسىي ۋەزىيىتىنى مۇقىملاشتۇرۇشتا مۇھىم رول ئويناپلا قالماستىن، يەنە خەن سۇلالىسى بىلەن ھونلارنىڭ مۇناسىۋىتىنى يېڭىۋاشتىن تەڭشەش ئۈچۈنمۇ بىر ياخشى باشلىنىش بولدى.

خەن ۋۇدى دەۋرىدىكى 40 نەچچە يىلغا سوزۇلغان خەن —

ھۇن ئۇرۇشىدا خەن - ھۇن ئىككىلا تەرەپ ھەددى - ھېسابسىز زور چىقىملارغا ئۇچرىدى. بولۇپمۇ، ھۇنلارنىڭ چىقىمى تېخىمۇ ئېغىر بولدى. خەن قوشۇنلىرىنىڭ ئۇزۇن يىللار ئۈزۈلدۈرمەي قىلغان ھۇجۇملىرى داۋامىدا ھۇنلارنىڭ شىمالىي چۆللۈكتە ئات چاپتۇرۇپ يۈرۈدىغان خىل، باتۇر چەۋەندازلىرى ئېغىر چىقىمغا ئۇچراپ ئاھالە، مال - چارۋىلىرى كۆپلەپ ئەسىر ۋە ئولجا ئېلىنىپ ياكى ئۆلۈپ، تەسىر كۈچى تېخىمۇ ئاجىزلاپ كەتكەنىدى. خەن ۋۇدى سەلتەنەت دەۋرى جېڭخېنىڭ تۆتىنچى يىلى، قولىقۇ تەڭرىقۇت تەسلىم بولغان لى گۇاڭلىنىڭ خۇشلىقىدا خەن سۇلالىسىغا ئەلچى ئەۋەتىپ، خەن سۇلالىسىدىن قۇدىلىق ئەھدىنى داۋاملىق ئىجرا قىلىش، خەن مەلىكىلىرىنى شىمالىي چۆللۈككە ئەۋەتىپ تۇرۇش، چېگرا شەھەرلەرنى ھۇنلارغا ئېچىپ بېرىش، ھەر يىلى 10 مىڭ دەن ئېچىتىلغان هاراق، 5000 پاتمان تېرىق، 10 مىڭ توپ ھەرخىل تاۋار - دۇردۇن بېرىش ھەققىدە قاتتىق تەلەپ قويدى. بولمىسا يەنە ئۇرۇشىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ھۇنلارنىڭ ئىككى تەرەپنىڭ ئەمەلىي كۈچىدە تۈپتىن ئۆزگىرىش بولۇۋاتقان رېئاللىقىنى ھېسابقا ئالماي شىلتىڭ ئاتقان تەلۋىلەرچە پوزىتسىيىسىگە قارىتا، خەن ۋۇدى مىيىقىدا كۈلۈپ قويۇپ پىسەنت قىلمىدى. ئەمەلىيەتتە، بۇ چاغدا تەبىئىي شارائىتى چۆللۈكنىڭ جەنۇبىغا يەتمەيدىغان چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى ھۇنلار ئۆزىنى تولۇق ئوڭشىۋېلىشقا ئۈلگۈرمەي تۇرۇپلا ئاجىز ئەمەلىي كۈچ بىلەن خەن سۇلالىسىنىڭ چېگرا - قورۇللىرىغا كەڭ كۆلەمدە بېسىپ كىرىشكە باشلىدى. قولىقۇ تەڭرىقۇت قۇرۇق گەپ بىلەن قورقۇتۇپ ھېچقانداق ئەمەلىي پايدىغا ئېرىشەلمىگەچكە، ئامالسىز خەن سۇلالىسى بىلەن قۇدىلىشىش ئەھدىنى قايتا ئويلىشىشقا مەجبۇر بولدى.

خەن جاۋدى سەلتەنەت دەۋرى شىيۈەننىڭ ئىككىنچى يىلى

(مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 85 ـ يىلى)، قولىقۇ تەڭرىقۇت خەن سۇلالىسى بىلەن قۇدىلىشىش ئەھدىنى مەسلىھەتلىشىشكە ئۈلگۈرمەيلا ئېغىر كېسەلگە مۇپتىلا بولدى. ئۇ سەكراتقا چۈشۈپ قالغاندا، ئوغلىنىڭ تېخى كىچىك ئىكەنلىكىدىن ۋە دۆلەتنى ئىدارە قىلالمايدىغانلىقىدىن ئەنسىرەپ، ئۆز ئىنىسى ئوڭ قول خاننى تەڭرىقۇت قىلىش ھەققىدە ۋەسىيەت قىلدى. تەڭرىقۇت ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن ئالچى جونچۇ (تەڭرىقۇتنىڭ چوڭ قاتۇنى) بىلەن ۋېيلۇ سۇيىقەست ئىشلىتىپ تەڭرىقۇتنىڭ ۋەسىيىتىنى ئۆزگەرتىپ، ئۆز ئوغلى سول قول قاننى تەڭرىقۇت قىلدى. ئۇ قوياندى تەڭرىقۇت دەپ ئاتالدى. سول تۇغ قان بىلەن (قولىقۇ تەڭرىقۇتنىڭ ئوغلى) ئوڭ قول قان تەڭرىقۇت بولالمىغانلىقىدىن قاتتىق غەزەپلىنىپ، ئۆز ئېلى بىلەن زېمىن ئايرىپ ئەجدىھا بالىقتىكى قۇرۇلتايغا بارمىدى. شۇنىڭ بىلەن ھۇنلارنىڭ ئەڭ ئالىي ھۆكۈمرانلىق قاتلىمى تەڭرىقۇتلۇق تەختىنى تالىشىپ ئاشكارا پارچىلاندى. خەن شۈەندى سەلتەنەت دەۋرى ۋۇفېڭ يىللىرى ئارىلىقىدا، ھۇنلارنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى كەڭ كۆلەملىك نىزالار بىلەن بەش تەڭرىقۇت تەڭرىقۇت تەختىنى تالىشىدىغان سىياسىي ماجىرالار باشلىنىپ كەتتى.

قوياندى تەڭرىقۇت تېخى كىچىك، ئانىسى بولسا سۇيۇق ۋە شاللاق بولغاچقا ئەل ـ يۇرت ئىچىدە ئېغىر تەپرىقىچىلىك يۈز بەردى. ئۇلار خەن قوشۇنلىرىنىڭ ھۇجۇم قىلىشىدىن قاتتىق قورققانلىقتىن، خەن شۈەندى سەلتەنەت دەۋرى شىيۈەنىنىڭ ئالتىنچى يىلى (مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 81 ـ يىلى) ھۇنلار ئارىسىدا تۇتۇپ تۇرۇلۇۋاتقىنىغا 19 يىل بولغان سۇ ۋۇ قاتارلىق خەن ئەلچىلىرىنى خەن سۇلالىسىگە قايتۇرۇپ، خەن سۇلالىسى بىلەن بولغان دۈشمەنلىك مۇناسىۋىتىنى يۇمشاتماقچى بولدى ھەمدە ئەپلىشىپ قېلىش نىيىتىنى ئىپادىلىدى. گەرچە ھۇنلارنىڭ

تەگرىقۇتىدىن تارتىپ ھەر دەرىجىلىك ئىسىلزادىلەرگىچە ھەممىسى خەن سۇلالىسى بىلەن ئەپلىشىپ قېلىش نىيىتىدە بولسىمۇ، لېكىن چۇغاينىڭ جەنۇبىدىكى ئوت - سۈيى مول بىر پارچە كەگرى زېمىندىن ئايرىلىپ قالغانلىقىغا تەن بەرگۈسى كەلمەيتتى. ئۇلارنىڭ مال - دۇنيا يۇلۇۋېلىش غەرىزىمۇ يوق ئەمەس ئىدى. بولۇپمۇ خەن ۋۇدىنىڭ ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدىكى قايتا لەشكەر يۈرۈش قىلماسلىقىنى ئېلان قىلغاندىن كېيىن، ھۇنلارغا بولغان لەشكىرىي بېسىم كۆرۈنەرلىك يېنىكلىگەنىدى. شۇڭا، ھۇن چەۋەندازلىرى خەن سۇلالىسى چېگرا قورۇللىرىنىڭ سىرتىدا يەنە پەيدا بولۇشقا باشلىدى. خەن شۇەندى سەلتەنەت دەۋرى يۈەنفېڭنىڭ تۇنجى يىلى (مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 80 - يىلى)، ھۇنلار ئولڭ - سول قانات قىسىملىرىدىن 20 مىڭ چەۋەندازنى تۆتكە بۆلۈپ، چېگرىدا پاراكەندىچىلىك تۇغدۇرۇشقا ئۇرۇندى. ئۆيلىمىغان يەردىن خەن قوشۇنلىرىنىڭ قايتۇرما ھۇجۇمىدا توققۇز مىڭدىن ئارتۇق ئادەم ۋە ئات زىيان تارتىپ، تاۋاخان ئەسىرگە چۈشۈپ، ھۇنلار خەن قورۇلىدىن يىراققا كېتىشكە مەجبۇر بولدى. 2 - يىلى قوياندى تەگرىقۇت تەسلىمچىلەرنى قوبۇل قىلىش شەھىرىگە توققۇزمىڭ چەۋەندازنى ئورۇنلاشتۇرۇپ، خەن قوشۇنلىرىدىن مۇداپىئە كۆردى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، يۇۋۇ دەرياسىغا كۆۋرۈك سېلىپ، جىددىي پەيتلەردە قېچىشقا تەييارلىق كۆردى. شۇنىڭدىن كېيىن، ھۇنلار گەرچە جاڭيې، ۋۇيۈەن قاتارلىق چېگرا ۋىلايەتلىرىگە بەزى چوڭراق كۆلەمدىكى ھۇجۇملارنى قوزغاپ تۇرغان بولسىمۇ، دائىم مەغلۇبىيەتكە ئۇچراپ تۇردى. بۇ چاغدا، خەن سۇلالىسىنىڭ چېگرا قورۇللىرىدا كۆپ يىللىق جاپالىق تىرىشچانلىقلار نەتىجىسىدە تۇرا ۋە قاتناش قاتارلىق مۇداپىئە سىستېمىلىرى خېلىلا مۇكەممەللىشىپ قالغانىدى. ھۇنلار ئەمدى جەنۇبنى قايتۇرۇۋالالمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ

ئېتىنىڭ بېشىنى بۇراپ، كۈنپېتىش تەرەپتىكى ئىتتىپاقداشلىرى بولغان ئۇيسۇنلارغا يۈرۈش قىلدى.

خەن جاۋدى، خەن شۈەندى زامانىدا، هۇنلار ئۇيسۇنلارغا ئۈزلۈكسىز ھۇجۇم قىلىپ تۇردى. خەن شۈەندى سەلتەنەت دەۋرى بېشىنىڭ ئۈچىنچى يىلى (مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 71 - يىلى)، خەن شۈەندى 150 مىڭ كىشىلىك زور قوشۇننى بەش يولغا بۆلۈپ ئۇيسۇنلار بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ هۇنلارغا قارشى يۈرۈش قىلدى. خەن سۇلالىسى بىلەن ئۇيسۇنلارنىڭ بىرلەشمە ئارمىيىسىنىڭ شىددەتلىك ھۇجۇمى ئارقىسىدا هۇنلار قاتتىق زەربىگە ئۇچراپ ئىنتايىن ئېغىر چىقىم تارتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار تېخىمۇ زەئىپلىشىپ كەتتى. ئىككىنچى يىلى قويىاندى تەڭرىقۇت نەچچە ئون مىڭ چەۋەندازنى شەخسەن ئۆزى باشلاپ ئۇيسۇنلاردىن ئۆچ ئالدى. ئۇلار كۆپلىگەن ئەسىر ۋە ئولجىلارغا ئېرىشكەن بولسىمۇ، قوشۇنىنىڭ قايتىش يولىدا قاتتىق جۇتنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىدى. بىر كۈن ئىچىدە ئۈچ گەزدىنمۇ قېلىن ياغقان قاردا ئادەم ۋە ئۇلاغلىرى توڭلاپ ئۆلدى. ساق قايتىپ كەلگەنلىرى ئوندىن بىرىگىمۇ يەتمىدى. هۇنلار ئېغىر دەرىجىدە ھالسىراپ كەتكەن بۇ ۋەزىيەتتە، ئىلگىرى هۇنلارغا قارام بولغان ئەللەر بارا - بارا پارچىلىنىپ كەتتى. شىمالدىن دىڭلىڭلار، غەربتىن ئۇيسۇنلار، شەرقتىن ئوغانلار پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئۈچ تەرەپتىن ھۇجۇم قىلىپ هۇنلارنىڭ نەچچە ئون مىڭ ئادىمىنى ئۆلتۈرۈپ، نەچچە ئون مىڭ يىلقىسىنى، ھەددى - ھېسابسىز كالا - قويىنى بۇلاپ كەتتى. خەن شۈەندى سەلتەنەت دەۋرى دىجىيېنىڭ ئىككىنچى يىلى (مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 68 - يىلى) هۇنلار ئارىسىدا غايەت زور ئاچارچىلىق يۈز بېرىپ ئادەم ۋە مال - چارۋىلارنىڭ ئوندىن ئالتە قىسمى چىقىم بولدى. ئىچكى - تاشقى جەھەتتە قىيىنچىلىققا بوغۇلغان مۇشۇنداق مۇشكۈل ئەھۋالدا قويىاندى تەڭرىقۇت تەختكە چىقتى. ئېغىر

قىيىنچىلىق مەزگىلىنى ئەپلەپ ـ سەپلەپ ئۆتكۈزۈپ، ۋاقتىنچە خەن چېگرىلىرىغا تاجاۋۇز قىلىشقا كۆچى يەتمىدى.
خەن شۈەندى سەلتەنەت دەۋرى شېنجۆنىڭ ئىككىنچى يىلى (مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 60 ـ يىلى) شۇرۇ چانچۇ تەڭرىقۇت 100 نەچچە مىڭ چەۋەنداز بىلەن خەن چېگرىسىغا يېقىن جايدا ئوۋ قىلىپ، پۇرسەت تېپىپ چېگرىغا باستۇرۇپ كىرمەكچى بولدى. خەن شۈەندى بۇ خەۋەرنى ئۇقۇپ قېلىپ، هىماتچى سانغون جاۋچۇڭگونى 40 مىڭدىن ئوشۇق چەۋەنداز بىلەن چېگرا ۋىلايىتىگە ئورۇنلاشتۇرۇپ، مۇداپىئەنى كۈچەيتتى. تەڭرىقۇت بۇ هالىنى كۆرۈپ بېسىپ كىرىشكە پېتىنالماي، خەن سۇلالىسىگە ئەلچى ئەۋەتىپ يارىشىشنى تەلەپ قىلدى. ئەلچى يولغا چىقماي تۇرۇپلا تەڭرىقۇت تۇيۇقسىز كېسەل بولۇپ ئالەمدىن ئۆتتى. خۇسۇر خانى شىنۋىيان هەرقايسى جايلاردىكى خانلارنى چاقىرتىپ تەختكە كىمنىڭ ۋارىسلىق قىلىش مەسىلىسىنى مەسلىھەتلەشمەكچى بولدى. خانلار يېتىپ كەلمەي تۇرۇپلا ئالچى جۇەنچۇ ئىنىسى سول قول قۇتقۇ بىلەن سىياسىي ئۆزگىرىش قوزغاپ، ئۆزىنىڭ ئۇينىشى، ئۇ ۋىي تەڭرىقۇتنىڭ كۆكۈ نەۋرىسى (بەشىنچى ئەۋلاد نەۋرىسى) ئۇلۇغ تۇغ قان تۇغتاننى ئۇيانجۇت تەڭرىقۇت نامىدا تەختكە چىقاردى.
ياۋۇز تەبىئەتلىك ئۇيانجۇت تەڭرىقۇتلۇق هوقۇقىنى قولغا ئالغاندىن كېيىن، دەرهال قىرغىنچىلىقنى باشلىدى. شۇرۇچانچۇ تەڭرىقۇت ۋاقتىدا ۋەزىر بولغان شىنۋىيان قاتارلىقلارنى ئۆلتۈردى. ئۇنىڭ پەرزەنتلىرى، ئىنىلىرى ۋە يېقىنلىرىنى تەڭرىقۇت ئوردىسىدىن چەتنەشتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ئورنىغا ئۆزىنىڭ پەرزەنت، ئىنىلىرىنى قويدى. خىزمەت كۆرسەتكەن دۇرۇنچى قاتارلىقلارنى قايتا ئىشقا قويدى. شۇرۇچانچۇ تەڭرىقۇتنىڭ ئوغلى جىخسان تەختتىن ئۈمىد ئۈزۈپ هۇنلارنىڭ سول تەرىپىدە تۇرىدىغان قېيناتىسى ئۇچەمىنىڭ قېشىغا بېرىپ پاناهلاندى.

ئاكىسى قۇتۇس خەلق ئارىسىغا يوشۇرۇنۇپ بېشىنى بالا - قازادىن ساقلاپ قالدى. غەربىي يۇرتنى باشقۇرۇپ تۇرۇۋاتقان باتىسقان شەشەنجاننىڭ ئۇيانجۇت بىلەن ئاداۋىتى بولغاچقا نەچچە ئون مىڭ چەۋەندازنى باشلاپ خەن سۇلالىسىگە ئۆتۈپ كەتتى. ھۇنلارنىڭ غەربىي يۇرتتىكى كۈچى شۇنىڭدىن باشلاپ غەربىي يۇرتتىن چېكىنىپ كەتتى، ئۇيانجۇت تەڭرىقۇت بىر نەۋرە ئاكىسىنى بوشتاننى باتىسقان قىلىپ تىكلىدى. شەشەنجاننىڭ ئىككى ئىنىسىنى ئۆلتۈرۈپ ئۆچ ئالدى. ئۇيانجۇت تەڭرىقۇتنىڭ ۋەھشىيانە ھۆكۈمرانلىقى ھۇنلارنىڭ ئىچكى قىسمىنى تېخىمۇ ئىنچىسىز قىلىۋەتتى. خەن شۈەندى سەلتەنەت دەۋرى شېنجۆنىڭ ئۆتىنچى يىلى (مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 58 - يىلى) يازدا، ئۇغانلار لەشكەر تارتىپ ھۇنلارنىڭ شەرقىيدىكى گۇش خانغا ھۇجۇم قىلىپ، كۆپ ئادىمىنى ۋە مال - چارۋىسىنى بۇلاپ كەتتى. ئۇيانجۇت قاتتىق غەزەپلەندى، گۇش خان كاللىسىنىڭ كېتىشىدىن قورقۇپ ئۇجەم ۋە غەربتىكى ئېسىلزادىلەر بىلەن بىرلىشىپ جىخاساننى قوغشار ئۇنۋانى بىلەن تەڭرىقۇت قىلىپ تىكلەپ، تەڭرىقۇت ئوردىسى (ھازىرقى مۇڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتى ئۇلانباتۇر شەھىرى) غا ھۇجۇم قىلدى. ئۇيانجۇت تەڭرىقۇت يېڭىلىپ ئۆلۈۋالدى. ئۇنىڭ ئېلى پۈتۈنلەي قوغشار تەڭرىقۇتقا تەل بولدى.

شۇ يىلى كۈزدە قوغشار تەڭرىقۇت تەڭرىقۇت ئوردىسىغا كۆچۈپ كېلىپ، دەرھال ھۆكۈمرانلىق تەرتىپلىرىنى ئەسلىگە كەلتۈردى. سول تەرەپتىكى ئەمەلدارلارغا ئۆز تەۋەسىدە لەشكەر تۇرغۇزۇشقا پەرمان چۈشۈردى. خەلق ئارىسىدىن ئاكىسى قۇتۇسنى تاپتۇرۇپ كېلىپ ئوڭ قول قان قىلىپ تىكلىدى. قوغشار تەڭرىقۇت تەختىدە مۇقىملاشماي تۇرۇپلا، دۇرۇنچى بىلەن ئوڭ تۇغ قان بوشتاننى ھىمايە قىلىپ تۇغ تەڭرىقۇت ئوردىسىغا ھۇجۇم قىلدى. قوغشار تەڭرىقۇت يېڭىلىپ سول تەرەپتىكى

يەرلەرگە چېكىندى. تۇغ تەڭرىقۇت ئوردىسىنى ئىگىلىگەندىن كېيىن، چوڭ ئوغلى دۇتۇشنى سول قول قان، كىچىك ئوغلى قۇملۇتنى ئوڭ قول قان قىلىپ تەيىنلەپ، تەڭرىقۇت ئوردىسىنى قوغدىدى. ئۆزى چەۋەندازلىرىنى باشلاپ هۇنلارنىڭ ئوڭ تەرىپىگە قايتتى.

تۇغ تەڭرىقۇتنىڭ هۆكۈمرانلىقىمۇ ئۇزۇنغا بارمىدى. تېخىمۇ كەڭ كۆلەملىك ئىچكى ماجىرالار ئۇنىڭ بېشىغا يوپۇرۇلۇپ كەلدى. 2 ـ يىلى (خەن شۈەندى سەلتەنەت دەۋرى ۋۇفېڭنىڭ تۇنجى يىلى، مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 57 ـ يىلى) كۈزدە، تۇغ تەڭرىقۇت باتىسقان شەشەنجاننىڭ ئاكىسى چوڭ ئۆكەن قان بىلەن كاھبەگ ئۇجەلەرنىڭ هەربىرىنى 20 مىڭدىن چەۋەنداز بىلەن شەرقتە تۇرغۇزۇپ، قوغشار تەڭرىقۇتتىن مۇداپىئە كۆردى. بۇ چاغدا، غەرب تەرەپتىكى ئوغۇز خانى ياساقبېگى ۋىلى بىلەن مەسلىهەتلىشىپ، ئوڭ تۇغ قان ئۆزىنى ئۇجە تەڭرىقۇت قىلىپ تىكلىمەكچى دەپ پىتنە ـ پاسات تارقاتقاچقا، تۇغ تەڭرىقۇت قاتتىق غەزەپلىنىپ ئوڭ تۇغ قاننى بالىسى بىلەن قوشۇپ ئۆلتۈردى. كېيىن، ئوڭ تۇغ قانغا ئۇۋال قىلىنغانلىقىنى ئۇقۇپ ياساقبېگى ۋىلىنىمۇ ئۆلتۈردى. ئوغۇزخانى بۇنى ئاڭلاپ قاتتىق قورقۇپ، دەرهال يۈز ئۆرۈپ ئۆزىنى ئوغۇز تەڭرىقۇت، دەپ ئېلان قىلدى. ئوڭ تۇغ ئۆكەن قانمۇ جىم ياتقۇسى كەلمەي، ئۆزىنى چەلى تەڭرىقۇت دەپ ئېلان قىلدى. بۇلارغا ئەسلىدە بار بولغان تۇغ تەڭرىقۇت، قوغشار تەڭرىقۇتتىن ئىبارەت ئىككى تەڭرىقۇتنى قوشقاندا بەش تەڭرىقۇت هوقۇق تۇتقاندىن كېيىن پەيدا بولغان ئىچكى نىزالارنى يۇقىرى پەللىگە كۆتۈردى. هۆكۈمرانلىق قاتلىمىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ۋە ئەل ئارىسىدىكى نىزا ـ زىددىيەتلەرمۇ بارغانسېرى ئۆتكۈرلەشتى.

هۇنلارنىڭ بەش تەڭرىقۇتنىڭ تەخت تالىشىۋاتقانلىق

خەۋىرى خەن سۇلالىسى ئوردىسىغا يېتىپ كەلگەندىن كېيىن، نۇرغۇن ۋەزىرلەر ھۇنلارنىڭ ئىچكى قالايمىقانچىلىقىدىن پايدىلىنىپ لەشكەر تارتىپ ھۇنلارنى بىر يولىلا يوقىتىپ چېگرا مەسىلىسىنى ئۈزۈل - كېسىل ھەل قىلىشنى تەشەببۇس قىلدى. خەن شۈەندى ئىككىلىنىپ بىر قارارغا كېلەلمەي، باش تەپتىش بېگى سۇ ۋاڭجىنىڭ پىكرىنى سورايدۇ. سۇۋاڭجى لەشكەر تارتىشقا قەتئىي قارشى تۇرۇپ: «ھۇن تەڭرىقۇتى كۆپ قېتىم قۇدىلىشىشنى تەلەپ قىلغان. مانا ھازىر ھۇنلارنىڭ ئىچكى قىسمى قالايمىقانكەن. خەن قوشۇنلىرى پۇرسەتپەرەسلىك قىلىپ ھۇجۇم قىلسا ئادىل بولمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھۇنلار چۆللۈكنىڭ يىراق شىمالىدا، بىر يولىلا يوقىتىشمۇ تەس. ئەگەر ئەلچى ئەۋەتىپ ھال سورىساق، ئاجىز - ئورۇقلىرىغا ياردەم قىلىپ، ئۇ ئاپەتلەردىن قۇتۇلدۇرساق، ھۇنلار مۇقەررەركى خەن ئوردىسىنىڭ ھىممەت - شەپقىتىدىن مىننەتدار بولۇپ، ۋەزىرىمىز بولۇپ بەيئەت قىلىشى مۇمكىن» دەيدۇ. خەن شۈەندى سۇۋاڭجىنىڭ تەكلىپىنى ماقۇل كۆرۈپ، لەشكەر تارتىشنى رەت قىلىپ، يېڭى بىر مەيدان خەن - ھۇن ئۇرۇشىنىڭ پارتلىشىنىڭ ئالدىنى ئالدى.

خەن سۇلالىسىنىڭ ۋەزىر - ۋۇزرالىرى ئوردىدا لەشكەر تارتىش - تارتماسلىق ھەققىدە تالاش - تارتىش قىلىشىۋاتقان پەيتتە، ھۇنلارنىڭ بەش تەڭرىقۇتى جەڭگاھتا بىر - بىرىگە يول قويماي قىرغىن قىلىشىۋاتاتتى. تۇغ تەڭرىقۇت ئۆزى بىۋاسىتە چېلى تەڭرىقۇتقا يۈرۈش قىلىپ، ئۇجەگە ھۇجۇم قىلىش توغرىسىدا دۇرۇنجىغا پەرمان چۈشۈردى. ھەر ئىككى قوشۇن ئۇچۇشۇش ئىلگىرىلەپ، چېلى، ئۇجە تەڭرىقۇتلارنى مەغلۇپ قىلدى. ئۇلار غەربىي شىمالغا قاچتى ۋە ئوغۇز تەڭرىقۇت بىلەن بىرلىشىپ 40 مىڭ كىشىلىك قوشۇنغا ئىگە بولدى. تۇغ تەڭرىقۇتقا قارشى تۇرۇش ئۇچۇن ئۇجە، ئوغۇز تەڭرىقۇتلار تەڭرىقۇتلۇق نامىنى

تاشلاپ چېلىنى تەڭرىقۇت قىلىپ تىكلىدى. بۇنى ئاڭلىغان تۇغ تەڭرىقۇت سول چوڭ سەركەردە ۋە سول چوڭ كاھىبەگنى 40 مىڭ چەۋەنداز بىلەن شەرقتە تۇرۇپ قوغشار تەڭرىقۇتتىن مۇداپىئەلىنىشكە ئەۋەتتى. ئۆزى 40 مىڭ چەۋەنداز بىلەن غەربىي شىمالدىكى چېلى تەڭرىقۇتقا يۈرۈش قىلدى. چېلى تەڭرىقۇت يەنە مەغلۇپ بولۇپ غەربىي شىمالغا چېكىندى. شۇنىڭ بىلەن ھۇنلارنىڭ غەربىي شىمال تەرەپتىكى جەڭلىرى بىر ھازا تىنجىپ، ئۇرۇش ئوتلىرى شەرقتە يالقۇنجاشقا باشلىدى. خەن شۇەندى سەلتەنەت دەۋرى ۋۇ فېڭنىڭ ئىككىنچى يىلى (مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 56 ـ يىلى) قوغشار تەڭرىقۇت تۇغ تەڭرىقۇتنىڭ يىراقتىكى چېلىلارغا ھۇجۇم قىلىپ كەتكەن پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، ئىنىسى ئوڭ قول خانىنى تۇغ تەڭرىقۇتنىڭ غەربتە تۇرغۇزغان لەشكەرلىرىگە ھۇجۇم قىلىشقا ئەۋەتىپ، 10 مىڭدىن ئارتۇق ئادەمنى ئۆلتۈردى ۋە ئەسىر ئالدى. تۇغ تەڭرىقۇت بۇنى ئاڭلاپ قاتتىق غەزەپلىنىپ دەرھال 60 مىڭ چەۋەندازنى باشلاپ كېچىلەپ شەرققە يۈرۈش قىلدى ۋە قوغشار تەڭرىقۇتنى بىر يولدىلا يوقاتماقچى بولدى. تۇغ تەڭرىقۇت قوغشار تەڭرىقۇتنىڭ ئاللىقاچان 40 مىڭ خىل چەۋەندازنى ئورۇنلاشتۇرۇپ، قاتتىق سەپ تۈزۈپ كۈتۈپ تۇرغانلىقىنى ئۇقمايتتى. تۇغ تەڭرىقۇت زور قوشۇننى باشلاپ كېچە ـ كۈندۈز دېمەي يول يۈرۈپ بىرەر مىڭ چاقىرىم ماڭغاندىن كېيىن، تۇيۇقسىز قوغشار تەڭرىقۇتنىڭ زور قوشۇنى بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىپ قاتتىق ئېلىشىدۇ. تۇغ تەڭرىقۇت گەرچە لەشكىرىي كۈچ جەھەتتە ئۈستۈن تۇرسىمۇ، لېكىن چېلى تەڭرىقۇت بىلەن كۆپ قېتىم ئېلىشقان ھەم ئۇزۇن يول يۈرگەنلىكتىن ئەسكەرلىرى ھالىدىن كەتكەنىدى، ھالسىرىغان دۈشمەنگە زەربە بېرەلىۋاتقان بولغاچقا ھە دېگەندىلا غەلىبىگە ئېرىشتى. بىر مەيدان قانلىق قىرغىنچىلىقتىن كېيىن تۇغ تەڭرىقۇت مەغلۇپ بولۇپ ئۆلۈۋالدى. چېلى تەڭرىقۇت

قوغشار تەڭرىقۇتىنىڭ تۇغ تەڭرىقۇتنى تارمار قىلغانلىقىنى ئۇقۇپ تەڭرىقۇتلۇق نامىنى بىكار قىلىپ، قوشۇنىنى باشلاپ شەرققە كېلىپ قوغشار تەڭرىقۇتىنىڭ تەخت تالىشىش ۋەزىيىتىنى ئاياغلاشتۇرۇپ، قوغشار تەڭرىقۇتقا ئەل بولدى. شۇنداق قىلىپ، ھۇنلاردىكى بەش تەڭرىقۇت يەنە بىر قېتىم ھۇنلارنى بىرلىككە كەلتۈردى.

قوغشار تەڭرىقۇت غەلىبە قىلغان بولسىمۇ، تولىمۇ مۈشكۈل ئەھۋال ئىچىدە قالغانىدى. بەش تەڭرىقۇتىنىڭ تەخت تالىشىش ئۇرۇشلىرىدىن كېيىن، ھۇنلارنىڭ نەچچە ئون مىڭ ئادىمى ھالاك بولغان، مال - چارۋىلارنىڭ ئوندىن يەتتىسى، سەككىزى ئۆلۈشى چىقىم بولغانىدى. خەلق ئاچلىق دەستىدىن يەيدىغان نەرسە ئۈچۈن بىر - بىرىنى ئۆلتۈرۈشۈۋاتاتتى. ھۇنلارنىڭ پاراكەندىچىلىكىنى كۆرگەن قوغشار تەڭرىقۇتىنىڭ قول ئاستىدىكى سول قول چوڭ سانغۇن ئۇلچۇ بىلەن ئۇنىڭ ئاتىسى ئورنۇۋېنتون نەچچە ئون مىڭ ئادىمىنى باشلاپ خەن سۇلالىسىگە ئۆتۈپ بەگلىك ئۇنۋانىنى ئېلىشتى. قوغشار تەڭرىقۇت ئوردىسىغا قايتىپ كەلگەندە بىر نەچچە ئون مىڭلا ئادىمى قالغانىدى. ئۇنىڭ كۈچى ئىنتايىن ئاجىزلىشىپ كەتكەنىدى. بىراق، قوغشار تەڭرىقۇتمۇ بۇنداق قېيىن شارائىتتا ئۇزۇن تۇرمىدى. تەڭرىقۇت ئوردىسىنىڭ غەربىدە شۇتۇقتانىنىڭ نەۋرە ئىنىسى شۇشۇنخان ئۆزىنى رۇنجۇن دەپ ئېلان قىلدى. لېكىن ئويلىمىغان يەردىن، ئىلگىرى قوغشار تەڭرىقۇت سول قول خانلىق تەختكە چىقىرىپ قويغان، كېيىن سول تۇغ خانلىقتا ئۆستۈرۈلگەن ئاكىسى قۇتۇس ئۇنىڭ بىلەن قېرىنداشلار ئىچىدە جېدەل تۇغدۇرۇپ، تەڭرىقۇت ئوردىسىنىڭ شەرقىدە ئۆزىنى چىچى قۇتقۇ تەڭرىقۇت دەپ ئېلان قىلدى. بەش تەڭرىقۇتىنىڭ تەخت تالىشىشلىرىدىن كېيىن، ھۇنلاردا ئۈچ تەڭرىقۇت بىرلا ۋاقىتتا مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشتەك ۋەزىيەت يەنە شەكىللەندى.

خەن شۇەندى سەلتەنەت دەۋرى ۋۇ فېڭنىڭ تۆتىنچى يىلى (مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 54 - يىلى) ھۇنلاردا ئۇچ تەڭرىقۇت بىرلا ۋاقىتتا مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان قىسقا تىنچ ۋەزىيەت بۇزۇلۇپ، چۆللۈكتە يەنە بىر قېتىملىق ئۇرۇش پارتلىدى. رۇنجۇن تەڭرىقۇت ئاۋۋال شەرقتىكى چىچى تەڭرىقۇتقا ھۇجۇم قىلىپ، ئويلىمىغان يەردىن يېڭىلىپ ئۆلتۇرۇلدى. بۇنىڭغا ئۇلاپلا چىچى زەپەر قۇچقان قوشۇننى باشلاپ تەڭرىقۇت ئوردىسىغا ھۇجۇم قىلدى، قوغشار ئوردىسىنى تاشلاپ جەنۇبقا كېتىشكە مەجبۇر بولدى. چىچى تەڭرىقۇت تەڭرىقۇت ئوردىسىنى ئىگىلىگەندىن كېيىن، چۆللۈكنىڭ جەنۇبىي رايونلىرىغا چېكىنىپ كەتكەن قوغشار تەڭرىقۇت بىلەن تىركىشتى، ھۇنلار جەنۇب - شىمال ئىككىگە بۆلۈنۈپ كەتتى.

قوغشار تەڭرىقۇت قىسقىغىنا ئىككى يىل ئىچىدە تەڭرىقۇت ئوردىسىدىن ئىككى قېتىم قوغلىنىپ ئادەم ۋە مال - چارۋىلىرى بولۇپ يەتكۈچە چىقىمدار بولدى، مۇشكۇلات ئۈستى - ئۈستىلەپ ئېغىرلاشتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە شىمالدا چىچى، جەنۇبتا خەن سۇلالىسى بولۇپ قايسىلا تەرەپتىن ھۇجۇمغا ئۇچرىسۇن ھامان ھالاكەتلىك بالا - قازاغا ئۇچرايتتى. بۇ چاغدىكى ۋەزىيەت ناھايىتىمۇ ئېنىق ئىدى: قوغشار تەڭرىقۇت ئەگەر چىچىغا تەسلىم بولسا، شەك - شۈبھىسىزكى ھالاكەت يولىغا ماڭغان بولاتتى؛ ئەگەر تەشەببۇسكارلىق بىلەن خەن سۇلالىسىگە بەيئەت قىلسا، جەنۇبتىكى تەھدىتنى يوقىتىپلا قالماي، كۈچىنى مەركەزلەشتۈرۈپ چىچىغا تاقابىل تۇرالايتتى. شۇنداقلا خەن سۇلالىسى مەركىزىي ھۆكۈمىتىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشىپ چىچىنى تىنجىتىپ، مەغلۇپ بولۇشتىن ساقلىنىپ، چۆللۈكنى بىرلىككە كەلتۈرەلەيتى. قوغشارخاننىڭ قول ئاستىدىكى ئىجىز قانمۇ قوغشارخانغا خەن سۇلالىسىگە بەيئەت قىلىپ، ئوغلىنى تۇرغاقلىققا ئەۋەتىپ، خەن سۇلالىسىنىڭ ياردىمى بىلەن ھۇنلارنى

تىنجىتىش ھەققىدە مەسلىھەت بەردى.

بىراق، باتۇر تەڭرىقۇت چۆللۈكنى بىرلىككە كەلتۈرگەندىن تارتىپ، سەددىچىننىڭ شىمالىدا 150 نەچچە يىل زوراۋانلىق قىلىپ كېلىۋاتاتتى. ھەربىر ئەۋلاد تەڭرىقۇتلار ئۆزلىرىنى «تەڭرىنىڭ ئەركە ئوغلى»، «يايلاقتىكى قەبىلىلەرنىڭ جوجىسى» دەپ ئاتايتتى. گەرچە خەن سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى 60 نەچچە يىلىدا ھۇنلار خەن سۇلالىسى بىلەن قودىلاشقان بولسىمۇ، يەنە كېلىپ خەن سۇلالىسى ئىزچىل تۇردە مەلىكىلەرنى ئەۋەتىپ، ھەر يىلى نۇرغۇن مال - دۇنيانى ھەدىيە قىلىپ تۇرسىمۇ، ھۇنلار خەن سۇلالىسىنىڭ چېگرىلىرىغا داۋاملىق پاراكەندىچىلىك سېلىپ كەلگەنىدى. خەن ۋۇدى زامانىسىدا ھۇنلار زور زەربىگە ئۇچراپ، كۈچى ئاجىزلىشىپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن ھۇنلار ئەسلىدىكى ئېغىر شەرتلەر ئاساسىدا قودىلىشىشتا چىڭ تۇرۇپ، خەن سۇلالىسىگە بەيئەت قىلىشقا ئۇنىمىغانىدى، قوغشار تەڭرىقۇت بۇ چاغدا ئوت - سۇيى يوق يەرگە كېلىپ قالمىغان بولسا، ھەرگىز ئاتا - بوۋىلىرىنىڭ ئۆرپ - ئادىتىگە خىلاپلىق قىلىپ ئەل بولمىغان، خەن سۇلالىسىنىڭ پەرمانلىرىنى قوبۇل قىلمىغان بولاتتى. قوغشار تەڭرىقۇت بۇ مۇناسىۋەتنىڭ مۇھىملىقىنى ئۇققاچقا ۋەزىر - ۋۇزرالارنى ۋە جەمەتىدىكى ئېسىلزادىلەرنى يىغىپ مەسلىھەتلەشتى، بۇ بىر مەيدان قاتتىق بەس - مۇنازىرىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. خەن سۇلالىسىگە بەيئەت قىلىشقا قارشى تۇرغۇچىلار: «ھۇنلارنىڭ ئادىتىدە ئەزەلدىن كۈچ - قۇدرەت ئەتىۋارلىنىپ، قۇللۇق پەس كۆرۈلىدۇ. ھۇنلار ئاتلىق جەڭ قىلىپ دۆلەت قۇرغان، شۇڭا يات قوۋملار ئارىسىدا ئابرۇيلۇق بولۇپ كەلگەن، جەڭگاھتا ئۆلۈش ھۇن يىگىتلىرىنىڭ جاسارىتىدۇر. بۈگۈن ئاغا - ئىنىلەر ھوقۇق تالاشقان بولسا، دۆلەت ئاغىنىڭ بولمىسا ئىنىنىڭ بولىدۇ. ئۆلسىمۇ نامى

قالىدۇ. خەن سۇلالىسى گەرچە كۈچلۈك بولسىمۇ، هۇنلارنى ئۆزىگە قوشۇۋالالمايدۇ. نېمىدەپ ئەجدادلىرىمىزنىڭ قائىدە - تۈزۈملىرىنى بۇزۇپ، ئاۋۋالقى تەڭرىقۇتلارنىڭ شەنىگە داغ تەگكۈزۈپ، باشقا دۆلەتنىڭ ئالدىدا كۈلكىگە قالغۇدەكمىز. خەن سۇلالىسىگە بەيئەت قىلىپ ئەمىنلىككە ئېرىشكىنىمىز بىلەن باشقا يات قوۋملار ئالدىدا نېمە يۈزىمىز قالىدۇ» دېيىشتى. سول ئىجىز خان خەن سۇلالىسىگە بەيئەت قىلىشنى قوللىغۇچىلارنىڭ بېشى بولۇپ: «دۆلەتنىڭ بەزىدە كۈچىيىپ، بەزىدە ئاجىزلاپ تۇرۇشى ئەزەلدىن بار ئىش. هالا بۈگۈن خەن سۇلالىسى كۈچلۈك، غەربىي يۇرتتىكى ئۇيسۇنلار ئۇنىڭغا بېقىندى، چەنيۈ تەڭرىقۇتتىن بۇيان هۇنلار كۈندىن - كۈنگە ئاجىزلاپ كەتتى. بىمىردىنلا ئەسلىگە كېلەلمەيدۇ - دە. گەرچە قارىماققا خەن سۇلالىسى بىلەن جاهىللارچە قارشىلاشقاندەك قىلساقمۇ، ئەمەلىيەتتە بىر كۈنمۇ ئەمىن تاپالمايمىز. هازىر خەن سۇلالىسىگە بېقىنساق تىنچ - ئامان ياشايمىز. بېقىنمىساق مۇقەررەر هالاك بولىمىز» دېيىشتى. ئەڭ ئاخىرى قوغشار تەڭرىقۇت سول ئىجىز قاننىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلىپ، ئېلىنى باشلاپ خەن سۇلالىسى چېگرىسىغا كېلىپ خەن شۇەندى سەلتەنەت دەۋرى گەنلۇنىڭ تۇنجى يىلى (مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 53 - يىلى) ئەتىيازدا، ئوغلى ئوڭ تۇغ قان جۇلقاناتنى خەن سۇلالىسىگە تۇرغاق قىلىپ ئەۋەتتى. شۇ يىلى كۈزدە يەنە ئۇنىڭ ئىنىسى سول تۇغ قاننى خەن سۇلالىسىگە ئەلچىلىككە ئەۋەتتى، بىر يىل ئىچىدە ئىككى قېتىم ئەلچى ئەۋەتكەنلىكى، شۇنداقلا تەڭرىقۇتنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارىنىڭ خەن سۇلالىسىگە ئەلچىلىككە بېرىشى قوغشار تەڭرىقۇتنىڭ خەن سۇلالىسىگە بېقىنىشتەك جىددىي ئارزۇسىنى ئىپادىلىدى.

قوغشار تەڭرىقۇتنىڭ تەشەببۇسكارلىق بىلەن خەن سۇلالىسىگە ئەل بولۇشنى ئىلتىماس قىلغانلىقىغا قارىتا، خەن

شۇەندى دەرھال قارشى ئالىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. قوغشار ناھايىتى خۇشال بولۇپ ئېلىنى باشلاپ خەن شۇەندى سەلتەنەت دەۋرى گەنلۇننىڭ ئىككىنچى يىلى قىشتا ۋۇيۇەن قورۇلىغا كېلىپ، ئۇنچە - مەرۋايىتلارنى تەييارلاپ، كېلەر يىلى ئەتىيازدا شەخسەن ئۆزى خەن سۇلالىسىگە بېرىپ پادىشاھ بىلەن كۆرۈشىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. شۇنىڭدىن باشلاپ، خەن سۇلالىسى بىلەن ھۇنلارنىڭ مۇناسىۋىتى ئۇرۇشۇشنىڭ ئورنىنى تۇتىدىغان يېڭى بىر باسقۇچقا كىردى.

## 3. قوغشار تەڭرىقۇتنىڭ چۈللۈكنى بىرلىككە كەلتۈرگەنلىكى ۋە مەلىكە جاۋجۈننىڭ قورۇلدىن چىققانلىقى

خەن شۇەندى سەلتەنەت دەۋرى گەنلۇننىڭ ئۈچىنچى يىلى (مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 51 - يىلى) ئەتىياز، نورۇزنىڭ 1 - كۈنى، خەن شۇەندى ۋېيياڭ ئوردىسىدىكى باش قەسىردە ھەرقايسى بەگلىكلەردىن كەلگەن بەگلەرنى قوبۇل قىلىپ بولغاندىن كېيىن، كەيپى چاغ ھالدا مەيىسىگە چۈشۈپ گەنخۇەن قەسىرىگە يۈرۈپ كەتتى. ئۇ شىمالدىن كەلگەن ئالاھىدە مېھمان - قوغشار تەڭرىقۇت بىلەن كۆرۈشۈشكە تەييارلانغانىدى.

بۇلتۇر 12 - ئايدا، ۋۇيۇەن ۋىلايىتىدە قوغشار تەڭرىقۇتنىڭ كېلەر يىلى 1 - ئايدا خەن خاقانىنى زىيارەت قىلىشقا كېلىدىغانلىقى توغرىسىدىكى خەۋەر خەن ئوردىسىغا يېتىپ كەلگەندىن كېيىن، خەن شۇەندى ۋە ۋەزىرلەرنىڭ يۇكسەك ئەھمىيەت بېرىشىگە ئېرىشتى. ھۇن تەڭرىقۇتىنىڭ خەن خاقانى بىلەن كۆرۈشۈشكە شەخسەن ئۆزى كېلىشى، خەن سۇلالىسىگە بېقىنىشنى ئىلتىماس قىلىشى خەن سۇلالىسى بىلەن ھۇنلارنىڭ 150 يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيانقى توقۇنۇش ۋە ئۇرۇشلاردىن

كېيىن، ئۆزىنى «تەڭرىنىڭ ئەركە بالىسى» دەپ ئاتاپ كەلگەن هۇن تەڭرىقۇتىنىڭ ئاخىرى ئامالسىزلىق ئىچىدە هاكاۋۇر بېشىنى ئېگىشكە مەجبۇر بولغانلىقىنىڭ بەلگىسى بولۇپ قالدى. شۇنداقلا، خەن - هۇن مۇناسىۋىتىدە تۈپتىن ئۆزگىرىش بولغانلىقىدىن دېرەك بەردى؛ بولۇپمۇ چىچى تەڭرىقۇت تېخىچىلا چۆللۈكنىڭ شىمالىنى ئىگىلەپ ياتقان ئەھۋالدا، خەن سۇلالىسى قوغشار تەڭرىقۇتىنىڭ بېقىنىشىنى قوبۇل قىلىشى، چۆللۈكنىڭ جەنۇبىدا خەن سۇلالىسىنىڭ يەنە بىر مۇداپىئە لىنىيىسى پەيدا قىلىپ چىچى تەڭرىقۇتىنىڭ چېگرا - قورۇللىرىغا بولغان پاراكەندىچىلىكىنى ئازايتىشقا پايدىلىق ئىدى. شۇڭلاشقا، خەن شۆەندى قوغشار تەڭرىقۇت بىلەن كۆرۈشۈشكە تولىمۇ ئەھمىيەت بەردى، ۋەزىرلەرگە كۈتۈۋېلىش قائىدە - يوسۇنلىرىنى مەسلىھەتلىشىشكە پەرمان قىلىپ، ئاخىرى ۋەلىئەھد ئۇستازى سۇۋاڭجىنىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلىپ، كۈتۈۋېلىشتا تەڭرىقۇتنىڭ ئورنىنى بەگلىكلەرنىڭ بەگلىرىدىن يۇقىرى قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، هارۋا - ئاتلىقلار كاھىپىگى خەن چاڭنى مەخسۇس ئەلچى قىلىپ، ۋۇيۈەن قورۇلىغا قوغشار تەڭرىقۇتنى قارشى ئېلىپ پايتەختكە باشلاپ كىرىشكە ئەۋەتتى ھەمدە ۋۇيۈەن، شوفاڭ، شىخې، شاڭجۈن، بېيدى، فېڭيۇ ۋىلايەتلىرىدىن تاكى چاڭئەنگە قەدەر تەڭرىقۇتنى قوغداش ۋە هۆرمەت بىلدۈرۈش ئۈچۈن 2000 دىن ئارتۇق چەۋەنداز چىقىرىپ ئورۇنلاشتۇردى.

قوغشار تەڭرىقۇت گەنچۈەن قەسرىگە كەلگەندىن كېيىن، تەنتەنە بىلەن كۈتۈۋېلىندى. قوغشار تەڭرىقۇت ئىززەت - ئىكرام ئىلكىدە خەن شۆەندى بىلەن كۆرۈشتى. ئورنى بەگلىكلەر بەگلىرىدىن يۇقىرى بولدى. ئۆزىنى پەقەت «كەمىنىڭىز» دەپ تەڭرىقۇتلۇق نامىنى تىلغا ئالمىدى. خەن شۆەندى قوغشار تەڭرىقۇتقا ئالتۇندىن ياسالغان «هۇن تەڭرىقۇت مۆهۈرى» نى

بېرىپ، خەن سۇلالىسى مەركىزىي هۆكۈمىتى ئۇنۋان بېرىش شەكلى بويىچە قوغشار تەڭرىقۇتنى هۇنلارنىڭ ئەڭ ئالىي هۆكۈمرانى دەپ تونۇدى ھەمدە هۇن يەرلىك ھاكىمىيىتىنىڭ مەركىزىي ھاكىمىيەتكە رەسمىي تەۋە بولغان سىياسىي مۇناسىۋىتىنى بېكىتتى؛ شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، هۇنلارنىڭ ئۇزۇن يىللاردىن بېرى چۆللۈككە هۆكۈمرانلىق قىلىپ كەلگەنلىكىدەك پاكىتىنى ۋە «كۆچ - قۇدرىتىگە ئىشىنىپ قول بولۇشنى خالىمايدىغان» مىللىي پسىخىكىنى نەزەردە تۇتۇپ، مۆھۈرنىمۇ خەن خاقانىنىڭ قاشتاش مۆھۈرى بىلەن ئوخشاش شەكىلدە قىلىپ، خەن سۇلالىسىگە تەۋە بولۇشتىكى مۇناسىۋەت پەرقىنى كۆرسەتتى. ئۇنىڭدىن باشقا، خەن سۇلالىسى يەنە قوغشار تەڭرىقۇتقا زور مىقداردا قىممەتلىك بۇيۇملار مەسىلەن، تاج، كەمەر، تون، قاشتېشىدا زىننەتلەنگەن شەمشەر، يان خەنجەر، يا، ئوق، يالمان، ئات - هارۋا، ئالتۇن، يارماق، كىيىم - كېچەك، يوتقان - كۆرپە، شايى - يىپەك، ھەرخىل تاۋار - دۇردۇن، سەرنەق قاتارلىقلارنى ھەدىيە قىلدى. زىيارەت تۈگىگەندىن كېيىن، خەن شۇەندى ئەلچىلەرگە قوغشار تەڭرىقۇتنى چاڭئەنگە ئېلىپ كىرىش، تەڭرىقۇتنى تەڭرىقۇت قەسىرىگە ئورۇنلاشتۇرۇش ھەققىدە پەرمان چۈشۈرۈپ، بىر ئايدىن كۆپرەك ئىنتايىن قىزغىن كۈتتى. قوغشار تەڭرىقۇت ئۆز ئارزۇلىرىغا قېنىپ قايتىشقا تەرەددۇتلاندى ھەمدە ئۆزىنىڭ كۈچىنىڭ ئاجىزلىقىنى ئويلاپ چىچى تەڭرىقۇتنىڭ هۇجۇمىغا تاقابىل تۇرالماي قېلىشىدىن قورقۇپ، خەن سۇلالىسىنىڭ نامى بىلەن ئۆزىنى قوغدىماقچى بولدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، خەن سۇلالىسىگە بولغان سەمىمىي ساداقىتىنى بىلدۈرۈپ، باۋلۇ قورغىنى (هازىرقى ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونى باۋتۇ شەھىرىنىڭ غەربىي شىمالىدا) دا تۇرۇپ جىددىي ئەھۋال يۈز بېرىپ قالسا، خەن سۇلالىسىنىڭ تەسلىمچىلەرنى قوبۇل قىلىش

شەھەرنى قوغدايدىغانلىقىنى بىلدۈردى. خەن شۈەندى قوغشار تەگرىقۇتنىڭ تەلىپىگە قوشۇلدى ۋە قوغشار تەگرىقۇتنى جىلۇ قورغىنى (ھازىرقى ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونى دېڭكو ناھىيىسىنىڭ غەربىي شىمالىدا) غىچە قوغداپ ئۇزىتىپ قويۇش ئۈچۈن، خەن سۇلالىسى چاڭلې ئوردىسىنىڭ ياساۋۇلبېگى گاۋچاڭ بېگى دوڭ جوڭ ۋە خەن چاڭلارنى لەشكەرلەر بىلەن ئەۋەتتى ۋە قوغشار تەگرىقۇتنى قوغداش؛ بويسۇنمىغانلارنى باستۇرۇش ئۈچۈن چۆللۈكنىڭ جەنۇبىدا تۇرغۇزدى. خەن سۇلالىسى يەنە ھۇنلارنىڭ ئۇزۇن يىللىق جەڭ مالىمانچىلىقى ۋە ئاچارچىلىق يۈز بېرىپ، خەلقىنىڭ ئاشلىققا موھتاج ئىكەنلىكىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ چېگرا ۋىلايەتلىرىگە جەمئىي 34 مىڭ پاتمان ئاشلىق يەتكۈزۈپ بېرىپ، قوغشار تەگرىقۇتقا ماددىي ياردەملەرنى بەردى.

قوغشار تەگرىقۇت خەن سۇلالىسىگە بېقىنىپ ئۆزىنى مۇشكۇلات ئىچىدىن قۇتقۇزۇپ، قىل ئۇستىدە تۇرغان ۋەزىيەتنى مۇقىملاشتۇرۇپلا قالماي، ھۇنلارنىڭ ئەسلىدىكى بېقىندى ئەللىرى ئىچىدىمۇ كۈچلۈك تەسىر قوزغىدى. بولۇپمۇ، غەربىي يۇرتتىكى ئويسۇنلار ۋە ھۇنلارنىڭ بىر قىسىم قوشنىلىرى ئەزەلدىن ھۇنلاردىن قورقۇپ، خەن سۇلالىسىنى كۆزگە ئىلماي كەلگەن بولسىمۇ، قوغشار تەگرىقۇت خەن سۇلالىسىگە بېقىنغاندىن كېيىن، ئويسۇن قاتارلىق خانلىقلارنىڭ پوزىتسىيىسىدە روشەن ئۆزگىرىش بولۇپ، بەس - بەستە خەن سۇلالىسىنى ھۆرمەتلەپ شەرەپ تاپتى.

تەخمىنەن، خەن شۈەندى سەلتەنەت دەۋرى ۋۇ فېڭنىڭ تۆتىنچى يىلى بىلەن خەن شۈەندى سەلتەنەت دەۋرى گەنلۇنىڭ تۇنجى يىلىنىڭ ئالدى - كەينىدە، چىچى تەگرىقۇت، قوغشار تەگرىقۇت يېڭىلىپ ئېلىنى باشلاپ جەنۇبقا كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ، قوغشار تەگرىقۇتنى خەن سۇلالىسىگە تەسلىم بولدى، ھۇن ئېلىگە

قايتىپ كېلەلمەيدۇ دەپ قاراپ، غەربكە يۈرۈش قىلىپ ھۇنلارنىڭ ئۇلۇغ تەرەپ زېمىنىنى ئىشغال قىلىۋالماقچى بولدى. بۇ چاغدا تۇغ تەڭرىقۇتنىڭ كىچىك ئىنىسى ئۇلۇغ تەرەپتە ئۆزىنى ئىلىم تەڭرىقۇت دەپ ئېلان قىلغانىدى. ئۇ چىچى تەڭرىقۇتنىڭ غەربكە يۈرۈش قىلغانلىق خەۋىرىنى ئۇقۇقاندىن كېيىن لەشكەر تارتىپ ئۇرۇشتى، نەتىجىدە يېڭىلىپ ئۆلتۈرۈلدى. ئۇنىڭ ئېلىنى چىچى تەڭرىقۇت ئۆزىگە قوشۇۋالدى. چىچى تەڭرىقۇت ھۇنلارنىڭ شەرقىنى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن، ئۇلۇغ تەرەپتىكى ھۆكۈمرانلىقىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن شۇ يەردە تۇرۇپ قېلىپ تەڭرىقۇت ئوردىسىغا قايتمىدى. قوغشار تەڭرىقۇتنىڭ خەن سۇلالىسىگە بېقىنىپ خەن سۇلالىسىنىڭ زور كۈچ بىلەن قوللىشىغا ئېرىشىۋالغانلىقىنى ئاڭلىغان چىچى تەڭرىقۇت، قوغشار تەڭرىقۇت بىلەن خەن سۇلالىسىنىڭ بىرلەشمە ھۇجۇمىغا ئۇچراپ قېلىشىدىن قورقۇپ، قوغشار تەڭرىقۇت بىلەن خەن سۇلالىسىنىڭ ئالاقە ئەھۋاللىرىغا قاتتىق دىققەت قىلدى. خەن شۇەندى سەلتەنەت دەۋرى گەنلۇنىڭ تۇنجى يىلى قوغشار تەڭرىقۇت ئوغلىنى خەن سۇلالىسىگە تۇرغاقلىققا بەرگەندە چىچى تەڭرىقۇتمۇ ئارقىدا قالغۇسى كەلمەي، ئوغلى ئۇلۇغ چولۇق سەركەردە جۇيىرۇشىنى خەن سۇلالىسىگە تۇرغاقلىققا بېرىپ، خەن سۇلالىسى بىلەن ياخشىلىشىش نىيىتىنى بىلدۈردى. چىچى بىلەن قوغشار تەڭرىقۇتنىڭ خەن سۇلالىسىگە بېقىنىشىنى تالىشىشلىرىغا قارىتا، خەن سۇلالىسى دەسلەپتە بىر كۆزىدە قاراپ ھەممىنى قوشۇۋېلىش پوزىتسىيىسىنى قوللىنىپ، ئىككى تەرەپنىڭ تۇرغاقلىرىغا ياخشى مۇئامىلە قىلدى. بىراق، چىچى تەڭرىقۇت يىراق چۆللۈكنىڭ شىمالىدا، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئارىنى قوغشار تەڭرىقۇت توسۇپ تۇرغاچقا، خەن سۇلالىسى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ۋە ئالاقىسى چۆللۈكنىڭ جەنۇبىدىكى قوغشار تەڭرىقۇتقا قارىغاندا ئۇنداق ئەپلىك ئەمەس دەپ قارىدى؛ ئۇنىڭ

ئۈستىگە چىچى تەڭرىقۇت كۈچۈم قوغشار تەڭرىقۇتتىن كۈچلۈك دەپ قارىغاچقا، خەن سۇلالىسىگە بېقىنىش ئارزۇسى قوغشار تەڭرىقۇتتەك سەمىمىي ۋە جىددىي ئەمەس ئىدى. گەرچە خەن شۇەندى سەلتەنەت دەۋرى گەنلۇنىڭ تۆتىنچى يىللىرى چىچى تەڭرىقۇت ئىككى قېتىم قىممەتلىك سوۋغا - سالاملار بىلەن خەن سۇلالىسىگە ئەلچى ئەۋەتكەن بولسىمۇ، خەن سۇلالىسى قوغشار تەڭرىقۇتنىڭ شەخسەن ئۆزى زىيارەتكە كېلىشى چىچىدىن كۆپ ئارتۇق دەپ قاراپ، قوغشار تەڭرىقۇتنىڭ ئەلچىلىرىگە تېخىمۇ ئىلتىپات قىلىشقا، چىچى تەڭرىقۇتنىڭ ئەلچىلىرىگە سوغۇق مۇئامىلە قىلىشقا باشلىدى. قوغشار تەڭرىقۇت چىچى تەڭرىقۇتنىڭ خەن سۇلالىسى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلىرىگە يېقىندىن دىققەت قىلىپ كەلگەچكە، خەن سۇلالىسى بىلەن ئورناتقان دوستلۇق مۇناسىۋىتىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن، خەن شۇەندى سەلتەنەت دەۋرى خۇاڭلۇڭنىڭ تۇنجى يىلى (مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 49 - يىلى) بىرىنچى ئايدا، قوغشار تەڭرىقۇت ئىككىنچى قېتىم خەن سۇلالىسى ئوردىسىغا كېلىپ پادىشاھ شۇەندى بىلەن كۆرۈشۈپ، ئاۋۋالقىدەكلا ئىززەت - ئىكرامغا ۋە سوۋغا - سالامغا ئېرىشتى. شۇ يىلى 12 - ئايدا شۇەندى ۋاپات بولۇپ، يۈەندى تەختكە ۋارىسلىق قىلدى. چۇيۈەننىڭ تۇنجى يىلى (مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 48 - يىلى) 6 - ئايدا، قوغشار خەلقىنىڭ ئاچلىقىنى ئېيتىپ، خەن سۇلالىسىدىن ياردەم تەلەپ قىلىپ مەكتۇپ يوللىدى. بۇنىڭدىن خەن يۈەندى تەختكە چىققاندىن كېيىن ئۆزىگە قانداق مۇئامىلە قىلىشنى بىلىپ بېقىش نىيىتىمۇ بار ئىدى. خەن يۈەندى دەرھال يۈنجۇڭ ۋە ۋۇيۈەن ۋىلايەتلىرىدىن 20 مىڭ پاتمان ئاشلىق يەتكۈزۈپ بېرىش ھەققىدە يارلىق چۈشۈرۈپ، خەن سۇلالىسىنىڭ ئۇنى ئىلگىرىكىدەكلا پۈتۈن كۈچى بىلەن قوللايدىغانلىقىنى ئىپادىلىدى. دەرۋەقە چىچى تەڭرىقۇت قوغشار تەڭرىقۇت بىلەن خەن سۇلالىسىنىڭ قوللىشىنى قولغا

كەلتۈرۈشتە، ئىنتىقلا مەغلۇپ بولۇپ پەسكويغا چۈشكەنىدى.

چىچى تەڭرىقۇت قوغشار تەڭرىقۇتنىڭ خەن سۇلالىسى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنىڭ كۈنسېرى يېقىنلىشىپ كېتىۋاتقانلىقىنى ۋە خەن سۇلالىسىنىڭ ئاشلىق ۋە لەشكەر چىقىرىپ پۈتۈن كۈچى بىلەن قوللاۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، خەن سۇلالىسى بىلەن قوغشار تەڭرىقۇتنىڭ مۇناسىۋىتىنى يىراقلاشتۇرۇشقا ئامالسىز قالغانلىقىنى، ھۇنلارنى بىرلىككە كەلتۈرۈشكە كۈچى يەتمەيدىغانلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلدى. ئۇ ئىلىنى باشلاپ ئوڭ تەرەپتىكى جايلارنى تاشلاپ غەربكە — ئىلى دەرياسى بويلىرىغا كۆچۈپ بېرىپ، ئۇيسۇن خانىغا ئەلچى ئەۋەتىپ ئانىسى ھۇنلاردىن بولغان كىچىك كۈنبەك (ئۇيسۇنلار خانىنىڭ نامى) ئوجۇتنى ئۆز ئارا بىرلىشىپ خەن سۇلالىسىگە قارشى تۇرۇشقا قۇتراتماقچى بولدى. ئويلىمىغان يەردىن ئوجۇت ئۇنىڭ دېگىنىدەك قىلماي، ئەلچىنى ئۆلتۈرۈپ كاللىسىنى غەربىي يۇرت قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىگە ئەۋەتىپ بەردى. شۇنىڭ بىلەن 8000 چەۋەنداز بىلەن چىچى تەڭرىقۇتقا ھۇجۇم قىلىپ يېڭىلدى. چىچى تەڭرىقۇت شۇنىڭدىن كېيىن شىمالغا يۈرۈش قىلىپ ئوغۇز (ھازىرقى ئېرتىش دەرياسى يۇقىرى ئېقىنى ۋە ئېلىمىزنىڭ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ شىمالىدا ياشىغان)، خاككاسلار (ھازىرقى يېنىسەي دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدا ياشىغان) غا؛ غەربتە تېلېلار (ئەينى چاغدا ئېرتىش دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنى بىلەن بالقاش كۆلى ئارىسىدا ياشىغان شەرقىي تېلېلارنى كۆرسىتىدۇ) غا يۈرۈش قىلىپ، ئۈچ خانلىقنىڭ لەشكەرلىرىنى ئۆزىگە قوشۇۋېلىپ خاككاسلار زېمىنىدا ئاستانە تەسىس قىلدى. كۈچىمۇ سەل - پەل ئەسلىگە كەلدى. شۇ چاغدا، خەن سۇلالىسى بىلەن بولغان ئارىلىقنى تولىمۇ يىراق كۆرگەن، خەن سۇلالىسىنىڭ قوغشار تەڭرىقۇتنى قوللاپ ئۆزىگە ياردەم بەرمەيۋاتقانلىقىدىن نارازى بولغان چىچى تەڭرىقۇت خەن سۇلالىسى ئەلچىلىرىدىن جاڭ

تەيشى قاتارلىقلارنى نەزەربەند قىلىپ قويدى ۋە خەن سۇلالىسىگە ئەلچى ئەۋەتىپ، خەن سۇلالىسىدىن تۇرغاقلىقتا تۇرۇۋاتقان ئوغلىنى قايتۇرۇپ بېرىشىنى، شۇنداق بولغاندىلا خەن سۇلالىسىگە ئەل بولىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. خەن يۈەندى سەلتەنەت دەۋرى چۇ يۈەننىڭ تۆتىنچى يىلى (مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 45 - يىلى) خەن يۈەندى چىچى تەڭرىقۇتنىڭ تەلىپىگە ماقۇل بولۇپ، مۇھاپىزەتچى ئەمىر لەشكەر گۇجى قاتارلىقلارنى چىچى تەڭرىقۇتنىڭ تۇرغاقتىكى ئوغلىنى ئاپىرىپ قويۇشقا ئەۋەتتى. چىچى تەڭرىقۇت ئوغلىنىڭ بىخەتەر قايتىپ كەلگەنلىكىنى، ئەمدى غېمى قالمىغانلىقىنى كۆرۈپ، گۇجى قاتارلىق خەن ئەلچىلىرىنى ئۆلتۈرۈپ ئاچچىقىنى چىقاردى. شۇنداق قىلىپ، خەن سۇلالىسى بىلەن ئاشكارا دۈشمەنلەشتى. چىچى تەڭرىقۇتنىڭ كۈچى چەكلىك ئىدى. قوغشار تەڭرىقۇتنىڭ كۈندىن - كۈنگە كۈچىيىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ ئۇنىڭ ھۇجۇم قىلىپ قېلىشىدىن قورقۇپ، غەربكە كۆچۈپ خەن سۇلالىسى ۋە قوغشار تەڭرىقۇتتىن يىراق تۇرماقچى بولدى. دەل مۇشۇنداق بىر پەيتتە، ئۇيسۇنلارنىڭ بوزەك قىلىشىغا كۆپ قېتىم ئۇچرىغان كانگاخانى ھۇنلارنىڭ ھەيۋىسىگە تايىنىپ ئۇيسۇنلارنى قورقۇتماق بولۇپ خاككاسلارغا ئەلچى ئەۋەتىپ، چىچى تەڭرىقۇتنىڭ كانگا (ھازىرقى قازاقىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ جەنۇبى ۋە سىر دەرياسىنىڭ تۆۋەنكى ئېقىنى) غا كېلىشىنى كۈتۈۋېلىشقا تەييارلاندى. خەن سۇلالىسى بىلەن قوغشار تەڭرىقۇتنىڭ ھۇجۇملىرىدىن ئەنسىرەپ تۈگىمەس ۋەھىمىدە قالغان چىچى تەڭرىقۇت كانگا خانىنىڭ تويۇقسىز ئەۋەتكەن تەكلىپىنى قوبۇل قىلىپ، ئاغزى قۇلىقىغا يېتىپ، دەرھال ئېلىنى باشلاپ غەربكە يۈرۈپ كەتتى. يولدا قاتتىق سوغۇقتا قېلىپ كانگاغا يېتىپ بارغۇچە ئاران 3000 دىن كۆپرەكلا ئادىمى قالدى.

كانگا خانى چىچى تەڭرىقۇتنى بۇرۇندىن چوڭ كۆرەتتى.

شۇڭا، چىچى تەڭرىقۇت كانگاغا يېتىپ كەلگەندىن كېيىن قىزىنى ئۇنىڭغا ياتلىق قىلدى. كانگا خانىنىڭ ياخشىلىقىغا جاۋاب قايتۇرۇش ئۈچۈن، چىچى تەڭرىقۇتمۇ قىزىنى كانگا خانىغا ياتلىق قىلدى. چىچى تەڭرىقۇت كانگا خانىنىڭ لەشكەرلىرىنى ئېلىپ ئۇيسۇنلارغا كۆپ قېتىم ھۇجۇم قىلىپ ئۇيسۇنلارنىڭ ئاستانىسى قىزىلقورغان (ھازىرقى ئىسسىقكۆلنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى ئىشتەك دېگەن يەرگە توغرا كېلىدۇ) غا ئىچكىرىلەپ كىرىپ، ئاھالىلەرنى ئۆلتۈردى ۋە بۇلىدى، مال - چارۋىلارنى ھەيدەپ كەتتى. ئۇيسۇن خانى چىچى تەڭرىقۇتنىڭ لەشكەرلىرىدىن قورقۇپ قوغلاشقا پېتىنالمىدى. ئۇيسۇنلارنىڭ غەربىدىكى مىڭ چاقىرىمدىن ئارتۇق زېمىنى قۇرۇق قالدى. ھېچكىممۇ بۇ يەرلەردە ئولتۇراقلىشىپ مال بېقىشقا پېتىنالمىدى.

چىچى تەڭرىقۇت كانگىدا ئەمدىلا ئورۇن ئېلىپلا، قانخورلۇقىنى ئاشكارىلىدى. باشپاناھى بولغان كانگا خانىنى خالىغانچە ھاقارەتلىدى. كانگا خانىنىڭ قىزى، بەگلىرى ۋە بىر نەچچە يۈز پۇقراسىنى ئۆلتۈردى. جەسەتلەرنى تالاس دەرياسىغا تاشلىدى. دەريا سۈيى قىپقىزىل بولۇپ ئاقتى. چىچى تەڭرىقۇت يەنە كانگا پۇقرالىرىنى قوزغاپ، تالاس دەرياسى بويىغا چىچى شەھىرىنى سالغۇزدى. ھەر كۈنى 500 ئادەم ئىشلىتىپ ئىككى يىل دېگەندە پۈتكۈزدى. چىچى تەڭرىقۇت يەنە پەرغانە بەگلىكىگە ۋە باشقا خانلىقلارغا ئەلچى ئەۋەتىپ ئولپان تاپشۇرۇشقا مەجبۇرلىدى، ھەرقايسى خانلىقلار قارشىلىق كۆرسىتەلمىدى. كانگا خانى ئۆز ھوقۇقىنىڭ كارغا كەلمەيۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىپ يەتكەندە كېچىككەنىدى. ئۆز ۋاقتىدا بۆرىنى قوتانغا باشلاپ كىرگەنلىكىگە قاتتىق پۇشايمان قىلىپ، نېمە قىلىشنى بىلمەي قالدى. پەقەتلا دېمىنى ئىچىگە يۇتۇپ يۈرۈشكە مەجبۇر بولدى.

چىچى تەڭرىقۇت خەن سۇلالىسى ئەلچىلىرىدىن گوجى قاتارلىقلارنى ئۆلتۈرۈپ كانگاغا كەتكەندىن كېيىن، خەن ئوردىسى

كۆجى قاتارلىقلارنىڭ قايتىپ كەلمىگەنلىكىنى كۆرۈپ، چېكىندىكى قوغشار تەڭرىقۇتنىڭ قول ئاستىدىكىلەر ئۆلتۈرگەنمىكىن دەپ گۇمانلىنىپ، قوغشار تەڭرىقۇتنىڭ ئەلچىلىرىدىن قاتتىق سۈرۈشتە قىلدى. قوغشار تەڭرىقۇت قاتتىق ئۇۋالچىلىق ھېس قىلىپ، كۆڭلى پاراكەندە بولدى. خەن سۇلالىسى ئىشنىڭ ھەقىقىتىنى ئۇققاندىن كېيىن، قوغشار تەڭرىقۇتقا تەسەللىي بېرىش ئۈچۈن، خەن يۈەندى سەلتەنەت دەۋرى يۇڭگۇاڭنىڭ تۇنجى يىلى (مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 43 - يىلى) ئاتلىقلار كاھىبىگى خەن چاڭ، كېڭەشبەگ جاڭ مىڭلارنى قوغشار تەڭرىقۇتنىڭ تۇرغاقتىكى ئوغلىنى ئاپىرىپ قويۇشقا ئەۋەتتى. بۇ چاغدا، قوغشار تەڭرىقۇت خەن سۇلالىسىنىڭ زور كۈچ چىقىرىپ يۆلىشى بىلەن كۈچ - ماغدۇرى ئەسلىگە كېلىپ، باشلاپ كەتكەن ئاھالىسىمۇ كۆنسېرى قۇدرەت تېپىپ قالغانلىقىنى، لەشكىرىي كۈچىمۇ ئۆزىنى قوغدىغۇدەك بولۇپ، چىچى تەڭرىقۇتنىڭ قورقمايدىغان بولۇپ قالغانلىقىنى، قورۇل ئەتراپىدىكى قۇش، ھايۋانلارنى ئۇۋلاپ تۈگەتكەنلىكىنى ھېس قىلىپ، شىمالدىكى تەڭرىقۇت ئوردىسىغا قايتىپ كەتمەكچى بولدى. خەن چاڭ، جاڭ مىڭلار قوغشار تەڭرىقۇت شىمالغا كەتسە، تىزگىنلەش تەس بولۇپ قالارمىكىن دەپ ئەنسىرەپ، قوغشار تەڭرىقۇت ۋە ۋەزىرلەر بىلەن بىللە تاغقا چىقىپ: «بۈنىڭدىن كېيىن خەن سۇلالىسى بىلەن ھۇن تەڭرىقۇتلۇقى بىر ئائىلىدەك يېقىن ئۆتىدۇ. ئەۋلادتىن ئەۋلادقا بىر - بىرىگە ھۇجۇم قىلمايدۇ ۋە بىر - بىرىنى ئالدىمايدۇ. كىمكى ئەھدىنامىگە خىلاپلىق قىلسا، شۇ تەڭرىقۇتنىڭ جازاسىغا ئۇچرايدۇ!» دەپ قەسەم قىلىشتى. ئەھدى تۈزۈلگەندىن كېيىن، قوغشار تەڭرىقۇت ئېلىنى باشلاپ 3 - قېتىم تەڭرىقۇت ئوردىسىغا قايتتى. ھۇنلارنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى قالايمىقان ئۇرۇشلار ئاستا - ئاستا پەسكويغا چۈشتى.

چىچى تەڭرىقۇتنىڭ كانگىدىكى ۋەھشىيانە ھۆكۈمرانلىقى، ئۇيسۇن ۋە پەرغانىدىكى خانلىقلارنى خالىغانچە بوزەك قىلىشى كانگىدىكى ئەمەلدار ۋە پۇقرالارنىڭلا نارازىلىقىنى قوزغاپ قالماي، خەن سۇلالىسىنىڭ غەربىي يۇرتتىكى مەنپەئەتىگىمۇ بىۋاسىتە تەھدىت ئېلىپ كەلدى. بىراق، خەن يۇەندى كانگىنىڭ يولىنىڭ يىراقلىقىنى، لەشكەر تارتىپ زور مال ـ دۇنيانى سەرپ قىلىش لازىم بولىدىغانلىقىدىن ئەنسىرەپ، ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ كانگىغا ئۈچ قېتىم ئەلچى ئەۋەتىپ گۇجى قاتارلىقلارنىڭ جەسىتىنى قايتۇرۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى. چىچى تەڭرىقۇت قىلچە يۈز خاتىرە قىلماي رەت قىلىۋەتتى. ئىش بۇ دەرىجىگە يەتكەندە، خەن سۇلالىسىنىڭ قورال كۈچىدىن باشقا ھېچقانداق تاللىشى قالمىغانىدى. خەن يۇەندى سەلتەنەت دەۋرى جيەنجاۋنىڭ ئۈچىنچى يىلى (مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 36 ـ يىلى) غەربىي يۇرت قورۇقچىبېگى، چەۋەندازلار كامبېگى گەن يەنشۇ، يانداش چېرىكچى چېن تاڭلار يارلىق بويىچە غەربىي يۇرتقا ماڭدى. بۇ چاغدا، غەربىي يۇرتنىڭ ۋەزىيىتى تۇراقسىز بولۇپ، كانگىنى كونترول قىلىۋالغان چىچى تەڭرىقۇت پەرغانە، ئۇيسۇن قاتارلىق ئۈچ خانلىقنى ئاساس قىلىپ، ھۇنلارنىڭ غەربىي يۇرتتىكى ھۆكۈمرانلىقىنى ئەسلىگە كەلتۈرگەنىدى. چېن تاڭ بۇ خىل ۋەزىيەت ئالدىدا، غەربىي يۇرت ئەسلىدىلا ھۇنلارغا قارايتتى. بۇ يەردىكى بەگلىكلەرنىڭ چىچى تەڭرىقۇتتىن قورقۇش پسىخىكىسى مەۋجۇت، ئەگەر چىچى تەڭرىقۇتقا لەشكىرىي ھەرىكەت قوللانمىسا، نەچچە يىل ئۆتمەيلا غەربىي يۇرتتىكى خانلىقلار پۈتۈنلەي پارچىلىنىپ كېتىدۇ، دەپ قارىدى. گەن يەنشۇ چېن تاڭنىڭ قاراشلىرىغا پۈتۈنلەي قوشۇلدى. بىراق، ئاۋۋال ئوردىدىن يوليورۇق ئالماقچى بولۇشتى، چېن تاڭ بولسا مىڭ چاقىرىملاپ يىراقلىقتىكى خەن ئوردىسىنىڭ ۋەزىرلىرى غەربىي يۇرتنىڭ ۋەزىيىتىنى چۈشەنمەي ھە دېگەندىلا تەستىقلىماي

پۈرسەتنى قولدىن بېرىپ قويارمىزمىكىن، دەپ قارىدى. شۇڭا، ئىككىيلەن ساختا يارلىق چىقىرىپ غەربىي يۇرتتىكى بەگلىكلەر قوشۇنلىرى، قۇستىكى قورۇل چېرىكچىبېگىنىڭ تېرىقچى قوشۇنلىرىدىن 40 مىڭدىن ئارتۇق ئادەمنى ئىككى يولغا بۆلۈپ، كانگىنغا ھەربىي يۈرۈش قىلىش ھەرىكىتىنى باشلىدى.

بىرلەشمە قوشۇنىنىڭ جەنۇبىي تارمىقى ئۈچ چېرىكچىبېگىنىڭ قوماندانلىقىدا پامىردىن ئېشىپ، پەرغانە ئارقىلىق كانگىنىڭ جەنۇبىغا كىردى، شىمالىي يولدا گەن يەنشۇ، چېن تاڭلار ئۆزلىرى قوماندانلىق قىلىپ ئۇنسۇ (ھازىرقى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى ئۇچتۇرپان ناھىيىسى) دىن تەڭرىتاغلىرىنى ھالقىپ ئۆتۈپ ئۇيسۇنلارنىڭ ئاستانىسى قىزىلقورغان ئارقىلىق كانگىنىڭ شىمالىغا ھۇجۇم قىلدى. شىمالىي يولدىكى قوشۇن ئىسسىقكۆلنىڭ غەربىدىكى رايونلارغا يېتىپ بارغاندا، كانگىنىڭ نائىب خانى ياۋتان چىچى تەڭرىقۇتنىڭ يارلىقى بويىچە مىڭدىن ئارتۇق چەۋەندازنى باشلاپ قىزىلقورغاننىڭ شەرقىگە بېسىپ كىرىپ نۇرغۇن ئادەمنى ئەسىر ئالدى. بىرلەشمە قوشۇننىڭ غەربكە يۈرۈش قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، كەينىدىن قوغلاپ ئۇلارنىڭ تەمىنات قىسىملىرىغا تەگمەكچى بولدى. چېن تاڭ كەينىگە يېنىپ زەربە بېرىپ ياۋتاننى مەغلۇپ قىلىپ بۇلاپ كەتكەن ئادەم ۋە مال - چارۋىلارنى ئۇيسۇنلارغا قايتۇرۇپ بەردى. بىرلەشمە قوشۇن كانگا چېگرىسىغا كىرگەندىن كېيىن، بۇلاڭ - تالاڭ قىلىشنى قاتتىق چەكلەپ كانگا يۇقىرىلىرىنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشتى. كانگىدىكى ھەرقايسى قەبىلىلەرنىڭ ئاقساقاللىرىمۇ چىچى تەڭرىقۇتنىڭ ۋەھشىيانە ھۆكۈمرانلىقىدىن تويۇپ كەتكەچكە تۇشمۇ تۇشتىن بىرلەشمە قوشۇنغا ئەل بولۇپ، چىچى تەڭرىقۇتنىڭ ئىچكى ئەھۋاللىرىنى بىرلەشمە قوشۇنغا ئاشكارىلىدى. شۇڭا، بىرلەشمە قوشۇن چىچى شەھىرىگە ئوڭۇشلۇق يېتىپ كېلىۋالدى. بۇ چاغدا

كانگىدىكى بىر تۈمەندىن ئارتۇق ئاتلىق ئەسكەر بىرلەشمە قوشۇنغا قېتىلىپ چىچى شەھىرىنى تۆت تەرەپتىن مۇھاسىرىگە ئالدى. بۇ چاغدا چىچى تەڭرىقۇت شەھىرىگە قامىلىپ قېلىپ 1000 دىن ئارتۇق چەۋەندازلىرى بىلەن يولى ئېتىلىپ قالدى. ئۆزىنى تۇتۇپ بەرگۈسى كەلمەي، ئامالسىز ئۇمىدىنى بىرلەشمە قوشۇن يىراقتىن كەلدى، ھۇجۇمنى ئۇزاق داۋاملاشتۇرالمايدۇ، دېگەنگە باغلىدى. تەڭرىقۇت شەھىرىنىڭ سىرتى ياغاچ سېپىل، ئىچكى سېپىلى توپا سېپىل ئىدى. بىرلەشمە قوشۇننىڭ سەركەردە ـ لەشكەرلىرى سېپىلگە باتۇرلارچە ھۇجۇم قىلىپ، ياغاچ سېپىلنى كۆيدۈردى، چىچى تەڭرىقۇتمۇ ئوق تېگىپ يارىلىنىپ ئىچكى شەھەرگە كىرىۋېلىپ قاتتىق قارشىلىق كۆرسەتتى. ئىچكى شەھەر سېپىلىمۇ ناھايىتى تېزلا گۇمران بولۇپ، چىچىنىڭ يولى پۈتۈنلەي ئۈزۈلدى، ئەڭ ئاخىرى بىرلەشمە قوشۇن تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى، ئالچىسى، خان تېكىنى، مەشھۇر خانلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر مۇنچە ئادەم ئۆلتۈرۈلدى. قالغانلىرى خەن سۇلالىسىگە ئەسىرگە چۈشتى. چىچى تەڭرىقۇتنىڭ كاللىسى چەڭئەنگە ئەۋەتىلىپ، گاۋجى كوچىسى (مەخسۇس يات قوۋملار ئولتۇرىدىغان كوچا) غا ئېسىلىپ خەلققە نامايىش قىلىندى. بۇ غەربىي خەن يىللىرىدا ھۇنلار بىلەن ئېلىپ بېرىلغان ئەڭ ئاخىرقى بىر قېتىملىق ئۇرۇش بولۇپ، خەن سۇلالىسى بىلەن دۈشمەنلەشكەن ھۇنلارنىڭ قالدۇق قىسىملىرى غەربىي يۇرتتىن پاك ـ پاكىز يوقىتىلدى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا خەن ـ ھۇن مۇناسىۋىتىنى يېخشىۋاشتىن تەڭشەش ئۈچۈن توسالغۇلار سۈپۈرۈلۈپ تاشلىنىپ، كېيىنكى خەن سۇلالىسى بىلەن ھۇنلارنىڭ 60 نەچچە يىل تىنچلىقتا بىللە تۇرۇش ۋەزىيىتى ئۈچۈن ئاساس سېلىندى.

چىچى تەڭرىقۇتنىڭ ئۆلۈمى چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى تەڭرىقۇت ئوردىسىدىكى قوغشار تەڭرىقۇتنى ھەم خۇشال قىلدى

هەم ۋەھىمىگە سالدى، ئۇنىڭ ئىنكاسىمۇ ناھايىتى مۇرەككەپ ئىدى. خۇشال بولۇشى چىچىنىڭ ئۆلۈپ، ئۆزىنىڭ ئەشەددىي دۈشمىنىنىڭ خەن سۇلالىسىنىڭ ھۇجۇمىدا تارمار بولغانلىقى، ھۇنلارنىڭ ئۇياتجۇت تەڭرىقۇتتىن بۇيانقى 20 نەچچە يىللىق ئىچكى نىزالارنىڭ ئۈزۈل - كېسىل ئاخىرلىشىپ، چۆللۈكنىڭ بىرلىككە كېلىپ، ھۇنلارنىڭ ھەرقايسى قەبىلىلىرىنىڭ تەڭرىقۇت ئوردىسىنىڭ پەرمانلىرىغا بويسۇنىدىغان بولغانلىقى بولسا، ئۇنىڭ ۋەھىمىگە چۈشۈشى چىچى تەڭرىقۇت ھالاك بولغاندىن كېيىن، خەن سۇلالىسىنى چۈشەپ تۇرىدىغان ھۇنلارنىڭ بىردىنبىر كۈچى مەۋجۇت بولماي قالغانلىقى، خەن سۇلالىسىنىڭ كۈچىنىڭ بارغانسېرى زورىيىشى، ئۆزىنىڭ بولسا تېخى ئاجىزلىقى، بۇنىڭدىن كېيىن خەن سۇلالىسى ئالدىدا گۇناھ ئۆتكۈزۈپ قويسا چىچى تەڭرىقۇتقا ئوخشاش تارمار بولىدىغانلىقىدىن ئىبارەت تەقدىردە ئىدى. ۋەزىيەتنىڭ جىددىي ئۆزگىرىشى قوغشار تەڭرىقۇتنى پەقەت خەن سۇلالىسىگە داۋاملىق بېقىنغاندىلا ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنىڭ بىخەتەرلىكىنى كاپالەتكە ئىگە قىلالايدىغانلىقىنى ئەسكەرتتى. شۇڭا، خەن يۈەندى سەلتەنەت دەۋرى جيەنجاۋنىڭ 5 - يىلى (مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 34 - يىلى) قوغشار تەڭرىقۇت خەن يۈەندىگە مەكتۇپ يوللىدى، زىيارەتكە بېرىشنى ئىلتىماس قىلدى ھەمدە ئىلگىرى خاقاننى زىيارەت قىلغۇسى بولسىمۇ، چىچى تەڭرىقۇت غەربتە بولغاچقا ئۇنىڭ ھۇجۇم قىلىپ قېلىشىدىن قورقۇپ خەن خاقانىنى زىيارەت قىلىشقا بارالمىغانلىقىنى، ئەمدى چىچى تەڭرىقۇت ئۆلتۈرۈلگەن بولغاچقا خاقاننى زىيارەت قىلىپ، ئۇنىڭ غەلىبىسىنى مۇبارەكلىمەكچى ئىكەنلىكىنى بايان قىلدى.

مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 33 - يىلى 1 - ئايدا، قوغشار تەڭرىقۇت 3 - قېتىم زىيارەتكە كەلدى. قائىدە - يوسۇن ۋە ئىنئام ئىشلىرى بۇرۇنقىدەك بولدى ھەم كىيىم - كېچەك،

يىپەك، تاۋار ـ دۇردۇن، سەرنەخ قاتارلىق نەرسىلەر خەن شۈەندى سەلتەنەت دەۋرى خۇاڭلۇڭنىڭ تۇنجى يىلىدىكىگە قارىغاندا بىر ھەسسە كۆپ بولدى. زىيارەت داۋامىدا، قوغشار تەڭرىقۇت خەن سۇلالىسىگە كۈيئوغۇل بولۇشنى ئارزۇ قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. خەن يۈەندى خانىشلار ئوردىسىدىكى ئەركەك چىۋىن قونمىغان، پەرىزاتتەك چىرايلىق قىز، ۋاڭ چياڭ (جاۋجۈن) نى ئۇنىڭغا ياتلىق قىلدى. قوغشار تەڭرىقۇت بۇنىڭدىن تولىمۇ خۇرسەن بولۇپ، ۋاڭ جاۋجۈنگە «ئالچى نىڭخۇ» دەپ ئۇنۋان بەردى. ئۇنىڭ مەنىسى ۋاڭ جاۋجۈن ھۇنلار ئارىسىدا مەڭگۈ ئەمىن بولغاي، دېگەنلىك ئىدى. شۇنىڭدىن كېيىن، قوغشار تەڭرىقۇت يەنە مەكتۇپ سۇنۇپ، شەرقتە شاڭگۇغىچە، غەربتە دۇنخۇاڭغىچە بولغان چېگرا ـ قورۇللىرىنى قوغدايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ، خەن سۇلالىسىنىڭ چېگرا ـ قورۇللارنى مۇداپىئە قىلىپ تۇرغان لەشكەرلىرىنى قايتۇرۇپ كېتىپ، خەن سۇلالىسىنىڭ پۇقرالىرىنى دەم ئالدۇرۇشنى ئىلتىماس قىلدى.
خەن يۈەندى بۇنى ۋەزىرلەرنىڭ مۇزاكىرىسىگە قويۇپ ئاخىر كاتاۋۇل خۇيىڭنىڭ پىكرى بويىچە «ئەمىن بولغاندا خەۋپ ـ خەتەرنى ئۇنتۇماسلىق» روھى بويىچە «ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ ئەتراپىدا كۆۋرۈك، بېكەت، قورۇللار بار بولۇپ، ھۇنلاردىن مۇداپىئەلىنىش ئۈچۈنلا ئەمەس، يەنە قورۇل ئىچىدىكى ئاسىيلارنىڭ چېگرىدىن چىقىپ كېتىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈنمۇ ئىشلىتىلىدىغانلىقىنى» نى بايان قىلىپ، قوغشار تەڭرىقۇتنىڭ ئىلتىماسى چىرايلىق سۆزلەر بىلەن رەت قىلىندى. خەن يۈەندى چىچىنىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىك غەلىبىسىنى ۋە قوغشار تەڭرىقۇتنىڭ زىيارەتكە كەلگەنلىكىنى مۇبارەكلەش ئۈچۈن يىلنامىنى «جىڭنىڭ» غا ئۆزگەرتىپ، ئۇنىڭ خاتىرىسى قىلدى.
خەن يۈەندى سەلتەنەت دەۋرى جىڭنىڭنىڭ 2 ـ يىلى (مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 31 ـ يىلى) ھۇنلارنىڭ بىر ئەۋلاد مەشھۇر

سىياسىئونى قوغشار تەڭرىقۇت ئالەمدىن ئۆتتى. ۋاپات بولۇش ئالدىدا، قوغشار تەڭرىقۇت كىچىك ئوغلى چۆمۆچنى تەڭرىقۇت قىلماقچى بولغانىدى، چۆمۆچنىڭ ئانىسى چۆەنچۇ ئالچى: «هۇنلار ئۇن نەچچە يىللىق قالايمىقانچىلىقتا ئەل قىلىپ ئۇستىدە قالغانىدى. خەن سۇلالىسىنىڭ كۈچى بىلەن ئاران ئەمىنلىككە ئېرىشتى. هالا بۇگۈن، ئەمىنلىككە ئېرىشكىنىمىزگە ئۇزۇن بولمىدى. ئاۋام يەنە مالىمانچىلىق چىقارمۇ دېگەن ۋەھىمىدە، چۆمۆچ بولسا تېخى كىچىك. پۇقرالار ئۇنىڭغا بېقىنىپ كەتمەسمىكىن، يەنىلا چوڭ ئوغۇل دېتاۋ بۇقانى تەڭرىقۇت قىلغان ياخشىمىكىن» دېدى. قوغشار تەڭرىقۇت چۆەنچۇ ئالچىنىڭ ئۇچۇق - ئاشكارا ۋە غەرەزسىزلىك بىلەن ئىش كۆرۈپ، دۆلەتنىڭ ئىشىنى مۇهىم بىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، پىكرىنى ئۆزگەرتىپ چوڭ ئالچى (ئىككىنچى ئالچى) نىڭ ئوغلى دېتاۋ بۇقانى پۇجۇلجۇت تەڭرىقۇت ئۇنۋانى بىلەن تەڭرىقۇت بولۇشنى ۋەسىيەت قىلدى. جاۋجۇن قورۇلدىن چىققاندىن كېيىن قوغشار تەڭرىقۇتتىن بىر ئوغۇل تۇغدى. قوغشار تەڭرىقۇت ئۆلگەندىن كېيىن جاۋجۇن خاقاننىڭ يارلىقىغا بويسۇنۇپ هۇنلارنىڭ ئادىتى بويىچە پۇجۇلجۇت تەڭرىقۇتقا ئالچى بولدى، ئۇنىڭدىن ئىككى قىز تۇغدى. قورۇلنىڭ شىمالىدىكى چەكسىز دالىدا، جاۋجۇن كىگىز ئۆيدە تۇرۇپ، جۇۋا كىيىپ، گۆش يەپ، قېتىق ئىچىپ بالىلىرىنى تەربىيىلەپ يات ئەللەردە ئۆلۈپ كەتتى. نازۇك بىر خەنزۇ قىزى خەن - هۇن قۇدىلىشىش ئەهدى ئۈچۈن غايەت زور قۇربان بەردى. جاۋجۇن ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ بالىلىرى خەن - هۇن قۇدىلىشىش ئەهدى ئۈچۈن داۋاملىق پايپېتەك بولدى. تەخمىنەن سۇڭ سۇلالىسىنىڭ ئالدىنقىچىلا چۆللۈكنىڭ جەنۇبىدىكى يايلاقتا «جاۋجۇن مەقبەرىسى» (هازىرقى ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونى كۆكخوت شەهىرىنىڭ جەنۇبىدا) بايقالدى.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بۇ قەبرە ئاخىرقى يىللاردا ئوت - چۆپ بېسىپ كەتكەچكە «كۆك مازار» دەپ ئاتالغانىكەن. مىڭ يىللاردىن بېرى «كۆك مازار» ئىسسىق - سوغۇقلارنى باشتىن ئۆتكۈزۈپ، ئوت - چۆپ بېسىپ، كىشىلەرگە «جاۋجۈننىڭ قورۇلدىن چىققىشى» ناملىق ھېكايىنى ئەسلىتىپ تۇردى.

يۈجۈلجۈت تەڭرىقۇت بولغاندىن كېيىن، ئاتىسىنىڭ ۋەسىيىتىگە ئەمەل قىلىپ، خەن سۇلالىسى بىلەن داۋملىق قۇدىلىشىپ ئۆتتى. ئۇنىڭدىن كېيىن، سوشجوت تەڭرىقۇت (ئۇجۇلجۇتنىڭ ئىنىسى چۇمىش)، چەياجۇت تەڭرىقۇت (چۇمىشنىڭ ئىنىسى چەمچە)، ئۇجۇلجۇت تەڭرىقۇت (چەمچەنىڭ ئىنىسى نانكياسى) قاتارلىقلار تاكى ۋاڭ مىڭ خەن سۇلالىسىنىڭ ئورنىنى ئېلىپ ھۇنلارغا پاراكەندىچىلىك سالغانغا قەدەر خەن سۇلالىسى بىلەن خەن - ھۇن ئىككى مىللەت خەلقلىرى 60 نەچچە يىل تىنچلىقتا بىللە تۇرغانىدى. ئىلگىرى ئارغىماقلار كىشنىشىپ، قىر - چاپ سادالىرى ياڭرىغان جەڭگاھلار ئەمدىلىكتە قوي - كالىلار ئەركىن ياشاپ يۈرىدىغان جىمجىت يايلاققا ئايلانغانىدى. خۇددى بەن گۇ «خەننامە. ھۇنلار ھەققىدە قىسسە» دە مەدھىيىلىگەندەك: «چېگرا ئەمىن بولۇپ، قوي - كالىلار يايلىشىپ، ئۈچ ئەۋلد (خەن يۈەندى، خەن چېڭدى، خەن ئەيدى ۋە خەن پىڭدى) قىچە ئىتلار قالايمىقان ھاۋشىمايدىغان، پۇقرالار لەشكىرىي يۈرۈشلەرگە مەجبۇرلانمايدىغان» بولغانىدى.

# بەشىنچى باب

«كېسىلگەچكە ھۆنلارنىڭ
قولى، تەڭرىتاغدا تۆردى لەشكەرلەر»

## — خەن سۇلالىسى بىلەن ھۇنلارنىڭ غەربىي يۇرتنى تالاشقانلىقى

● سىرلىق چۇمپەردىنىڭ ئېچىلىشى، جاڭ چيەننىڭ غەربىي يۇرتقا ئەلچىلىككە بارغانلىقى

● ھۇنلارنىڭ يىپەك يولىنى ئۈزۈپ قويغانلىقى، لى گۇاڭلىنىڭ پەرغانىگە ئىككى قېتىم يۈرۈش قىلغانلىقى

● ئۈزۈنغا سوزۇلغان ئۇرۇش — قۇسىنىڭ بەش قېتىم تارتىۋېلىنغانلىقى

● جېڭ جىنىڭ قۇسىنى ئالغانلىقى، باتىسقاننى تەسلىم قىلغانلىقى ۋە غەربىي يۇرت جەنۇب - شىمال يولىنى قوغدىغانلىقى

● «ئۇزاتتى تۇغقانلار يىراققا مېنى»

● ھۇنلارنىڭ ئۆلۈك بىلىكىنىڭ كېسىپ تاشلانغانلىقى، ئويسۇنلار بىلەن خەن سۇلالىسى بىرلىشىپ ھۇنلارنى يەڭگەنلىكى

● «يولۋاس ئۇۋىسىغا كىرمىگىچە، يولۋاس بالىسىنى تۇتقىلى بولماس»

## 1. جاڭ چيەننىڭ غەربىي يۇرتقا ئەلچىلىككە بارغانلىقى

قاشقوۋۇق بىلەن كۇنقوۋۇقنىڭ غەربى، بالقاش كۆلىنىڭ جەنۇبى، پامىرنىڭ شەرقىدە بىپايان ھەم سىرلىق بىر تۇپراق سوزۇلۇپ ياتىدۇ. مانا بۇ غەربىي خەن دەۋرىدە «غەربىي يۇرت» دەپ ئاتالغان رايوندۇر. غەربىي يۇرتنىڭ دائىرىسى ئومۇمەن ھازىرقى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىغا توغرا كېلىدۇ. بەزىدە پامىرنىڭ غەربىدىكى بىر قىسىم رايونلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بىراق، غەربىي خەن سۇلالىسى دەۋرىنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى كىشىلەرنىڭ غەربىي يۇرت ھەققىدە بىلىدىغانلىرى تولىمۇ ئاز ئىدى. غەربكە تىكىلگەن نەزىرىنى قاتمۇقات تەگرى تاغلىرى توسۇۋالغاچقا، پەقەت يىراق قەدىمدىن تارتىپ تارقىلىپ كېلىۋاتقان گۈزەل ھەم ئاجايىپ - غارايىپ رىۋايەتلەر ئۇلارنىڭ تەسەۋۋۇرىنى قاناتلاندۇراتتى.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ يەردە خۇاڭخې دەرياسىنىڭ مەنبەسى قۇرۇم تاغلىرى بارمىش، ئۇ بۇلۇتقا تاقىشىپ تۇرارمىش، كۈن بىلەن ئاي ئۇ يەردە نۆۋەتلىشىپ ئارام ئالارمىش، تاغدا ئوماي ئانىنىڭ تەڭرى كۆلى بارمىش. جۇمۇۋاڭ ئارغىماقلار قوشۇلغان مەپىسىگە ئولتۇرۇپ ئۇنى زىيارەت قىلغانمىش...... ئاخىرى خەن - ھۇن ئۇرۇشىنىڭ چوڭقۇرلىشىشى بىلەن بۇ زېمىننىڭ سىرلىق چۈمپەردىسى قايرىلىپ، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك خانلىرىنى تېپىلغۇسىز تارىخىي پۇرسەتلەر بىلەن تەمىن ئەتتى.

خەن ۋۇدى سەلتەنەت دەۋرى جيەنيۈەننىڭ دەسلەپكى يىللىرى، خەن ۋۇدى ھۇن ئەسىرلىرىنىڭ ئاغزىدىن ئاغا

تەڭرىقۇتنىڭ خېشى رايونىدا ئولتۇراقلاشقان توخرىلارنى مەغلۇپ قىلىپ، توخرى خانىنىڭ كاللىسىدىن شاراب جامى ياسىغانلىقى، توخرىلار غەربكە كەتكەندىن كېيىن ھۇنلارغا بولغان ئۆچمەنلىكى ئۇستىخانلىرىغىچە سىڭىپ كەتكەنلىكى، شەرققە قايتىپ ئۆچىنى ئالاي دېسە كۈچى يەتمەسلىكىدىن ئاھ ئۇرۇپ ئامالسىز قالغانلىقىنى ئاڭلاپ، بۇ ئەھۋاللارغا تولىمۇ دىققەت قىلغانىدى. توخرىلار بىلەن ئالاقىلىشىپ، ھۇنلارنى قىسماققا ئېلىش ئىستراتېگىيىسى بۇ گۈدەك خانىنىڭ كاللىسىدا شەكىللىنىشكە باشلىغانىدى. بىراق، غەربىي يۇرتقا ئۆتىدىغان بىردىنبىر يول خېشى كارىدورىنى قونشارقان بىلەن شۇتۇققان ئىگىلەپ ياتاتتى. توخرىلارنىڭ غەربكە كەتكەندىن كېيىنكى ئەھۋالىنىمۇ، غەربىي يۇرتنىڭ ئەھۋالىنىمۇ ھېچكىم بىلمەيتتى. ئېنىقكى، توخرىلارغا ئەلچىلىككە بېرىش تەۋەككۈلچىلىك ۋە ھالاكەت بىلەن جاپالىق ۋەزىپە ئىدى. خەن ۋۇدى شۇڭا كاتتا ئىنئاملار ۋەدە قىلىپ ئەلچى تاللىدى. خەنجۇڭ چېڭگۇلۇق (ھازىرقى شەنشى ئۆلكىسى چېڭگۇ ناھىيىسى) جاڭ چيەن نۆكەر بەگ سۇپىتى بىلەن جانپىدالىق بىلەن غەربىي يۇرتقا قىلىدىغان ئۇزۇن ھەم جاپالىق سەپەرگە ئاتلاندى.

خەن ۋۇدى سەلتەنەت دەۋرى جيەنيۇەننىڭ ئۈچىنچى يىلى (مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 138 ـ يىلى) جاڭ چيەن يۈز نەچچە ھەمراھنى باشلاپ چاڭئەندىن يولغا چىقىپ، ئەمدىلا لۇڭشىدىن چىقىپ خېشى كارىدورىغا كىرىشىگە ھۇن چەۋەندازلىرى تۇتۇۋېلىپ تەڭرىقۇت ئوردىسىغا (ئەينى چاغدا تەڭرىقۇت ئوردىسى چۆللۈكنىڭ جەنۇبىدا، ھازىرقى ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونى كۆكخوت شەھىرى ئەتراپىدا ئىدى) يالاپ ئېلىپ كېلىدۇ. كۇن تەڭرىقۇت جاڭ چيەننىڭ تەۋەككۈلچىلىك روھىغا ئاپىرىن ئوقۇپ ئۇنى ئۆزىگە تەسلىم بولۇشقا نەسىھەت قىلىپ، ھۇن ئاياللىرىدىن بىرىگە ئۆيلەپ قويىدۇ ۋە ھۇنلارنىڭ غەربىي قىسمىدا تۇرغۇزىدۇ.

جاڭ چيەن ھۇنلار ئارىسىدا تۇرسىمۇ ئۆز ۋەزىپىسىنى زادىلا ئۇنتۇپ قالمايدۇ. خەن سۇلالىسىنىڭ ئەلچىلىك دەستىكىنى ئوبدان ساقلاپ، ئون نەچچە يىللىق يېرىم تۇتقۇنلۇق ھاياتىنى ئۆتكۈزۈپ، ئاخىر پۇرسەت تېپىپ بىر قىسىم ھەمراھلىرى بىلەن قېچىپ چىقىپ ئەلچىلىكنى داۋاملاشتۇرۇش ئۈچۈن غەربكە بارىدۇ. جاڭ چيەن قۇس (ھازىرقى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى تۇرپان شەھىرىنىڭ غەربىي شىمالىدا) تىن ئۆتۈپ تەڭرىتېغىنىڭ ئېغىزىغا كېلىپ، تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىنى بويلاپ پامىر تاغلىرىدىن ھالقىپ، پەرغانە تەۋەسىگە كىرىدۇ. پەرغانە خانى خەن سۇلالىسىنىڭ باي ئىكەنلىكىنى ئاڭلاپ، خەن سۇلالىسى بىلەن ئالاقە باغلاشنى ئويلىغان بولغاچقا، جاڭ چيەننى كۆرۈپ قەۋەتلا خۇش بولۇپ كەتتى. جاڭ چيەن كېلىش مەقسىتىنى ئېيتىپ، پەرغانە خانىدىن ئادەم ئەۋەتىپ ئۆزىنى توخرىلارغا يەتكۈزۈپ قويۇشنى تەلەپ قىلدى ۋە خەن سۇلالىسىگە قايتقاندىن كېيىن، نۇرغۇن مال - دۇنيا بېرىدىغانلىقىنى ۋەدە قىلدى. پەرغانە خانى ئۇنىڭغا قاتتىق ئىشىنىپ، ئادەم قوشۇپ ئۇنى كانگىغا يەتكۈزۈپ قويىدى. خىلمۇخىل مۇشكۈلاتلارنى بېشىدىن كەچۈرگەن جاڭ چيەن ئاخىرى سەپەر مەنزىلىگە يەتتى.

جاڭ چيەن توخرىلارغا يېتىپ بارغان بولسىمۇ، ئەھۋال تامامەن ئۆزگەرگەندى. توخرىلار ھۇنلاردىن يېڭىلگەندىن كېيىن، ئاۋۋال ساكتان (ھازىرقى ئىلى دەرياسى بويلىرىدا) غا كۆچكەن، كېيىن ھۇنلارنىڭ قوللىشىغا ئېرىشكەن ئۇيسۇنلارنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچراپ يەنە چېكىنىپ باكتېرىيە (ھازىرقى ئافغانىستاننىڭ شىمالىدا) گە بېرىپ قالغانىدى. باكتېرىيىنى بويسۇندۇرغاندىن كېيىن، توخرىلارمۇ ئامۇ دەرياسىنىڭ شىمالىدا ئوردا قۇرۇپ، ئولتۇراقلىشىپ قالغان. ئامۇ دەرياسىنىڭ ئىككى قاسىنىقى مۇنبەت بولغاچقا، توخرىلارنىڭ كېيىمى پۈتۈن،

قورسىقى توق هالدا خاتىرجەم ۋە خۇشال - خۇرام هالدا ياشاۋاتاتتى. ئەمدىلىكتە ئۇلارنىڭ شەرقتىكى زېمىنلارغا بېرىپ هۇنلارنى ئىزدەپ ئۆچ ئالغۇسى يوق ئىدى. جاڭ چيەن توخرىلار ئارىسىدا بىر يىلدىن ئارتۇقراق تۇرغان بولسىمۇ، توخرىلار بىلەن ئىتتىپاق تۈزەلمەي ئامالسىز ئۈمىدسىز ئۇزۇپ قايتتى. ئەلچىلىككە بېرىش يولىدا ئەسىرگە چۈشۈپ قالغان ساۋاقنى ئويلاپ، هۇنلاردىن قېچىپ تارىم ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىي بىلەن سايدام ئويمانلىقىنىڭ شىمالىنى بويلاپ خەن سۇلالىسىگە قايتتى. هۇنلاردىن قېچىپ چياڭلار رايونىنى ئايلىنىپ ماڭغان بولسىمۇ، يەنىلا هۇنلارغا تۇتۇلۇپ قالدى. جاڭ چيەن بىرەر يىلدەك تۇتقۇنلۇقتا تۇرغاندىن كېيىن، كۈن تەڭرىقۇت ۋاپات بولۇپ هۇنلارنىڭ ئىچكى قىسمىدا تەخت تالىشىش كۈرەشلىرى پارتلىغان چاغدا، پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ هۇن ئايالىنى، بالىسىنى ئېلىپ هەمراهى تاڭ گەنفۇ بىلەن چاڭئەنگە قايتىپ كەلدى.

جاڭ چيەن خەن ۋۇدى سەلتەنەت دەۋرى جيەنيۈەنىنىڭ ئۈچىنچى يىلى ئەلچىلىككە يولغا چىقىپ، خەن ۋۇدى سەلتەنەت دەۋرى يۈەنشۇنىڭ ئۈچىنچى يىلى (مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 126 - يىلى) قايتىپ كەلگەندە ئاللىقاچان 13 يىل ئۆتۈپ كەتكەنىدى. ئەلچىلىككە بىللە بارغان يۈز نەچچە ئادەمدىن پەقەت تاڭ گەنفۇ ئىككىسىلا قايتىپ كېلەلىدى. تاڭ گەنفۇ ئەسلى هۇن بولۇپ ئوۋچىلىققا ماهىر ئىدى. قىيىنچىلىقتا قالغاندا ئوۋلىغان قۇش، هايۋانلار بىلەن قورسىقىنى توقلاپ قىيىنچىلىقتىن ئۆتۈپ كېتەتتى. جاڭ چيەن ئۆزىنىڭ ئاساسلىق سىياسىي مەقسىتىنى ئورۇنلىيالمىغان بولسىمۇ، ئاشۇ سىرلىق دۇنيانىڭ ھەقىقىي قىياپىتىنى كۆرۈپ كەلدى. جاڭ چيەن ئۆزى بېسىپ ئۆتكەن ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرى، پەرغانە، توخرىلار زېمىنى، باكتىرىيە، كانگا ۋە ئۇلارنىڭ ئەتراپىدىكى بىر مۇنچىلىغان خانلىقلارنىڭ ۋە تارىم ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىدىكى خانلىقلارنىڭ

جۇغراپىيىسى، ئىشلەپچىقىرىشى، ئۆرپ - ئادىتى قاتارلىقلارنى خەن ۋۇدىغا تەپسىلىي دوكلات قىلدى. بۇ تەۋەككۇلچىنىڭ ئۆزگىچە كەچۈرمىشلىرى ۋە ھودۇت سىرتىدىكى قىزىق پاراڭلىرى خەن ۋۇدىنى تېخىمۇ قىزىقتۇرغاچقا، جاڭ چيەنگە كېڭەشبەگ، تاڭ گەنفۇغا غولامبەگ ئۇنۋانىنى بېرىدۇ. كېيىن جاڭ چيەننىڭ غەربىي يۇرت ھەققىدىكى دوكلاتلىرىنى سىماچيەن «تارىخىي خاتىرىلەر. پەرغانە تەزكىرىسى» گە كىرگۈزىدۇ. بۇ كېيىنكىلەرنىڭ غەربىي يۇرتنى چۈشىنىشىدىكى قىممەتلىك ماتېرىيال بولۇپ قالىدۇ.

جاڭ چيەن ئەلچىلىككە چىقىپ كېتىپ ئىككىنچى يىلى خەن قوشۇنلىرى مايى شەھىرىگە بۆكتۈرمە قويۇپ ھۇنلارنى تۇزاققا دەسسەتمەكچى بولىدۇ. لېكىن، ھىيلىسى ئاشكارىلىنىپ قېلىپ ئەمەلگە ئاشمايدۇ. بۇنىڭ بىلەن خەن - ھۇن ئۇرۇشى ئومۇميۈزلۈك پارتلايدۇ. ئۇ قايتىپ كېلىشتىن بىر يىل ئاۋۋال، خەن قوشۇنلىرى «خۇاڭخېنىڭ جەنۇبىي ئۇرۇشى» نى قوزغاپ خېتاۋ رايونىنى قايتۇرۇۋالىدۇ. لېكىن، ھۇنلار يەنىلا خېشى رايونىنى ئىگىلەپ، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىن غەربىي يۇرتقا ئۆتىدىغان مۇھىم يولنى كونترول قىلىپ، جەنۇبتا چياڭلار بىلەن بىرلىشىۋالىدۇ. شۇڭا، خەن سۇلالىسىنىڭ غەربىي شىمال چېگرىلىرى يەنىلا ھۇنلارنىڭ ئوڭ قانات قىسىملىرىنىڭ تەھدىتىگە ئۇچراپ تۇراتتى. خەن ۋۇدى جاڭ چيەننىڭ مەلۇماتلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك بىلەن غەربىي يۇرتنىڭ ئوڭ بىلىكىنى كېسىپ تاشلاشقا ئالدىراپ كەتتى. لېكىن، جاڭ چيەننىڭ غەربىي يۇرتقا ئەلچىلىككە بېرىش تەجرىبىسىدىن قارىغاندا، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىن غەربىي يۇرتقا بېرىشتا ھۇنلار ئىگىلەپ ياتقان خېشى رايونىدىن ئۆتۈشكە توغرا كەلگەچكە، بۇ تولىمۇ خەتەرلىك ئىش ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە بىر يول بولۇپ، سىچۈەن دىيارىدىن ھىندىستان ئارقىلىق

باكتىرىيىگە بارغىلى بولاتتى. ئەسلىدە، جاڭ چيەن باكتىرىيىدىكى چېغىدىلا سىچۈەننىڭ چيوڭ دېگەن يېرىنىڭ بامبۇك ھاسىسى ۋە سىچۈەننىڭ رەختلىرىنى كۆرۈپ قاتتىق ھەيران قالغانىدى. باكتىرىيىلىكلەردىن سورىسا ئۇلار باكتىرىيە سودىگەرلىرى باكتىرىيىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى ئەنەتكەك (ھىندى) دۆلىتىدىن ئەكەلگەنلىكىنى ئېيتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن جاڭ چيەن ھىندىستان باكتىرىيىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدا بولسا، ئۇ يەردە شۇ ۋىلايىتى (سىچۈەننىڭ) ماللىرى بولسا، دېمەك سىچۈەن ۋىلايىتىدىن يىراق ئەمەس دەپ پەرەز قىلىدۇ، شۇڭا جاڭ چيەن باشقا يول بىلەن سىچۈەن ۋىلايىتىدىن ھىندىستان ئارقىلىق غەربىي يۇرتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا بارىدىغان يېڭى يول ئېچىش (ھازىرقى سىچۈەن، گۇيجۇ، يۈننەن ئۆلكىلىرىدىن بىرما، ھىندىستان ئارقىلىق ئوتتۇرا ئاسىياغا بېرىش) ھەققىدە تەكلىپ بېرىدۇ. جاڭ چيەننىڭ بۇ دادىل تەكلىپى يەنە بىر قېتىم خەن ۋۇدىنى خۇشال قىلىپ ئۇنى يەنە بىر قېتىم تارتۇقلايدۇ. خەن ۋۇدى سەلتەنەت دەۋرى جيەنيۈەننىڭ ئالتىنچى يىلى (مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 135 - يىلى) خەن ۋۇدى غەربىي جەنۇبتىكى رايونلار بىلەن ئالاقە باغلاشقا زور مەبلەغ ئاجرىتىدۇ. كېيىن پۈتۈن كۈچى بىلەن ھۇنلارغا ھۇجۇم قىلماقچى بولۇپ، بۇ پىلاندىن ۋاز كەچكەنىدى. خەن ۋۇدى سەلتەنەت دەۋرى يۈەنشۇنىڭ تۇنجى يىلى (مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 122 - يىلى) خەن ۋۇدى جاڭ چيەننىڭ تەكلىپى بىلەن غەربىي جەنۇبتىكى يات قوۋملارغا ئەلچى ئەۋەتىپ ھىندىستانغا ئۆتىدىغان يول ئىزدىدى. نەتىجىدە، غەربىي جەنۇب رايونىدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ توسقۇنلۇقى ۋە يولنىڭ خەتەرلىكلىكى تۈپەيلى بۇ ئىشنىڭ ئاخىرى چىقمىدى.

غەربىي جەنۇبتىكى يېڭى يول ئېچىلغان بولسىمۇ، خەن ۋۇدى يەنە كۈچىنى مەركەزلەشتۈرۈپ خېشى كارىدورىغا ھۇجۇم

قىلماقچى بولدى. خەن ۋۇدى سەلتەنەت دەۋرى يۈەنشۇنىڭ ئىككىنچى يىلى (مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 121 ـ يىلى) «خېشى ئۇرۇشى» نى قوزغىدى. قىران چەۋەنداز سانغۇن خوچۈبىڭ بىر ھۇجۇمدىلا ھۇنلارنىڭ خېشى رايونىدىكى قىسىملىرىنى تارمار قىلىپ، ھۇنلارنىڭ خېشى رايونىدا تۇرۇشلۇق قونشارقان، شۇتۇۋقاننى ئۆلتۈرۈپ، خېشى رايونىنى ئىگىلەپ، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىن غەربىي يۇرتقا بارىدىغان يولنى كونترول قىلدى. شۇنداقلا، ھۇنلار بىلەن غەربىي يۇرتنى تالىشىش كۈرىشىنىڭ دەسلەپكى قەدىمىنى باستى. بىراق، بۇمۇ مۇھىم غەلىبە ئىدى. خەن ۋۇدى سەلتەنەت دەۋرى يۈەنشۇنىڭ تۆتىنچى يىلى مەشھۇر «چۆللۈكنىڭ شىمالىي ئۇرۇشى» پارتلىدى. ھۇنلار كەينى ـ كەينىدىن خۋاڭخېنىڭ جەنۇبى ۋە خېشىدىن ئىبارەت ئىككى ئىستراتېگىيىلىك جاينى قولدىن بېرىپ قويغاندىن كېيىن، ۋېي چىڭ، خوچۈبىڭلار ئىككى يول بىلەن ھۇنلارغا ھۇجۇم قىلدى. ھۇنلارنىڭ شەرقىي قىسمىدىكى سول تۇغ قان ۋە ئوتتۇرا قىسمىدىكى ئىچىغىسە تەڭرىقۇتلار ئېغىر زەربە يەپ چۆللۈكنىڭ شىمالىغا قېچىپ كەتتى. شۇنىڭدىن باشلاپ، ھۇنلارنىڭ «چۆللۈكنىڭ جەنۇبىدا بارگاھى يوق» بولدى. ھۇنلار خەن سۇلالىسىنىڭ شىمالىي چېگرىلىرىدا ئومۇميۈزلۈك مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، ئۇلار كۈچىنى ئوڭ تەرەپكە يۆتكەپ غەربىي يۇرتقا بولغان كونتروللۇقىنى كۈچەيتتى.

غەربىي يۇرت ئاغا تەڭرىقۇتنىڭ دەۋرىدىن تارتىپ خەن ۋۇدى سەلتەنەت دەۋرى يۈەنشۇنىڭ ئۈچىنچى يىللىرىغىچە 60 نەچچە يىل ھۇنلارغا قارام بولۇپ كەلگەنىدى. ھۇنلارنىڭ غەربىي يۇرتتىكى ھۆكۈمرانلىقى تولىمۇ ۋەھشىيانە بولغانىدى. باشقا خانلىقلارنى ئۆزىنىڭ قۇلى، دەپ قارايتتى. تەڭرىتاغنىڭ شىمالىدىكى ئاگنى (بۇ خانلىق ھازىرقى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قارا شەھەر ناھىيىسىنىڭ غەربىي جەنۇبىدا)، چۈقۇ (بۇ خانلىق ھازىرقى

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى كورلا شەھىرىدە) لاردا «چاكارلار كاھىبگى» تەسىس قىلىپ، ھەرقايسى خانلىقلاردىن باج - سېلىق يىغىشقا مەسئۇل قىلىنغانىدى. غەربىي يۇرتقا ھەرقايسى خانلىقلار، بولۇپمۇ ھۇنلارغا قوشنا بولغان تەڭرىتاغلىرىنىڭ شىمالىي ئېتىكىدىكى بەگلىكلەر ھۇنلاردىن بۆرىدىن قورققاندەك قورقۇپ، قارشىلىق كۆرسىتىشكە زادى جۈرئەت قىلالمايتتى. غەربىي يۇرتنىڭ شىمالىدىكى بارىكۆل دۆلىتى ئەسلىدە بىر چوڭ خانلىق بولۇپ، ئۇنىڭ خانى ھۇنلار ئالدىدا گۇناھ ئۆتكۈزۈپ قويغاچقا، تەڭرىقۇت ئۇلارنىڭ خەلقىدىن ياراملىق قاۋۇللىرىنى ھۇنلارنىڭ ئوڭ تەرىپىدىكى ئائىي دېگەن يېرىگە كۆچۈرۈپ «ئائىي خانلىقى» دەپ ئاتىغانىدى. قېرى - ئاجىزلىرى تاغ - چىلغىلارغا قېچىپ، خانلىق نامىنى ساقلاپ قالغانىدى. بىراق، شۇنىڭدىن كېيىن قايتا باش كۆتۈرەلمىدى. ھۇنلار غەربىي يۇرتتىكى ھەرقايسى بەگلىكلەردە قىرغىنچىلىق قىلىپ ئېغىر سورۇقچىلىقلارنى سالدى. ئەگەر خەن سۇلالىسى ھۇنلار تەسىر كۈچىنى غەربىي يۇرتقا قوغلاپ چىقىرالمىسا، ھۇنلارنىڭ ئوڭ تەرەپتىن يوپۇرۇلۇپ كېلىشىدىن ساقلىنالمايتتى - دە، چېگرا ئۇرۇشىنىڭ غەلىبىسىنى مۇستەھكەملەشكىمۇ مۇمكىن بولماي قالاتتى. بۇ ئەھۋالدا، غەربىي يۇرتنى تالىشىش خەن - ھۇن ئۇرۇشىنىڭ مۇھىم نۇقتىسى بولۇپ قالدى.

چۆللۈكنىڭ شىمالىي ئۇرۇشى ئاياغلىشىشنىڭ ئالدى - كەينىدە، خەن ۋۇدى كۆپ قېتىم جاڭ چيەندىن باكتېرىيىدىكى خانلىقلارنىڭ ئەھۋاللىرىنى سۈرۈشتۈردى. جاڭ چيەن غەربىي يۇرتنىڭ ئەھۋاللىرىنى پىششىق بىلگەنلىكى، ئۇلۇغ سانغۇن ۋېي چىڭ بىلەن بىللە خىزمەت كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن، خەن ۋۇدى سەلتەنەت دەۋرى يۈەنشۇنىڭ ئالتىنچى يىلى (مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 123 - يىلى) بىلگە بەگ ئۇنۋانى بېرىلدى. خەن ۋۇدى

سەلتەنەت دەۋرى يۈەنشۇنىڭ ئىككىنچى يىلى (مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 121 ـ يىلى) بېكىتىلگەن جايغا ۋاقتىدا يېتىپ بارالمىغانلىقى ئۈچۈن ئۆلۈمگە مەھكۇم بولدى. پۇل تۆلەپ قۇتۇلغان بولسىمۇ ئاددىي پۇقرالىققا چۈشۈرۈلدى. شۇڭا، جاڭ چيەن خەن ۋۇدىنىڭ غەربىي يۇرتنىڭ ئەھۋاللىرىنى سۈرۈشتۈرۈۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، يەنە خىزمەت كۆرسىتىپ ئۆتۈۋان ـ مەرتىۋە ئېلىش ئۈچۈن خەن ۋۇدىغا غەربىي يۇرتنىڭ شىمالىدىكى كۆچلۈك خانلىق ئۇيسۇنلارغا ئەلچى ئەۋەتىپ ئالاقە باغلاشنى، ئۇلارنى ئۆز يۇرتلىرى خېشى رايونىغا كۆچۈرۈپ ھەمدە ئۇلارنى مەلىكىلەردىن ياتلىق قىلىپ، ئاغا ـ ئىنى بولۇشنى، شۇندىلا ھۇنلارنىڭ ئوڭ قانىتىنى كېسىپ تاشلىغىلى، باكتېرىيە قاتارلىق خانلىقلارنى قولغا كەلتۈرگىلى بولىدىغانلىقى ھەققىدە تەكلىپ بەردى. خەن ۋۇدى جاڭ چيەننىڭ قاراشلىرىغا قوشۇلۇپ، ئۇنى غەربىي يۇرتقا يەنە بىر قېتىم ئەلچىلىككە ئەۋەتتى.

خەن ۋۇدى سەلتەنەت دەۋرى يۈەنشۇنىڭ تۆتىنچى يىلى جاڭ چيەن ئەمىر نۆكەرلىك مەنسىپى بىلەن 300 كىشىلىك زور ئەلچىلەر ئۆمىكىنى باشلاپ يولغا چىقىدۇ. ئۇلارنىڭ ئىچىدە، بىر قانچە نائىب ئەلچى تەسىس قىلىنىپ ھەربىر ئادەم ئىككىدىن ئات ئېلىپ 10 مىڭدىن ئارتۇق كالا ـ قويىنى ھەيدەپ، ھەددى ـ ھېسابسىز ئالتۇن ـ كۈمۈش، تاۋار ـ دۇردۇنلارنى ئېلىپ، غەربىي يۇرتقا قاراپ ھەيدەپ ھەشەم بىلەن ئاتلىنىدۇ. بۇ چاغدا، خېشى كارىدورى خەن سۇلالىسىنىڭ قولىدا بولغاچقا، جاڭ چيەن ھۇنلارنىڭ پاراكەندە قىلىشىدىن ئەنسىرىمەي، كۇسەن (ھازىرقى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى كۇچا ناھىيىسى ئەتراپىدا) دىن غەربكە مېڭىپ، ئۇيسۇنلارنىڭ ئېلىگە ئوڭۇشلۇق يېتىپ بارىدۇ. بىراق، بۇ چاغدا ئۇيسۇنلارنىڭ ئىچكى قىسمى قالايمىقانىدى. ئۇيسۇنلارنىڭ كۈنبېگى لىيې جياۋمونىڭ چوڭ ئوغلى بىلەن چوڭ

نەۋرىسى خانتېكىنلىق ئورنىنى تالىشىپ ئۇرۇشۇۋاتاتتى. كۈنبەگ ياشىنىپ قالغان بولغاچقا، ئۇلارنى توسۇيالماي پەقەت ھەرقايسىسىنىڭ ئۆزىنى قوغدىشىنى تەلەپ قىلدى. بۇنداق ئەھۋالدا، ئۇيسۇنلارنىڭ خەن سۇلالىسى بىلەن ئىتتىپاق تۈزىدىغان ئىشلارنى ئويلاشقا چولىسى يوق ئىدى. يەنە كېلىپ، ئۇيسۇنلار ھۇنلارغا قوشنا بولۇپ، ئۇزۇندىن بېرى ئۇلارغا قارام بولۇپ كەلگەنىدى. خەن سۇلالىسىنىڭ ئەھۋالىنى بولسا تازا بىلىپ كەتمەيتتى. گەرچە، جاڭ چيەن بۈيۈك خەن سۇلالىسىنىڭ ھەيۋىسىنى ھەدەپ ماختاپ، پۇل - مال سوۋغا قىلىپ، خەن مەلىكىلىرىنى بېرىپ قۇدا بولىدىغانلىقى ھەققىدە ۋەدە بەرگەن بولسىمۇ، يەنىلا ئۇيسۇنلار بىلەن ئىتتىپاق تۈزەلمىدى. بىراق، كۈنبەگ خەن ئەلچىسىنىڭ كەڭ قورساقلىقىنى، ئەكەلگەن سوۋغا - سالاملىرىنىڭ كۆپلۈكىنى كۆرۈپ، خەن سۇلالىسىنىڭ چوڭ خانلىق ئىكەنلىكىنى پەرەز قىلىپ، قىزغىن كۈتۈۋالدى ۋە مەخسۇس ئەلچى ئەۋەتىپ خەن سۇلالىسىگە رەھمەت ئېيتماقچى بولدى. جاڭ چيەن نائىب بەگلەرنى پەرغانە، كانگا، ئۇلۇغ توخرىلار، باكتېرىيە، ئارساك، ئەنەتكەك، ئۇدۇن قاتارلىق خانلىقلارغا ئەۋەتىپ، خەن ۋۇدى سەلتەنەت دەۋرى يۈەندىڭنىڭ ئىككىنچى يىلى (مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 115 - يىلى) ئۇيسۇنلار بىلەن ئون نەچچە ئادەم چاڭئەنگە قايتتى. ئۇنىڭغا ئەگىشىپ جاڭ چيەن بىلەن بىللە ئەلچىلىككە بارغان نائىب بەگلەرمۇ، ھەرقايسى بەگلىكلەردىن خەن سۇلالىسىگە تەشەككۈر ئېيتقىلى كەلگەن ئەلچىلەرمۇ يېتىپ كېلىشكە باشلىدى. شۇنىڭدىن كېيىن، خەن سۇلالىسى بىلەن غەربىي يۇرتنىڭ مۇناسىۋىتى كۈنسېرى قويۇقلىشىپ، ھەر يىلى خەن سۇلالىسىنىڭ تۈركۈم - تۈركۈم ئەلچىلەر ئۆمەكلىرى ۋە سودا كارۋانلىرى غەربىي يۇرتتىكى ھەرقايسى خانلىقلار ئارىسىدا يۈرۈپ، غەربىي يۇرتنىڭ ھەممە يەرلىرىگە يېتىپ باردى. ھەتتا

ئەڭ يىراق يەرلەردىمۇ، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ يىپەك - توقۇلما بۇيۇملىرى غەربىي يۇرت ئارقىلىق توختىماي غەربكە توشۇلۇپ تۇرىدىغان بولدى. بۇنىڭ بىلەن دۇنياغا مەشھۇر يىپەك يولى شەكىللەندى. جاڭ چيەن چاڭئەنگە قايتىپ كېلىپ ئۇزۇن ئۆتمەي ئالەمدىن ئۆتتى. بىراق، ئۇنىڭ ئىككى قېتىم ئەلچىلىككە چىقىشتا كۆرسەتكەن تۆھپىسى ۋە قەتئىي تەۋرەنمەيدىغان قەيسىرانە روھى، ھەرقايسى خانلىقلار بىلەن ئالاقە قىلغاندىكى كەڭ قورساق، ئالىيجاناب كەمتەر پوزىتسىيىسى غەربىي يۇرتتىكى ھەرقايسى خانلىقلاردا چوڭقۇر تەسىر قالدۇردى. شۇڭا ئۇ قازا قىلغاندىن كېيىن، غەربىي يۇرتقا ئەلچىلىككە بارغان خەن ئەلچىلىرى ئۆزىنى «بىلگە بەگ» دەپ ئاتاپ، شۇ خانلىقلارنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشمەكچى بولغانىدى. سىماچيەننىڭ جاڭ چيەننىڭ غەربىي يۇرتقا بېرىشتا كۆرسەتكەن «زورمۇزور» تۆھپىسىنى مەدھىيىلىشى قىلچە يالغان ئەمەس.

## 2. پەرغانىگە ئىككى قېتىم يۈرۈش قىلىنغانلىقى ۋە قۇسىنىڭ بەش قېتىم تارتۋېلىنغانلىقى

جاڭ چيەن غەربىي يۇرتقا ئىككى قېتىم بارغاندىن كېيىن، خەن سۇلالىسى بىلەن غەربىي يۇرتتىكى ھەرقايسى بەگلىكلەرنىڭ مۇناسىۋىتى كۈنسېرى قويۇقلاشتى. جەنۇبىي ۋە شىمالىي يوللار كەڭ ئېچىلىپ كەتتى. ئومۇمەن جەنۇبىي يول قاشقوۋۇق ياكى كۇنقوۋۇقتىن چىقىپ كروران (ئاستانىسى مىران، خارابىسى لوپنۇر كۆلىنىڭ غەربىي شىمالىدىكى كۆنچى دەرياسىنىڭ جەنۇبىي ساھىلىدا، خەن جاۋدى زامانىدا خانلىق نامى پىشامشانغا ئۆزگەرتىلگەن ۋە لوپنۇر كۆلىنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى چاقىلىق شەھىرىگە كۆچۈرۈلگەن) غا بارغاندىن كېيىن، تارىم

ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىي چېتى ۋە قاراڭغۇ تاغ (قۇرۇم - كۇئىنلون) نىڭ شىمالىي ئېتىكى ئارىلىقى بىلەن غەربكە بارىدىغان يول ئىدى. شىمالىي يول قاشقوۋۇق ياكى كۇنقوۋۇقتىن چىقىپ كرورانغا بارغاندىن كېيىن، غەربىي يۇرتنى ئوتتۇرا قىسمىدىكى تەڭرىتاغلىرىنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىنى بويلاپ تارىم ئويمانلىقىنىڭ شىمالىي چېتى ئارىلىقى بىلەن غەربكە بارغىلى بولاتتى. جەنۇبىي، شىمالىي يوللار سۇلى (ھازىرقى قەشقەر شەھىرى) دە قوشۇلۇپ، ئاندىن پەرغانە، كانگا قاتارلىق خانلىقلارغىچە تۇتىشاتتى. جاڭ چيەن غەربىي يۇرتقا بارغاندىن كېيىن، خەن ئەلچىلىرى ۋە سودا كارۋانلىرى بۇ ئىككى يولنى ئاۋات قىلىپ ھۇنلارنىڭ غەربىي يۇرتتىكى ھۆكۈمرانلىقىغا ئېغىر تەھدىت سالدى. ھۇنلارمۇ ئەلۋەتتە قول قوشتۇرۇپ قاراپ تۇرمىدى. بۇ چاغدا غەربىي يۇرتتىكى ھەرقايسى خانلىقلار ھۇنلارنىڭ كونتروللۇقىدا ئىدى. بولۇپمۇ، ھۇنلارنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك بىلەن غەربىي يۇرتنىڭ مۇھىم قاتناش تۈگۈنى بولغان كروران بىلەن قۇسقا بولغان كونتروللىقى تېخىمۇ قاتتىق ئىدى. خەن سۇلالىسى ئەلچىلىرىنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ، كروران، قۇس قاتارلىق خانلىقلار ئۇلارنى ئاشلىق بىلەن تەمىنلىمەيدىغان بولدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە نۇرغۇن قانۇنسىز ئەبلەخلەر ئەلچىلەر ئۆمىكى تەركىبىگە كىرىۋېلىپ، شەخسىي ئېلىم - سېتىمدا زورلۇق قىلىپ، خەلقنىڭ ماللىرىنى قاقتى - سوقتى قىلىپ، بۈيۈك خەن سۇلالىسىنىڭ نامىغا داغ چۈشۈرۈپ، ھەرقايسى خانلىقلارنىڭ تېخىمۇ نارازىلىقىنى قوزغىغانىدى، شۇڭا، كروران، قۇس قاتارلىق خانلىقلار ھۇنلارنىڭ كۈشكۈرتۈشى ۋە قوللىشى بىلەن يول توسۇپ، خەن ئەلچىلىرىنى ئۆلتۈردى. ئەگەر تەدبىر قوللىنىلمىسا، ھۇنلارنىڭ غەربىي يۇرتنىڭ قاتناش يولىنى ئۈزۈۋېتىشى مۇمكىن ئىدى. شۇڭا، خەن ۋۇدى قورال كۈچى ئارقىلىق غەربىي يۇرتنىڭ يوللىرىنىڭ راۋان بولۇشىنى

كاپالەتلەندۈرمەكچى بولدى.

خەن ۋۇدى سەلتەنەت دەۋرى يۈەنفېڭنىڭ ئۈچىنچى يىلى (مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 108 ـ يىلى) خەن ۋۇدى سانغۇن جاۋپونۇغا ئىلگىرى كرورانغا بارغان ئەلچى ۋاڭ خۇينى ياردەمچى قىلىپ، 10 مىڭ چەۋەنداز بىلەن كروران، قۇسلارغا ھۇجۇم قىلىشقا ئەۋەتىدۇ. ۋاڭ خۇي قورالانغان 700 چەۋەندازنى باشلاپ كرورانغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ، كروران خانىنى ئەسىر ئالىدۇ. ئارقىدىنلا جاۋ پونۇ 10 مىڭ لەشكەرنى باشلاپ قۇسقا تېگىدۇ. بۇ قېتىمقى يۈرۈش خەن قوشۇنلىرىنىڭ غەربىي يۇرتتىكى تۇنجى قېتىملىق لەشكىرىي ھەرىكىتى بولۇپ، دۇنخۇاڭنىڭ غەربىدىكى قاتناش ئالاقىسىنىڭ بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىپ، سەددىچىنىنى قاشقوۋۇققا قەدەر ئۇزارتىپلا قالماستىن، بەلكى يەنە غەربىي يۇرتتىكى ھەرقايسى بەگلىكلەرگە كاپالەتلىك قىلىپ سەددىچىنىنى قاشقوۋۇققا قەدەر ئۇزارتىپلا قالماستىن، بەلكى يەنە غەربىي يۇرتتىكى ھەرقايسى بەلگلىكلەرگە خەن سۇلالىسىنىڭ كۈچلۈك لەشكىرىي كۈچىنى نامايىش قىلدى. شۇنداقلا ھۇنلار بىلەن خەن سۇلالىسىنىڭ غەربىي يۇرتتىكى ھەرقايسى بەگلىكلەرگە بولغان تەسىر كۈچىنىڭ تەڭپۇڭلۇقىنى بۇزۇپ تاشلىدى. كروران خانى خەن سۇلالىسىگە ئەل بولۇپ ھۇنلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى يىراقلاشتۇردى. خەن ۋۇدى سەلتەنەت دەۋرى يۈەنفېڭنىڭ ئالتىنچى يىلى ئۇيسۇنلار خەن سۇلالىسىگە ئەلچى ئەۋەتىپ قۇدىلىشىشنى تەلەپ قىلدى. بۇ ئەھۋالدا ھۇنلار ئۇيسۇنلار بىلەن كرورانلىقلارغا ئۆچ بولۇپ، پۈتۈن كۈچى بىلەن بىرلىشىپ قوستىكىلەرنى باشقۇرۇپ، پەرغانە بىلەن بىرلىشىپ، خەن سۇلالىسى ئەلچىلىرىنى ۋە سودا كارۋانلىرىنى ئۆلتۈرۈپ ياكى تۇتقۇن قىلىپ، يىپەك يولىنىڭ غەربىي بۆلىكىگە قاتتىق پاراكەندىچىلىك سالدى. ھۇنلارنىڭ پەرغانىدىكى ھۆكۈمرانلىقىغا زەربە بېرىش ۋە ئۇچقۇر

ئارغىماقلارنى قولغا چۈشۈرۈش ئۈچۈن، خەن ۋۇدى ئىككى قېتىملىق پەرغانىگە يۈرۈش قىلىش ئۇرۇشىنى قوزغىدى.

پەرغانە ھازىرقى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى پەرغانە ئويمانلىقىغا جايلاشقان. غەربىي يۇرتتىكى جەنۇبىي - شىمالىي يوللار قوشۇلغاندىن كېيىن، بۇ يەر ئۆتمىسە بولمايدىغان مۇھىم جايغا ئايلىنىپ، ھەرقايسى ئەللەرنىڭ دىققىتىنى تارتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ يەردىن چىقىدىغان ئۇچقۇر ئارغىماقلار دۇنياغا مەشھۇر ئىدى. خەن ۋۇدى سەلتەنەت دەۋرى تەيچۇنىڭ تۇنجى يىلى (مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 104 - يىلى)، خەن ۋۇدى پەرغانىنىڭ سۇترىشىنا (ئېرشى) شەھىرىدە ئېسىل ئارغىماقلار بارلىقىنى ئاڭلاپ، پەرغانىنىڭ ئېسىل ئارغىماقلىرىنى ئەكىلىپ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ ئات نەسلىنى يېڭىلاش تاماسىدا چاقسا بېگى چې لىڭنى مىڭ جىڭ ئالتۇن ۋە زەر ئات ھەيكىلىنى ئېلىپ پەرغانىگە بېرىپ، پەرغانىنىڭ ياخشى ئارغىماقلىرىغا تېگىشىپ كېلىشكە پەرمان قىلىدۇ. پەرغانە ئېلى خەن سۇلالىسىدىن تولىمۇ يىراقتا بولۇپ، ئەزەلدىن ھونلاردىن قورقۇپ كەلگەچكە، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆز ئارغىماقلىرىنى قەدىرلىگەچكە خەن ئەلچىلىرىنىڭ تەلىپىنى رەت قىلدى. چې لىڭ بىر لەشكىرىي خادىم بولۇش سۈپىتى بىلەن تەلىپى رەت قىلىنغانلىقىغا قاتتىق غەزەپلىنىپ، يامان تىللار بىلەن تىللاپ، زەر ئات ھەيكىلىنى چېقىۋېتىپ چاڭئەنگە قايتىدۇ. پەرغانە خانى ئۇگەخان ۋە تۆرىلەر بۇ خورلۇقتىن قاتتىق غەزەپلىنىپ چې لىڭ قاتارلىقلارنى ئۆلتۈرۈش، مال - بايلىقلىرىنى تارتىۋېلىش توغرىسىدا شەرقتىكى ئۆزكەند خانى بىلەن تىل بىرىكتۈرىدۇ. بۇ خەۋەر چاڭئەنگە يېتىپ كەلگەندىن كېيىن خەن ۋۇدى قاتتىق غەزەپلىنىپ، ئامراق خانىشى لى كىچىك خانىشنىڭ ئىنىسى لى گۇاڭلىنى ئېرشى سانغۇنى قىلىپ، قارام ئەللەردىن ئالتە مىڭ چەۋەنداز ۋە ھەرقايسى ۋىلايەت، بەگلىكلەردىكى لۈكچەك ياشلاردىن بىر قانچە ئون مىڭنى

چىقىرىپ پەرغانىگە جازا يۈرۈش قىلدۇ.

لى گۇاڭلى غەربكە يۈرۈش قىلغۇچى قوشۇننى باشلاپ قاشقوۋۇقتىن چىققاندىن كېيىن، يوللىرى خەتەرلىك شورسازلىق (بۈگۈنكى لوپنۇر رايونى) تىن ئۆتمىسە بولمايتتى. چەكسىز چۆل - جەزىرىدە يېتەرلىك تاتلىق سۇ بىلەن زور قوشۇننى تەمىنلىگىلى بولمايتتى. نۇرغۇن لەشكەرلەر يولدا ئۆلۈپ كەتتى. شورسازلىقتىن چىقىپ بولغاندا نۇرغۇن لەشكەرلەر ھېرىپ هالىدىن كەتكەنىدى. بىراق، تېخىمۇ دەھشەتلىكى ئۇلارنىڭ ئالدىدا ئىدى. غەربىي يۇرتنىڭ شىمالىي لىنىيىسىدىكى ھەرقايسى خانلىقلار ھۇنلارنىڭ تەسىرى ئاستىدا بولغاچقا، خەن قوشۇنلىرىغا ھېچنېمە بەرمەي قويىدى ھەمدە خەن قوشۇنلىرىغا توختىماي ھۇجۇم قىلىپ تۇردى. لى گۇاڭلى خەن قوشۇنىنى باشلاپ پەرغانىگە بارماي تۇرۇپلا غەربىي يۇرتتىكى كىچىك خانلىق ئۆزكەندتىن يېڭىلىپ ۋەتۈەرىگە چېكىنىپ كەتتى. لى گۇاڭلى ئىلاجىسىز قېلىپ قالدۇق قىسىملىرىنى باشلاپ قايتتى. دۇنخۇاڭغا كەلگەندە لەشكەرلەردىن ئوندىن بىر - ئىككىسىلا قالدى. لەشكەرلەرنى ئارام ئالغۇزۇش توغرىسىدا خانغا مەكتۇپ سۇندى. خەن ۋۇدى بۇنىڭدىن دەر غەزەپ بولۇپ قاشقوۋۇققا «قاشقوۋۇقتىن كىرىشكە جۈرئەت قىلغانلارنىڭ كاللىسى ئېلىنىدۇ» دەپ پەرمان چاپلىتىدۇ. لى گۇاڭلى قاشقوۋۇقتىن كىرىشكە جۈرئەت قىلالماي، قورۇل سىرتىدا تۇرۇپ قالىدۇ.

بۇ چاغدا، نۇرغۇن ۋەزىرلەر «جويى بېگى جاۋ پونۇ ھۇنلارغا ھۇجۇم قىلىپ مەغلۇپ بولدى. خەن قوشۇنلىرىنىڭ ئىككى سەپتە ئۇرۇش قىلىشقا ئاقىلانىلىك ئەمەس. پەرغانىگە يۈرۈش قىلىشنى توختىتىپ، كۈچنى توپلاپ ھۇنلارغا ھۇجۇم قىلىش زۆرۈر» دەپ قارىدى. خەن ۋۇدى بولسا «پەرغانىدەك كىچىككىنە بىر خانلىقنى يېڭەلمىسە، باكتېرىيە قاتارلىق خانلىقلار خەن سۇلالىسىنى كۆزگە ئىلمايدىغان بولۇۋالىدۇ. خەن ئەلچىلىرىنى ئۆلتۈرۈش

ئىشلىرى ئېخىمۇ كۆپىيىدۇ» دەپ قارىدى. خەن ۋۇدى مۇشۇنداق ئوينىڭ تۈرتكىسىدە پەرغانىگە لەشكەر تارتىشنى توختىتىشنى تەشەببۇس قىلغان دېڭ گۇاڭ قاتارلىق كىشىلەرنى جازالاپ، زىنداندىكىلەرنى ئازاد قىلىپ ھەمدە ھەرقايسى ۋىلايەت، بەگلىكلەردىكى لۈكچەك ياشلارنى لەشكەرلىككە ئېلىپ، چېگرا ۋىلايەتلەردىكى چەۋەندازلارنى تەشكىللەپ، جەمئىي 60 مىڭدىن ئارتۇق زور قوشۇن بىلەن يۈز مىڭ كالا، 30 مىڭ ئات، ئاشلىق، قورال - ياراغ ئارتىلغان نەچچە ئون مىڭ ئېشەك، قېچىر، تۆگىلەرنى تەييارلاپ يولغا چىقىشقا بۇيرۇيدۇ. ئىچكىرىدىن دۇنخۇاڭغا ئاشلىق توشۇۋاتقان كىشىلەر يولغا پېتىشماي قالىدۇ، «مەملىكەت غەلىيانغا كېلىپ، پەرغانىگە يۈرۈش قىلغانىدى».

خەن ۋۇدى سەلتەنەت دەۋرى تەيچۇنىڭ تۆتىنچى يىلى (مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 101 - يىلى)، لى گۇاڭلى ئىككىنچى قېتىم پەرغانىگە يۈرۈش قىلدى. بۇ قېتىمقى يۈرۈشتە لەشكەرلەر كۆپ، ھەيۋىسى چوڭ بولغاچقا ھۇنلار بىلەن غەربىي يۇرتتىكى ھەرقايسى خانلىقلار ئۇلارنى توسۇشقا جۈرئەت قىلالمىدى. زور قوشۇن پەرغانىنىڭ سۇترىشىنا (ئېرشى) شەھىرىگە ئوڭۇشلۇق يېتىپ باردى. خەن قوشۇنلىرى شەھەرنى قاتمۇقات قورشاپ 40 نەچچە كۈن ھۇجۇم قىلىپ، سۇترىشىنا شەھىرىنىڭ تاشقى شەھىرىنى ئالدى. پەرغانە ئېسىلزادىلىرى ۋەزىيەتنىڭ خەتەر ئىچىدە قالغانلىقىنى كۆرۈپ، پەرغانە خانى ئۇگەنى ئۆلتۈرۈپ، خەن قوشۇنلىرى بىلەن ياخشىلىشىپ، ئارغىماقتىن ئۈچ مىڭنى ھەدىيە قىلدى ھەمدە توختام تۈزۈلۈپ ھەر يىلى قان تەرلەيدىغان ئارغىماقتىن بىر جۈپ ھەدىيە قىلىدىغان بولدى. لى گۇاڭلى ئاخىرى نەچچە ئون مىڭ ئادەمنىڭ ئۆلۈشى ۋە يارىلىنىشىدەك ئېغىر بەدەل ھېسابىغا پەرغانىنى بويسۇندۇرۇپ، ئىتتىپاق تۈزۈپ قايتتى. خەن ۋۇدى پەرغانىگە قىلىنغان ئىككى قېتىملىق

ئۇرۇشتىكى ئادەم كۈچى ۋە ماددىي بايلىقلارغا ئېتىبار بېرىپ كەتمىدى. بۇنىڭ بىر سەۋەبى، پەرغانىنىڭ ئارغىماقلىرىغا ئېرىشكەنلىكى ئىدى. تېخىمۇ مۇھىمى پەرغانىنى بويسۇندۇرۇش ئارقىلىق بۈيۈك خەن سۇلالىسىنىڭ ھەيۋىسىنى نامايان قىلىپ، ھۇنلارنىڭ غەربىي يۇرتتىكى تەسىرىنى ئاجىزلاشتۇردى. ئەمەلىيەت دەرۋەقە شۇنداق بولدى. خەن قوشۇنلىرى بېسىپ ئۆتكەن غەربىي يۇرتتىكى بىر قىسىم ئۇششاق بەگلىكلەر خەن سۇلالىسىنىڭ ھەيۋىسىدىن قورقۇپ بەس ـ بەستە بالىلىرىنى خەن سۇلالىسىگە تۇرغاقلىققا بېرىپ، ئولپان تاپشۇرۇپ خەن سۇلالىسىگە قارام بولدى.

خەن ۋۇدى پەرغانىنى بويسۇندۇرۇش غەلبىسىدىن كېيىن، يەنە ھۇنلار بىلەن قۇسىنى تالىشىش ئۇرۇشىنى قانات يايدۇردى. قۇس ھازىرقى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى تۇرپان ئويمانلىقىنىڭ يارغول شەھىرىگە (ھازىرقى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى تۇرپان شەھىرىنىڭ غەربىي شىمالىدا) جايلاشقان بولۇپ، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىن غەربىي يۇرتقا بېرىشتىكى ئىككىنچى قوۋۇق (بىرىنچى قوۋۇق كروران)، شۇنداقلا قۇس كروراننىڭ شىمالىدا، ھۇنلار بىلەن قوشنا بولۇپ، خەن سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا ھۇنلارغا بېقىنىپ كەلگەنىدى. قۇسنىڭ بۇنداق ئالاھىدە جۇغراپىيىلىك ئورنى سەۋەبلىك خەن سۇلالىسى بىلەن ھۇنلار تالىشىدىغان قىزىق نۇقتا بولۇپ قالغانىدى. خەن ۋۇدى سەلتەنەت دەۋرى تيەنخەننىڭ ئىككىنچى يىلى (مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 99 ـ يىلى) قۇسنى تالىشىشقا باشلىغاندىن تارتىپ، خەن شۈەندى سەلتەنەت دەۋرى شىنجۆنىڭ ئىككىنچى يىلى (مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 60 ـ يىلى) غا كەلگەندىلا ئاندىن قۇسنى تارتىۋالدى. 40 نەچچە يىلغا سوزۇلغان ئۇزاق ۋاقىتتا، خەن سۇلالىسى بىلەن ھۇنلار قۇسنى چۆرىدىگەن ھالدا بەش قېتىم بىر قەدەر كەڭ كۆلەملىك ئۇرۇش قىلدى.

گەرچە خەن ۋۇدى سەلتەنەت دەۋرى يۈەنفېڭنىڭ ئۈچىنچى يىلى خەن سۇلالىسى سانغۇنى جاۋ پونۇ قوسنى ئالغان بولسىمۇ، لېكىن خەن ۋۇدى ئۇ چاغدا قوسنى ئىگىلەش مەسىلىسىنى ئويلاپ يەتمىگەنىدى. شۇڭا، خەن قوشۇنلىرى ناھايىتى تېزلا چېكىنىپ كەتكەچكە، بۇ بىر قېتىملىق سىناق تەرىقىسىدىكى تالىشىش بولۇپ قالغانىدى. خەن ۋۇدى سەلتەنەت دەۋرى تيەنخەننىڭ ئىككىنچى يىلى (مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 99 - يىلى) خەن ۋۇدى قوسنى تارتىۋېلىپ، شىمالىي يولنىڭ بىخەتەرلىكىگە كېپىللىك قىلىش ئۈچۈن لى گۇاڭلى، لى جۇن قاتارلىقلارغا جيۇ چۈەن، جۇيەنلەردىن چىقىپ، شىمالدىن ھۇنلارغا ھۇجۇم قىلىش خۇسۇسىدا پەرمان چۈشۈردى. ئۇنىڭدىن باشقا، ھۇنلاردىن تەسلىم بولغان كەيلىڭ تۆرىسىنى كروران خانلىقىنىڭ لەشكەرلىرىنى باشلاپ قوسقا ھۇجۇم قىلىشقا ئەۋەتتى. لى گۇاڭلى ھۇنلارنىڭ مۇھاسىرىسىگە چۈشۈپ قۇتۇلالمىغىلى تاس قالدى. لى لىڭ مەغلۇپ بولۇپ تەسلىم بولدى. ھۇنلارنىڭ ئوڭ تۇغ خانى لى گۇاڭلىنى چېكىندۈرگەندىن كېيىن، نەچچە ئون مىڭ چەۋەندازنى باشلاپ قوسقا ياردەمگە كەلدى. كەيلىڭ بېگى ۋەزىيەتنىڭ پايدىسىزلىقىنى كۆرۈپ چېكىنىپ كەتتى. قوسنى تالىشىش ئۇرۇشى خەن قوشۇنلىرىنىڭ مەغلۇبىيىتى بىلەن ئاياغلاشتى.

خەن ۋۇدى سەلتەنەت دەۋرى جېڭخېنىڭ ئۈچىنچى يىلى (مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 90 - يىلى) خەن ۋۇدى لى گۇاڭلى، شاڭ چيۇچېڭ، ماتوڭ قاتارلىق ئۈچ سانغۇننى ئايرىم - ئايرىم ۋۇ يۈەن، شىخې، جيۇچۈەنلەردىن چىقىپ ھۇنلارغا ھۇجۇم قىلىشقا ئەۋەتتى. ماتوڭ قوشۇنلىرىنى باشلاپ قوسنىڭ شىمالىغا يېتىپ كەلگەندە، خەن ۋۇدى قوسلۇقلارنىڭ خەن قوشۇنلىرىغا ھۇجۇم قىلىشىدىن ئەنسىرەپ كەيلىڭ بېگىنى كروران، كۆنچى، باغراش قاتارلىق بەگلىكلەرنىڭ لەشكەرلىرىنى باشلاپ قوسنى

مۇھاسىرىگە ئېلىشقا ئەۋەتتى. ھۇنلار بولسا ئۆز غېمىنى قىلىشقىمۇ ئىمكانىيىتى بولمىغاچقا ياردەمگە بارالمىدى. قۇس تەسلىم بولۇپ خەن سۇلالىسىگە قارام بولدى. ئىككىنچى قېتىملىق قۇسنى تالىشىش كۈرىشىدە خەن سۇلالىسى غەلىبە قىلدى.

قۇس ھۇنلارنىڭ غەربىي يۇرتتىكى مۇھىم بازىسى بولغاچقا، تەبئىيكى ھۇنلار قول قوشتۇرۇپ قاراپ تۇرمايتتى. بولۇپمۇ، خەن جاۋدى سەلتەنەت دەۋرى يۈەنفېڭنىڭ تۆتىنچى يىلى (مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 77 ـ يىلى) ھۇنلارنىڭ تۇغقىنى كروران خانى ئەنقۇي خەن سۇلالىسى ئەلچىسى فۇجىزى تەرىپىدىن قەستلەپ ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن، خەن سۇلالىسى ئەنقۇينىڭ ئىنىسى ئۇ ـ تۇچنى خان قىلىپ تىكلەپ، خانلىق نامىنى پىشامشانغا ئۆزگەرتىپ، ئاستانىسىنى چاقىلىققا كۆچۈردى. جەنۇبىي يولنىڭ تۇگۈنىنى خەن سۇلالىسى قاتتىق كونترول قىلىۋالغان ئەھۋالدا، قۇس ھۇنلار ئۈچۈن تېخىمۇ مۇھىم بولۇپ قالغانىدى. خەن جاۋدى سەلتەنەت دەۋرى يۈەنفېڭنىڭ تۆتىنچى يىلى (مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 71 ـ يىلى) ئەتىيازدا، خەن شۈەندى ئۇيسۇن كۈنبىگى ئۆڭكۈ، سانغۇن فەن مىڭيۇ قاتارلىق بەش سانغۇننى 150 مىڭ چەۋەنداز بىلەن ھۇنلارغا زەربە بېرىشكە ئەۋەتتى ھەمدە چېرىكچى چاڭ خۇي لەشكىرىي يارلىق دەستىكى بىلەن ئۇيسۇن قوشۇنلىرىنى نازارەت قىلىشقا ئەۋەتىلدى. ئۇيسۇنلار 50 مىڭ چەۋەندازلىرى بىلەن غەربتىن ھۇجۇم قىلدى. قۇستا تېرىقچىلىق قىلىۋاتقان ھۇن چەۋەندازلىرى خەن قوشۇنلىرىنىڭ بەش يولغا بۆلۈنۈپ كېلىۋاتقانلىقىنى، ئۇيسۇنلارنىڭ غەربتىن كېلىۋاتقانلىقىنى ئۇقۇپ، رەڭگى ئۆچكەن ھالدا ھەش ـ پەش دېگۈچە چېكىنىپ كەتتى. قۇس ئۈچىنچى قېتىم خەن سۇلالىسىگە قارام بولدى.

ھۇنلار قۇسنىڭ يەنە خەن سۇلالىسىگە قارام بولغانلىقىدىن

قاتتىق غەزەپلىنىپ، قوس خانىنىڭ ۋەلىئەھدى كونسونى تۇرغاقلىققا چاقىرىتتى. كونسو تۇرغاق بولۇشنى خالىمىغانلىقتىن ئاگىنىدىكى بوۋىسىنىڭ قېشىغا قېچىپ كەتتى. قوس خانى ئوقاينى ۋەلىئەھد قىلىپ تەيىنلىدى. ئوقاي تەختكە ۋارىسلىق قىلغاندىن كېيىن، ھونلاردىن ئۆيلىنىپ ھونلار تەرەپكە ئۆتتۈپ كەتتى. خەن شۈەندى سەلتەنەت دەۋرى دېچىنىنىڭ ئىككىنچى يىلى (مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 68 ـ يىلى) خەن سۇلالىسى ياندىش بەگ جېڭ جىنى لەشكەرلەرنى باشلاپ چېدىردا تېرىقچىلىق قىلىشقا، ئاشلىق توپلاپ قوس خانلىقىغا ھۇجۇم قىلىش ئۈچۈن ھازىرلىق كۆرۈشكە ئەۋەتتى. 2 ـ يىلى كۈزدە، كوزلۇك يىغىم ئاياغلاشقاندىن كېيىن، جېڭ جى بىلەن چېرىكچى سىماشىلار غەربىي يۇرتتىكى بەگلىكلەر قوشۇنلىرىدىن 10 مىڭدىن ئارتۇق لەشكەر توپلاپ ۋە ئۆزىنىڭ تېرىقچىلىق قىلىۋاتقان 1500 لەشكىرى بىلەن قوس خانلىقىغا ھۇجۇم قىلدى. قوس خانى ئوقاي خەن سۇلالىسىگە قارام بولۇشنى تەلەپ قىلدى. ھونلار قوسنىڭ خەن سۇلالىسىگە تەسلىم بولغانلىقىنى ئۇقۇپ قوسقا ھۇجۇم قىلدى. بىراق، جېڭ جى ۋە سىماشىلار ئۇنى توسۇۋالدى. جېڭ جى قوس خانىنى مۇھاپىزەت قىلىش ئۈچۈن ئاز ـ تولا لەشكەر قالدۇرۇپ قوشۇننى باشلاپ تېرىقچىلىق قىلىشقا چېدىرغا قايتتى. قوس خانى ھونلارنىڭ يەنە كېلىپ ئۆلتۈرۈۋېتىشىدىن قورقۇپ، خانلىقنى تاشلاپ ئۇيسۇنلارنىڭ يېنىغا قېچىپ كەتتى. ھونلار قوس خانىنىڭ ئىنىسى دۇمنى خان قىلىپ تىكلىدى. دۇم قوستا تۇرۇشقا پېتىنالماي، قالغان ئادەملىرىنى باشلاپ بوغدا تېغىنىڭ شىمالىي ئېتىكىگە بېرىپ، خانلىق مەركىزىنى ئۇتۇ (ھازىرقى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى گۇچۇڭ ناھىيىسىنىڭ غەربىي جەنۇبىدا، ئارقا قوس خانلىقىنىڭ مەركىزى) قورغىنىدا تەسىس قىلدى. جېڭ جى 300 ئادەمنى قوسقا تېرىقچىلىق قىلىشقا ئەۋەتىپ ئۇ يەرلەرنى تولۇقلىدى. تۆتىنچى قېتىم قوسنى

تارتىۋېلىشتا قۇس ئالدى قۇس خانلىقى، ئارقا قۇس خانلىقى دەپ ئىككىگە بۆلۈنۈپ كەتتى.
خەن شۈەندى سەلتەنەت دەۋرى دىجيېنىنىڭ ئۈچىنچى يىلى، جېڭ جى 300 ئادەمنى ئەۋەتىپ قۇستا تېرىقچىلىق قىلىشقا باشلىغاندىن تارتىپ، ھۇنلار قۇسنىڭ مۇنبەت زېمىنىنى قولدىن بېرىپ قويغۇسى كەلمەي، شۇرۇچانچۇ تەڭرىقۇت ۋە ۋەزىر - ۋۇزرالار قۇسنى تارتىۋېلىشقا قەسەم ئىچىشىپ، بىر نەچچە قېتىم خىل چەۋەندازلىرىنى ئەۋەتىپ قۇستا تېرىقچىلىق قىلىۋاتقان خەن سۇلالىسى لەشكەرلىرىگە ھۇجۇم قىلدى. خەن شۈەندى سەلتەنەت دەۋرى يۈەنكاڭنىڭ تۇنجى يىلى (مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 65 - يىلى) ھۇنلار ئوڭ، سول ئۆكەن خانى ۋە سول چوڭ سەركەردىلىرىنى ئەۋەتىپ قۇستىكى يارغول شەھىرىگە ھۇجۇم قىلدى. لېكىن، شەھەرنى ئالالمىدى. قۇسنى تالىشىۋاتقاندا جەنۇبىي يولدىكى يەكەن (ھازىرقى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى يەكەن ناھىيىسى) خانى ئىش چىقاردى. سابىق يەكەن خانىنىڭ ئىنىسى قوتچىن خەن سۇلالىسى تىكلىگەن يەكەن خانى، ئۇيسۇن مەلىكىسى جيېيۇنىڭ ئوغلى ۋاننان ۋە خەن سۇلالىسى ئەلچىسى شى چۇڭگو قاتارلىقلارنى ئۆلتۈرۈپ، «ھۇنلار قۇسنى ئېلىپ بولدى، شىمالىي يولدىكى خانلىقلار ھۇنلارنىڭ تەۋەلىكىگە ئۆتتى، ئۇلار جەنۇبىي يولغا لەشكەر تارتىپ كېلىۋاتىدۇ» دەپ ئىغۋا تارقىتىپ، جەنۇبىي يولدىكى بەگلىكلەر بىلەن بىرلىشىپ خەن سۇلالىسىدىن يۈز ئۆرىدى. شۇنداقلا، غەربىي يولنىڭ پىشامشاننىڭ غەربىي قىسمىدىكى قاتناشنى ئۈزۈپ قويدى. بۇ چاغدا جېڭ جى، سىماشىلار شىمالىي يولدا ھۇنلار بىلەن قۇسنى تالىشىۋاتقان بولغاچقا، جەنۇبىي يولدىكى يەكەن قاتارلىق خانلىقلارنىڭ ئىسيانلىرىغا ئامال قىلالمىدى. بىرلا ۋاقىتتا جەنۇب - شىمال ئىككى يولدا مالىمانچىلىق يۈز بەرگەچكە، ۋەزىيەت تولىمۇ خەتەرلىك ئىدى. بۇ چاغدا،

قوغدىغۇچى بەگ فېڭ فىڭشى پەرغانە ئەلچىلىرىنى ئۇزىتىپ جەنۇبىي يول بىلەن خەن سۇلالىسىگە قايتىۋاتقانىدى. ئۇلار پىشامشاننىڭ مىران شەھىرىگە (ھازىرقى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى چاقىلىق ناھىيىسىنىڭ شەرقىي شىمالىدا) كەلگەندە توسۇلۇپ قالدى. ئۇ نائىب ئەلچى يەن چاڭ بىلەن كېڭىشىپ غەربىي يۇرتتىكى بەگلىكلەرنىڭ لەشكەرلىرىنى يىغىپ، غەربتىكى ئاسىيلارنى تىنجىتىپ، يەكەن شەھىرىگە بېسىپ كىردى. يەكەن خانى ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالدى. غەربىي يۇرتتىكى بەگلىكلەر ئەمىن تاپتى. خەن سۇلالىسى جەنۇبىي يولنى يېڭىۋاشتىن كونترول قىلدى. جەنۇبىي يول تىنجىتىلغان بولسىمۇ، شىمالىي يولدىكى قۇسنىڭ ۋەزىيىتى يەنىلا جىددىي ئىدى. خەن شۈەندى سەلتەنەت دەۋرى يۈەنكاڭنىڭ ئىككىنچى يىلى 5 - ئايدا، جېڭ جى چېدىردا تېرىقچىلىق قىلىۋاتقان 1500 لەشكەرنى باشلاپ قۇسقا ياردەمگە كەلدى. ئاقىۋەت ھۇنلار ئۇلارنى يارغول شەھىرىدە مۇھاسىرىگە ئېلىۋالدى. جېڭ جى خانغا مەكتۇپ سۇنۇپ، خەن سۇلالىسىنىڭ ياردەمچى لەشكەرلەر ئەۋەتىپ قۇتقۇزۇشىنى تەلەپ قىلدى. ۋەزىر ۋېي شياڭ قۇسقا لەشكەر تارتايلى دېگەنبىلەن يول يىراق، چىقىم كۆپ كېتىدۇ. قۇستا تېرىقچىلىق قىلىشنى ۋاقتىنچە توختىتىش كېرەك، دەپ تەكلىپ بېرىدۇ. خەن شۈەندى ئۇنىڭ تەكلىپىنى ماقۇل كۆرۈپ چاڭلو بېگى چاڭ خۇيغا يارلىق چۈشۈرۈپ، جاڭيې، جيۇچۈەنلەردىكى چەۋەندازلار بىلەن قۇس مۇھاسىرىسىنى بۇزۇپ، جېڭ جى ۋە ئۇنىڭ لەشكەرلىرىنى چېدىرغا ئاپىرىپ قويۇشقا بۇيرۇدى، ھەمدە قۇس ئاھالىسىنى كۆچۈرۈپ قۇسنىڭ ئەسلىدىكى پانتېكىنى كۇنسۇنى قۇس خانى قىلىپ تىكلەپ، قۇس زېمىنى قايتىدىن ھۇنلارغا بېرىۋېتىلدى. كېيىن، جېڭ جى ياساۋۇللار ئەمىر لەشكەرلىكىگە تەيىنلىنىپ، پىشامشاننىڭ غەربىدىكى جەنۇبىي يولنى قوغداش ۋەزىپىسىنى

ئۇستىگە ئالدى. بەشىنچى قېتىم قۇسنى تالىشىشتا قۇس يەنە هۇنلارنىڭ قولىغا ئۆتۈپ كەتتى.

گەرچە، هۇنلار قۇسنى يەنە تارتىۋالغان، شىمالىي يولنى كونترول قىلىۋالغان بولسىمۇ، بىراق ئۇلارنىڭ بۇ غەلىبىسى ئۇزۇنغا بارمىدى. خەن شۈەندى سەلتەنەت دەۋرى شېنجۆنىڭ ئىككىنچى يىلى (بەزىدە ئۈچىنچى يىلىمۇ دېيىلىدۇ، مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 60- يىلى) شۇ رۇچانچۇ تەڭرىقۇت ئالەمدىن ئۆتتى. ئۇنىڭ تۇغقان تەڭرىقۇت تەختىنى تارتىۋېلىپ ئۇيانجۈت نامىدا تەڭرىقۇت بولۇپ، هۇنلارنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى هوقۇق تالىشىش كۈرىشىنى كەسكىنلەشتۈرۈۋەتتى. هۇنلارنىڭ باتىسقانى شەشەنجاننىڭ تەڭرىقۇت بىلەن ئاداۋىتى بولغاچقا، ئۆز ئېلىدىكى نەچچە ئون مىڭ چەۋەندازنى باشلاپ خەن سۇلالىسىگە تەسلىم بولدى. چەۋەندازلار كاھىپگى جېڭ جى ئۇلارنى كۈتۈۋالدى. باتىسقاننىڭ ئىگىدارچىلىقىدىكى جايلار هۇنلارنىڭ ئوڭ تەرىپىنىڭ جەنۇبىي چېتى بولۇپ، غەربىي يۇرت بىلەن تۇتىشاتتى. غەربىي يۇرتنىڭ چاكارلار كاھىپگىنى باتىسقان تەيىنلەيتتى. باتىسقان شەشەنجان خەن سۇلالىسىگە تەسلىم بولغاندىن كېيىن، چاكارلار كاھىپگى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، هۇنلارنىڭ غەربىي يۇرتتىكى تەسىر - كۈچى ئۈزۈل - كېسىل پارچىلاندى. خەن سۇلالىسى قوشۇنى قان ئاققۇزمايلا قۇسنى ئىگىلىۋالدى. جېڭ جى لەشكەر تارتىپ تەسلىم بولغان باتىسقاننى كۈتۈۋالدى ھەمدە قۇسنى تارتىۋېلىپ غەربىي يۇرتنى زىلزىلىگە سالدى. ئۇ قۇسنىڭ غەربىدىكى شىمالىي يول ۋە پىشامشاننىڭ غەربىدىكى جەنۇبىي يولنى قوغدىغانلىقى ئۈچۈن تارىختا «قورۇقچىبەگ» دەپ ئاتالدى ھەمدە ئورلى (هازىرقى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى بۈگۈر ناھىيىسىنىڭ شەرقىي شىمالىدا) شەھىرىدە قورۇقچىبەگ مەھكىمىسى تەسىس قىلدى. غەربىي يۇرت قورۇقچىبېگى جېڭ جىدىن باشلاپ تەسىس قىلىندى. شۇنىڭدىن

كېيىن، خەن سۇلالىسىنىڭ ئەمر ـ پەرمانلىرى غەربىي يۇرتتا يۈرگۈزۈلىدىغان بولدى.

خەن ۋۇدى سەلتەنەت دەۋرىنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا، جاڭ چيەن كەلگەندىن تارتىپ خەن شۈەندى سەلتەنەت دەۋرى شېنجۆ يىللىرىغىچە، خەن سۇلالىسى بىلەن هۇنلار غەربىي يۇرتنى 70 نەچچە يىل تالىشىپ، ئەڭ ئاخىرى هۇنلارنىڭ «ئوڭ بىلىكى» نى كېسىۋېتىشتىن ئىبارەت ئىستراتېگىيىلىك نىشانى ئەمەلگە ئاشتى.

## 3. خەن سۇلالىسى بىلەن ئۇيسۇنلارنىڭ بىرلىشىپ هۇنلارغا زەربە بەرگەنلىكى

غەربىي خەن دەۋرىدە تەڭرىتاغلىرىنىڭ شىمالىي ئېتىكىدىكى ئىلى دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنى بىلەن ئىسسىقكۆلنىڭ ئەتراپلىرىدىكى بوستانلىقلاردا هۇنلار بىلەن ئىتتىپاق تۈزگەن، خەن سۇلالىسى بىلەن قۇدىلاشقان، هۇنلارنىڭ قوللىشى بىلەن خانلىق قۇرغاندىن كېيىن يەنە هۇنلار بىلەن تىركەشكەن بىر چارۋىچى مىللەت ئۇيسۇنلار ياشىغانىدى.

ئەگەر خەن ـ هۇن ئۇرۇشى ئومۇميۈزلۈك پارتلىمىغان بولسا، ئۇيسۇنلارنىڭ ئەگرى ـ توقاي كۆچمەنلىك تارىخى ئۇلاردىن تولىمۇ يىراقتىكى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى خەنزۇلارنىڭ دىققىتىنى قوزغىمىغان بولاتتى. تەڭرىتاغ ئېتەكلىرىدە، دەريا ـ تاراملار بويلىرىدا چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئۇيسۇنلارمۇ ئۆزىنىڭ شەرقىي تەرىپىدە كۈچلۈك خەن سۇلالىسىنىڭ بارلىقىنى بىلمىگەن بولاتتى. بىراق، خەن ۋۇدى دەۋرىدە خەن سۇلالىسى بىلەن هۇنلارنىڭ غەربىي يۇرتنى تالىشىش ئۇرۇشىنىڭ كۆنسېرى جىددىيلىشىشىگە ئەگىشىپ، ئۇيسۇنلار

غەربىي يۇرتتىكى بىر كۆچلۈك خانلىق بولۇپ قالدى. ئۇلارنىڭ جىمجىت چارۋىچىلىق تۇرمۇشىنى ئارقا ـ ئارقىدىن كېلىۋاتقان خەن سۇلالىسى بىلەن خۇن ئەلچىلىرىنىڭ ئات ـ تۇياقلىرىنىڭ ساداسى بۇزۇۋەتتى. ئۇيسۇنلار ئىختىيارسىز خەن ـ خۇن ئۇرۇشىنىڭ غايەت زور قايناممىغا كىرىپ كەتتى. شۇنداقلا، خەن سۇلالىسى بىلەن خۇنلارنىڭ بار كۈچى بىلەن تالىشىدىغان ئوبيېكتىغا ئايلاندى.

خەن ۋۇدى سەلتەنەت دەۋرى جيەنيۈەننىڭ ئۈچىنچى يىلى، جاڭ چيەن خەن ۋۇدىنىڭ يارلىقى بىلەن غەربىي يۇرتقا ئەلچىلىككە بارغاندا، خۇنلار ئۇنى ئون نەچچە يىل تۇتۇپ قالدى. ئۇ خۇنلار ئارىسىدا تۇتۇلۇپ تۇرغاندا ئۇيسۇنلارنىڭ ئاۋۋالقى تارىخىدىن خەۋەر تاپقانىدى. «خەننامە. جاڭ چيەننىڭ تەرجىمىھالى» دا خاتىرىلىنىشىچە، ئالاھەزەل غەربىي خەن سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا ئۇيسۇنلار توخرىلار بىلەن قوشنا بولۇپ، دۇنخۇاڭ بىلەن تەڭرىتاغلىرى ئارىلىقىدا چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان. توخرىلار كېيىن ئۇيسۇنلارنىڭ يېرىنى تارتىۋېلىپ ئۇيسۇن خانى نەندۇبىينى ئۆلتۈردى. ئۇيسۇن خان جەمەتى ۋە پۇقرالىرى خۇنلار ئارىسىغا قېچىپ بېرىپ پاناھلاندى. بۇ چاغدا، نەندۇبىينىڭ ئوغلى كۇنبەگ (لى جياۋ بەگ) تېخى يۆگەكتە بولۇپ، ئۇنى ئاتابېك بۇجۇ يابغۇ قۇچىقىغا ئېلىپ خۇنلار ئارىسىغا قېچىپ باردى، كۇنبەگ كۈچەيگەندىن كېيىن توخرىلارنىڭ ئاتىسىنى ئۆلتۈرگەنلىكىگە قاتتىق ئاداۋەت ساقلاپ، ئاغا تەڭرىقۇتقا ئاتىسىنىڭ قوشۇنىنى باشلاپ توخرىلاردىن ئۆچىنى ئېلىش توغرىسىدىن ئىلتىماس سۇندى. بۇ چاغدا توخرىلار خۇنلاردىن يېڭىلىپ غەربكە كۆچۈپ ئىلى دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدا چارۋىچىلىق قىلىۋاتقان ساكلارنى قوغلىۋېتىپ، ئۇلارنىڭ زېمىنىنى ئىگىلىۋالغانىدى. كۇنبەگ ئاغا تەڭرىقۇتنىڭ قوللىشى بىلەن ئۇيسۇنلارنى باشلاپ غەربتىكى

توخرىلارغا ھۇجۇم قىلىپ توخرىلارنى تېخىمۇ غەربكە، ئافغانىستاننىڭ شىمالىغا قەدەر قوغلىۋەتتى. كۇنبەگ ئىلى دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىنى ئىگىلىگەندىن كېيىن، شۇ يەردە ماكانلىشىپ، قىزىلقورغان شەھىرىنى بىنا قىلىپ، بارا - بارا كۈچەيدى. ئاغا تەڭرىقۇت ئۆلگەندىن كېيىن، كۇنبەگ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ھۇنلارغا بېقىنغۇسى كەلمەي قالدى. شۇڭا، ھۇنلار ئۇيسۇنلارغا نەچچە قېتىم چەۋەنداز ئەۋەتىپ ھۇجۇم قىلغان بولسىمۇ، ھەر قېتىمدا مەغلۇپ بولدى. كۇنبەگنىڭ كۆپ يىللار ھۆكۈمرانلىق قىلىشى بىلەن ئۇيسۇنلار غەربىي يۇرتتىكى بىر كۈچلۈك خانلىققا ئايلاندى.

خەن ۋۇدى سەلتەنەت دەۋرى يۈەنشۇنىڭ تۆتىنچى يىلى، چۆللۈكنىڭ شىمالىي ئۇرۇشىدىن كېيىن، ھۇنلار يىراق شىمالىي چۆللۈككە قوغلىۋېتىلدى. كېيىن، خەن ۋۇدى جاڭ چيەننىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلىپ ئۇيسۇنلارنى دۇنخۇاڭ، تەڭرىتاغلىرى ئارىلىقىدىكى يۇرتلىرىغا قايتۇرۇپ، ئۇيسۇنلار بىلەن بىرلىشىپ ھۇنلارغا ھۇجۇم قىلىشقا تەييارلاندى. بۇنىڭ بىلەن جاڭ چيەننى ئىككىنچى قېتىم غەربىي يۇرتقا ئەلچىلىككە ئەۋەتتى. بىراق، ئۇيسۇنلار شۇ يەردە ئۇزۇن تۇرۇپ كەتكەچكە، يۇرتلىرىغا قايتقۇسى كەلمەي قالدى. بەلكى، شۇ چاغدا تەخت ۋارىسى مەسىلىسىدە ئىچكى نىزا - ئىختىلاپ يۈز بېرىپ، كۇنبەگ ياشىنىپ قالغاچقا، بۇ ئىشلارنى ئۆزى بىر تەرەپ قىلالماي، جاڭ چيەنگە نەچچە ئون ئەلچىنى قوشۇپ خەن سۇلالىسىگە رەھمەت ئېيتىشقا، شۇنىڭ بىلەن بىللە خەن سۇلالىسىنىڭ ئەمەلىي كۈچىنى كۆرۈپ بېقىشقا ئەۋەتتى.

ھۇنلار ئۇيسۇنلارنىڭ خەن سۇلالىسىگە ئەلچى ئەۋەتكەنلىكىدىن غەزەپلىنىپ، ئادەم ئەۋەتىپ بۇنى سۈرۈشتۈرمەكچى بولدى. ئۇيسۇنلار ھۇنلارنىڭ ھۇجۇم قىلىشىدىن قورقۇپ، يەنە خەن سۇلالىسىگە ئەلچى ئەۋەتىپ

ئىسىل ئاتلار سوۋغا قىلىپ خەن مەلىكىسىنى خوتۇنلۇققا ئېلىپ، خەن سۇلالىسى بىلەن قۇدىلاشماقچى بولدى. خەن ۋۇدى سەلتەنەت دەۋرى يۇەنفېڭنىڭ ئالتىنچى يىلى (مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 105 - يىلى) خەن ۋۇدى جياڭدۇ بېگى ليۇجيەننىڭ قىزى شىجۇنگە مەلىكىلىك مەرتىۋىسىنى بېرىپ، مول سوۋغا - سالام بىلەن ئۇيسۇن خانىغا ياتلىق قىلدى. كۇنبەگ شىجۇننى ئوڭ ھەرەم خانىكىسى قىلدى. شۇ چاغدا، ھۇنلارمۇ كۇنبەگكە مەلىكە ئەۋەتتى. كۇنبەگ ئۇنى سول ھەرەم خانىكىسى قىلدى. شىجۇن ئۇيسۇن ئېلىگە كەلگەندىن كېيىن ئايرىم سارايدا تۇرۇپ، كۇنبەگ بىلەن دائىم كۆرۈشەلمەيتتى. تىل ئۇقمىغانلىقتىن مەلىكە مۇڭلىنىپ يۇرتىنى ئەسلەپ مۇنۇ نەزمىنى ئوقۇيتتى:

«ئۇيسۇن خانىغا ياتلىق قىلىشىپ،
ئۇزاتتى تۇغقانلار يىراققا مېنى.
ئۆيلىرى يۇملاق كىگىز ئوتاۋكەن،
گۆش - قېتىق ئۇلارنىڭ ئوزۇقى نېنى.
ئۆرلەيدۇ پىغانىم يۇرتنى ئەسلىسەم،
قۇش بولۇپ يۇرتۇمغا كەتسەمتىم قېنى!»

خەن ۋۇدى بۇنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئەلچىلىرىنى سوۋغا - سالام بىلەن ئۇيسۇنلارغا ئەۋەتىپ تەسەللىي بەردى. كۇنبەگ ياشىنىپ قالغاچقا تەخت ۋارىسى سەنجۇر كۇنشىبەگ (سەنجۇر ئەمەل نامى) بىلەن شىجۇننى چېتىپ قويماقچى بولدى. شىجۇن ئۇنىماي خانغا مەكتۇپ يوللاپ قايتىپ كېتىشنى تەلەپ قىلدى. خەن ۋۇدى ئۇيسۇنلار بىلەن بىرلىكتە ھۇنلارغا ھۇجۇم قىلىش ئۈچۈن، شىجۇننى ئۇيسۇنلارنىڭ ئۆرپ - ئادىتىگە بويسۇنۇپ، سەنجۇرگە ياتلىق بولۇشقا بۇيرۇدى. شىجۇن

سەنجۇردىن بىر قىز تۇغدى. كۇنبەگ ئۆلۇپ سەنجۇر تەختكە چىقتى. شىجۇنمۇ كۆپ ئۆتمەي ئۆلۇپ كەتتى. خەن ۋۇدى چۇ بېگى ليۇۋۇنىڭ نەۋرىسى جيېيۇگە مەلىكىلىك مەرتىۋىسى بېرىپ سەنجۇرگە ياتلىق قىلدى. سەنجۇر ئۆلۇش ئالدىدا ئۆزىنىڭ هۇن مەلىكىسىدىن تۇغۇلغان ئوغلى نىبەگ كىچىك بولغاچقا، تەختنى تاغىسىنىڭ ئوغلى ئۆڭكۇ بەگكە ئۆتكۇزۇپ بەردى هەمدە ئۆڭكۇ بەگ ئۆلگەندىن كېيىن تەختنى نىبەگكە ئۆتكۇزۇپ بېرىش توغرىسىدا كېلىشتى. ئۆڭكۇ بەگ تەختكە چىقىپ مەلىكە جيېيۇگە ئۆيلەندى. ئۇنىڭدىن ئۈچ ئوغۇل، ئىككى قىز تۇغدى.

خەن ۋۇدىنىڭ شىجۇن، جيېيۇلارنى ئەۋەتىپ ئۇيسۇن كۇنبەگلىرى بىلەن قۇدىلىشىش مەقسىتى هۇنلارنىڭ «ئوڭ بىلىكى» نى كېسىۋېتىش ئىدى. بۇ چارە خەن جاۋدى زامانىدىلا كۇچىنى كۆرسىتىپ، ئۇيسۇنلار بىلەن خەن سۇلالىسىنىڭ مۇناسىۋىتى كۇنسېرى قويۇقلاشقانىدى. قوياندى تەڭرىقۇت كۇنپېتىشتىكى ئىتتىپاقدىشىنىڭ خەن سۇلالىسىگە ئېغىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۇپ، ئۇيسۇنلارغا چىش - تىرنىقىغىچە ئۆچ بولۇپ، خەن سۇلالىسىنىڭ شىمالىي چېگرىلىرىغا پاراكەندىچىلىك سېلىپلا قالماي، قۇس خانلىقى بىلەن بىرلىشىپ ئۇيسۇنلارغا تاجاۋۇز قىلىپ، قورال كۇچى بىلەن تەهدىت سېلىپ ئۇيسۇنلار بىلەن خەن سۇلالىسىنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئۇزۇۋېتىشكە ئۇرۇندى. مەلىكە جيېيۇ خەن سۇلالىسىگە مەكتۇپ سۇنۇپ ياردەم تەلەپ قىلدى. خەن سۇلالىسى كېڭىشىپ بىر قارارغا كەلمەي تۇرۇپلا خەن جاۋدى ئۆلدى. ئوردا بىر مەزگىل لەشكەر چىقىرىپ ياردەم قىلىش ئىشىنى تاشلاپ قويدى. هۇنلار خەن سۇلالىسىنىڭ لەشكەر چىقارمىغانلىقىنى كۆرۇپ هەيۋىسى تېخىمۇ ئېشىپ، زور قوشۇن بىلەن ئۇيسۇنلارغا هۇجۇم قىلىپ چېپەن، ئېشى قاتارلىق جايلاردىكى ئاهالىنى ۋە مال - چارۋىلارنى تۇتۇپ كەتتى. ئۇلار يەنە ئەلچى ئەۋەتىپ ئۇيسۇنلارغا مەلىكە جيېيۇنى تۇتۇپ بېرىشنى

تەلەپ قىلدى. خەن شۈەندى تەختكە چىققان چاغدا، مەلىكە جىيېيۈ بىلەن ئۈژكۈ بەگ مەكتۇپ ئەۋەتىپ قۇتقۇزۇۋېلىشنى تەلەپ قىلدى. ئوردىنىڭ مەلىكىگە ئىچ ئاغرىتىپ لەشكەر چىقىرىپ ياردەم قىلىشنى ئۆتۈندى. ئۇيسۇنلار 50 مىڭ كىشىلىك خىل چەۋەنداز چىقىرىدىغانلىقىنى، خەن سۇلالىسى بىلەن بىرلىشىپ هۇنلارغا زەربە بەرگۈسى بارلىقىنى بىلدۈردى. خەن شۈەندى سەلتەنەت دەۋرى بېنشىنىڭ ئىككىنچى يىلى (مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 72 - يىلى) كۈزدە، خەن شۈەندى ئۇيسۇنلارنىڭ ئىلتىماسىنى قوبۇل قىلىپ 150 مىڭ قوشۇن ئەۋەتىپ، ئەڭ ئاخىرقى بىر قېتىملىق زور كۆلەملىك هەربىي يۈرۈش باشلىدى.

خەن قوشۇنلىرىنىڭ يۈرۈش تاكتىكىسىغا ئاساسەن، سانغۇن تەن گۋاڭمىڭ 40 مىڭدىن ئارتۇق چەۋەنداز بىلەن شىخېدىن، سانغۇن خەن مىڭيۈ 30 مىڭدىن ئارتۇق چەۋەنداز بىلەن جاڭيېدىن، تۇرشاۋۇل سانغۇن خەن زېڭ 30 مىڭدىن ئارتۇق چەۋەنداز بىلەن جيۇچۇەندىن، بارس سانغۇن تيەن شۇن 30 مىڭدىن ئارتۇق چەۋەنداز بىلەن ۋۇيۈەندىن يولغا چىقتى. ئۇنىڭدىن باشقا، چېرىكچى چاڭ خۇينى ئۇيسۇن لەشكەرلىرىگە نازارەتچى قىلىپ، ئۈژكۈ بەگنىڭ 50 مىڭ چەۋەندازلىرى بىلەن هۇنلارغا هۇجۇم قىلدى. خەن شۈەندى سەلتەنەت دەۋرى بېنشىنىڭ ئۈچىنچى يىلى ئەتىيازدا، خەن سۇلالىسىنىڭ بەش يولدىكى قوشۇنلىرى قورۇلدىن چىقىپ شىمالدىكى هۇنلارغا هۇجۇم قىلدى. هۇنلار خەن سۇلالىسىنىڭ زور قوشۇن ئەۋەتكەنلىكىنى ئاڭلاپ قېرى - ئاجىزلارغا مال - چارۋىلارنى هەيدەپ چۆللۈكنىڭ شىمالىغا بېرىپ پاناهلىنىشنى بۇيرۇدى. بەش سانغۇن قورۇلدىن چىقىپ يىراق بارغانلىرى ئىككى مىڭ چاقىرىم، يېقىن بارغانلىرى 800 چاقىرىم يول يۈرۈپ هۇنلارنىڭ ئاساسىي قىسمى بىلەن ئۇچرىشالماي قالدى. 5 - ئايدا، بەش سانغۇن كەينى - كەينىدىن قورۇلغا يېتىپ كەلدى. بەش سانغۇن

گەرچە ئالاھىدە نەتىجە قازىنالمىغان بولسىمۇ، ھەيۋىسى ھۇنلارنى تىترەتتى. شەرقىي يولدا ھۇنلارنىڭ ئاساسىي كۈچى كونترول قىلىنغاچقا، ئۇيسۇنلارنىڭ غەربىي يولدا ئوڭۇشلۇق ئىلگىرىلىشىگە پايدىلىق شارائىت يارىتىلدى. چاڭ خۇينىڭ نازارىتىدە كۇنبىي ئۆڭكۆبەگ 50 مىڭ چەۋەندازنى باشلاپ غەربتىن ھۇنلارنىڭ ئىچكىرىلەپ كىرىپ، ئوڭ قول خانىنىڭ ئوردىسىغا ھۇجۇم قىلىپ زور غەلىبىگە ئېرىشتى. تەڭرىقۇتنىڭ تاغىسى، يەڭگىسى، قىزى (ھۇن مەلىكىسى)، ئاتاقلىق خانلىرى، لىۋۇ كاھىبېگى، مىڭبېشى، سەركەردىلىرىدىن بولۇپ 40 مىڭدىن ئارتۇق ئادەمنى ئۆلتۈردى ۋە ئەسىر ئالدى. 700 مىڭدىن ئارتۇق مال - چارۋىنى غەنىيمەت ئالدى. ھۇنلار شۇنىڭدىن باشلاپ ئاجىزلاپ كەتتى ۋە ئۇيسۇنلارغا تېخىمۇ ئۆچ بولۇپ كەتتى.

شۇ يىلى قىشتا، قوياندى تەڭرىقۇت ئۆزى 10 مىڭ چەۋەنداز بىلەن ئۇيسۇنلارغا ھۇجۇم قىلىپ ئۆچ ئالماقچى بولدى، گەرچە ئۇيسۇنلارنىڭ بىر قىسىم قېرى - ئاجىزلىرىنى ئەسىر ئالغان بولسىمۇ، قايتىش سەپىرىدە تۇيۇقسىز قاتتىق جۇدۇن بولۇپ كېتىپ، ساق قايتىپ كەلگەنلىرى 1/10 گىمۇ يەتمىدى. ھۇنلار ھالسىرىغان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ تېلېلار شىمالدىن، ئوغانلار شەرقتىن، ئۇيسۇنلار غەربتىن ھۇجۇم قىلدى. ئۈچ ئەلنىڭ قوشۇنلىرى ھۇنلارنىڭ نەچچە ئون مىڭ ئادىمىنى ئۆلتۈرۈپ، نەچچە ئون مىڭ يىلقىسىنى، ھەددى - ھېسابسىز كالا - قويلىرىنى بۇلاپ كەتتى. ئۇنىڭغا ئۇدا بىر نەچچە ئون يىللىق ئاچارچىلىق قوشۇلۇپ، ھۇنلارنىڭ نوپۇسى ئازلاپ، ئىقتىسادى قاتتىق بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىدى. ئۇلارغا بېقىندى بولۇپ كەلگەن ئەللەر بۆلۈنۈپ، ئىچكى قىسمىدىكى كۈرەش كۈنسايىن ئۆتكۈرلىشىپ، خەن سۇلالىسى بىلەن قۇدىلىشىش مەسىلىسىنى يېڭىۋاشتىن ئويلىنىشقا مەجبۇر بولدى.

ئۇيسۇنلار خەن سۇلالىسىنىڭ بار كۈچى بىلەن قوللىشى بىلەن قىيىنچىلىقلاردىن ئوڭۇشلۇق ئۆتۈپلا قالماي، بەلكى يەنە ھۇنلارنى مەغلۇپ قىلىپ نۇرغۇن ئادەمنى ۋە مال - چارۋىلىرىنى قولغا چۈشۈردى. ئۇيسۇن خانى ئۆڭكۈبەگ خەن سۇلالىسىدىن تولىمۇ مىننەتدار بولۇپ كەتتى. خەن شۈەندى سەلتەنەت دەۋرى يۈەنكاڭنىڭ ئىككىنچى يىلى (مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 64 - يىلى) مەكتۇپ يوللاپ «مەلىكە جيېيۇدىن تۇغۇلغان چوڭ ئوغلۇم يانقۇبەگنى خانتېكىن قىلسام، خەن سۇلالىسى يانقۇبەگكە مەلىكە بېرىپ قۇدىلاشسا، ھۇنلاردىن ئۈزۈل - كېسىل قولۇمنى يۇيسام» دېدى. خەن شۈەندى ئۆڭكۈ بەگنىڭ ئىلتىماسىنى قوبۇل قىلىپ، مەلىكە جيېيۇنىڭ جيەنى شياڭفۇنى مەلىكىگە ئۆستۈرۈپ، ئۇنىڭغا ئەمەلدار مەھرەمبەگ قاتارلىقلارنى قوشۇپ شاڭلىن خانلىق مەكتىپىدە ئۇيسۇن تىلىنى ئۆگىنىشكە ئورۇنلاشتۇردى. شياڭفۇ مېڭىش ئالدىدا خەن شۈەندى ئۆزى پىڭجى قەسرىگە كېلىپ ئۇزىتىپ قويدى. چاڭلۇ بېگى چاڭ خۇينىڭ ئۇلارنى ئۇيسۇن ئېلىگىچە ئۇزىتىپ بېرىشكە يارلىق قىلدى. شياڭفۇ دۇنخۇاڭغا كەلگەندە، ئۆڭكۈبەگ ئاغرىپ ئۆلدى. ئۇيسۇن بەگلىرى ئۆڭكۈبەگ بىلەن خەن سۇلالىسى ئوتتۇرىسىدىكى ئەھدىنى بۇزۇپ، سەنجۇرنىڭ ۋەسىيىتى بويىچە نىبەگنى كۈنبەگ قىلىپ تىكلىدى. تۇيۇقسىز يۈز بەرگەن بۇ ۋەقە خەن ئوردىسىنىڭ كۆڭۈل قويۇپ ئورۇنلاشتۇرغان ئورۇنلاشتۇرۇشلىرىنى قالايمىقان قىلىۋەتتى. شۇڭا، خەن شۈەندى شياڭفۇنى قايتۇرۇپ كەتتى. نىبەگ مەلىكە جيېيۇغا ئۆيلىنىپ بىر ئوغۇل تۇغۇلدى. خەن شۈەندى سەلتەنەت دەۋرى گەنجۇنىڭ تۇنجى يىلى (مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 53 - يىلى) ئۆڭكۈ بەگنىڭ ھۇن مەلىكىسىدىن تۇغۇلغان ئوغلى لەشكەر تارتىپ نىبەگنى ئۆلتۈرۈپ، ئۆزى كۈنبەگ بولدى. خەن سۇلالىسىنىڭ بۇ ئىشنى سۈرۈشتۈرۈپ قېلىشىدىن قورقۇپ، يانقۇبەگنى چوڭ كۈنبەگ،

ئۆزىنى كىچىك كۆنبەگ دەپ ئاتىدى. خەن سۇلالىسى چاڭ خۆينى لەشكەر باشلاپ قىزىلقورغاندا تۇرۇشقا، ئىككى كۆنبەگكە ئاھالە ۋە زېمىن بۆلۈپ بېرىشكە ئەۋەتتى، شۇنىڭدىن باشلاپ ئۇيسۇنلار چوڭ كۆنبەگ، كىچىك كۆنبەگ دەپ بۆلۈنۈپ، چوڭ كۆنبەگ خەن سۇلالىسىگە، كىچىك كۆنبەگ ھۇنلارغا بېقىنىپ توختىماي ئۇرۇشتى. خەن سۇلالىسى ئىككى كۆنبەگنىڭ مۇناسىۋىتىنى تەڭشەشكە تولىمۇ كۈچەپ، ئۇيسۇنلار بىلەن بولغان دوستلۇق مۇناسىۋىتىنى ناھايىتى ئېھتىياتچانلىق بىلەن ساقلاپ قالدى.

## 4. بەن چاۋنىڭ غەربىي يۇرتنى باشقۇرغانلىقى

مىلادىيە 73 - يىلى (خەن مىڭدى سەلتەنەت دەۋرى يۇڭپىڭنىڭ 6 - يىلى) يازنىڭ بىر ئەتىگىنى، ئۇزۇن يىللار ئۇيقۇدا ياتقان ياڭگۇەن قوۋۇقى ئۇشتۇمتۇتلا تولىمۇ ئالدىراش چاپقان ئات تۇياقلىرىنىڭ ئاۋازىدىن چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتتى. 36 چەۋەنداز بىلەن بىللە كەلگەن بىر ئوتتۇرا ياشلىق قوماندان قوۋۇقتىن چىقىپ، يۇزلىرىگە ئۇرۇلۇۋاتقان قۇملارغا قارشى، قاتتىق شىغىل تاشلارنى چاچرىتىپ غەربكە قاراپ چاڭ - توزان چىقىرىپ كېتىۋاتاتتى. ئۇلارغا باش بولۇپ كېتىۋاتقان ئوتتۇرا ياش سەركەردە غەربىي يۇرتقا قايتا يول ئاچقان ۋە ئۆچمەس تارىخ ياراتقان شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ مەشھۇر سانغۇنى — بەن چاۋ ئىدى.

بەن چاۋ فۇفېڭ ۋىلايىتى ئەنلىڭ ناھىيىسىدىن (ھازىرقى شەنشى ئۆلكىسى شيەنياڭ ناھىيىسىنىڭ شەرقىي شىمالىدا) بولۇپ، ئوقۇمۇشلۇق ئائىلىدە دۇنياغا كەلگەن. دادىسى بەن بياۋ، ئاكىسى بەن گۇ، سىڭلىسى بەن جاۋلار ھەممىسىلا بىلىملىك تارىخچى ياكى ئەدىبلەردىن ئىدى. بەن گۇنىڭ مەشھۇر

تارىخىي ئەسىرى «خەننامە» نى ئەمەلىيەتتە بەن بىياۋ باشلىغان، بەن گۇ داۋاملاشتۇرغان، بەن جاۋ تولۇقلىغان بولۇپ، بەن ئائىلىسىدىكى ئۈچ كىشىنىڭ ئەمگىكى سىڭگەندى. دادىسى بىلەن ئاكىسىنىڭ تەسىرىدە بەن چاۋ كىچىكىدىنلا تىرىشىپ ئۆگەنگەن، كۆپ كىتاب ئوقۇغان. خەن تارىخىنى بېرىلىپ تەتقىق قىلغان. ھۇنلار ۋە غەربىي يۇرتنىڭ تارىخىغا قىزىقىپ قالغان، پىكىر - خىيالى چۆللۈك دالىلاردا ئات سېلىپ، قىلىچ ئوينىتىپ جەڭ قىلىشتا قالغانىدى. خەن مىڭدى سەلتەنەت دەۋرى يۇڭپىڭنىڭ بەشىنچى يىلى بەن گۇ ئوردىغا چاقىرتىلىپ ۋەزىپىگە تەيىنلەندى. بەن چاۋ ئانىسى بىلەن بىللە لوياڭغا كېلىپ ئولتۇراقلاشتى. كاتتا بەگ - خوجىلار توپلانغان شەھەردە بەن چاۋ كىرىمىنىڭ تايىنى يوق ئاكىسىغا ياردەملىشىپ ھەر كۈنى ئالدىراش - تېنەش يامۇلنىڭ تېپىقسىز خەت - ئالاقىلىرىنى كۆچۈرۈپ بېرىپ ئىشلىدى. ئاخىرى بىر كۈنى بەن چاۋ ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي قەلىمىنى تاشلىۋېتىپ ئاھ ئۇرۇپ: «قولىدىن ئىش كېلىدىغان بىر ئادەمنىڭ ئىنتىلىشى بولمىغان تەقدىردىمۇ فۇجيېزى، جاڭ چيەنلەردەك يات ئەللەردە خىزمەت كۆرسىتىپ تۆرە بولۇشى مۇمكىنغۇ؟ قانداقمۇ بىر ئۆمۈر يېزىش - كۆچۈرۈش بىلەن كۈن ئۆتكۈزگىلى بولسۇن» دەپ ۋارقىرىۋەتتى.

خەن مىڭدى سەلتەنەت دەۋرى يۇڭپىڭنىڭ 16 - يىلى ئىككىنچى ئاي باھاردا، مىرا قۇلبېگى دۇگۇ لەشكەر تارتىپ ھۇنلارغا تېگىش قىلغاندا بەن چاۋمۇ قەتئىي نىيەت بىلەن قوشۇنغا قاتنىشىپ پەخرىي ئەمىرلەشكەر بولدى. شۇنىڭدىن باشلاپ، ئۇنىڭ 31 يىللىق ھاياتى غەربىي يۇرتتا ئۆتتى. شۇ قېتىمقى ئۇرۇشتا بەن چاۋ ئۆزى بىر بۆلەك لەشكەرنى باشلاپ ئېۋىرغولغا (ھازىرقى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قۇمۇل شەھىرىنىڭ غەربىدە) ھۇجۇم قىلىپ بارىكۆل (ھازىرقى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى بارىكۆل ناھىيىسى) دە ھۇنلار بىلەن ئۇرۇش

قىلىپ نۇرغۇن دۈشمەننى ئۆلتۈردى. دۇگۇ ئۇنى لەشكىرىي ئىشلاردا قابىلىيىتى باركەن دەپ خۇشال بولۇپ، غەربىي يۇرتقا ئەلچىلىككە ئەۋەتتى، شۇنداق قىلىپ شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ غەربىي يۇرتنى يېڭىۋاشتىن باشقۇرۇشىنىڭ پەردىسى ئېچىلدى.

خەن شۈەندى سەلتەنەت دەۋرى شېنجۆ يىللىرىدا، غەربىي يۇرت «قورۇقچىبەگ مەھكىمىسى» تەسىس قىلىنغاندىن تارتىپ ھەر نۆۋەتلىك قورۇقچىبەگلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا غەربىي يۇرتتىكى خانلىقلار ئومۇمىي جەھەتتىن تىنچ ـ ئامان ياشاپ، 60 ـ 70 يىللىق ئەمىنلىك دەۋرىنى باشتىن ئۆتكۈزدى. ھۇنلارنىڭ قوغشار تەڭرىقۇتى خەن سۇلالىسىگە قارام بولغاندىن باشلاپ، شىمالىي چېگرىلارمۇ بىر مەزگىل خاتىرجەملىككە ئېرىشكەنىدى. غەربىي خەن سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىغا كەلگەندە، سىياسەتنىڭ چىرىكلىشىشى، خەن خانىنىڭ شىرەم تۇغقىنى ۋاڭ ماڭنىڭ ھوقۇقنى ئىگىلىۋېلىشى بىلەن خەن سۇلالىسىنىڭ غەربىي يۇرتتىكى ۋە ھۇنلارغا بولغان كونتروللۇقى قاتتىق ئاجىزلاپ كەتتى. خەن پىڭدى سەلتەنەت دەۋرى يۈەنشىنىڭ ئىككىنچى يىلى (مىلادىيە ئىككىنچى يىلى) ئارقا قۇس خانى قۇجۇ بىلەن ھۇنلاردىن يۈز ئۆرۈگەن تاڭروخان قورۇل چېرىكچىسى ۋە قورۇقچىبېگىنىڭ ھاقارەتلىرىگە چىدىماي ئۆز ئېلىنى باشلاپ ھۇنلارنىڭ ئارىسىغا قېچىپ كەتتى. بۇ غەربىي يۇرتتىكى مالىيمانچىلىقلارنىڭ بېشارىتى ئىدى. ۋاڭ ماڭ غەربىي يۇرتتىكى خانلىقلارغا ۋاقتىدا تەسەللىي بەرمەيلا قالماي، ئەكسىچە ھۇنلارغا ئەلچى ئەۋەتىپ ئۇ ئىككى ئادەمنى ئالدۇرۇپ كېلىپ، ھەرقايسى خانلىقلارنىڭ خانلىرىنى يىغىپ، ئۇلارنىڭ ئالدىدا ئۆلتۈرۈپ، غەربىي يۇرتتىكى خانلىقلارنىڭ غەزىپىنى قوزغىدى. ۋاڭ ماڭ يېڭى سۇلالە ئالماشتۇرغاندىن كېيىن «خان بەگلەرنى خالىغانچە پەس كۆردى»، غەربىي يۇرتتىكى خانلىقلار چاك ـ چېكىدىن پارچىلىنىشقا باشلىدى. ۋاڭ ماڭنىڭ سەلتەنەت دەۋرى

دۆلەت قۇرغانىنىڭ بەشىنچى يىلى (مىلادىيە 13 ـ يىلى) ئاگنى (ھازىرقى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى يەنجى خۇيز ۋ ئاپتونوم ناھىيىسىنىڭ غەربىي جەنۇبىدا) خانى ئاۋۋال قوزغىلىپ قورۇقچىبەگ دەن چىنىنى ئۆلتۈردى. ئاندىن ھەرقايسى خانلىقلارنىڭ قوللىشى بىلەن يېڭى قورۇقچىبەگ لى چۇڭنى مەغلۇپ قىلدى. لى چۇڭ قالدۇق قىسىملىرىنى باشلاپ كۇسەن (ھازىرقى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى كۇچا ناھىيىسى) گە چېكىنىپ مۇداپىئەدە تۇردى ۋە بىر نەچچە يىلدىن كېيىن ئۆلدى. شۇنىڭدىن باشلاپ، غەربىي يۇرتتىكى ھەرقايسى خانلىقلار ئۆز ئارا بىر ـ بىرىگە ھۇجۇم قىلىشتى. غەربىي يۇرت بىلەن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ مۇناسىۋىتى ئۈزۈلدى. ھۇنلار پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ بېسىپ كىردى. ياركەنت خانى ئەتراپتىكى خانلىقلار بىلەن ئۆز ئارا بىرلىشىپ ھۇنلارغا قارشى تۇردى. شەرقىي خەن سۇلالىسى خانى گۇاڭ ۋۇدى سەلتەنەت دەۋرى جيەن ۋۇنىڭ 14 ـ يىلى (مىلادىيە 38 ـ يىلى) ياركەنت خانى پىشامشان خانى بىلەن بىرلىشىپ ئەلچى ئەۋەتىپ غەربىي يۇرتتىكى بەگلىكلەرنىڭ ھۇنلاردىن بىزار بولغانلىقى، خەن سۇلالىسىگە قارام بولغۇسى بارلىقىنى، قورۇقچىبەگ مەھكىمىسى تەسىس قىلىشنى تەلەپ قىلدى. بۇ شەرقىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى غەربىي يۇرت بىلەن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ تۇنجى قېتىم ئالاقىسى ھېسابلىناتتى. گۇاڭ ۋۇدى ليۇشيۇ جاھاننى ئەمدىلا تىنجىتىپ، ھەممە ئىشنى يېڭىدىن يۇرۇشتۇرۇپ غەربكە قارىغۇدەك ھالى بولمىغاچقا، ئۇلارنىڭ تەلىپىنى رەت قىلدى. مىلادى 45 ـ يىلى ئارقا قۇش خانلىقى قاتارلىق 18 خانلىق خانتېكىنلىرىنى خەن سۇلالىسىگە تۇرغاقلىققا بېرىپ، يەنە بېقىنىشنى تەلەپ قىلدى. گۇاڭ ۋۇدى خانتېكىنلەرنى مول سوۋغا ـ سالاملار بىلەن قايتۇردى. بىراق، قورۇقچىبەگ مەھكىمىسى قۇرۇشنى رەت قىلدى. ئۈچ يىلدىن كېيىن ھۇنلار شىمالىي، جەنۇبىي ئىككى

بۆلەككە رەسمىي پارچىلىنىپ كەتتى. جەنۇبىي ھۇنلار خەن سۇلالىسىگە بېقىندى، شىمالىي ھۇنلار بارا - بارا غەربىي شىمالغا يۆتكىلىپ، غەربىي يۇرتنى كونترول قىلىپ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە تاجاۋۇز قىلىش بازىسى قىلماقچى بولدى، خەن مىڭدى سەلتەنەت دەۋرى يۇڭپىڭ يىللىرى (58 - 75 - يىللىرى) شىمالىي ھۇنلار غەربىي يۇرتتىكى خانلىقلارنىڭ ئىچكى زىددىيەتلىرىدىن پايدىلىنىپ، ئىككى قوشقار ئۇسۇشسە، بۆرىگە پايدا بولغاندەك، ئاخىرى غەربىي يۇرتنى تولۇق كونترول قىلىۋالدى، غەربىي يۇرتتىكى خانلىقلارنى كۈشكۈرتۈپ نۇرغۇن قېتىم خېشى رايونىغا ھۇجۇم قىلغۇزدى. خېشى ئەتراپىدىكى شەھەر قوۋۇقلىرى كېچە - كۈندۈز ئېچىلمايدىغان بولدى. شەرقىي خەن سۇلالىسى غەربىي شىمال رايونىنىڭ بىخەتەرلىكىگە كېپىللىك قىلىش ئۈچۈن، غەربىي يۇرتنى تارتىۋېلىش مەسىلىسىنى يېڭىۋاشتىن ئويلاشقا مەجبۇر بولدى.

مىلادىيە 73 - يىلى، دۇگۇ شىمالىي ھۇنلارغا ھۇجۇم قىلغاندا خەن قوشۇنلىرىغا ئېۋىرغولنى ئىگىلىگۈزگەن ھەمدە ئېۋىرغول تۇتۇقبەگ مەھكىمىسى تەسىس قىلىپ لەشكەر تۇرغۇزۇپ، تېرىقچىلىق قىلغۇزغانىدى. ئېۋىرغول شىمالىي ھۇنلارنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە تاجاۋۇز قىلىشىدا ئۆتمىسە بولمايدىغان يەر ئىدى. شۇنداقلا، غەربىي يۇرتقا كىرىشتىكى بوغۇز ئىدى. خەن قوشۇنلىرى ئېۋىرغولنى ئىگىلىگەندىن كېيىن، خەن سۇلالىسى بىلەن ھۇنلارنىڭ غەربىي يۇرتنى تالىشىش كۈرىشىنىڭ پەردىسى ئېچىلدى. بەن چاۋ مانا مۇشۇنداق بىر ئىستراتېگىيىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئەلچىلىككە ئاتلانغانىدى. بەن چاۋ غەربىي يۇرتنى يېڭىۋاشتىن بويسۇندۇرۇشتا ھۇنلاردىن يىراق بولغان ھۇنلارنىڭ كونتروللۇقى ئاجىزراق بولغان جەنۇبىي يولدىن قول سالدى. ئەينى چاغدا، جەنۇبىي يولنىڭ شەرقىي ئۇچىغا جايلاشقان پىشامشان بىلەن ئوتتۇرا غەربىي قىسىمغا جايلاشقان ئۇدۇن

جەنۇبىي يولدىكى ئىككى چوڭ خانلىق ھېسابلىناتتى. پىشامشان بىلەن غەربىي يۇرتنى كونترول قىلغانلىق جەنۇبىي يولدىكى خانلىقلارنى، ھەتتا پۈتكۈل غەربىي يۇرت ۋەزىيىتىنى مۇقىملاشتۇرغانلىق بولاتتى. شۇڭا، بەن چاۋ سەپىرىدە ئەڭ ئاۋۋال ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىن غەربىي يۇرتقا بېرىشتىكى ئۆتمىسە بولمايدىغان جاي پىشامشانغا كەلدى. پىشامشان خانى گۇاڭ خەن قوشۇنلىرىنىڭ شىمالىي ھۇنلارنى يېڭىپ، ئۆز كۈچىنى نامايان قىلغانلىقىنى ئاڭلىغان بولغاچقا، بەن چاۋ قاتارلىقلارغا زور ئىلتىپات كۆرسەتتى. لېكىن، بىر نەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن پىشامشان خانى گۇاڭنىڭ پوزىتسىيىسى تۇيۇقسىز ئۆزگىرىپ قالدى. بەن چاۋ بۇ ئۆزگىرىشنى دەرھال سېزىپ، ھۇن ئەلچىلىرىنىڭ كەلگەنلىكىنى توغرا پەرەز قىلدى. پىشامشان خانى خەن سۇلالىسى بىلەن ھۇنلار ئارىسىدا ئىككىلىنىپ قالغان، ئەڭ ئاخىرقى قارارغا تېخى كېلەلمىگەن بولسىمۇ، لېكىن ۋەزىيەت خەن ئەلچىلىرىگە پايدىسىز بولۇپ قالغانىدى. بەن چاۋ ئۆزلىرىنى كۈتۈۋاتقان پىشامشانلىقلارنىڭ ئاغزىدىن ھۇن ئەلچىلىرىنىڭ تۇرار جايىنى بىلىۋېلىپ، ئۆزى باشلاپ كەلگەن 36 ئادەم بىلەن مەسلىھەتلىشىپ «يولۋاس ئۇۋىسىغا كىرمىگۈچە يولۋاس بالىسىنى تۇتقىلى بولمايدۇ» دەپ ئۇلارنى كۈشكۈرتتى. بەن چاۋ كېچە قاراڭغۇلۇقىدا ئادەملىرىنى باشلاپ 30 نەچچە چاقىرىم يىراقلىقتىكى ھۇن ئەلچىلىرىنىڭ بارگاھىغا بېرىپ شامالنىڭ يۆنىلىشىگە بېقىپ ئوت قويۇپ، داقا ـ دۇمباقلارنى چېلىپ، قىقاس ـ چۇقان كۆتۈردى. تاتلىق ئۇيقۇدا ياتقان ھۇنلار ئالاقزادە بولۇپ نېمە قىلىشىنى بىلەلمەي قالدى. بەن چاۋ ۋە ئۇنىڭ 30 ئادەملىرى ھۇن بارگاھىنى قورشاپ ئوتتىن قېچىپ چىققان نەچچەيلەننى ئۆلتۈردى. قالغان يۈز نەچچە ئادەم ئوتتا كۆيۈپ ئۆلدى. تاڭ ئاتقاندىن كېيىن پىشامشان خانى گۇاڭ بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ قاتتىق ساراسىمىگە چۈشتى. بەن چاۋ چۈشەنچە بېرىپ

تىنچلاندۇرغاندىن كېيىنلا، خەن سۇلالىسىگە بېقىنىشقا ماقۇل بولۇپ، ئوغلىنى خەن سۇلالىسىگە تۇرغاقلىققا بەردى.

بەن چاۋ پىشامشاننى بويسۇندۇرۇپ خىزمەت كۆرسەتكەچكە خەن مىڭدى يارلىق چۈشۈرۈپ ماختاپ، ئەمىرلەشكەرلىككە كۆتۈرۈپ يەنە ئۇدۇن ئېلىگە ئەلچىلىككە بېرىشقا پەرمان چۈشۈردى. دۇگۇ بەن چاۋغا لەشكەر قوشۇپ بەرمەكچى بولغاندا، بەن چاۋ چىرايلىق گەپلەر بىلەن رەت قىلىپ، 36 لەشكىرىنى باشلاپ، جەنۇبىي يولنى بويلاپ ئۇدۇن (ھازىرقى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى خوتەن شەھىرىنىڭ شەرقىي شىمالى) غا قاراپ يولغا چىقتى. بۇ چاغدا، ئۇدۇن خانى گۇاڭدى ياركەنت خانلىقىنى يېڭىپ، خانلىق كۈچى كۈچىيىپ، جەنۇبىي يولدا زومىگەر بولۇۋالغاندى ھەمدە ھۇنلار بىلەنمۇ زىچ ئالاقە قىلىشىۋاتقانىدى. ھۇنلارمۇ ئەلچى ئەۋەتىپ ئۇنىڭ خانلىقىنى نازارەت قىلىۋاتاتتى ۋە قوغداۋاتاتتى. شۇڭا، گۇاڭدى بەن چاۋ قاتارلىقلارغا سوغۇق مۇئامىلە قىلدى ھەمدە پېرىخونلارنىڭ گېپىگە ئىشىنىپ، بەن چاۋنىڭ ئېتىنى سۆرىتىپ، ئۆلتۈرۈپ نەزىر قىلماقچى بولدى. بەن چاۋ ئاتنى بېرىشكە قوشۇلغان بولۇپ، داخاننىڭ ئۆزى كېلىپ ئاتنى ئېلىپ كېتىشنى ئېيتتى. داخان كەلگەندە بەن چاۋ ئۇنى ئۆلتۈرۈپ كاللىسىنى گۇاڭدى خانغا ئەۋەتىپ بەردى. گۇاڭدى خان قاتتىق ئالاقزادە بولۇپ، بەن چاۋنىڭ پىشامشاندا ھۇن ئەلچىلىرىنى ئۆلتۈرۈۋەتكەنلىكىدەك ھەيۋىسىدىن قورقۇپ كېتىپ، ھۇنلارنىڭ ئۆزلىرىنى نازارەت قىلىشقا ئەۋەتكەن ئەلچىسىنى ئۆلتۈرۈپ، خەن سۇلالىسىگە ئەل بولدى. بەن چاۋ گۇاڭدىغا چىرايلىق سۆزلەر بىلەن تەسەللى بەردى ۋە مول سوۋغا ـ سالام بېرىپ، ئۇدۇن ئېلىدە ئۇلارنى نازارەت قىلىش ۋە ياردەم قىلىشقا تۇرۇپ قالدى.

جەنۇبىي يولدىكى بەگلىكلەر خەن سۇلالىسىگە بېقىنغان بولسىمۇ، شىمالىي يولدىكى بەگلىكلەر يەنىلا ھۇنلارنىڭ قولىدا

ئىدى. كۇسەن خاننى ھۇنلار تىكلىگەن بولۇپ، ئۇ ھۇنلارنىڭ كۈچىگە تايىنىپ شىمالىي يولدا زومىگەر بولۇۋېلىپ سۇلۇغ (ھازىرقى قەشقەر ئەتراپىدا) خاننى ئۆلتۈرۈۋېتىپ كۇسەنلىك دۇتنى سۇلۇغقا خان قىلىپ تىكلىگەنىدى. سۇلۇغ جەنۇبىي ۋە شىمالىي يوللارنىڭ غەربتە قوشۇلىدىغان جايدا بولۇپ، جۇغراپىيىلىك ئورنى ئىنتايىن مۇھىم، سۇلۇغنى كونترول قىلالمىغاندا غەربكە بارىدىغان يول بەربىر ئېچىلمايتتى. ئىككىنچى يىلى ئەتىيازدا (مىلادىيە 74 ـ يىلى)، بەن چاۋ ئادەملىرىنى باشلاپ ئۇدۇندىن يولغا چىقىپ خىلۋەت چىغىر يوللار بىلەن سۇلۇغ تەۋەسىگە كىردى. دۇت تۇرۇۋاتقان كاۋانتا شەھىرىگە 90 چاقىرىم كېلىدىغان يەردە توختاپ، ئۆز ئادەملىرىدىن تيەن لۈ دېگەن كىشىنى دۇتنى ئەل بولۇشقا ئۈندەش ئۈچۈن ئەۋەتتى. دۇت تيەن لۈنىڭ يالغۇز بىر ئادەم ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ ھېچبىر خاۋاتىرلەنمەي، تەكەببۇرلۇق بىلەن خەن سۇلالىسىگە ئەل بولۇشنى رەت قىلدى. تيەن لۈ ئۇنىڭ تەييارلىقسىز تۇرغان پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ ئۇنى تۇيۇقسىزلا باغلىۋالدى. ئەتراپتىكى نۆكەرلىرى ئالاقزادە بولۇپ پاتپاراق بولۇپ كەتتى. تيەن لۈ دۇتنى ئاتقا ئالدى ـ دە، ئۇچقاندەك چېپىپ شەھەردىن چىقىپ كەتتى. بەن چاۋ دۇتنىڭ تۇتۇلغانلىقىنى كۆرۈپ دەرھال شەھەرگە كىرىپ سۇلۇغنىڭ سەركەردە ـ ئەمەلدارلىرىنى يىغىپ، دۇتنىڭ جىنايى قىلمىشلىرىنى سۆكتى ۋە سۇلۇغنىڭ ئەسلىدىكى خانىنىڭ جىيەنى جۇڭنى خان قىلىپ تىكلىدى. سۇلۇغلىقلار دۇتقا بۇرۇندىنلا ئۆچ بولۇپ كەتكەچكە، بەن چاۋدىن ئۇنى ئۆلتۈرۈشنى تەلەپ قىلىشتى. بەن چاۋ ئۇنى ئۆلتۈرگەننىڭ پايدىسى يوق، ئۇنى قويۇۋېتىش خەن سۇلالىسىنىڭ شاپائىتىنى بىلدۈرگەنلىك بولىدۇ، دەپ ئويلاپ دۇتنى كۇسەنگە كەتكۈزۈۋەتتى.

بەن چاۋ سۇلۇغنى ئەل قىلىپ، جەنۇبىي يولنى ئاچقان شۇ

يىلى قىشتا، خەن قوشۇنلىرىمۇ غەربىي يۇرتدا زور كۆلەملىك لەشكىرىي ھەرىكەتلەرنى قوللاندى. دۇگۇ، گېڭ بىڭلار قوشۇن تارتىپ شىمالىي يولدىكى ئالدى قۇس، ئارقا قۇس بەگلىكلىرىنى مەغلۇپ قىلىپ، شىمالىي يولنىڭ شەرقىي ئۇچىنى يېڭىۋاشتىن كونترول قىلدى. بۇ خىل ئەھۋالدا، خەن ئوردىسى غەربىي يۇرتتا يېڭىۋاشتىن قورۇقچىبەگ ۋە قورۇل چېرىكچىبېگى تەيىنلەشنى قارار قىلىپ، چېن مۇنى غەربىي يۇرت چېرىكچىبېگى، گېڭ گۇڭنى قورۇل چېرىكچىسى قىلىپ تەيىنلەپ، ئارقا قۇس خانلىقىدىكى بەشبالىق شەھىرىدە (ھازىرقى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى جىمسار ناھىيىسىنىڭ شىمالىدا) تۇرۇشقا پەرمان قىلىندى. گۇەن چۇڭ قورۇل چېرىكچىبەگلىككە تەيىنلىنىپ، ئالدى قۇس خانلىقىدىكى لۇكچۇن (ئورنى ھازىرقى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى پىچان ناھىيىسىنىڭ غەربىي جەنۇبىدا) دە تۇردى. شۇنىڭدىن باشلاپ، 60 نەچچە يىل ئۈزۈلۈپ قالغان ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك بىلەن غەربىي يۇرتنىڭ قاتناش ئالاقىسى يېڭىۋاشتىن تۈزلەڭلىك بىلەن غەربىي يۇرتنىڭ قاتناش ئالاقىسى يېڭىۋاشتىن ئېچىلدى. ھۇنلار غەربىي يۇرتتىن ئايرىلىپ قالغاندىن كېيىن قول قوشتۇرۇپ قاراپ تۇرمىدى. خەن مىڭدى سەلتەنەت دەۋرى يۇڭپىڭنىڭ 18 ـ يىلى (مىلادىيە 75 ـ يىلى) 2 ـ ئايدا، ھۇنلارنىڭ شىمالىي تەڭرىقۇتقا قاراشلىق سول قول خانى ئىككى مىڭ چەۋەنداز بىلەن قۇسقا ھۇجۇم قىلدى. گېڭ گۇڭ بەشبالىقنى قاتتىق مۇداپىئە قىلىپ، زەھەرلىك ئوق بىلەن ھۇن چەۋەندازلىرىنى چېكىندۈرگەندىن كېيىن، سۇ مەنبەسىگە يېقىن سۇلۇغ شەھىرى (ئورنى ئېنىق ئەمەس، ئارقا قۇس خانلىقى تەۋەسىدە بولۇشى مۇمكىن) گە كېلىپ ئورۇنلىشىدۇ. شۇ يىلى 7 ـ ئايدا، ھۇنلار لەشكەر چىقىرىپ سۇلۇغ شەھىرىگە تېگىش قىلىپ، يەنە گېڭ گۇڭنىڭ ھىيلىسى بىلەن چېكىندۈرۈلدى. 11 ـ ئايدا، ئاگنى، كۇسەن

خانلىقلىرى ھۇنلارنىڭ قوللىشى بىلەن قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىگە ھۇجۇم قىلىپ قورۇقچىبەگ چېن مۇ ۋە 2000 دىن ئارتۇق خەن لەشكىرىنى ئۆلتۈردى. بۇ چاغدا، ھۇنلار لۈكچۈن شەھىرىنى قامال قىلغانىدى. گۇەن چۇڭ خانغا مەكتۇپ سۇنۇپ قۇتقۇزۇشنى تەلەپ قىلدى. دەل مۇشۇ چاغدا، خەن مىڭدى ئۆلۈپ، ئوردا بىر قارارغا كېلەلمەي ياردەمگە لەشكەر ئەۋەتىش ئىشى كېچىكىپ كەتكەچكە، لۈكچۈن ھۇنلارنىڭ مۇھاسىرىسىدە قالدى. شۇنداق قىلىپ، شىمالىي يولدا خەن سۇلالىسىنىڭ گېڭ گۇڭ قاتتىق ساقلاۋاتقان ئەڭ ئاخىرقى بىرلا نۇقتىسى قالدى. بۇ چاغدا، قۇسمۇ خەن سۇلالىسىگە ئاسىيلىق قىلىپ، ھۇنلار بىلەن بىرلىشىپ بىر نەچچە ئايغىچە سۇلۇغ شەھىرىنى قامال قىلدى. بىراق، شەھەرنى ئالالمىدى. خەن جاڭدى تەختكە چىققاندىن كېيىن، خەن جاڭدى سەلتەنەت دەۋرى جيەنيۇەننىڭ تۇنجى يىلى (مىلادىيە 76 ـ يىلى) ئەتىيازدا لەشكەر چىقىرىپ قۇسقا تېگىش قىلىپ، سۇلۇغ شەھىرىنىڭ مۇھاسىرىسىنى بىكار قىلدى. بۇ چاغدا، گېڭ گۇڭنىڭ ئارانلا 26 ئادىملا قالغانىدى. خەن جاڭدى بۇ قېتىمقى يۈرۈشتىن كېيىن، غەربىي يۇرتتا لەشكەر تۇرغۇزغۇسى كەلمەي، غەربىي يۇرت قورۇقچىبېگىنى ۋە قورۇل قورۇقچىبېگىنى بىكار قىلدى. ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك بىلەن غەربىي يۇرتىدا ئەمدىلا ئەسلىگە كەلگەن ئالاقە يەنە ئۈزۈلۈپ قالدى.

خەن ئوردىسى غەربىي يۇرتتىن ۋاز كېچىشنى قارار قىلغان بىر پەيتتە، بەن چاۋ بىلەن سۇلۇغ خانى جۇڭ شىمالىي يولدىكى ھۇنلار بىلەن كۇسەن، قۇم خانلىقلىرىنىڭ بىرلەشمە ھۇجۇملىرىغا باتۇرلۇق بىلەن قارشى تۇرۇپ، كاۋاتتا شەھىرىنى بىر يىلدىن ئارتۇق ساقلىدى. خەن جاڭدى غەربىي يۇرت چېرىكچىبەگ مەھكىمىسى بىكار قىلىندى. بەن چاۋدەك يالغۇز ئاتنىڭ چېڭى چىقمايدۇ دەپ قاراپ، بەن چاۋغا قايتىپ كېلىشكە

پەرمان چۈشۈردى. بەن چاۋنىڭ قايتماقچى بولغانلىقى سەۋەبلىك سۇلۇغ خانلىقى ۋەھىمە ئىچىدە قالدى. كاھبەگ لى يەن خەن ئەلچىسى كېتىپ قالسا كۇسەنلىكلەرنىڭ ئۆزلىرىنى مۇنقەرز قىلىدىغانلىقىنى ئويلاپ، قورققىنىدىن ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالدى. بەن چاۋ ئۇدۇنغا كەلگەندە ئۇدۇننىڭ خان - بەگلىرى بەن چاۋنىڭ ئېتىنىڭ پۇتىغا ئېسىلىۋېلىپ زادى ماڭغىلى قويمىدى. بەن چاۋ غەربىي يۇرتتىكى خانلىقلارنىڭ خەن سۇلالىسىگە بولغان ساداقىتىدىن قاتتىق تەسىرلىنىپ، ئۆز ئىشىنىڭ يېرىم يولدا تاشلىنىپ قېلىشىغا كۆڭلى ئۇنىماي، ئېتىنىڭ بېشىنى بۇراپ سۇلۇغقا قايتتى. بۇ چاغدا سۇلۇغنىڭ ئىككى شەھىرىدە توپىلاڭ كۆتۈرۈلۈپ، كۇسەنگە تەسلىم بولۇپ، سەپەرباي بەگلىكى بىلەن بىرلەشمە قوشۇن تەشكىللىگەنىدى. بەن چاۋ قايتىپ كېلىپ توپىلاڭنى تىنجىتىپ، سەپەرباي بەگلىكىگە زەربە بېرىپ، سۇلۇغنى بازا قىلىپ، شىمالىي يولنى راۋانلاشتۇرماقچى بولدى.

خەن جاڭدى سەلتەنەت دەۋرى جيەنچۇنىڭ ئۈچىنچى يىلى (مىلادىيە 78 - يىلى)، بەن چاۋ سۇلۇغ، كانگا، ئۇدۇن، ئۇزۇن تات (ئورنى ھازىرقى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى كېرىيە ناھىيىسىنىڭ شەرقىي شىمالىدا) خانلىقلىرىنىڭ ئون مىڭدىن ئارتۇق قوشۇنىنى باشلاپ ئالدى بىلەن سۇلۇغنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى قۇم خانلىقىغا ھۇجۇم قىلدى. بۇ چاغدا، قۇم خانلىقى كۇسەن بىلەن ھۇنلارغا قارام بولغانىدى. بەن چاۋ قۇم خانلىقىنىڭ تاش قەلئەسىنى ھۇجۇم بىلەن ئېلىپ، شەرقىي شىمالدىن كېلىدىغان تەھدىتنى يوقاتتى. شۇنىڭدىن كېيىن، بەن چاۋ سىياسىي كۆز قاراشلىرى ھەققىدە خەن خانىغا مەكتۇپ سۇنۇپ، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ كۈچىنى ئىشلەتمەي «ياتلارنىڭ قولى قولى بىلەن ياتلارنى يوقىتىش»، غەربىي يۇرتلۇقلار ئارقىلىق غەربىي يۇرتنى بىرلىككە كەلتۈرۈش نىيىتىنى بىلدۈردى. خەن جاڭدى بەن چاۋنىڭ قاراشلىرىغا قوشۇلۇپ، شۇ

گەننى پەخرىي ئەمىر لەشكەر قىلىپ تەيىنلەپ، مىڭ لەشكىرىنى باشلاپ ياردەمگە ئەۋەتتى. شۇگەن تېخى يېتىپ كەلمەي تۇرۇپلا، جەنۇبىي يولدىكى ياركەنت خانلىقى خەن سۇلالىسى لەشكەر چىقىرالمايدۇ. بەن چاۋ يەككە ـ يېگانە قالدى. كۇسەنىنىڭ رەقىبى بولالمايدۇ دەپ ئويلاپ، كۇسەنگە تەسلىم بولۇپ كەتكەنىدى ۋە سۇلۇغنىڭ كاھىبېگى فەن چېنىنمۇ خەن سۇلالىسىدىن يۈز ئۆرۈشكە كۈشكۈرتكەنىدى. بەن چاۋ ئالدى ـ كەينىدىن زەربىگە ئۇچراپ تولىمۇ يامان ئەھۋالدا قالغانىدى. دەل مۇشۇ پەيتتە شۇ گەن لەشكەرلىرىنى باشلاپ يېتىپ كېلىپ، بەن چاۋ بىلەن قوشۇلۇپ فەن چېننى مەغلۇپ قىلىپ، سۇلۇغنى 3 ـ قېتىم تىنچلاندۇردى. شۇنىڭدىن كېيىن، خانغا مەكتۇپ سۇنۇپ ئەلچى ئەۋەتىپ، ئۇيسۇنلارغا كۇسەنگە بىرلىكتە زەربە بېرىش ھەققىدە تەكلىپ بەردى. خەن جاڭدى سەلتەنەت دەۋرى جيەنچۇنىڭ سەككىزىنچى يىلى (مىلادىيە 83 ـ يىلى) خەن جاڭدى بەن چاۋنىڭ پىلانىنى تەستىقلاپ، بەن چاۋنى غەربىي يۇرت دورغايى، شۇگەننى دالا لەشكەر بېشى قىلىپ تەيىنلىدى. ئۇنىڭدىن باشقا، باسقاق بېگى لى يىنى ئۇيسۇن ئەلچىسىنى مۇھاپىزەت قىلىپ ئاپىرىپ قويۇشقا تەيىنلەپ، خەن سۇلالىسىنىڭ ياخشى نىيىتىنى ئىپادىلىدى. ئويلىمىغان يەردىن لى يى ئۇدۇنغا ئەمدىلا يېتىپ كەلگەندە كۇسەنىڭ سۇلۇغقا ھۇجۇم قىلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ، قورقۇپ ئالدىغا مېڭىشقا پېتىنالمىدى ـ دە، ئۇيسۇنلار بىلەن ئالاقىلىشىش پىلانىنى ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولمىغۇدەك دە خانغا مەلۇماتنامە سۇندى. شۇنداقلا، يەنە بەن چاۋنى خانلىقنىڭ ئىشىنى نەزەردە تۇتماپتۇ، خوتۇن ـ بالىلىرى بىلەن بولۇپ كېتىپتۇ، غەربىي يۇرتتا ئەيش ـ ئىشرەت بىلەن بولۇپ خەن سۇلالىسىگە قايتقۇسى كەلمەي قاپتۇ، دەپ تۆھمەت قىلدى. بەن چاۋ بۇنى ئاڭلاپ خوتۇن ـ بالىلىرىنى خەن سۇلالىسىگە ئەۋەتىۋەتتى، خەن جاڭدى بەن چاۋنىڭ خانلىققا بولغان

ساداقىتىنى چوڭقۇر ھېس قىلىپ، لى يىنى ئەيىبلەپ ئۇنى سۇلۇغقا بېرىپ بەن چاۋنىڭ پەرمانىغا بويسۇنۇشنى بۇيرۇدى. بۇ سۇنىڭ دولقۇن تىنجىتىلغان بولسىمۇ، ئۇيسۇنلار بىلەن بىرلىشىش پىلانى تاشلىنىپ قالدى.

خەن جاڭدى سەلتەنەت دەۋرى يۈەنفېڭنىڭ تۇنجى يىلى (مىلادىيە 84 ـ يىلى) خەن جاڭدى يەنە سىماخېگۇڭ قاتارلىقلارنى 80 لەشكەر بىلەن بەن چاۋغا ياردەمگە ئەۋەتتى. خەن ئۇردىسىنىڭ قوللىشى بىلەن بەن چاۋ ياركەنتنى بويسۇندۇردى. جەنۇبىي يولنىڭ بىخەتەرلىكىگە كېپىللىك قىلىشقا بەل باغلىدى. بەن چاۋ سۇلۇغ، ئۇدۇن خانلىقلىرىنىڭ لەشكەرلىرىنى تەشكىللەپ ياركەنتكە شەرق ـ غەرب تەرەپتىن تەڭلا ھۇجۇم قىلدى. بىراق، ئۇرۇش تولىمۇ ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىدى. ياركەنت خانى سۇلۇغ خانى جۇڭنى زور مەنپەئەتلەر بىلەن سېتىۋالدۇ، شۇنىڭ بىلەن بەن چاۋ سۇلۇغ خانىنىڭ ياردەمچى بېگى چېڭ دانى سۇلۇغقا خان قىلىپ، ئاسىيلىق قىلمىغان سۇلۇغلۇقلارنى يىغىپ جۇڭغا ھۇجۇم قىلدى. يېرىم يىل ئۆتۈپ كەتتى. كانگا خانى سەرخىل چەۋەندازلىرىنى ئەۋەتىپ جۇڭغا ياردەم قىلدى. بەن چاۋ كانگا خانىغا لەشكەرلىرىنى چېكىندۇرۇپ، جۇڭنى ئېلىپ يۇرتىغا قايتىپ كېتىش ھەققىدە نەسىھەت قىلدى. سۇلۇغتىكى ئىسيان تىنجىتىلغان بولسىمۇ، باشتىن ـ ئاخىر ياركەنتنى ئىگىلىيەلمىدى. ئۈچ يىلدىن كېيىن، جۇڭ بىر تەرەپتىن كۇسەن خانى بىلەن مەخپىي مەسلىھەتلىشىپ كۇسەن خانىنىڭ كۈچى بىلەن خانلىق تەختىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە ئۇرۇنسا، يەنە بىر تەرەپتىن سۇلۇغقا ئەلچى ئەۋەتىپ يالغاندىن ئەل بولۇپ بەن چاۋنىڭ پوزىتسىيىسىنى ئوقۇپ باقماقچى بولدى. بەن چاۋمۇ ئۇنىڭ غەرىزىنى ئوقۇپ، ئۇنىڭ سۇلۇغقا قايتىشىغا قوشۇلغان بولۇۋالدى. جۇڭ سۇلۇغقا كېلىشى بىلەنلا بەن چاۋ ئۇنى ئۆلتۈردى. شۇنىڭدىن كېيىن يەنە بەن چاۋ سۇلۇغنىڭ

ۋەزىيەتنى ئۆزۈل - كېسىل كونترول قىلدى. ئەمدى ھېچنېمىدىن غېمى قالمىغان بەن چاۋ خەن جاۋدى سەلتەنەت دەۋرى جاڭخېنىڭ تۇنجى يىلى (مىلادىيە 87 - يىلى) ياركەنتكە تېگىش قىلدى. كۇسەن خانى ياركەنتكە ياردەم بېرىش ئۈچۈن ئۇنسۇ، قۇم، سەپەرباي قاتارلىق ئەللەردىن 50 مىڭ كىشىلىك قوشۇن توپلىدى. بەن چاۋ ئۇدۇن خانى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ كۇسەن قوشۇنلىرىنىڭ كۆزىنى غەلەت قىلىپ غەربكە سۇلۇغقا قايتتى. ئۇدۇن لەشكەرلىرى شەرققە ئۇدۇنغا قايتتى. كۇسەن خانى قىلتاققا چۈشۈپ، شەخسەن ئۆزى 10 مىڭدىن ئارتۇق ئادىمىنى باشلاپ ياركەنتنىڭ غەربىگە يۈرۈش قىلىپ، خەن قوشۇنلىرىنى توسۇپ زەربە بەرمەكچى بولدى. ئۇنسۇ خانى 8000 چەۋەنداز بىلەن ياركەنتنىڭ شەرقىغە يۈرۈش قىلىپ ئۇدۇن خانىنى توسۇپ زەربە بەرمەكچى بولدى. ئىككى قوشۇن يولغا چىققاندىن كېيىن بەن چاۋ ياركەنت خانىنىڭ بارگاھىغا جىددىي تېگىش قىلدى. ياركەنت قوشۇنلىرى ئالاقزادە بولۇپ كەتتى. بەن چاۋ 5000 دىن ئارتۇق ئادەمنى ئۆلتۈردى. ياركەنت ئەل بولدى. كۇسەن خانى قاتارلىقلار پۈرسەتنىڭ ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ، ھەرقايسىسى ئۆز ئېلىگە قايتتى. بەن چاۋنىڭ ياركەنتنى تەسلىم قىلغانلىقى غەربىي يۇرتنى زىلزىلىگە كەلتۈردى. شۇنىڭدىن باشلاپ، جەنۇبىي يول راۋانلاشتى. خەن جاڭدى سەلتەنەت دەۋرى يۈڭيۈەنىنىڭ ئىككىنچى يىلى (مىلادىيە 89 - يىلى) دۇشيەن شىمالىي ھونلارنى يېڭىپ، يەنرەن تېغىغا چىقىپ، چوڭ غەلىبىنى تاشقا ئويۇپ قايتتى. 2 - يىلى 5 - ئايدا دۇشيەن ياردەمچى چېرىكچى يەن پەننى ئەۋەتىپ ئىۋۇرغولدىكى شىمالىي ھونلارنى مەغلۇپ قىلىپ، ئالدى قۇس، ئارقا قۇس خانلىقلىرى خەن سۇلالىسىگە ئەل بولۇپ، بەن چاۋنىڭ غەربىي يۇرتنى بىرلىككە كەلتۈرۈشىگە مۇستەھكەم ئاساس سېلىپ بەردى. بەن چاۋ خەن قوشۇنلىرىنىڭ شىمالىي ھونلارنى

مەغلۇپ قىلغان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، شىمالىي يولنى راۋانلاشتۇرماقچى بولغاندا ئويلىمىغان بىر ۋەقە يۈز بەردى.

خەن جاڭدى سەلتەنەت دەۋرى يۈەنيۈەننىڭ ئىككىنچى يىلى (مىلادىيە 90 - يىلى) ئەزەلدىن خەن سۇلالىسى بىلەن ياخشى ئۆتۈپ كەلگەن توخرى خانى بەن چاۋنىڭ ئۆزىنىڭ خەن مەلىكىسىگە ئۆيلىنىش تەكلىپىنى رەت قىلغانلىقىنى باھانە قىلىپ، ياردەمچى خان شىيېنى 70 مىڭ كىشىلىك زور قوشۇننى باشلاپ كۆكئارتتىن ئۆتۈپ بەن چاۋغا ھۇجۇم قىلىشقا ئەۋەتتى. بەن چاۋنىڭ قول ئاستىدىكى سەركەردە - لەشكەرلەر قاتتىق ئالاقزادە بولۇشتى. بەن چاۋ بولسا تولىمۇ ئېغىر - بېسىقلىق بىلەن قول ئاستىدىكىلەرگە: «توخرىلارنىڭ لەشكىرى كۆپ بولسىمۇ، كۆكئارت تېغىدىن ئۆتۈپ كەلگۈچە ئاشلىق توشۇش - يۆتكەش ئىشلىرىدا قىيىنىلىدۇ. بىز يېتەرلىك ئاشلىق يىغىۋېلىپ ئورنىمىزنى چىڭ ساقلىساقلا، ئۇن كۈنگە قالماي توخرىلار قوشۇنى چوقۇم ئاچ قېلىپ مەغلۇپ بولىدۇ» دەپ تەسەللى بەردى. دەرۋەقە بەن چاۋنىڭ ئويلىغىنىدەكلا توخرى قوشۇنلىرى ھەيۋەت بىلەن يوپۇرۇلۇپ كېلىپ شەھەر سېپىلىدا توسۇلۇپ، ئۇزۇن ھۇجۇم قىلغان بولسىمۇ ئۇنۇمى بولمىدى. بۇلاڭ - تالاڭ قىلىپمۇ ھېچنېمىگە ئېرىشەلمىدى. كۆسەنگە ياردەم تىلەشكە ئەۋەتكەن ئەلچىلىرىنى بەن چاۋ ئادەم ئەۋەتىپ ئۆلتۈردى. توخرى قوشۇنى ئاچ قېلىش خەۋپىدە قالدى. ياردەمچى خان شيې يا ئالدىغا ئىلگىرىلىيەلمەي، يا چېكىنىپ كېتەلمەي، بەن چاۋغا ئەلچى ئەۋەتىپ گۇناھىنى تىلەپ، تىرىك قايتىش ئارزۇسىنى ئىپادىلىدى. بەن چاۋ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ توخرىلار بىلەن قايتىدىن يارىشىپ، توخرى قوشۇنىنى دۆلىتىگە يولغا سېلىپ قويدى. بۇنىڭ بىلەن، توخرىلار بەن چاۋدىن قاتتىق تەسىرلىنىپ ھەر يىلى خەن سۇلالىسىگە ئەلچى ئەۋەتىپ خەن سۇلالىسى بىلەن قايتىدىن دوستلاشتى.

بەن چاۋ ئۇلۇغ توخرىلارنى چېكىندۈرۈپ ئىككىنچى يىلى (مىلادىيە 91 ـ يىلى) 2 ـ ئايدا، دۇشيەن گېنىڭ گۇينى جىنۋېي تېغىدىكى شىمالىي ھۇنلارغا ھۇجۇم قىلىشقا ئەۋەتتى. شىمالىي ھۇنلارنىڭ تەڭرىقۇتى مەغلۇپ بولۇپ غەربكە چېكىندى. بەن چاۋنىڭ غەربىي يۇرتنى بىرلىككە كەلتۈرۈش پۇرسىتى پۈتۈنلەي پىشىپ يېتىلدى. 10 ـ ئايدا، شىمالىي يولدىكى كۇسەن، قۇم، ئۇنسۇ خانلىقلىرى ھۇنلارنىڭ كۈچىنىڭ غەربىي يۇرتتىن چېكىنىپ چىقىپ كەتكەنلىكىنى، ئۆزلىرىنىڭ تايانچىسىز قالغانلىقىنى كۆرۈپ، بەن چاۋغا ئەل بولدى. 12 ـ ئايدا، شەرقىي خەن سۇلالىسى غەربىي يۇرتتا قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى قارار قىلىپ، بەن چاۋنى قورۇقچىبەگ قىلىپ تەيىنلىدى. قورۇقچىبەگ مەھكىمىسى كۇسەن خانلىقىنىڭ تاچيەن شەھىرى (ئورنى ئېنىق ئەمەس، تەخمىنەن ھازىرقى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى كۇچا ناھىيىسىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا توغرا كېلىدۇ) گە تەسىس قىلىندى. شۇگەن دورغاپ بولۇپ سۇلۇغدا تۇردى. شۇ چاغدا غەربىي يۇرتتا چېن مۇنى ئۆلتۈرۈپ قويغانلىقى ئۈچۈن گۇناھىدىن قورقۇپ بەن چاۋغا ئەل بولۇشقا پېتىنالماي تۇرغان ئاگنى، چولقۇن، كۆنچى قاتارلىق ئۈچ خانلىقنىلا ھېسابقا ئالمىغاندا، قالغانلارنىڭ ھەممىسى تىنجىتىلدى. خەن خېدى سەلتەنەت دەۋرى يۇڭيۈەنىنىڭ ئالتىنچى يىلى (مىلادىيە 94 ـ يىلى) كۈزدە، بەن چاۋ كۇسەن، پىشامشان قاتارلىق سەككىز خانلىقنىڭ 70 مىڭدىن ئارتۇق لەشكىرىنى يىغىپ غەربىي يۇرتنى بىرلىككە كەلتۈرۈشنىڭ ئەڭ ئاخىرقى جېڭىنى باشلىدى. بەن چاۋ زور قوشۇننى باشلاپ شىمالدىن شەرققە قاراپ ئاۋۋال كۆنچى خانلىقىنىڭ چېگرىسىغا كەلدى. بەن چاۋ ئۈچ خانلىقنىڭ خانلىرىغا ئەلچى ئەۋەتىپ: «قورۇقچىبەگنىڭ بۇ قېتىم كېلىشتىكى مەقسىتى ئۈچ ئەلنى تىنجىتىش، ئەگەر سىلەر خاتا

يولدىن يېنىپ توغرا يولغا ماڭساڭلار، چوڭ ئەمەلدارلارنى بىزنى قارشى ئېلىشقا ئەۋەتسەڭلار، قورۇقچىبەگ ئىنئام بېرىپلا قايتىدۇ» دەپ ئۇقتۇردى. ئاگنى خانى ئۆزىنىڭ سول قول سانغۇنى بېيجيەنجىنى چىقىرىپ بەن چاۋنى كۈتۈۋېلىپ، ئۇنىڭ گەپ - سۆزلىرىنىڭ راست - يالغانلىقىنى بىلىپ باقماقچى بولدى. بېيجيەنجى شىمالىي ھۇنلارنىڭ ئاگنىغا ئەۋەتكەن ئاتاقتىكى تۇرغاقى، ئەمەلىيەتتە ھۇنلارنىڭ ھەربىي نازارەتچىسى ئىدى. بەن چاۋ بېيجيەنجىنى كۆرۈپلا ئۇنى قاتتىق ئەيىبلەپ: «سەن ھۇنلارنىڭ تۇرغاقى تۇرۇپ ئەمدىلىكتە ئاگنى خانلىقىنىڭ ھوقۇقىنى تۇتىۋاتىسەن، ئاگنى خانى ئۆزى كېلىپ كۈتۈۋالمىدى. مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى سېنىڭ گۇناھىڭ!» دېدى. بەزىلەر ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتىشنى تەلەپ قىلدى. بەن چاۋ بۇ ئادەمنىڭ ھوقۇقى ئاگنى خانىدىنمۇ مۇھىم، بۇنى ئۆلتۈرۈۋەتسەك ئاگنى خانىنى چۆچۈتۈپ قويىمىز. بىرىنى ئۆلتۈرۈش بىلەن ئۈچ خانلىقنى تىنجىتىشتىكى قىيىنچىلىقلارنى كۆپەيتىۋالىمىز دەپ قاراپ، ئۇنىڭغا سوۋغا - سالاملار بېرىپ قايتۇردى. كۆپ ئۆتمەي، ئاگنى خانى بەگ - خوجىلارنى باشلاپ كېلىپ بەن چاۋ بىلەن كۆرۈشۈپ، قىممەتلىك سوۋغىلارنى تەقدىم قىلدى. بىراق، كۆڭلىدە ئەل بولغۇسى يوق ئىدى.
شۇڭا، ئادەم ئەۋەتىپ قايدۇ دەرياسىدىكى بىردىنبىر كۆۋرۈك قۇمۇش كۆۋرۈكنى بۇزدۇرۇپ، بەن چاۋ قوشۇنىنىڭ ئاگنىغا كىرىشىنى توسماقچى بولدى. بەن چاۋ قەيسەرلىك بىلەن باشقا بىر جاي ئارقىلىق دەريادىن كېچىپ ئۆتۈپ ئاگنىنىڭ ئاستانىسى قاراشەھەرگە 20 چاقىرىم كېلىدىغان جايدا بارگاھ قۇردى. ئاگنى خانى قاتتىق ئالاقزادە بولۇپ شەھەرنى تاشلاپ قاچماقچى بولدى.
بۇ چاغدا، ئۇ تۇيۇقسىز بەن چاۋنىڭ ھەرقايسى خانلىقلارنىڭ خانلىرى ۋە بەگ - خوجىلىرىغا چوڭ ئىنئام بېرىلىدۇ دېگەن نامىدىكى مەكتۇپىغا ئىشىنىپ كۆنچى خانى فەن، بېيجيەنجى

قاتارلىق 30 دىن ئارتۇق ئادەم بىلەن زىياپەتكە كەلدى. ئاگنى خاننىڭ ۋەزىرى فۇجىيۇ قاتارلىقلار ئۆلتۈرۈۋېتەرمىكىن دەپ قورقۇپ تاغقا قېچىپ كەتتى. ھەممەيلەن ئۆلتۈرۈپ بولغاندا، بەن چاۋ تويۇقسىز چىرايىنى ئۆزگەرتىپ ئاگنى خانى قاتارلىقلارنى باغلاتقۇزۇپ، چېن مۇ ئۆلتۈرۈلگەن جايغا ياللاپ ئاپىرىپ ئۆلتۈرۈپ، كاللىسىنى خەن ئاستانىسىگە يەتكۈزۈپ تۆھپە مەلۇم قىلىشنى بۇيرۇدى. ئاندىن ئاگنى خاننىڭ شەھىرىگە لەشكەر تارتىپ بېرىپ، 5000 دىن ئارتۇق ئادەمنى ئۆلتۈردى. 15 مىڭدىن ئارتۇق ئادەمنى ئەسىر ئالدى. 300 مىڭدىن ئارتۇق مال - چارۋىنى ئولجا ئالدى. شۇنداقلا خەن سۇلالىسىنىڭ تۇرغاقى يۈەن مىڭنى ئاگنىغا خان قىلىپ تىكلىدى. كۆنچى، چوقۇ خانلىرىمۇ يېڭى خان تىكلىدى، شۇنداق قىلىپ، بەن چاۋ زور مۇۋەپپەقىيەت قازىنىپ، غەربىي يۇرتتىكى 50 نەچچە بەگلىك يېڭىۋاشتىن خەن سۇلالىسىگە قارام بولدى.

خەن خىدى سەلتەنەت دەۋرى يۇڭيۈەننىڭ يەتتىنچى يىلى (مىلادىيىدىن 95 - يىلى) بەن چاۋ غەربىي يۇرتنى تىنچىتقانلىقى ئۈچۈن «يىراقنى تىنچلاندۇرغۇچى بەن چاۋ» دەپ ئاتالدى. ئەينى ۋاقىتتىكى 10 مىڭ چاقىرىم يىراقلىقتىكى يەرلەرنى بويسۇندۇرۇشتەك ئۇلۇغۋار ئىرادىسى ئاخىر ئەمەلگە ئاشتى.

خەن خېدى سەلتەنەت دەۋرى يۇڭجۈەننىڭ 12 - يىلى (مىلادىيە 100 - يىلى) بەن چاۋ غەربىي يۇرتنى 20 نەچچە يىل باشقۇرۇپ، يېشىمۇ بىر يەرگە بېرىپ قالغان، ھارغان، ئەينى چاغدىكى قىران يىگىت، ئەمدى بولسا چېكە چاچلىرى ئاقارغان، تېنىنى كېسەل چىرمىۋالغان، ئۆي - خىياللىرى چىگىش بىر بوۋايغا ئايلانغانىدى. بەن چاۋ خانغا مەكتۇپ سۇنۇپ: «جيۇچۈەن ۋىلايىتىگە بېرىشقا پېتىنالمايمەن، پەقەت قاشقوۋۇقتىن ھايات چېغىمدا كىرەلىسەملا بولدى» دېگەندەك تەسىرلىك سۆزلەر بىلەن خەن خېدىدىن بالدۇراق يۇرتىغا قايتىشنى ئىلتىماس قىلدى.

ئويلىغان يەردىن ئۈچ يىلغىچە ئۇنىڭ جاۋابى بولمىدى. بەن چاۋنىڭ سىڭلىسى بەن چاۋ ئامالسىز خانغا مەكتۇپ سۇنۇپ، ئاغىسىنىڭ تۆھپىلىرىنى، تېنىنى كېسەل چىرمىۋالغانلىقىنى بايان قىلىپ يالۋۇردى. خەن خېدى ئاخىر تەسىرلىنىپ بەن چاۋنى ئوردىغا قايتۇرۇپ كەلدى. خەن خېدى سەلتەنەت دەۋرى يۈئېيۈەننىڭ 14 ـ يىلى (مىلادىيىدىن 102 ـ يىلى) 8 ـ ئايدا بەن چاۋ ئايرىلغىنىغا 31 يىل بولغان ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە قايتىپ كېلىپ بىر ئايدىن كېيىن ئۆلدى.

«كېسلگەچكە ھۇنلارنىڭ قولى،
ئابىدىلەر تىكلەندى ئەنە.
پىي سىن بولغاچ تەڭرىتېغىدا،
لەشكەرلىرى قىلدى تەنتەنە.
قەتلى قىلىپ قوياندى خاننى،
كىردى قوشۇن قورۇلدىن يەنە.
تۆھپىلىرى تاشقا ئويۇلۇپ،
كۆل ئېچىلدى قاندىن تويۇنۇپ.»

بۇ شېئىرنى چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ياشىغان شائىر لى لۇەنشۇەن يازغانىدى. شىنجاڭنىڭ باركۆل شەھىرىگە كەلگەندە شەرقىي خەن سۇلالىسى يۇڭخېنىڭ ئىككىنچى يىلى (مىلادىيىدىن كېيىنكى 137 ـ يىلى)، دۇنخۇاڭ قوشبېگى (ۋالىيسى) پىي سېنىنىڭ مۇشۇ يەردە ھۇنلارنىڭ قالدۇق قىسىملىرىنى يېڭىپ قوياندى خاننى ئۆلتۈرگەندىن كېيىن، بۇ تۆھپىسىنى خاتىرىلەپ تىكلەنگەن خاتىرە تېشىنى كۆرۈپ ئىلھاملىنىپ يازغانىدى. بۇ ئىشلار ئالللىقاچان ئۆتۈپ كەتتى. ئەينى چاغدا، قىر ـ چاپ سادالىرى ياڭرىغان جەڭگاھ ئالللىقاچان تىنجىپ قالدى. پەقەت

ئۇنىمىز خاتىرە تاش ئىككى خەن دەۋرىدىكى سەركەردە ـ لەشكەرلەرنىڭ تەڭرىتاغىنىڭ شىمالى ۋە جەنۇبىدا قان كېچىپ جەڭ قىلغانلىقىنى ۋە ھۇنلارنىڭ ئوڭ بىلىكىنى كېسىپ تاشلىغانلىقىدەك جەڭ تۆھپىلىرىنى سۇكۇت ئىچىدە خاتىرىلەپ تۇرۇپتۇ. خەيرىيەت، بۇ خاتىرە كىشىلەر ئارىسىدا ئۇزۇن زامانلارغىچە ساقلانغۇسى.

# ئالتىنچى باب

«بىر قېتىم ئەجىر قىلىپ مەڭگۈلۈك بەختلىك
بولۇش، ۋاقىتلىق بەدەل تۆلەپ مەڭگۈ
خاتىرجەملىككە ئېرىشىش»

## — ئىككى خەن دەۋرىدىكى خەن، ھۇن مۇناسىۋىتى

● ۋاڭ ماڭنىڭ ئون بەش تەڭرىقۇت تىكلىگەنلىكى، ھۇنلارنىڭ غەزەپلىنىپ لەشكەر تارتقانلىقى.

● «خەن سۇلالىسى مېنى ھۆرمەتلىشى كېرەك» — تەڭرىقۇتنىڭ يارىششىنى رەت قىلغانلىقى

● شىمالىي چېگرا ئۆرۈش ئوتلىرىنىڭ قايتا يالقۇنجىغانلىقى؛ ھۇنلارنىڭ جەنۇبىي شىمالىي ھۇنلارغا پارچىلانغانلىقى

● خەن مىڭدىنىڭ شىمالىي ھۇنلارغا لەشكەر تارتقانلىقى.

● «سېسىق چاشقان» دۆشيەنىڭ يەنرەن تېغىدا ئابىدە تىكلىگەنلىكى.

● ئەڭ ئاخىرقى بىر قېتىملىق كۆڭۈلسىز جەڭ

# 1. ۋاڭ ماڭنىڭ ھۇنلارنى پاراكەندە قىلغانلىقى

قوغشار تەگرىقۇت خەن شۈەندى، خەن يۈەندى زامانىدا خەن سۇلالىسىگە بېقىنغاندىن تارتىپ، خەن سۇلالىسى بىلەن ھۇنلارنىڭ تىنچلىقتا بىللە تۇرۇشتەك دوستانە مۇناسىۋەتتى ئىزچىل ساقلاپ كەلگەنىدى. قوغشار تەگرىقۇتنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن، ھەر نۆۋەتلىك تەگرىقۇتلار ئۆزلىرىنىڭ مەشھۇر خانلىرىنى خەن سۇلالىسىگە ئەۋەتىپ تۆھپە بىلدۈردى. خان تېكىنلەرنى تۇرغاقلىققا ئەۋەتتى ھەتتا شەخسەن ئۆز خەن سۇلالىسىگە قەدەم تەشرىپ قىلدى. خەن سۇلالىسىمۇ ھۇنلارنىڭ ئەلچىلىرىگە ئالاھىدە ئىلتىپات كۆرسەتتى، ھەر قېتىم مەخسۇس ئەلچىلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇپ قورۇلغا بېرىپ كۈتۈۋېلىپ چاڭئەنگە ئېلىپ كەلدى، ياكى چاڭئەندىن قورۇلغىچە ئۇزىتىپ قويدى، كونا قائىدە - يوسۇن بويىچە ئورغۇن سوۋغا - سالام بەردى. خەن ئەيدى سەلتەنەت دەۋرى يۈەنشۇنىڭ ئىككىنچى يىلى (مىلادىيە 1 - يىلى) 1 - ئايدا ئۇجۇلجۇت تەگرىقۇت 500 دىن ئارتۇق ئادەمنى باشلاپ ئۇيسۇنلارنىڭ چوڭ كۈنبېگى ئىچبەك بىلەن بىللە چاڭئەنگە يېڭى يىلنى تەبرىكلەشكە كەلدى. ھۇنلار بىلەن ئۇيسۇنلارنىڭ تەگرىقۇت ۋە كۈنبەگلىرىنىڭ بىرلا ۋاقىتتا خەن سۇلالىسىگە كېلىشى غەربىي خەن تارىخىدا پەقەت ۋە پەقەت بىر قېتىملا بولغانىدى. بۇ ئىش خەن ئوردىسىغىمۇ زور شەرەپ كەلتۈرگەنىدى. بىراق، ياخشى كۈنلەر تېزلا ئاياغلاشتى ھەم قايتا تەكرارلانمىدى. خەن ئەيدىنىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن، خەن شۈەندىنىڭ خانىكىسى ئوردا ئەمەلىي ھوقۇقىنى ئىگىلەپ، ئۆزىنىڭ جىيەنى ۋاڭ ماڭنى ئۇلۇغ ئەمىرلەشكەر

قىلىپ ئوردىنىڭ قائىدە - تۈزۈملىرىنى پۈتۈنلەي قالايمىقان قىلىۋەتتى ھەمدە خەن پىڭدىنى خان قىلىپ تىكلەپ، جىنىنى ئەنخەن تۆرىسى قىلىپ تەيىنلىدى. بۇنىڭ بىلەن، لىيۇ فامىلىكىلەرنىڭ خەن سۇلالىسى ئەل ئىچىدە ئىسمى بار جىسمى يوق بىر نەرسىگە ئايلىنىپ قالدى. ۋاڭ ماڭ خەن - سۇلالىسىنىڭ ئورنىنى ئىگىلەش ئۈچۈن خەن سۇلالىسىنىڭ ئىچكى - تاشقى سىياسەتلىرىنى زور كۆلەمدە ئۆزگەرتتى، بۇ تارىختا «باھانە تېپىپ سىياسەت ئۆزگەرتىش» دەپ ئاتالى. خەن - ھۇن مۇناسىۋىتىدە يەنە جىددىي ئۆزگىرىش يۈز بەردى.

خەن شۈەندى، خەن يۈەندى زامانلىرىدا خەن سۇلالىسى بىلەن ھۇنلار ئوتتۇرىسىدا ھەر قايسى ئۆز تەۋەسىدە تۇرىدۇ؛ چېگرا - قورۇللارغا ھۇجۇم قىلىش ئەھۋاللىرى كۆرۈلسە ھۇنلار ئۆز ۋاقتىدا خەن سۇلالىسىگە مەلۇم قىلىش كېرەك؛ ھەر ئىككى تەرەپ تەسلىم بولغۇچىلارنى قوبۇل قىلمايدۇ، دېگەن مەزمۇندىكى ئۈچ ماددىلىق كېلىشىم تۈزۈلگەنىدى. بۇ ئۈچ ماددىلىق كېلىشىم خەن سۇلالىسىنىڭ ھۇنلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى بىر تەرەپ قىلىشتىكى پرىنسىپ بولۇپ ئاساسەن ئۈنۈمى كۆرۈلگەنىدى. خەن چېڭدى سەلتەنەت دەۋرى خېپىڭنىڭ تۈنجى يىلى (مىلادىيە 28 - يىلى) خەن چېڭدى ھۇنلارنىڭ ئوڭ گاۋلىن خانى ئىشمۇ يانىنىڭ تەسلىمىنى قوبۇل قىلمىدى، خەن خىدى سەلتەنەت دەۋرى جىيەنپىڭنىڭ تۈنجى يىلى (مىلادىيە 6 - يىلى) ئۈجۈلجۈت تەڭرىقۇت ئەلچى بىلەن مەكتۇپ يوللاپ خەن ئەلچىسى شياۋ خۇفەننىڭ ئۆز زېمىنىنى تەلەپ قىلغانلىقىنى مەلۇم قىلغاندا خەن ئەيدى تەڭرىقۇتتىن ئەپۇ سورىدى. بۇ ئىككى ئىش ئۈچ ماددىلىق كېلىشىمگە ئاساسەن مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلىنغاچقا كۆڭۈلدىكىدەك ھەل قىلىندى. بىراق، خەن پىڭدى سەلتەنەت دەۋرى يۈەنشىنىڭ ئىككىنچى يىلى (مىلادىيە 2 - يىلى) غا كەلگەندە ئەھۋال تويۇقسىز ئۆزگەردى. غەربىي يۇرتتىكى ئارقا

قۇس خانلىقىنىڭ خانى قۇيقۇ يېڭى يول ئېچىلىش مۇناسىۋىتى بىلەن (بۇ يېڭى يول ئېچىلسا يولۇچىلارنى تەمىنلەش مەسئۇلىيىتىنى ئارقا قۇس خانلىقىنىڭ زىممىسىگە چۈشەتتى — تەرجىماندىن) خەن سۇلالىسىنىڭ قورۇق چېرىكچىبېگى شۇيۇ بىلەن توقۇنۇشۇپ قالدى. شۇبۇ ئۇنى سەۋەبسىز تۇتۇپ قالدى؛ غەربىي يۇرتلۇق تاڭدۇرخان چياڭلارنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچراپ، غەربىي يۇرت قورۇقچىبېگى دەن چىندىن ياردەم سورىغاندا! دەن چىن ئۇنى رەت قىلدى. چىقىش يولى قالمىغان بۇ ئىككىيلەن ئېلىنى باشلاپ ھۇنلارغا تەسلىم بولدى. ئۇجۇلجۇت تەڭرىقۇت ئۇلارنىڭ تەسلىمىنى قوبۇل قىلىپ چاڭئەنگە ئەلچى ئەۋەتىپ مەلۇم قىلدى. ۋاڭ ماڭ دەرھال ئەمىر نۆكەر خەن لۇڭ قاتارلىقلارنى ھۇنلارغا ئەلچىلىككە ئەۋەتىپ غەربىي يۇرتنىڭ خەن سۇلالىسىگە قارام ئىكەنلىكىنى، باھانە قىلىپ تەڭرىقۇتنىڭ ئەل بولغانلارنى قوبۇل قىلغانلىقىنى ئەيىبلىدى. تەڭرىقۇت بۇ ئىشنىڭ خەن سۇلالىسى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىگە تەسىر يېتىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ ئىككى خاننى خەن ئەلچىلىرىگە تاپشۇردى ھەمدە ئۇردىنىڭ بۇ ئىككى خاننىڭ گۇناھىدىن بىر ئۆتۈشنى سورىدى ئەمما، ۋاڭ ماڭ غەربىي يۇرت ۋە ھۇنلارغا ھەيۋىسىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن تەڭرىقۇتنىڭ ئىلتىماسىنى رەت قىلىپ، ئىككى خاننى غەربىي يۇرتقا يالاپ ئاپىرىپ ئىككى خاننىڭ ھۇنلارغا تەسلىم بولۇشىنى پۈتۈنلەي غەربىي يۇرت قورۇقچىبېگى بىلەن قورۇل چېرىكچىبېگى كەلتۈرۈپ چىقارغانىدى، ۋاڭ ماڭنىڭ ئادەم ئۆلتۈرۈپ ئۆز ھەيۋىسىنى تىكلىشى غەربىي يۇرتتىكى خانلىقلارنىڭ كۈچلۈك نارازىلىقىنى قوزغىدى، شۇنىڭدىن كېيىن ۋاڭ ماڭ مۇشۇنداق ئىشلارنىڭ قايتا سادىر بولۇشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ھۇنلارغا ئەلچى ئەۋەتىپ خەن سۇلالىسىدىن ھۇنلارغا قېچىپ بارغانلار، ئۇيسۇنلاردىن ھۇن ئېلىگە تەسلىم بولغانلار، غەربىي يۇرتتا خەن سۇلالىسى خىزمەتكە

قويغان تامغىلىق ئەمەلدارلاردىن ھۇنلار تەسلىم بولغانلار ۋە ئوغانلاردىن ھۇنلارغا تەسلىم بولغانلارنى ھۇنلارنىڭ قوبۇل قىلماسلىقى ھەققىدە تۆت ماددىلىق كېلىشىم تۈزدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، كونا ئەھدە بىكار قىلىنىپ ھۇنلارنى يېڭى ئەھدىگە بويسۇنۇشقا مەجبۇرلىدى. شۇنىڭدىن باشلاپ، خەن سۇلالىسى بىلەن ھۇنلارنىڭ مۇناسىۋىتىنىڭ تەرەققىياتىغا بىر قاتار قارا كۆلەڭگىلەر سايە تاشلىدى.

ۋاڭ ماڭ سەلتەنەت دەۋرى دۆلەت قۇرۇپ تۇنجى يىلى (مىلادىيە 9 ـ يىلى) ۋاڭ ماڭ ئۇزۇن يىللار تەييارلىق قىلىپ ئاخىرى خەن سۇلالىسىنىڭ تەختىنى تارتىۋېلىپ، شىن سۇلالىسىنى قۇردى. ئۇ شىن سۇلالىسىنىڭ ھەيۋىسىنى تىكلەش ھەمدە خەن سۇلالىسىنىڭ ئەتراپىتىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئارىسىدىكى چوڭقۇر تەسىرىنى پاك ـ پاكىزە تازىلاش ئۈچۈن داڭلىق بەش سانغۇننى تەرەپ ـ تەرەپكە ئەلچىلىككە ئەۋەتىپ، شىن سۇلالىسىنىڭ تەخىرنىڭ ئىرادىسى بىلەن خەن سۇلالىسىنىڭ ئورنىنى ئالغانلىقىنى، خەن سۇلالىسى بەرگەن تامغىنىڭ شىن سۇلالىسىنىڭ تامغىسىغا ئالماشتۇرۇلىدىغانلىقىنى، ئەسلىدىكى «خان» خېتىنىڭ «بەگ» خېتىگە ئۆزگەرتىلىدىغانلىقىنى ئۇقتۇردى. ھۇنلارغا ئەلچىلىككە بارغان سانغۇن ۋاڭ جۈن قاتارلىقلار «شىن سۇلالىسىنىڭ ھۇن تەڭرىقۇتى مۆھۈرى» دېگەن خەتلەر ئويۇلغان شىن سۇلالىسى تامغىسىنى ئېلىپ تەڭرىقۇت ئوردىسىغا كېلىپ ئۇچۇلجۇت تەڭرىقۇتقا خەن سۇلالىسى بەرگەن كونا تامغىنىڭ شىن سۇلالىسى تامغىسىغا ئالماشتۇرۇلىدىغانلىقىنى ئېيتتى. تەڭرىقۇت تامغىدىكى خەتنىڭ ئۆزگەرتىلگەنلىكىنى ئۇقمىغاچقا، كونا تامغىنى بېرەي دەپ تۇرغاندا تەڭرىقۇتنىڭ قېشىدا تۇرغان سول قوشبەگ سۇ تەڭرىقۇتنى يېڭى تامغىنىڭ خېتىنى كۆرۈپ بېقىشقا، ئاندىن كونا تامغىنى بېرىشنى ئەسكەرتتى. تەڭرىقۇت شىن سۇلالىسى

تامغىدىكى خەتنى نېمىدەپ ئۆزگەرتكىدەك دەپ قاراپ، كونا تامغىنى تاپشۇرۇپ بەردى. يېڭى تامغىنى ئالغاندىن كېيىن تەڭرىقۇت ئۇنىڭ خېتىنى ئېچىپ كۆرمەيلا زىيابەت بېرىپ ئەلچىلەرنى كۈتۈشكە باشلىدى. زىياپەت تۈنگىچە داۋاملاشتى. ۋاڭ جۈن قاتارلىقلار كونا تامغىنى ئالداپ ئېلىۋالغان بولسىمۇ كۆڭلى ئەمىن تاپالماي تەڭرىقۇتنىڭ يېڭى تامغىدىكى خەتنى كۆرۈپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، بالا - قازانى يىلتىزىدىن يوقىتىش ئۈچۈن كونا تامغىنى چېقىۋەتتى. تاڭ ئاتقاندىن كېيىن دېگەندەك تەڭرىقۇت ئادەم ئەۋەتىپ تامغىدىكى خەتنىڭ نېمىشقا ئۆزگەرگەنلىكىنى، يەنى بەگلىرىدىن خېلى يۇقىرى تۇرىدىغان خانلرغا بېرىلىدىغان «ھۇن تەڭرىقۇتى تامغىسى» دېگەن خەتنىڭ ئادەتتىكى بەگلىكلەر بېرىلىدىغان «شىن سۇلالىسىنىڭ ھۇن تەڭرىقۇتى مۆھۈرى» دەپ ئۆزگەرتىلگەنلىكىنى سۈرۈشتۈرۈپ، كونا تامغىنى قايتۇرۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى. ۋاڭ جۈن چېقىۋېتىلگەن كونا تامغىنى كۆرسىتىپ تەڭرىنىڭ ئىرادىسى بىلەن كونا تامغا چېقىلىپ تاشلاندى دەپ تۇرۇۋالدى. تەڭرىقۇت ئامالسىز ئىنىسىنى سول تۇغ خانىنى ئەلچىلەرگە قوشۇپ ئات - كالىلار بىلەن شىن سۇلالىسىگە ئەۋەتىپ باشقا تامغا بېرىشنى تەلەپ قىلدى، بىراق ۋاڭ ماڭ ئۇنى بىر ئېغىزدىلا رەت قىلدى.

خەن پىڭدى سەلتەنەت دەۋرى يۈەنشۇ يىللىرىدا ۋاڭ ماڭ ئوغان ئەلچىلىرىگە ئۆز ئېلىگە قايتىپ پۇقرالىرىغا ئىلگىرىدىن ھۇنلارغا تاپشۇرۇپ كەلگەن «تېرە - بۆز بېجى» نى ئەمدى تاپشۇرماسلىقنى ئۇقتۇرۇشنى بۇيرۇدى، ئوغان ئەڭ دەسلەپتە ھۇنلارغا قارام بولغان ئەل ئىدى. خەن ۋۇدى سەلتەنەت دەۋرى يۈەنشۇنىڭ تۆتىنچى يىلى خوچۇبىڭ ھۇنلارنىڭ سول تۇغ قانىنى مەغلۇپ قىلىپ ئوغانلارنى شاڭگۇ، يۇياڭ، بوبېيپىڭ، لياۋدۇڭ، لياۋشى قاتارلىق بەش ۋىلايەتنىڭ چېگرىسىنىڭ سىرتىغا

قوغلىۋېتىپ ئوغان چېرىكچى نازارەتچى مەھكىمىسى قۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ھونلار بىلەن ئالاقىسىنى ئۈزۈۋەتتى. شۇنىڭدىن كېيىن، ئوغانلار قائىدە بويىچە ھونلارغا ھەر يىلى تېرە بۆز بېجى تاپشۇرۇپ تۇراتتى، لېكىن خەن پىڭدى زامانىسىغا كەلگەندە ئوغانلار تۇيۇقسىز باج تاپشۇرماي قويدى، ھونلار قاتتىق غەزەپلىنىپ لەشكەر چىقىرىپ ئوغانلارنىڭ ئاياللار، ئاجىزلار، باللار بولۇپ مىڭدىن ئارتۇق ئادىمىنى بۇلاپ كەتتى ۋە مال - چارۋا تۆلەپ ئادەملىرىنى ئېلىپ كېتىشنى ئۇقتۇردى. ۋاڭ ماڭ ھونلارغا ئوغان تۇتقۇنلىرىنى قويۇۋېتىش توغرىسىدا بۇيرۇق قىلغان بولسىمۇ ھونلار ئۇنىمىدى. ئۇجۇلجۇت تەڭرىقۇت ۋاڭ ماڭ ئوتتۇرىغا قويغان تۆت ماددىلىق كېلىشىمگە ئوغانلاردىن باج ئېلىشنى مەنئى قىلىش ئىشىغا نارازى بولدى. ئۇنىڭغا تامغا ۋەقەسى قوشۇلۇپ تېخىمۇ قاتتىق غەزەپلەندى، شۇڭا ۋاڭ ماڭ تامغىنى ئالماشتۇرۇپ بېرىشنى رەت قىلغاندىن كېيىن ئۇجۇلجۇت تەڭرىقۇت ئوغان تۇتقۇنلىرىنى ئاپىرىپ قويۇش باھانىسىدە ئوڭ چوڭ قۇتقۇنى ئون مىڭ چەۋەنداز بىلەن شوفاڭ قورۇلىدا تۇرغۇزۇپ ھەيۋىسىنى نامايىش قىلىپ پۇرسەت تاپسىلا خەن چېگرىسىغا تاجاۋۇز قىلىپ شىن سۇلالىسى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى جىددىيلەشتۈرۈۋەتتى.

شىمالىي چېگرىدا ئۇرۇش مالىمانچىلىقى كۆتۈرۈلگەندە غەربىي يۇرتتىمۇ مالىمانچىلىق كۆتۈرۈلدى. ۋاڭ ماڭنىڭ خانلىقلارنىڭ خانلىرىنى «بەگ» دەپ ئۆزگەرتكەنلىكى ھەرقايسى خانلىقلارنىڭ غەزىپىنى كەلتۈرگەنىدى. ۋاڭ ماڭ سەلتەنەت دەۋرى دۆلەت قۇرۇپ ئىككىنچى يىلى ئاچ كۆزلۈكتە نامى چىققان جەن فېڭنى ئاغا بەگ قىلىپ غەربىي يۇرتتىكى خىزمەتكە قويدى. ئارقا قۇس خانلىقىنىڭ خانى شۇجەل بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ جەن فېڭنىڭ ۋەھشىيلىكىدىن قورقۇپ مەخپىي ھالدا ھونلار تەرەپكە ئۆتۈپ كەتمەكچى بولغاندا ئېھتىياتسىزلىقتىن بۇ خەۋەر

ئاشكارىلىنىپ قېلىپ قورۇقچىبەگ چىن تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى. ئۇنىڭ ئاكىسى قۇلانجى ئېلىنى باشلاپ هۇنلار تەرەپكە ئۆتۈپ كەتتى. بۇ چاغدا، ئۇجۇلجۇت تەڭرىقۇت تۆت ماددىلىق كېلىشىمگە قاراپمۇ قويماي، ئۇنى قوبۇل قىلىپلا قالماي لەشكەر چىقىرىپ قۇلانجىنىڭ قوسقا هۇجۇم قىلىشىغا ياردەم بەردى. غەربىي يۇرت چېرىكچىبېگى دورغاپى چىن لاڭك، جوڭ دەي قاتارلىقلار ئەهۋالنىڭ تىنچسىزلىقىنى كۆرۈپ ۋە هۇنلار كەڭ كۆلەمدە هۇجۇم قىلماقچى بولۇۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ قورۇل چېرىكچىبېگى دىياۋخۇنى ئۆلتۈرۈپ ئۆزىنى خەن سۇلالىسى سانغۇنى قورۇل چېرىكچىبېگىنىڭ قول ئاستىدىكى لەشكەرلەر ۋە پۇقرالارنى باشلاپ هۇنلارغا تەسلىم بولدى، تەڭرىقۇت ئۇلارنى ئۇ بىن كاهېگى قىلىپ تەيىنلىدى، بۇنداق تىنچسىز ۋەزىيەتكە قارىتا ۋاڭ ماڭ هۇنلارغا ئۆزىنى كۆرسىتىپ قويۇشقا تېخىمۇ ئالدىرىدى ۋە هۇن تەڭرىقۇتىنىڭ نامىنى «ئىتائەتلىك قول» دەپ ئۆزگەرتتى. پۈتۈن مەملىكەتتىكى جىنايەتچىلەر، ئەرلەر، ساۋۇت كىيگەن لەشكەرلەر بولۇپ 300 مىڭ كىشىنى يىغىپ بۈيۈك سانغۇن سۇن جيەن قاتارلىق 12 سانغۇننى ئون يولغا بۆلۈپ جازا يۈرۈشكە ئاتلاندۇردى هەمدە هۇنلارنى تېلېلار رايونىغا قوغلىۋېتىپ هۇن زېمىنىنى 15 كە بۆلۈپ قوغشار تەڭرىقۇتنىڭ 15 ئوغلىنى 15 تەڭرىقۇت قىلىپ تىكلىمەكچى بولدى. ۋاڭ ماڭ سەلتەنەت دەۋرى دۆلەت قۇرۇپ ئۈچىنچى يىلى ۋاڭ ماڭ هۇنلارنى 15 تەڭرىقۇتقا بۆلۈۋېتىش پىلانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن، نۆكەر بېشى لىن باۋ قاتارلىقلارنى ئون مىڭ چەۋەنداز بىلەن زور مىقداردىكى ئۈنچە - مەرۋايىتلارنى ئېلىپ يۈەنجۇڭ قورۇلىغا بېرىپ ھەقىقىي ئەهۋالنى بىلمەيدىغان ئۇجۇلجۇت تەڭرىقۇتنىڭ ئىنىسى - ئوڭ قۇت خان شيەن، ئۇنىڭ ئوغلى دېڭ جۇ قاتارلىق قوغشار خانىنىڭ ئەۋلادىدىن ئۈچەيلەننى تىلماچ ئارقىلىق ئالداپ قورۇلدىن ئەكىرىپ شيەننى «ۋاپادار تەڭرىقۇت» جۇنى

«ئىتائەتچان تەڭرىقۇت» بولۇشقا زورلىدى ۋە كاتتا ئىنئاملارنى بېرىپ دېڭ جۇڭ ئىككىيلەننى چاڭئەنگە ئېلىپ كەلدى. بۇ ئەمەلىيەتتە تورغاقلىقتىن باشقا نەرسە ئەمەس ئىدى. ۋاڭ ماڭ ئۇلارنى تەڭرىقۇت بولۇشقا ئاشكارا زورلىدى. ئۇجۇلجۇت تەڭرىقۇت قاتتىق غەزەپلىنىپ چەۋەندازلىرىنى ئەۋەتىپ يۈنجۇڭ ۋىلايىتىنىڭ يىشۈۋ قورۇلى (ئورنى ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونى تومۇت خوشۇنىدا) غا بېسىپ كىرىپ ئەمەلدار — پۇقرالارنى قىرغىن قىلدى ۋە تۇتقۇن قىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن تەڭرىقۇت يەنە ئوڭ، سول كاھبەگ ۋە ئەتراپتىكى خانلارنىڭ قىسىملىرىنى ئەۋەتىپ كۆپ بولغاندا ئون مىڭ، ئوتتۇراھال بولغاندا مىڭ، ئاز بولغاندا نەچچە يۈز ئادەم بىلەن قورۇلدىن بېسىپ كىرىپ ئەمەلدارلار — پۇقرالارنى ئۆلتۈردى. ئەسىر ئالدى ۋە مال — چارۋىلارنى بۇلاپ كەتتى. چىقىمىڭ ھەددى — ھېسابى يوق ئىدى. ۋاڭ ماڭ يەنە يۇسانغۇنىڭ نەسىھىتىگە قۇلاق سالماي، ئۆز پىكرى بويىچە داۋاملىق شىمالغا لەشكەرلەر يۆتكەپ مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن لەشكەر ئېلىپ، ئاشلىق يۆتكىدى. پۇقرالار يەرلىرىنى تاشلىدى. ھارۋا تارتىپ كېتىۋاتقانلار يوللارغا پاتمىدى. پۈتكۈل ئەل پاتىپاراقچىلىققا تولغانىدى. بىر قىسىم سەركەردىلەر لەشكەرلەرنى باشلاپ شىمالىي چېگرىغا ئاۋۋال يېتىپ كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن چوڭ قوشۇن تولۇق يىغىلىپ بولالمىغانلىقى ئۈچۈن، ھۇنلارغا تېگىشكە پېتىنالمايۋاتاتتى. تېخىمۇ تېتىقسىز يېرى شۇكى، ۋاڭ ماڭ مۇشۇنداق زور كۆلەمدىكى قوشۇننى توپلىشى بىلەن پەقەتلا ھۇنلارغا ئۆز كۈچىنى كۆز — كۆز قىلىش بولۇپ، ئىشتىن ئاۋۋال ھېچبىر ئۇرۇش پىلانى تۈزمىگەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە 12 سانغۇنغا بىر باش قوماندان تەيىنلىمىگەن بولغاچقا، ھەر قايسىسى ئۆز ئىشىنى قىلىپ، بىر — بىرىنىڭ گېپىگە كىرمەيتتى. زور قوشۇن شىمالىي چېگرىدا تۇرۇپ ئاشلىق يەم — خەشەكنى ئىسراپ

قىلىپ، لەشكەرلەرنى ھېرىپ ـ چارچاتتى. خالاس. بۇنىڭ بىلەن ھۇنلارنى قورقۇتالمايلا قالماي، ئەكسىچە ئۆز ـ ئۆزىنى پاتىپاراق قىلىۋەتتى. خەن شۈەندىدىن بۇيان شىمالىي چېگرىدا بىر نەچچە ئەۋلادقىچە تۇرا ـ قورۇللارنىڭ جەڭ سىگناللىرى ئاڭلانمىغان، خەلق روناق تېپىپ بېيىغان، قوي ـ كالىلار دالىنى قاپلاپ كەتكەنىدى. ۋاڭ ماڭ ھۇنلارنىڭ چىشىغا تەگكەندىن باشلاپ نەچچە ئون يىلدىن بېرى ئوت يېقىلمىغان تۇرا ـ قورۇللارغا قايتا ئوت يېقىلىپ، بىر نەچچە يىلغا بارمايلا شىمالىي چېگرىنىڭ تىنچلىق ۋەزىيىتى يوقىلىپ، پۇقرالار سەرسان ـ سەرگەردان بولۇپ، جەسەتلەر دالىنى قاپلاپ كەتتى.

شىمالىي چېگرا ئۇرۇشىنىڭ يېڭىۋاشتىن باشتىن چېگرا ـ ۋىلايەتلەردىكى خەلقنى قاتتىق ۋەيران قىلىپلا قالماي ھۇنلارغا نىسبەتەنمۇ بىر بالا ـ قازا ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە قوغشار تەڭگىنىقۇت خەن سۇلالىسىگە بېقىنىپ ۋاڭ جۇنگە ئۆيلەنگەندىن تارتىپ ھۇن ھۆكۈمرانلار سىنىپى ئىچىدە ۋاڭ ماڭ دۆلەت قۇرۇپ بەشىنچى يىلى (مىلادىيە 13 ـ يىلى) ئۇجۇلجۇت تەڭرىقۇت قازا قىلدى. بۇ چاغدا، ھۇنلارنىڭ ھوقۇقدارى، ئوڭ قۇتبەگ شۇبۇتان ۋاڭ جاۋجۇننىڭ چوڭ قىزى يۈننىڭ ئېرى ئىدى. يۈن شۇ بۇتان بىلەن بىللە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك بىلەن ياخشى ئۆتۈشنى تەشەببۇس قىلاتتى. يۇسىبەگ شيەن بىلەنمۇ ياخشى ئۆتەتتى. شۇڭا، شيەننى ئۆلجۇت نامىدا تەڭرىقۇت قىلىپ تىكلىدى. ۋاڭ ماڭ شيەننى قورۇلدىن ئالداپ ئەكىرىپ «ۋاپادار تەڭرىقۇت» بولۇشقا زورلىغانىدى. كېيىن، شيەن تەڭرىقۇت ئوردىسىغا قېچىپ بارغان ۋە ئۆزىنىڭ ئالداپ ئاپىرىلىپ تەڭرىقۇت قىلىنغانلىق ئىشىنى ئاكىسى ئۇجۇلجۇت تەڭرىقۇتقا مەلۇم قىلغانىدى. ئۇجۇلجۇت تەڭرىقۇت شيەندىن نومۇس قىلىپ، ئۇنى يۇسىبەگ قىلىپ تەيىنلىدى. بۇ ھۇنلاردىكى تۆۋەن دەرىجىلىك ئەمەل ئىدى. شيەننىڭ ئوغلى جۇ بىلەن دېڭ چاڭئەندە تۇرۇپ قالغان.

جۇغا ۋاپادار تەڭرىقۇت ئۇنۋانى بېرىلىپ كۆپ ئۆتمەي ئاغرىپ ئۆلگەن، ئۇنىڭ ئورنىغا دىڭ ۋاپادار تەڭرىقۇت بولغانىدى. كېيىن قەيسەر سانغۇن چېن يۇنجۇڭ ۋىلايىتىنىڭ شاڭرۇ دېگەن يېرىدە چېگرا - قورۇللارغا پاراكەندىچىلىك سېلىۋاتقىنى شيەننىڭ ئوغلى جياۋ ئىكەنلىكىنى ئېيتقاندىن كېيىن، ۋاڭ ماڭ قاتتىق غەزەپلىنىپ جياۋنىڭ قېرىندىشى دېڭنىڭ كالىسىنى ئېلىپ سازايى قىلدى. بىراق، شيەن ئۆز ئوغلىنىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى ئۇقمىغاچقا، تەڭرىقۇتلۇق تەختىگە چىققاندىن كېيىن شۇ بۇيان بىلەن يۈننىڭ نەسىھىتى بىلەن شىن سۇلالىسى بىلەن ياخشىلاشماقچى بولدى. ۋاڭ ماڭ سەلتەنەت دەۋرى تيەنخېڭنىڭ تۇنجى يىلى (مىلادىيە 14 - يىلى) 7 - ئايدا قورۇلغا ئادەم ئەۋەتىپ، ئەلچىبەگ ۋاڭ شى (ۋاڭ جاۋجۈننىڭ جىيەنى) بىلەن كۆرۈشىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. بۇ ئارقىلىق شىن سۇلالىسىنىڭ پوزىتسىيىسىنى بىلىپ باقماقچى بولدى.

بۇ چاغدا ۋاڭ ماڭمۇ قىيىن ئەھۋالدا قالغانىدى. شىن سۇلالىسى قۇرۇلغاندىن بۇيان يولغا قويۇلغان تۈزۈملىرى ئاساسەن مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغان بولۇپ، بۇلار پۇقرالارنى قوغداش، ئاسراش ئۇياقتا تۇرسۇن ئەكسىچە ئەسلىدىلا تىنچسىز تۇرغان جەمئىيەتنى تېخىمۇ تىنچسىز قىلىۋەتكەنىدى. بۇ چاغدا، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكلا ئەمەس ئەتراپتىكى چېگرالارمۇ پاراكەندىچىلىككە تولغانىدى، شىمالىي چېگرا ھۇنلارنىڭ تاجاۋۇزىغا ئۇچرىدى، غەربىي يۇرتىدىكى ئاكنى ھۇنلارنىغا قوشنا بولغاچقا ئاۋۋال يۈز ئۆرۈپ قۇرۇقچىبەگ دەن چىننى ئۆلتۈردى.

غەربىي جەنۇبتىكى جۇ دىڭ خانى گەن ئۆز مەرتىۋىسىنىڭ تۆۋەنلىتىۋېتىلگەنلىكىگە ئاداۋەت ساقلاپ يۈرگەچكە زاڭكې ۋىلايىتىنىڭ قوشبېگى جۇۋچىن تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى. ئۇنىڭ ئىنىسى ئىسيان كۆتۈرۈپ ۋىلايەت ناھىيىلەرگە ھۇجۇم قىلدى. شەرقىي شىمالدا ئوغانلار ھۇنلارغا جازا يۈرۈش قىلىشقا

مەجبۇرلىنىپ خوتۇنلىرى ۋىلايەت - ناھىيىلەردە تۇرغاقلىقتا تۇتۇپ قېلىندى، ئوغانلار لەشكەرلىكتىن قېچىپ كەتكەچكە ۋىلايەت ناھىيىلەردىكى تورغاقلىقتا تۇتۇپ قېلىنغان ئاياللىرى تامامەن قىرىپ تاشلاندى. بۇنىڭ بىلەن، ئوغانلار يەنە باشقىدىن ھونلار تەرەپكە ئۆتۈپ كەتتى. كورىيانلار ھونلارغا قارشى يۈرۈش قىلىشقا ئۈنىماي، ئارقا - ئارقىدىن قورۇلدىن قېچىپ چىقىپ ئارقىدىن قوغلاپ كەلگەن لياۋ شى قوشۇنىنى ئۆلتۈردى. ۋاڭ ماڭ كورىيان دېگەننى «پەس كورىيان» دەپ ئۆزگەرتىپ كورىيىگە جازا يۈرۈش قىلماقچى بولدى. ۋاڭ ماڭ مۇشۇنداق ئىچكى تاشقى جەھەتتە قاتتىق كرىزىستا قالغاندا ھونلارنىڭ قۇدىلىشىش ئارزۇسىدىن تولىمۇ خورسەن بولۇپ ئاغزى - قولىقىغا يېتىپ ئالمان - تالمان ئەلچىبەگ ۋاڭ شى بىلەن ئۇنىڭ ئىنىسى جەندى بېگى فىڭنى قورۇلغا ئەۋەتىپ كاتتا سوۋغا سالاملار بېرىپ يېڭىدىن تەختكە چىققان تەڭرىقۇتنى قۇتلۇقلىدى. بىر تەرەپتىن، تەڭرىقۇتنىڭ ئوغلى دېڭنى ھايات دەپ يالغان مەلۇمات قىلدى. تەڭرىقۇت ئۆز ئوغلىنىڭ بىخەتەرلىكى ئۈچۈن چىن لاڭ قاتارلىقلارنى چاڭئەنگە يالاپ ئاپىرىپ بەردى. ۋاڭ ماڭدەك پەسكەش سىياسىئون چىن لاڭ قاتارلىقلارنى چاڭئەندە ئوتقا تاشلاپ ئۆلتۈرۈپ ئاچچىقىنى چىقارغاندىن باشقا، ھونلار بىلەن مۇناسىۋەتنى يۇمشاتقۇدەك بىرەر ياخشى تەدبىر قوللانمىدى. كۆپ ئۆتمەي تەڭرىقۇت ئۆز ئوغلى دېڭنىڭ ئۆلتۈرۈۋېتىلگەنلىك خەۋىرىنى ئۇققاندىن كېيىن، غەزىپىنى شىمالىي چېگرىدىكى، بەختسىز پۇقرالاردىن ئېلىش ئۈچۈن، يەنە بىر قېتىم لەشكەر تارتىپ زور كۆلەمدە قىرغىنچىلىق قىلدى.

ۋاڭ ماڭ سەلتەنەت دەۋرى تيەنفېڭنىڭ بەشىنچى يىلى (مىلادىيە 18 - يىلى) ئۇلجۇت تەڭرىقۇت قازا قىلدى. ئۇنىڭ ئىنىسى سول تۇغ قان يۇقۇتئەرسى تالانوت تەڭرىقۇت ئۇنۋانى بىلەن تەڭرىقۇت بولدى. يېڭى تەڭرىقۇت تەختكە چىققاندا ۋاڭ ماڭ

يەنە بىر چوڭ ھىيلە ئويلاپ ئەلچىبەگ ۋاڭ شىننى قورۇلغا ئەۋەتىپ شۇبۇتان بىلەن يۇننى ۋە ئۇنىڭ ئوغلىنى قورۇلدىن ئالداپ ئېلىپ كىرىپ، چاڭئەنگە ئەكىرىپ شۇ بۇتاننى «شۇبۇ تەڭرىقۇت» نامى بىلەن تەڭرىقۇت قىلىپ ئۇنى لەشكەر تارتىپ بېرىپ تەڭرىقۇتلۇقنى تارتىۋېلىشقا مەجبۇرلىدى. يۇ تەڭرىقۇت بۇنى ئاڭلىغاندىن كېيىن غەزەپلىنىپ لەشكەر تارتىپ شىمالىي چېگرىغا ئۈزلۈكسىز پاراكەندىچىلىك سالدى. شىن سۇلالىسى بىلەن ھۇنلارنىڭ مۇناسىۋىتى تامامەن بۇزۇلدى. ۋاڭ ماڭ ھۇنلار بىلەن ياخشىلىشىش نىيىتىدە بولماي تىيەنخېڭنىڭ ئالتىنچى يىلى (مىلادىيە 19 ـ يىلى) پۈتۈن ئەلدىكى قۇرامىغا يەتكەن ئەرلەر، ئۆلۈمگە بۇيرۇلغان گۇناھكارلار، باي ئەمەلدارلارنىڭ قۇللىرىنى كەڭ كۆلەمدە يىغدى ھەم يۈرۈش قىلىشقا ئاتلانماقچى بولدى. بۇنىڭ بىلەن، ئۇ يەن يۇ ۋە لىيەن دەن قاتارلىق سانغۇنلىرىنى ھۇنلارغا ھۇجۇم قىلىشقا ئەۋەتتى ۋە ئۇلارغا «جېڭ» (بويسۇندۇرغۇچى) دېگەن فامىلىنى تەقدىم قىلىپ «جېڭ فامىلىلىك ئىككى سانغۇن» دەپ ئاتىدى. ۋاڭ ماڭ سەلتەنەت دەۋرى دىخۇاڭنىڭ ئىككىنچى يىلى (مىلادىيە 21 ـ يىلى) شۇبۇتان چاڭئەندە ئاغرىپ ئۆلدى. ۋاڭ ماڭ ئۆزىنىڭ كىچىك خوتۇنىدىن تۇغۇلغان قىزىنى شۇ بوتاننىڭ ئوغلى ئارقا ئەمىنلىك تۆرىسى شىغا ياتلىق قىلىپ، ئۇنى زور كۈچ بىلەن قوللاپ تەڭرىقۇت قىلىش خام خىيالىدا بولدى. بىراق، بۇ چاغدا ھەممىلا يەردە قوزغىلاڭلار كۆتۈرۈلۈپ، شىن سۇلالىسى ھاكىمىيىتى تەۋرەپ قالدى. ۋاڭ ماڭغا چاشقان تۆشۈكى ساراي كۆرۈنۈپ بېشىنى تىققۇدەك جاي تاپالمايۋاتقاندا، باشقىسىنى ئويلاشقا نېمە ئىمكانى بولسۇن! ئىككى يىلدىن كېيىن قوزغىلاڭچىلار شەھەرنى ئالغاندا چاڭئەن پاتىپاراقچىلىققا تولدى. ۋاڭ ماڭ ۋېيياڭ قەسرىدە ئۆلتۈردى. يۇن بىلەن شىمۇ مالىمانچىلىقتا ئۆلدى. شىن سۇلالىسى يوقىلىپ، لىيۇ شيۇ لوياڭنى پايتەخت قىلىپ خەن

سۇلالىسىنى قايتا تىكلىدى. خەن - ھۇن مۇناسىۋىتىمۇ يېڭى بىر تەرەققىيات دەۋرىگە كىردى.

## 2. جەنۇبىي - شىمالىي ھۇنلارنىڭ ئۆزئارا تىركىشىپ تۇرغانلىقى

گېڭ شى (يېڭى) خان سەلتەنەت دەۋرى گېڭشىنىڭ ئىككىنچى يىلى (مىلادىيە 24 - يىلى) قىشتا گېڭ شى خان لىيۇ شۈەن ۋاڭ ماڭ چاك - چېكىدىن بۆلۈۋەتكەن خەن - ھۇن مۇناسىۋىتىنى ياخشىلاش ئۈچۈن ئەمىر - نۆكەر ئەردەمبەگ سا، باش لەشكەر بەگ مۇپەتتىشى چۈن زۇن قاتارلىقلارنى ھۇنلارغا ئەلچىلىككە ئەۋەتىپ خەن سۇلالىسىنىڭ كونا تۈزۈمى بويىچە تەڭرىقۇتقا تامغا ئەۋەتىپ خەن سۇلالىسىنىڭ كونا تۈزۈمى بويىچە تەڭرىقۇتقا تامغا ۋە تامغا بېغى بەردى. خان ۋە بەگلەرگە مۆھۈر ۋە مۆھۈر بېغى بەردى ھەم شۇ بۇتان يۇنلەرنىڭ قېپىقالغان ئۇرۇق - تۇغقانلىرى، ئەمەلدارلىرى ۋە خىزمەتچىلىرى قايتۇرۇلۇپ، ھۇنلار بىلەن ئىلگىرىكىدەك بېرىش - كېلىش مۇناسىۋىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى ئارزۇ قىلدى، بىراق سابىق شىن سۇلالىسى خانى ۋاڭ ماڭ دەۋرىدىكى ئۆزۈلمەس بالا - قازالاردىن پايدىلىنىپ غەربىي يۇرتنى قايتا كونترول قىلىۋالغان ئەمەلىي كۈچى قاتتىق كۈچەيگەن قۇتئەرىش تالائۇت تەڭرىقۇت تولىمۇ مەغرۇرلۇق بىلەن: «ھۇنلار ئەسلىدە خەن سۇلالىسى بىلەن ئاكا - ئىنىدەك ئۆتەتتى ھۇنلار ئېلىدە قالايمىقانچىلىق چىققاندا خەن شۈەندى قوغشار تەڭرىقۇتنى قوللىغان، شۇڭا ئۇ ئۆزىنى ۋەزىر دەپ ئاتاپ خەن سۇلالىسىنى ھۆرمەت قىلغانىدى ھالا بۇگۈن خەن ئېلىدە قالايمىقانچىلىق چىقىپ ۋاڭ ماڭ تەختىنى تارتىۋالغاندا ھۇنلار قاراپ تۇرماي لەشكەر چىقىرىپ ئۇنىڭغا ھۇجۇم قىلدى. ئەل پاراكەندە بولغاچقا خەلق خەن سۇلالىسىنى

سىغىندى. ۋاڭ ماڭنىڭ مەغلۇپ بولۇپ، خەن سۇلالىسىنىڭ باش كۆتۈرۈشىدە خۇنلارنىڭ تۆھپىسى بار. شۇڭا، خەن سۇلالىسى مېنى ھۆرمەتلىشى كېرەك» دېدى.

مۇتتەرىش تالائۇت تەڭرىقۇتنىڭ تەكەببۇرلىقى خۇنلارنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى خەن سۇلالىسى بىلەن دۈشمەنلەشكۈچى كۈچلەرنىڭ يېڭىۋاشتىن باش كۆتۈرگەنلىكىنى كۆرسەتتى. كېيىنكى ھاكىمىيەتنىڭ خۇنلار بىلە يېڭىۋاشتىن يارىشىپ قېلىش تىرىشچانلىقلىرىنى مەغلۇبىيەتكە ئۇچراتتى.

گۇاڭ ۋۇدى سەلتەنەت دەۋرى جيەنۋۇنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا، خەن ـ خۇن مۇناسىۋىتىدە ياخشىلىنىش ئەھۋالى كۆرۈلمىدى. بۇنىڭ ئەكسىچە قۇتتەرىش تالائۇت تەڭرىقۇت شەرقىي خەن ھاكىمىيىتىنىڭ مۇستەھكەم ئەمەسلىكى ئىقتىسادىنىڭ ئاجىزلىقى، ئىلگىرىكى توختاپ قالغان ئىشلارنىڭ ئەمدىلا قايتا يولغا قويۇلۇۋاتقانلىقىدىن پايدىلىنىپ، شىمالدىكى ئۆزلىرىگە قارام كۈچلەر شۇنداقلا ئوغانلار ۋە يېڭىدىن باش كۆتۈرۈپ چىققان سىيانپىلار بىلەن بىرلىشىپ شىمالىي چېگرىغا كەڭ كۆلەمدە باستۇرۇپ كىردى. ئەينى چاغدا شىمالدىكى قارام كۈچلەر ئىچىدە خۇنلارنىڭ قولىشى بىلەن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە توختىماي پاراكەندىچىلىك سېلىۋاتقانلاردىن ئاساسلىقى پېڭ چۇڭ، لۇفاڭ، جاڭ خۇا، لى شىڭ قاتارلىقلار بار ئىدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە پېڭ چۇڭ بىلەن لۇ فاڭنىڭ كۈچى ھەممىدىن كۈچلۈك بولۇپ شىمالىي چېگرىغا تەھدىدى ئەڭ زور ئىدى.

پېڭ چۇڭ ئەسلىدە گېڭ شىدى ليۇشۇەننىڭ سانغۇنى بولۇپ، كېيىن ليۇشيۇغا بېقىنىپ تۆھپە كۆرسىتىپ جيەنجۇڭ بېگى بولغان، ئۇلۇغ سانغۇن ئاتىقى بېرىلگەن. ئۇ يۇجۇ ئايمىقىدىكى مۇجۇفۇ بىلەن چىقىشالماي، توپىلاڭ كۆتۈرۈپ يوبېيپىڭ ۋە شاڭگۇ ۋىلايەتلىرىنىڭ بىر قانچە ناھىيىلىرىنى بېسىۋېلىپ خۇنلار بىلەن بىرلىشىپ جىچېڭ شەھىرىنى ئېلىپ

ئۆزىنى يەن خانى دەپ ئاتىغانىدى. لېكىن، گۇاڭ ۋۇدى سەلتەنەت دەۋرى جىيەنۋۇنىڭ بەشىنچى يىلى (مىلادىيە 29 - يىلى) پېيڭ چۇڭنى ئۆزىنىڭ قولى زى مى قاتارلىقلار ئۆلتۈرۈۋەتتى. ھۇنلارنىڭ پېيڭ چۇڭدىن پايدىلىنىپ شەرقىي شىمالدىكى ۋىلايەتلەرگە تاجاۋۇز قىلىش غەرىزى يوققا چىقتى. لۇ فاڭ يەنىلا ھۇنلار بىلەن بىرلىشىپ تاجاۋۇز قىلىپ تۇرغاچقا، شىمالىي چېگرىنىڭ ۋەزىيىتى يەنىلا ناھايىتى جىددىي ئىدى. لۇفاڭ ئەندىڭ ۋىلايىتى سەنشۇي ناھىيىسىدىن (ئورنى ھازىرقى نىڭشيا خۇيزۇ ئاپتونوم رايونى تۇڭشىن ناھىيىسىنىڭ شەرقىدە) بولۇپ، شىن خانى ۋاڭ ماڭنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا ئىسيان كۆتۈرۈپ ۋاڭ ماڭدىن يۈز ئۆرۈگەن. شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا سەنشۇيلىك ئەزىمەتلەر ئۇنى شىپىڭ غەربىنى تىنچلاندۇرغۇچى خانى قىلىپ تىكلەشتى. ھۇنلارغا ۋە چياڭلارغا ئەلچى ئەۋەتىپ ئۇلار بىلەن ئالاقە باغلىدى. قۇتئەرىش تالائۇت تەڭرىقۇت ئۇنى «خەن خانى» قىلىپ تىكلىدى. ئۇ ھۇنلارنىڭ قوللىشى بىلەن ۋۇيۇەن، يۈنجۇڭ، دىڭشاڭ، يەنمېن قاتارلىق بەش ۋىلايەتنى بېسىۋېلىپ، ھۇنلار ۋە ئوغانلار بىلەن بىرلەشمە قوشۇن تەشكىللەپ شىمالىي چېگرىغا توختىماي تاجاۋۇز قىلدى. گۇاڭ ۋۇدى سەلتەنەت دەۋرى جىيەنۋۇنىڭ ئالتىنچى يىلى (مىلادىيە 33 - يىلى) گۇاڭ ۋۇدى لۇ فاڭ بىلەن ھۇنلارنىڭ توختىماي پاراكەندىچىلىك سېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ئەرەمبەگ سانى ھۇنلارغا ئەلچىلىككە ئەۋەتىپ ياخشىلاشماقچى بولدى. ھۇنلار ئەلچى ئەۋەتىپ جاۋاب قايتۇرغان بولسىمۇ، لېكىن قۇتئەرىش تالا ئۇت تەڭرىقۇت ئۆزىنى باتۇر تەڭرىقۇتقا سېلىشتۇرۇپ تەكەببۇرلۇق قىلدى ۋە لۇفاڭ بىلەن بىرلىشىپ شىمالىي چېگراغا ئاۋۋالقىدەكلا ھۇجۇم قىلىۋەردى.

گۇاڭ ۋۇدى سەلتەنەت دەۋرى جىيەنۋۇنىڭ توققۇزىنچى يىلى (مىلادىيە 36 - يىلى) گۇاڭ ۋۇدى ئەلچى ئەۋەتىپ

50 ياخشىلىشالمىغاچقا باش ئەمىرلەشكەر ۋۇخەن قاتارلىقلارنى مىڭدىن ئارتۇن لەشكەر بىلەن لوفاڭغا جازا يۈرۈشى قىلىشقا ئەۋەتتى.

هۇنلار چەۋەنداز چىقىرىپ لوفاڭغا ياردەم بەرگەچكە خەن قوشۇنلىرى چېكىنىپ كەتتى. شۇنىڭدىن كېيىن، خەن قوشۇنلىرى شىمالىي چېگرىدا بىر نەچچە يىللار مۇداپىئە ئۇرۇشى قىلغان بولسىمۇ، نەتىجە قازىنالماي لوفاڭ بىلەن هۇنلارنىڭ كۈنسېرى غالجىرلىشىۋاتقان تاجاۋۇزچىلىقلىرىنى چەكلەشكە ئامالسىز قالدى. كېيىن لوفاڭ تەسلىم بولغان بولسىمۇ، گۇاڭ ۋۇدى ئۇنى دەي بېگى قىلىپ تەيىنلىدى. هۇنلار بۇنىڭ بىلەن باسمىچىلىقلىرىنى توختىتىپ قويمىدى. ئەنە شۇ چاغدا لياۋدۇڭ، يۇياڭ، شاڭگۇ، جۇڭشەن، دەيجۈن، شاڭداڭ، تيەنشۈي، فۇفېڭ، چاڭئەن (هازىرقى شەنشى ئۆلكىسىنىڭ شىئەن شەھىرىدە) قاتارلىق ۋىلايەتلەر (ئومۇمەن هازىرقى لياۋنىڭ، خېبېي، سەنشى، شەنشى، گەنسۇ ئۆلكىلىرىنىڭ شىمالىغا توغرا كېلىدۇ) هۇنلار باسمىچىلىقىنىڭ دەردىنى يەتكۈچە تارتتى، ئۇدا بىر قانچە يىللارغىچە ئەمىنلىك تاپالمىدى. هۇنلارنىڭ باسمىچىلىقىنى توسۇشقا ئامال بولمىغانلىقتىن شەرقىي خەن هۆكۈمىتى گۇاڭ ۋۇدى سەلتەنەت دەۋرى جيەنۋۇنىڭ 15 ـ يىلى (مىلادىيە 39 ـ يىلى) يەنمېن، دەيجۈن، شاڭگۇ قاتارلىق چېگرا ۋىلايەتلىرىدىن 60 مىڭدىن ئارتۇق ئادەمنى يوڭگۇەن (ئورنى بېيجىڭ شەھىرى چاڭپىڭ ناھىيىسىنىڭ غەربىي شىمالىدا) قورۇلى، چاڭشەن قورۇلى (ئورنى خېبېي ئۆلكىسى لەييۈەن ناھىيىسىنىڭ جەنۇبىدا) نىڭ شەرقىگە كۆچۈرۈپ هۇنلاردىن مۇداپىئەلەندى. سول تەرەپتىكى هۇنلار ئىچكىگە كىرىپ ئورۇنلاشتى. بۇنىڭ بىلەن، خەن ئوردىسى قاتتىق ۋەھىمىگە چۈشتى. مۇداپىئە لەشكەرلىرىنى كۆپەيتكەن بولسىمۇ ئۈنۈمى ناھايىتى ئاز بولدى.

مىلادىيە 48 - يىلى (گۇاڭ ۋۇدى سەلتەنەت دەۋرى جيەنۋۇنىڭ 24 - يىلى) ھۇنلارنىڭ ئىچكى قىسمىدا زور ئۆزگىرىش يۈز بېرىپ، رەسمىي يوسۇندا جەنۇبىي ۋە شىمالىي ئىككى قىسىمغا ئايرىلىپ كەتتى. ھۇنلار بىلەن خەن سۇلالىسىنىڭ مۇناسىۋىتىدىمۇ تۈپتىن ئۆزگىرىش يۈز بەردى.

قوغشار تەڭرىقۇت شىمالىي تەڭرىقۇت ئوردىسىغا كۆچۈپ كەتكەندىن كېيىن ئوڭ قول قان ئىتجىرياس ھۆكۈمرانلىقىدا چۆللۈكنىڭ جەنۇبىي رايونىدا سەككىز قەبىلىنىڭ ئاقساقاللىرىنى مەركەز قىلغان ھۆكۈمرانلىق گۇرۇھى شەكىللەندى. ئىتجىرياس قوغشار تەڭرىقۇت بىلەن ۋاڭ چاۋجۈندىن تۇغۇلغان بولۇپ، قۇتئەرىش تالائۇت تەڭرىقۇتنىڭ ئورنىغا تەڭرىقۇت بولۇشى كېرەك ئىدى. شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا قۇتئەرىش تالائۇت تەڭرىقۇت خەن سۇلالىسى بىلەن دۈشمەنلىشىپ كەتكەچكە ھاكىمىيەتنىڭ خەن سۇلالىسى بىلەن قانداشلىقى بولغان ئىتجىرياسنىڭ قولىغا چۈشۈپ كېتىشىنى خالىماي تەڭرىقۇتلۇق ئورنىنى ئوغلىغا بەرمەكچى بولۇپ ئىتجىرياسنى ئۆلتۈرۈپ ئۆز ئوغلىنى سول تۈغ قان قىلىپ تىكلىدى. چۆللۈكنىڭ جەنۇبىدىكى سەككىز قەبىلىنىڭ ئاقساقاللىرى ۋە ئوغانلار ئوڭ ئۆگەن باتىسقان بىنىڭ كونتروللۇقىدا بولدى، ئۇ قۇتئەرىش تالائۇت تەڭرىقۇتنىڭ ئىتجىرياسنى ئۆلتۈرگەنلىكىنى كۆرۈپ نارازىلىق بىلدۈرۈپ: «تەڭرىقۇتلۇق ئورنىغا ئاغا - ئىنىلەرنىڭ ۋارىسلىق قىلىش نۆۋىتىدىن ئېيتقاندا ئوڭ قول قان (ئىتجىرياسنى دېمەكچى) چىقىشى كېرەك؛ ئاتا - بالا ۋارىسلىقىدىن ئېيتقاندا مەرھۇم تەڭرىقۇت (ئۇجۇلجۇت تەڭرىقۇتنى دېمەكچى) نىڭ ئوغلى بولغان مەن چىقىشىم كېرەك» دەپ تاشلىدى. بى كۆڭلىدە نارازى بولسىمۇ ئۆلتۈرۈلۈشىدىن قورقۇپ يۈردى، شۇڭا ئەجدىھا بالىقتىكى مۇراسىملارغىمۇ كۆپ قاتناشمىدى، قۇتئەرىش تالائۇت تەڭرىقۇتمۇ بىنىڭ ئالا

كۆڭۈللۈكنى سىزىپ، چۆللۈكنىڭ جەنۇبىغا ئىككى قوتبەگنى ئەۋەتىپ ئۇنىڭ لەشكەرلىرىنى نازارەت قىلدۇردى.

گۇاڭ ۋۇدى سەلتەنەت دەۋرى جيەنۋۇنىڭ 22 - يىلى (مىلادىيە 46 - يىلى) قۇتئەرش تالائوت تەڭرىقۇت قازا قىلدى. ئۇنىڭ ئوغلى سول تۇغ قان ئوتانقۇ تەڭرىقۇت بولۇپ، ئۇزۇن ئۆتمەي ئۆلۈپ كەتتى. ئۇنىڭ ئىنىسى پانۇ تەڭرىقۇت بولدى. بۇ چاغدا، ھۇنلار ئېلىدە ئۇدا بىر نەچچە يىل قۇرغاقچىلىق ۋە چېكەتكە ئاپىتى يۈز بېرىپ، نەچچە مىڭ چاقىرىم يەردە بىر تالمۇ گىياھ ئۈنمىدى. دەل - دەرەخ، ئوت - چۆپلەر قۇرۇپ كەتتى. ئادەم ۋە چارۋىلار ئاچ قېلىپ كېسەل بولۇپ، تەڭدىن تولىسى قىرىلىپ كەتتى. پانۇ تەڭرىقۇت خەن سۇلالىسىنىڭ ئۆزلىرىنىڭ قىيىنچىلىقتا قالغان پەيتىدىن پايدىلىنىپ ھۇجۇم قىلىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ يۇياڭ ۋىلايىتى (ئورنى بېيجىڭ شەھىرى مىيۈن رايونىنىڭ غەربىدە) گە ئەلچى ئەۋەتىپ قۇدىلىشىشنى تەلەپ قىلدى ھەمدە خەن سۇلالىسى بىلەن بولغان جىددىي مۇناسىۋەتنى يۇمشاتماقچى بولدى. گۇاڭ ۋۇدىمۇ ئەمىر نۆكەرلى ماۋنى جاۋابەن ئەلچىلىككە ئەۋەتتى، ئوغانلار ھۇنلارنىڭ ئاجىزلاشقانلىقىنى كۆرۈپ، ھۇنلارغا بېقىنىغۇسى كەلمەي ئۇلارغا ھۇجۇم قىلدى. پانۇ تەڭرىقۇت قارشىلاشماي ئېلىنى باشلاپ شىمالغا كەتتى. شۇنىڭ بىلەن، چۆللۈكنىڭ جەنۇبىنى باشقۇرۇۋاتقان ئۇلۇك ئۆگەن باتىسقان بى تەڭرىقۇتلۇق تەختىدىن ئۈمىدىنى ئۈزۈپ قاتتىق ئاچچىقلىنىپ گۇاڭ ۋۇدى سەلتەنەت دەۋرى جيەنۋۇنىڭ 23 - يىلى (مىلادىيە 47 - يىلى) يوشۇرۇن ھالدا گوخېڭ دېگەن خەن نۆكىرىنى ھۇنلارنىڭ خەرىتىسىنى كۆتۈرۈپ شىخې ۋىلايىتى ئايماق مەھكىمىگە بېرىپ ئۆزىنىڭ بېقىنىش تەلىپىنى يەتكۈزۈشكە ئەۋەتتى. بىنىڭ لەشكەرلىرىنى نازارەت قىلىۋاتقان ئىككى قوتبەگ بىنىڭ ئالاكۆڭۈللۈك قىلىۋاتقانلىقىنى سىزىپ قېلىپ بەشىنچى ئايدىكى ئەجدىھا

بالىقتىكى قۇرۇلتايدا پانۇتەڭرىقۇتقا مەخپىي ھالدا ئەھۋالنى مەلۇم قىلىپ بىنى ئۆلتۈرۈۋېتىش ھەققىدە تەكلىپ بەردى، ئويلىمىغان يەردىن بۇ خەۋەر ئاشكارىلىنىپ قالدى. بى دەرھال سەككىز قەبىلىدىن 40 ـ 50 مىڭ كىشىلىك قوشۇننى توپلاپ ئۆزىنى قوغدىدى. پانۇ تەڭرىقۇت ئۇن مىڭ چەۋەندازنى ئەۋەتتى. بىراق، بىنىڭ قۇدرەتلىك كۈچكە ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ ھۇجۇم قىلىشقا پېتىنالماي چېكىنىپ كەتتى. ئىككى تەرەپنىڭ مۇناسىۋىتى ئۈزۈل ـ كېسىل بۇزۇلدى.

گۇاڭ ۋۇدى سەلتەنەت دەۋرى جيەنۋۇنىڭ 24 ـ يىلى (مىلادىيە 48 ـ يىلى) بىرىنچى ئايدا، جۇللۇكنىڭ جەنۇبىدىكى سەككىز قەبىلىنىڭ ئاقساقاللىرى بىرلىكتە كېڭىشىپ بىنى قوغشار تەڭرىقۇت نامىدا تەڭرىقۇت قىلىپ تىكلىمەكچى بولدى. بىنىڭ بوۋىسى قوغشار تەڭرىقۇت ئىلگىرى خەن سۇلالىسىنىڭ ياردىمىدە ئەمىنلىككە ئېرىشكەنلىكى ئۈچۈن شۇ نامغا ۋارىسلىق قىلىپ خەن سۇلالىسى بىلەن ياخشىلىشىش نىيىتىنى ئىپادىلىدى. بى شەخسەن ئۆزى ۋۇيۈەن قورۇلىغا بېرىپ «مەڭگۈ خەن سۇلالىسىنىڭ قالقىنى بولۇپ، شىمالىي ھۇنلاردىن مۇداپىئە كۆرىدىغانلىقى» نى بىلدۈردى.

شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدىن تارتىپ ھۇنلار ھەر يىلى چېگرىغا باستۇرۇپ كىرگەچكە، ئوردا ئۇلارغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن قالقان بولىمىز دېيىشى خەن سۇلالىسى ئۈچۈن تېپىلغۇسىز پۇرسەت ئىدى، ئەينى چاغدا ئوردىدىكى بىر قىسىم ۋەزىرلەر جەنۇبىي ھۇنلارنىڭ خەن سۇلالىسىگە بېقىنىش نىيىتىنىڭ ساپ ياكى ساپ ئەمەسلىكىدىن گۇمانلىنىپ ھۇنلارنىڭ بۆلۈنگەن پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ ھۇجۇم قىلىپ، ھۇنلارنى تارمار قىلىشتا چىڭ تۇردى. گۇاڭ ۋۇدى پۇقرالارغا پاراكەندىچىلىك سالماسلىق ئۈچۈن ئۇرۇش قوزغاشقا قەتئىي يول قويمىدى. شۇنىڭ بىلەن ۋۇگۇەن ئەمىر نۆكىرى گېڭ گونىڭ

مەسلىھەتى بويىچە جەنۇبىي ھۇنلارنىڭ ياخشىلىشىش تەلىپىنى قوبۇل كۆرۈپ جەنۇبىي ھۇنلارنى قوللاپ شىمالىي ھۇنلارغا قارشى تۇرۇش ئاساسىي تەدبىرىنى بېكىتتى، خەن ـ ھۇن مۇناسىۋىتىنىڭ تەرەققىياتى گۇاڭ ۋۇدىنىڭ بۇ تەدبىرىنىڭ توغرىلىقىنى ئىسپاتلىدى.

شۇ يىلى 10 ـ ئايدا، شەرقىي خەن ھۆكۈمىتىنىڭ قوللىشى بىلەن بى ئۆزىنى قوغشار تەڭرىقۇت دەپ ئېلان قىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن ھۇنلار رەسمىي يوسۇندا جەنۇبىي، شىمالىي ئىككى قىسىمغا بۆلۈنۈپ كەتتى، جەنۇبىي تەڭرىقۇت خەن سۇلالىسىگە بېقىنغاندىن كېيىن شىمالىي چېگرا ئەمىن تاپتى. ئوغان، سىيانپىيلارمۇ ھۇنلارنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى جەنۇبىي ھۇنلارنىڭ خەن سۇلالىسىگە بېقىنغانلىقىنى كۆرۈپ لوياڭغا ئەلچى ئەۋەتىپ خىزمەت كۆرسەتتى، شىمالىي چېگرا تىنجىدى.

ئىككىنچى يىلى باھاردا جەنۇبىي ھۇنلارنىڭ تەڭرىقۇتى بى ئۆز تەسىرىنى كېڭەيتىش، خەن سۇلالىسى ئوردىسىنىڭ تېخىمۇ زور قوللىشىغا ئېرىشىش ئۈچۈن ئۆز ئىنىسى سول توغ قان مورنى شىمالىي ھۇنلارغا ھۇجۇم قىلىشقا ئەۋەتىپ زور غەلىبىگە ئېرىشتى. ئۇن مىڭدىن كۆپ ئادەمنى ئەسىرگە ئالدى ۋە يەتتە مىڭ تۇياق ئات ئۇلجا ئالدى، شىمالىي ھۇنلارنىڭ تەڭرىقۇتى پانۇ جەنۇبىي ھۇنلارنىڭ تەڭرىقۇتى لوياڭغا ئەلچى ئەۋەتىپ خەن ئوردىسىنىڭ ئەلچى ئەۋەتىپ ئۆزىنى نازارەت قىلىشىنى ئىلتىماس قىلدى. ئوغلىنى خەن سۇلالىسىگە تۇرغاقلىققا بېرىشكە، قوغشار تەڭرىقۇت دەۋرىدىكى كونا ئەھدىلەرنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە رازى ئىكەنلىكىنى بىلدۇردى. گۇاڭ ۋۇدى سەلتەنەت دەۋرى جيەنۇۋنىڭ 26 ـ يىلى (مىلادىيە 50 ـ يىلى) باھاردا، گۇاڭ ۋۇدى سەلتەنەت دەۋرى جيەنۇۋنىڭ 26 ـ يىلى (مىلادىيە 50 ـ يىلى) باھاردا، گۇاڭ ۋۇدى ئەمىر نۆكەر دۇەن بىن قاتارلىقلارنى جەنۇبىي ھۇنلارغا ئەلچىلىككە ئەۋەتىپ، ۋۇيۇەن

(ئورنى ھازىرقى ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونى باۋتو شەھىرىنىڭ غەربىدە) نىڭ غەربىي قورۇلىدا جەنۇبىي ھۇنلارنىڭ تەڭرىقۇت ئوردىسى تەسىس قىلىپ، «ھۇنلار ئەمىر نۆكىرى» تەيىنلەپ لەشكەر ئەۋەتىپ جەنۇبىي تەڭرىقۇتنى قوغدىدى. شۇ يىلى كۈزدە، جەنۇبىي ھۇنلار تەڭرىقۇتى بى ئوغلىنى تۇرغاقلىققا ئەۋەتتى. گۇاڭ ۋۇدى خان بەگلەر يوسۇنى بويىچە جەنۇبىي ھۇن تەڭرىقۇتى قوغشار تەڭرىقۇتقا ئالتۇن تامغا، تاۋار ـ دۇردۇن، يىپەك، شايى قاتارلىق مال ـ دۇنيا ۋە ئۈنچە ـ مەرۋايىتلار ھەدىيە قىلدى ۋە خېدۇڭ ۋىلايىتىدىن 25 مىڭ پاتمان گۈرۈچ، 36 مىڭ تۇياق قوي ـ كالا بىلەن تەمىن ئەتتى، كۆپ ئۆتمەي جەنۇبىي ھۇن تەڭرىقۇتى شىمالىي ھۇنلار بىلەن ئۇرۇشۇپ قېلىپ مەغلۇپ بولدى.

گۇاڭ ۋۇدى يارلىق چۈشۈرۈپ جەنۇبىي ھۇن تەڭرىقۇتنى شىخې ۋىلايىتى مېيجى ناھىيىسى (ئورنى ھازىرقى ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونى جۇڭغار خوشۇنىنىڭ غەربىي شىمالىدا) گە كۆچۈرۈپ، مەھكىمە تەسىس قىلىپ، ئەمىر نۆكەر دۇەن بىن قاتارلىقلارنى شىخې ۋىلايىتىگە ئورۇنلاشتۇرۇپ شىخې دورغاپېغا ئىككى مىڭ چەۋەنداز، ئازاد قىلىنغان 500 جىنايەتچى بىلەن دۇەن چىن قاتارلىقلارغا ياردەملىشىپ جەنۇبىي تەڭرىقۇتنى قوغداشقا ئەۋەتتى. شىمالىي چېگرىدىكى جەڭ مالىمانچىلىقىدا ئىچكىرىگە قېچىپ بېرىۋالغان چىگرا پۇقرالىرىنى يۇرتلىرىغا قايتۇردى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، جەنۇبىي ھۇنلارغا شىمالىي چېگرىنى قوغداش ۋەزىپىسىنى يۈكلەش ئۈچۈن گۇاڭ ۋۇدى بېيدى، شوفاڭ، ۋۇيۈەن، يۈنجۇڭ، دىڭشاڭ، يەنمېن، دەيجۈن، شاڭگۇ قاتارلىق سەككىز ۋىلايەتتە جەنۇبىي ھۇن پۇقرالىرىنىڭ تۇرۇشىغا رۇخسەت قىلدى. جەنۇبىي ھۇنلار قان ـ بەگلىرىنى ئۆز قىسىملىرى بىلەن ھەرقايسى ۋىلايەت ناھىيىلەردە چېگرىنى قوغداشقا، شىمالىي ھۇنلارنىڭ ھەرىكىتىنى كۆزىتىشكە

ياردەملەشتۇردى. شۇنىڭدىن كېيىن، شەرقىي خەن ھۆكۈمىتى ھەر يىلى دېگۈدەك جەنۇبىي ھۇنلارغا غايەت كۆپ مال - دۇنيا بېرىپ قوللىدى. يۈەن خۇ يازغان «كېيىنكى خەننامە. خەن خېدى ھەققىدە خاتىرە» دە خاتىرىلىنىشىچە، جەنۇبىي ھۇنلارغا كېتىدىغان خىراجەت ھەر يىلى ئەڭ زور بولغاندا 190 مىليون سەر ئالتۇنغا يەتكەن.

شەرقىي خەن ھۆكۈمىتىنىڭ پۈتۈن كۈچى بىلەن قوللىشى ئارقىسىدا جەنۇبىي ھۇن تەڭرىقۇتىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى مۇستەھكەملىنىپ، كۈچى ئۈزلۈكسىز زورايدى. بۇ ئەھۋالدا شىمالىي ھۇن تەڭرىقۇتى دەككە - دۈككىگە چۈشۈپ ياخشى نىيىتىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن تۇتۇپ كەتكەن بىر قىسىم خەنزۇ پۇقرالارنى شەرقىي خەن ھۆكۈمىتىگە قايتۇرۇپ بەردى. شىمالىي ھۇنلار جەنۇبىي ھۇنلارغا ھۇجۇم قىلىپ خەن سولالىسىنىڭ قورغان قورۇللىرىدىن ئۆتكەندە، دائىم: «بىز قاچقۇن ئوڭ ئۆكەن باتىسقان (جەنۇبىي ھۇن تەڭرىقۇتى بىنى دېمەكچى) غا قوغلاپ زەربە بەردۇق، خەن قوشۇنلىرىغا تەگمەكچى ئەمەسمىز» دەيتتى. دەرۋەقە بۇ چاغدا چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى ھۇنلار ئىنتايىن قىيىن ئەھۋالدا قالغانىدى، جەنۇبىي تەڭرىقۇتلۇقنىڭ تىكلىنىشى شىمالىي ھۇنلارنى چۆللۈكنىڭ جەنۇبىدىكى ئوت - سۇيى مۇنبەت تۇپراقتىن مەھرۇم قىلىپلا قالماي، ئىقتىسادىي جەھەتتىمۇ قىيىنچىلىققا دۇچار قىلدى ۋە كۈچى ئاجىزلىشىپ كەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە شىمالدا تېلېلارنىڭ، شەرقتە ئوغان، سىيانپىيلارنىڭ، جەنۇبتا جەنۇبىي ھۇنلارنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچراپ غەربكە سوزۇلۇپ غەربىي يۇرتتىكى خانلىقلارغا بولغان كونتروللۇقنى كۈچەيتتى. قىيىن ئەھۋالدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن، شىمالىي ھۇنلار گۇاڭ ۋۇدى سەلتەنەت دەۋرى جيەنۋۇنىڭ 27 - يىلى (مىلادىيە 51 - يىلى) تۇنجى قېتىم ۋۇۋېي ۋىلايىتىگە ئەلچى ئەۋەتىپ يارشىپ قېلىشنى تەلەپ قىلدى. گۇاڭ ۋۇدى

بۇنى ۋەزىر ـ ۋۇزرالارنىڭ مۇزاكىرىسىگە سالغان بولسىمۇ، بىر قارارغا كېلەلمىدى. ۋەلىئەھد (خەن مىڭدى ليۇ جۇاڭ) «جەنۇبىي هۇنلار ئەمدىلا بېقىندى. ئەگەر شىمالىي هۇنلارنىڭ بېقىنىشىنى قوبۇل قىلساق جەنۇبىي هۇنلار گۇمانلىنىپ قېلىپ ئىش خېمىغا يېنىپ كېتەرمىكىن» دەپ قارىدى. گۇاڭ ۋۇدى ۋەلىئەھدىنىڭ پىكرىنى قوبۇل قىلىپ ۋۇ ۋېي قۇشبېگىگە شىمالىي هۇن ئەلچىسىنى قايتۇرۇۋېتىش ھەققىدە يارلىق چۈشۈردى. كېيىن هۇنلار گۇاڭ ۋۇدى سەلتەنەت دەۋرى جيەنۋۇنىڭ 28 ـ يىلى (مىلادىيە 52 ـ يىلى) ۋە 31 ـ يىلى (مىلادىيە 55 ـ يىلى) ئىككى قېتىم ئەلچى ئەۋەتىپ سوۋغا تەقدىم قىلىپ يارىشىشنى تەلەپ قىلدى ۋە هۇنلار بىلەن بولغان دوستلۇق مۇناسىۋىتىنى ئۇيلاپ كاتتا سوۋغا ـ سالام، چىرايلىق سۆزلەر بىلەن قۇدىلىشىش ۋە ئۆزئارا سودا قىلىش تەلىپىنى رەت قىلدى، لېكىن ئەلچى ئەۋەتمىدى.

خەن مىڭدى تەختكە چىققاندىن كېيىن، شىمالىي هۇنلار قۇدىلىشىش ۋە سودا قىلىش تەلىپىنىڭ رەت قىلىنغانلىقىنى باھانە قىلىپ چېگرا ـ قورۇللارغا بېسىپ كىردى، لېكىن ھەر قېتىم جەنۇبىي هۇنلار ۋە خەن قوشۇنلىرى تەرىپىدىن چېكىندۈرۈلدى، خەن مىڭدى سەلتەنەت دەۋرى يوڭپىڭنىڭ 7 ـ يىلى (مىلادىيە 64 ـ يىلى)، شىمالىي هۇنلار قۇدىلىشىش ئىشىدىن ئاللىقاچان ئۈمىد ئۈزگەندەك خەن سۇلالىسىگە ئەلچى ئەۋەتىپ سودا قىلىش تەلىپىنى قويدى، خەن مىڭدى سودا قىلىش تەلىپىنىڭ رەت قىلىنىشى تۈپەيلى يەنە چېگرا توقۇنۇشى كېلىپ چىقىشىدىن ئەنسىرەپ ئەلچى ئەۋەتىپ سودا قىلىشقا قوشۇلدى. سودا قىلىش هۇنلارغىمۇ خەن سۇلالىسىگىمۇ پايدىلىق ئىش ئىدى. بىراق، خەن سۇلالىسى بىلەن شىمالىي هۇنلارنىڭ بىر ـ بىرىگە ئەلچى ئەۋەتىشى جەنۇبىي هۇن تەڭرىقۇتلۇقىدىكى يۇقىرى قاتلام كىشىلىرىنىڭ گۇمانىنى قوزغاپ قويدى. شۇبۇ قۇتبېگى

قاتارلىقلار ئىسيان كۆتۈرۈشكە تەييارلاندى. شۇڭا، مەخپىي ھالدا شىمالىي ھۇنلار بىلەن ئالاقە باغلاپ، شىمالىي ھۇنلارنىڭ لەشكەر چىقىرىپ قوللىشىنى تەلەپ قىلدى. خەن سۇلالىسى بۇ سۈيقەستنى سېزىپ قېلىپ، خەن مىڭدى سەلتەنەت دەۋرى يۇڭپىڭنىڭ سەككىزىنچى يىلى (مىلادىيە 65 ـ يىلى) «لياۋ شۇي دەرياسىدىن ئۆتۈش قارارگاھى» تەسىس قىلىپ، ئەمىر نۆكەر ۋۇتاڭنى لياۋشۇي دەرياسىدىن ئۆتۈش سانغۇنى قىلىپ تەيىنلىدى ھەمدە ئۇنى جەنۇبىي ھۇن تەڭرىقۇت ئوردىسىنىڭ غەربىي شىمالىدىكى مەنپۇ (ئورنى ھازىرقى ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونى دوڭشىڭ خوشۇنىنىڭ شەرقىي شىمالىدا) دا تۇرۇشقا، چەۋەندازلار كاھېڭگى چىن پىڭنى جەنۇبىي ھۇنلار تەڭرىقۇت ئوردىسىدا تۇرۇپ شۇبۇ قۇتبېگىنىڭ ئاسىي قوۋمى بىلەن شىمالىي ھۇنلارنىڭ ئالاقىسىنى توسۇشقا ئەۋەتتى. شۇ يىلى كۈزدە، شىمالىي ھۇنلار دىگەندەك 2000 چەۋەنداز ئەۋەتىپ، تۇلۇم قېيىق ياساپ شۇ فاڭ ئارقىلىق خۇاڭخې دەرياسىدىن ئۆتۈپ، شۇبۇ قۇتبەگىنىڭ ئىسيان كۆتۈرىدىغان قىسىملىرىنى قارشى ئېلىشقا تەييارلاندى. بىراق، خەن قوشۇنلارىنىڭ قاتتىق مۇداپىئەدە ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ چېكىنىپ كەتتى. ئىسيانچى قوشۇنلارنى قوللاش ئىشى ئەمەلگە ئاشمىغاچقا، شىمالىي ھۇنلارنىڭ تەڭرىقۇتى پانۇ تەڭرىقۇت قاتتىق غەزەپلىنىپ كۆپ قېتىم چېگرا ۋىلايەتلىرىگە ھۇجۇم قىلىپ شەھەرلەرنى كۆيدۈردى. ئەمەلدار ـ پۇقرالارنى ئۆلتۈردى ۋە مال ـ چارۋىلارنى بۇلاپ كەتتى، خېشى رايونىنىڭ شەھەر قوۋۇقلىرى كۈندۈزدىمۇ ئېتىك تۇرىدىغان بولدى.

شىمالىي ھۇنلار چېگرا ۋىلايەتلەرگە ئۈزلۈكسىز پاراكەندىچىلىك سېلىۋەرگەچكە، خەن مىڭدى سەلتەنەت دەۋرى يۇڭپىڭنىڭ 15 ـ يىلى (مىلادىيە 72 ـ يىلى) مىراقۇلبېگى دۇگۇ قاتارلىقلار لياڭجۇ ئايمىقى (ئورنى ھازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسى

جاڭجياچۇەن ناھىيىسىدە) دا تۇرۇپ، شىمالىي ھۇنلار بىلەن ئەڭ ئاخىرقى بىر قېتىملىق ھەل قىلغۇچ ئۇرۇشقا تەييارلاندى.

## 3. ئەڭ ئاخىرقى بىر قېتىملىق كۆڭۈلسىز جەڭ — جىنۋېيشەن تېغىدىكى جەڭ

ئىككى خەن سۇلالىسى ئارىلىقىدىكى خەن - ھۇن توقۇنۇشلىرىدا ھۇن چەۋەندازلىرى خەن سۇلالىسىنىڭ شىمالىي چېگرىلىرىدا ئات چاپتۇرۇپ، قىلىچ ئوينىتىپ يۈردى. شىمالىي چېگرىنىڭ ھەممىلا يېرى ئوخشىمىغان دەرىجىدە ھۇن چەۋەندازلىرىنىڭ پاراكەندىچىلىكىگە ئۇچرىدى. غەربىي يۇرتمۇ ھۇنلارنىڭ ئىلكىگە ئۆتۈپ كەتتى. بىراق، خەن سۇلالىسى بىلەن ھۇنلارنىڭ ئەنئەنىۋى جەڭگاھى — خېشى رايونى باشتىن - ئاخىر ئەمنىن تۇردى. بۇ خېشى رايونىنى ئايرىۋېلىپ، ئۆزىنى قوغدىغان، ئەزىمەتلەر تەرپىدىن خېشىدىكى بەش ۋىلايەتنىڭ ئۇلۇغ سانغۇنى قىلىپ سايلانغان دۇرۇڭ بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك ئىدى. ھۇنلار خېشى رايونىنى قەتئىي ئىگىلىۋېلىشقا ئۇرۇنغاندا دۇرۇڭ ئۇلارنى چېكىندۇرگەچكە ھۇنلار خېشى رايونىنى پاراكەندە قىلىشقا پېتىنالمىغانىدى. گۇاڭ ۋۇدى سەلتەنەت دەۋرى جيەنۇۇنىڭ بەشىنچى يىلى (مىلادىيە 29 - يىلى) دۇرۇڭ گۇاڭ ۋۇدىغا ئىتائەت قىلىپ لياڭجۇ ئايمىقىنىڭ چوپاندارلىقىغا تەيىنلەندى. ئۇ خېشى رايونىنى داۋاملىق قاتتىق ساقلىغاچقا خېشىنىڭ ۋەزىيىتى مۇقىم بولۇپ، ھۇنلار ھۇجۇم قىلىشقا پۇرسەت تاپالمىدى. گۇاڭ ۋۇدى لەشكىرىي كۈچىنى يىغىپ شىمالىي چېگرىدىن كىرىدىغان ياۋغا تاقابىل تۇردى. غەربتىن ئەندىشىسى قالمىغانىدى. بىراق، مىلادىيە 48 - يىلدىن كېيىن،

هۇنلار جەنۇبىي شىمالىي هۇنلارغا پارچىلانغاندىن كېيىن خەن ـ هۇن ئۇرۇش ۋەزىيىتىدە زور ئۆزگىرىش يۈز بەردى. شىمالىي هۇنلارنىڭ جەنۇبقا بېسىپ كىرىش يولى خەن سۇلالىسىگە بېقىنغان جەنۇبىي هۇنلار تەرىپىدىن توسۇلۇپ قالدى. شەرقتە ئوغانلارنىڭ سىيانپىيلارنىڭ بېسىمغا ئۇچراپ تۇردى. بۇنىڭ بىلەن، هۇنلارنىڭ ئوڭ تەرەپتىكى قىسمى يۆتكىلىپ، غەربىي يۇرتتىكى خانلىقلارنىڭ ئادەم كۈچى ۋە ماددىي كۈچىدىن پايدىلىنىپ خەن سۇلالىسى بىلەن قارشىلاشتى، بۇ ئەھۋالدا غەربىي يۇرت بىلەن خېشى رايونى ئارىلىقىغا جايلاشقان لياڭجۇ ئايمىقى ۋە ئايماقىنىڭ غەربىي قىسمى خەن سۇلالىسى بىلەن هۇنلار جان تىكىپ ئېلىشىدىغان جەڭگاھقا ئايلاندى، دۇ فامىلىلىكلەرنىڭ خېشى رايونىدا ئۇزۇن تۇرغانلىقىدىن بولسا كېرەك، شەرقىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى شىمالىي هۇنلار بىلەن جەڭ قىلغان ئىككى مەشھۇر سانغۇن دۇگۇ بىلەن دۇ شيەنلەر مۇشۇ مەشھۇر نەسەبتىن ئىدى.

خەن مىڭدى سەلتەنەت دەۋرى يۇڭپىڭنىڭ 15 ـ يىلى (مىلادىيە 72 ـ يىلى)، خەن مىڭدى شىمالىي هۇنلارغا زەربە بېرىشكە بەل باغلاپ شيەنجىن بېگى دۇگۇ قاتارلىق ۋەزىر ـ ۋۇزرالارغا هۇنلارغا هۇجۇم قىلىش ئىشىنى مەسلىھەتلىشىش ھەققىدە يارلىق چۈشۈردى. باش مەلۇماتچى گېڭ بىن «خەن ۋۇدى زامانىدا خېشى ئىگىلىنىپ چياڭلار، غۇزلار ۋە غەربىي يۇرتتىكى بەگلىكلەر خەن سۇلالىسىگە قارام بولغانىدى. ئەڭ ئاخىرىدا، هۇنلارمۇ خەن سۇلالىسىگە بېقىندى. هازىرقى خەن ـ هۇن ۋەزىيىتى خەن ۋۇدى زامانىدىكىسىگە تامامەن ئوخشىمايدۇ. شىمالىي هۇنلارنىڭ كۆرەڭلەپ كېتىشى ئۇلارنىڭ غەربىي يۇرتنى ئىگىلىۋالغانلىقىدىندۇر» دەپ قارىدى. شۇڭا، گېڭ بىڭ خەن قوشۇنى ئاۋۋال ئاقتاغ (تەڭرىتاغ) قا هۇجۇم قىلىشى، ئېۋىرغولنى ئېلىپ، قۇسنى مەغلۇپ قىلىشى، غەربىي

يۇرتنى يېڭىۋاشتىن قولغا ئېلىپ ھۇنلارنىڭ ئوڭ قولىنى كېسىپ تاشلىغاندىلا ئاندىن شىمالىي ھۇنلارنى مەغلۇپ قىلغىلى بولىدۇ» دەپ تەكلىپ بەردى. خەن مىڭدى گېڭ بىننىڭ كۆز قاراشلىرىغا تولۇق قوشۇلدى، دۇگۇ كىچىككىدىنلا دۇرۇڭغا ئەگىشىپ خېشىدا يۈرۈپ چېگرا ئىشلىرىنى ئۆگەنگەچكە، خەن مىڭدى چىن پىڭنى ئۇنىڭ ياردەمچىسى قىلىپ تەيىنلەپ لىياڭجۇ ئايىمىقىدا تۇرغۇزدى.

خەن مىڭدى سەلتەنەت دەۋرى يۇڭپىڭنىڭ 16 ـ يىلى ئىككىنچى ئايدا، خەن سۇلالىسى ئون مىڭدىن ئارتۇق لەشكەرنى تۆت يولغا بۆلۈپ ھۇنلارغا قارشى جازا يۈرۈشكە ئەۋەتتى. دۇگۇ بىلەن گېڭ بىڭ جيۇچۈەن قورۇلىدىن چىقىپ ھۇنلارنىڭ قۇياش خانى بىلەن تەڭرى تاغلىرىدا جەڭ قىلىپ، ھۇنلارنىڭ مىڭدىن ئوشۇق ئادىمىنى ئۆلتۈرۈپ، بارىكۆلگە قوغلاپ باردى. ئىۋۇرغولنى ئىگىلەپ ئازراق لەشكەرنى تېرىقچىلىققا قالدۇرۇپ، قورۇلغا قايتىپ كەلدى. قالغان ئۈچ يولدىكى قوشۇن ھۇنلار بىلەن ئۇچرىشالماي خىزمەت كۆرسىتەلمەي قايتىپ كەلدى، دەل مۇشۇ قېتىمقى ئۇرۇشتا دۇگۇ پەخرىي ئەمىر لەشكەر بەن چاۋنىڭ لەشكىرىي ئىستىراتېگىيىنى بايقاپ ئۇنىڭغا 36 كىشىنى قوشۇپ غەربىي يۇرتقا ئەلچىلىككە ماڭدۇردى، شۇنىڭدىن تارتىپ بەن چاۋ غەربىي يۇرتنى بويسۇندۇرۇشتەك ئۇزۇن ھەم جاپالىق سەپەرگە ئاتلانغانىدى. خەن مىڭدى سەلتەنەت دەۋرى يۇڭپىڭنىڭ 17 ـ يىلى (مىلادىيە 74 ـ يىلى) قىشتا، دۇگۇ قاتارلىقلار 14 مىڭ چەۋەندازنى باشلاپ دۇنخۇاڭنىڭ قۇرۇم قورۇلى (ئورنى ھازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسى ئەنشى ناھىيىسىدە) دىن چىقىپ، بارىكۆلدە شىمالىي ھۇنلارنىڭ ئاقتاغ (تەڭرىتاغ) دىكى قىسىملىرىنى مەغلۇپ قىلىپ ئالدى قۇس، ئارقا قۇس خانلىقلىرىنى ئېلىپ غەربىي يۇرت قورۇقچىبەگ مەھكىمىسى بىلەن قورۇل چېرىكچىبەگ مەھكىمىسىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، خەن

سۇلالىسىنىڭ غەربىي يۇرتىكى ئۈزۈلۈپ قالغىنىغا 60 نەچچە يىل بولغان ھۆكۈمرانلىقىنى ئەسلىگە كەلتۈردى. مىلادىيە 75 - يىلى ئەتىيازدا، دۇگۇ پەرمان بويىچە ئاستانە لوياڭغا قايتىپ كەلدى. دۇگۇ سانغۇن غەربىي يۇرتتىن كەتكەندىن كېيىن شىمالىي ھۇن تەڭرىقۇتى دەرھال سول قانىتى 20 مىڭ چەۋەنداز بىلەن ئالدى قۇس، ئارقا قۇس خانلىقلىرىنى تارتىۋېلىشقا ئەۋەتتى. قورۇقچىبەگ چېن مۇ قورۇل چېرىكچىسى گېڭ گۇاڭ، چېرىكچى گۇەن چۇڭلار ئاگنى قاتارلىق خانلىقلارنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىدى. ۋەزىيەت ئىنتايىن جىددىي ئىدى، دەرھال مۇشۇ پەيتتە خەن مىڭدى ئۆلۈپ ئوردىنىڭ غەربىي يۇرتقا لەشكەر ئەۋەتىپ ياردەم قىلىش ئىشلىرىنى ئويلاشقا چولىسى تەگمىدى، نەتىجىدە چېن مۇ، گۇەن چۇڭلار ئۇرۇشتا ئۆلدى. پەقەت گېڭ گوڭلار سۇلۇغ شەھىرىنى قاتتىق ساقلاپ شىمالىي ھۇنلار بىلەن قۇس خانلىقىنىڭ لەشكەرلىرىنىڭ ھۇجۇمىغا قەيسەرلىك بىلەن قارشىلىق كۆرسەتتى. گېڭ گۇڭ ئەقىللىق ھەم تەدبىرلىك كىشى ئىدى، لەشكەرلىرىگە سەممىي، كەڭ قوللۇق بىلەن مۇئامىلە قىلىپ ھايات - ماماتتا بىللە بولۇپ، لەشكەرلىرىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشكەنىدى. ھەممەيلەن بىر نىيەتتە شەھەرنى قاتتىق ساقلىدى، مۇھاسىرە ئۇزۇن داۋاملاشقانلىقتىن ئاشلىق تۈگەپ كىرىچلەرنى پىشۇرۇپ يېدى، شىمالىي ھۇن تەڭرىقۇتى ئەلچى ئەۋەتىپ گېڭ گۇڭنى تەسلىم بولۇشقا، تەسلىم بولسا بەيۋۇ خانى قىلىپ تەيىنلەيدىغانلىقى ھەققىدە نەسىھەت قىلدى. گېڭ گۇڭ قىلچە تەۋرىنىپ قالماي، ھۇن ئەلچىسىنى شەھەر سېپىلىغا ئېلىپ چىقىپ ئۆزى ئۆلتۈرۈۋەتتى، شىمالىي ھۇن تەڭرىقۇتى قاتتىق غەزەپلىنىپ سۇلۇغ شەھىرىگە تېخىمۇ قاتتىق ھۇجۇم قىلدى. بىراق، باشتىن - ئاخىر ئالالمىدى، ئىككىنچى يىلى خەن جاڭدى تەختكە چىقىپ سۇلۇغنى مۇھاسىرىدىن قۇتقۇزۇشقا ياردەمچى قوشۇن ئەۋەتكەندە گېڭ گۇڭنىڭ قول

ئاستىدىكىلەر تامامەن ئۆلتۈرۈلۈپ يارىلىنىپ پەقەت 26 ئادەم قېپقالغانىدى، خەن جاڭدى غەربىي يۇرت قورۇقچىبەگ مەھكىمىسى بىلەن قورۇل چېرىكچىبەگ مەھكىمىسىنى بىكار قىلدى. شۇ چاغدا، ناۋادا بەن چاۋ بۇنىڭغا قوشۇلماي ئۆزلۈكىدىن غەربىي يۇرتتا قالمىغان بولسا، ئېھتىمال خەن سۇلالىسىنىڭ تەسىر كۈچى تەلتۆكۈس ھالدا قاشقوۋۇقنىڭ ئىچىگىلا سۈرۈلۈپ كەتكەن بولاتتى.

گەرچە، خەن قوشۇنلىرى غەربىي يۇرتتا بەزى ئوڭۇشسىزلىقلارغا ئۇچرىغان بولسىمۇ، شىمالىي ھۇنلار ئوغانلار ۋە سىيانپىيلارنىڭ ھۇجۇمىغا تاقابىل تۇرۇشنىڭ ئۈستىگە تەبىئىي ئاپەتنىڭ رەربىسى ئۇلارنى ئىچ - تېشىدىن قىسىپ «ئۇھ» دېگۈچىلىكنى قويمىغانىدى. خەن جاڭدى سەلتەنەت دەۋرى جيەنچۇنىڭ سەككىزىنچى يىلى (مىلادىيە 83 - يىلى) شىمالىي ھۇنلارنىڭ ئاقساقاللىرىدىن زىدارىن جىلۇسلار 30 مىڭدىن كۆپ ئادەمنى باشلاپ ۋۇيۈەن قورۇلىغا كىرىپ خەن سۇلالىسىگە بېقىنىشنى تەلەپ قىلىپ، شىمالىي ھۇن خەلقىنىڭ زور كۆلەمدە تەڭرىقۇتتىن يۈز ئۆرۈپ قېچىپ كېلىشىگە ئۇلگە بولۇپ بەردى. خەن جاڭدى سەلتەنەت دەۋرى جاڭخېنىڭ تۇنجى يىلى (مىلادىيە 84 - يىلى) سىيانپىيلار توپىلاڭدىن توغاچ ئوغرىلاپ ھۇنلارنىڭ سول تەرىپىگە ھۇجۇم قىلىپ ئۇلۇغ تەڭرىقۇتنى ئۆلتۈردى، شىمالىي ھۇنلار ئارىسىدا مالىمانچىلىق كۆتۈرۈلدى. كىرەن قاتارلىق 58 قەبىلىدىن 200 مىڭدىن ئارتۇق ئادەم جەنۇبقا كېلىپ خەن سۇلالىسىگە ئەل بولدى. خەن جاڭدى سەلتەنەت دەۋرى جاڭخېنىڭ ئىككىنچى يىلى (مىلادىيە 87 - يىلى) شىمالىي ھۇنلارنىڭ قۇتبېگى قاتارلىقلار ئۇلۇغ تەڭرىقۇتنىڭ ئانا باشقا ئاغىسى ئۇڭ توغ خاننى تەڭرىقۇت قىلىپ تىكلىدى (بۇ تەڭرىقۇتنىڭ ئىسمى مەلۇم ئەمەس). ئۇنىڭ قېرىنداشلىرى تەڭرىقۇتلۇق تەختىنى تالىشىپ ئىچكى قىسىمدا

بۆلۈنۈش پەيدا قىلدى. ئۇنىڭغا ئاچارچىلىق، چېكەتكە ئاپىتى قوشۇلۇپ جەنۇبقا كېلىپ خەن سۇلالىسىگە ئەل بولمىغانلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمىدى. شۇ يىلى 7 ـ ئايدا، جەنۇبىي ھۇن تەڭرىقۇتى شولان شىسۇقۇتى تەڭرىقۇت شىمالىي ھۇنلارنىڭ ھالاكەت گىردابىغا بېرىپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ، خەن ئوردىسى بىلەن بىرلىكتە لەشكەر تارتىپ شىمالىي ھۇنلارنى يوقىتىپ ھۇنلارنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، چېگرا خەۋپىنى ئۈزۈل ـ كېسىل تۈگىتىش مەقسىدە خانغا مەكتۇپ سۇندى. بۇ چاغدا خەن جاڭدى ئۆلۈپ گۆدەك خەن مىڭدى تەختكە چىققان، خانىكە دۇ ئوردا ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈۋاتقانىدى، جەنۇبىي ھۇن تەڭرىقۇتى مەكتۇپ سۇنغاندىن كېيىن، خانىكە دۇ گېڭ بىڭنىڭ پىكرىنى ئالدى. گېڭ بىڭ: «خەن ۋۇدى دەۋرىدە ھۇنلارنى ئۆزىنىڭ ۋەزىرلىرىدىن قىلىشنى ئارزۇ قىلغان، بىراق ئۇنداق قىلالمىدى. بۈگۈن ھۇنلار پارچىلىنىپ كەتتى، بۇ ھۇنلارنى بېقىندۇرۇشنىڭ تېپىلغۇسىز پۇرسىتى، بۇنى قولدىن بېرىشكە بولمايدۇ، دەپ قارىدى. خانىكە دۇ ئۇنىڭ پىكرىنى قوبۇل قىلىپ ئۆز ئاكىسى دۇشيەن بىلەن گېڭ بىڭغا كېلەر يىلى ھۇنلارغا ھۇجۇم قىلىشقا يارلىق چۈشۈردى، ئويلىمىغان يەردىن بۇ ئىش ئەمىر زېمىن يۈەن ئەن باشچىلىقىدىكى ۋەزىرلەرنىڭ كۈچلۈك قارشىلىقىغا ئۇچرىدى. ئۇلار ئون نەچچە قېتىم مەكتۇپ سۇنۇپ بۇنى توستى، لېكىن خانىكە دۇ تەۋرىنىپ قالماي، ھۇنلارغا يۈرۈش قىلىش ئىشىنى ئاخىرقى ھېسابتا بېكىتتى. مۇشۇنداق تارىخىي پۇرسەتتە، خەن جاڭدى «سېسىق چاشقان» دەپ تىللىغان دۇشيەن 300 يىللىق خەن ـ ھۇن ئۇرۇشىغا خاتىمە بەرگۈچى بولۇپ قالدى.

دۇشيەن دۇرۇڭنىڭ ئەۋرىسى بولۇپ، بوۋىسى دۇمۇ گۇاڭ ۋۇدىنىڭ قىزى مەلىكە نېيخۇاڭغا ئۆيلەنگەن، دادىسى دۇشيەن گۇاڭ ۋۇدىنىڭ ئوغلى دوڭخەي بېگى ليۇ چاڭنىڭ قىزى مەلىكە

يىياڭغا ئۆيلەنگەن. بوۋىسى بىلەن دادىسى مەلىكىگە ئۆيلىنىپ يۇقىرى ئەمەل تۇتۇپ بىر مەزگىل دەۋر سۈرگەنىدى. ئاخىرى سىياسىي ئىشلارنى قالايمىقان قىلغانلىقى، ھىيلىگەرلىك، ساختىپەزلىك جىنايىتى ئۆتكۈزگەنلىكى ئۈچۈن، ئاتا - بالا تۈرمىدە ئۆلگەنىدى. بۇ چاغدا دۇشيەن تېخى كىچىك بولۇپ، گۇناھكارنىڭ پۇشتى بولغانلىقى ئۈچۈن ئىستىقبالىدىن ئۈمىد يوق ئىدى. بىراق، خەن جاڭدى سەلتەنەت دەۋرى چيەنچۇنىڭ ئىككىنچى يىلى (مىلادىيە 77 - يىلى) ئۇنىڭ سىڭلىسى خەن جاڭدىنىڭ خانىشى بولغاندىن كېيىن، دۇشيەن غولام بولدى. يەنە ئۈستۈرۈلۈپ شىغاۋۇل ۋە ئەمىر بارلاس بولدى، شۇنىڭدىن تارتىپ ئۇنىڭ ئىشى ئوڭدىن كېلىپ ھوقۇقى زورىيىپ ھەتتا مەلىكە چىنشۇينىڭ بېغىنى تارتىۋالدى. كېيىن بۇ ئىشنى خەن جاڭدى بىلىپ قېلىپ دۇشيەننى «سېسىق چاشقان» دەپ تىللاپ، باغنى ئىگىسىگە قايتۇرۇپ بېرىشكە بۇيرۇدى. خەن جاڭدى ئۆلگەندىن كېيىن، خەن خېدى تېخى گۆدەك بولغاچقا، خانىكە دۇ ھاكىمىيەتنى قولىغا ئېلىۋالدى. دۇشيەن خانلىقنىڭ مەخپىي ئىشلىرىغا قاتناشتى. ھوقۇقى ناھايىتى زور ئىدى. ئەركىن بىمالال يۈرگەن دۇشياڭ بېگى ليۇچاڭ ياش خانىكەنىڭ كۆڭلىنى ئۇتۇۋالدۇ. ئۆز ھوقۇقىنى تارتىۋېلىشتىن ئەنسىرىگەن دۇشيەن قاتىل ئەۋەتىپ ليۇچاڭنى ئۆلتۈرۈۋەتتى، خانىكە ئۇينىشىنىڭ زىيانكەشلىككە ئۇچرىغانلىقىدىن قاتتىق قايغۇرۇپ، دۇشيەننى قاتتىق جازالىماق بولۇپ ئوردا ئىچىدە قاماپ قويدى. دۇشيەن ھۇنلارغا ھۇجۇم قىلىپ گۇناھىنى يۇيۇش ھەققىدە ئىلتىماس سۇندى، شۇنىڭ بىلەن دۇشيەن ھارۋا - ئاتلىقلار سانغۇنلۇقىغا تەيىنلىنىپ گورزىدار گېڭ بىڭ ئۇنىڭغا ياردەمچى قىلىنىپ ۋۇ شياۋ، لى ياڭ، يۇڭپىڭ قاتارلىق چېگرا بويىدىكى 12 ۋىلايەتنىڭ چەۋەندازلىرى، چياڭ، غۇزلار قوشۇنىنى باشلاپ ھۇنلارغا ھۇجۇمغا ئاتلاندى.

خەن خېدى سەلتەنەت دەۋرى يۇڭيۇەنىنىڭ تۇنجى يىلى (مىلادىيە 89 ـ يىلى) 6 ـ ئايدا، دۇشيەن، گېڭ بىڭلار 8000 چەۋەنداز ۋە جەنۇبىي ھۇنلارنىڭ سول خانىنىڭ 10 مىڭ چەۋەندازىنى باشلاپ شوفاڭ ۋىلايىتىنىڭ جىلۇ قورۇلى (ئورنى ھازىرقى ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونى دىڭگو خوشۇنىنىڭ غەربىي شىمالى) دىن جەنۇبىي ھۇن تەڭرىقۇتى شەخسەن ئۆزى ئون مىڭ چەۋەنداز بىلەن مەنيى جىلغىسى (ئورنى ھازىرقى ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونى باۋتۇ شەھىرىنىڭ شىمالىدا) دىن؛ لياۋشۇي دەرياسىدىن ئۆتۈش سانغۇنى دېڭ خوڭ، چىياڭ، غۇزلار قوشۇنىدىن سەككىز مىڭ چەۋەندازنى، جەنۇبىي ھۇنلارنىڭ سول تۇغ خانى ئەنگۇر ئون مىڭ چەۋەندازنى باشلاپ گوياڭ قورۇلى (ئورنى ھازىرقى ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونى باۋتۇ شەھىرىنىڭ شەرقىدە) دىن يولغا چىقتى. ئۈچ يىتولدىكى قوشۇن جۇشى تېغىدا قوشۇلدى، دۇشيەن زور قوشۇننى باشلاپ قورۇلدىن چىققاندىن كېيىن، ياردەمچى چېرىكچى يەن پەن، ئەمىرلەشكەر گېڭ كۇي قاتارلىقلارنى سول قول قان شىرنىڭ 10 مىڭدىن ئارتۇق خىل چەۋەندازىغا قوماندانلىق قىلىشقا ئەۋەتتى، ئۇلار جىلۇ تېغىدا شىمالىي ھۇن تەڭرىقۇتىنى يەڭدى. ئۇنىڭ قوشۇنى پىتىراپ كەتتى. شىمالىي ھۇن تەڭرىقۇتى قالغان قىسىملىرىنى باشلاپ قېچىپ كەتتى. دۇشيەن زور قوشۇننى باشلاپ قوغلاپ شىمالىي ھۇن تەڭرىقۇتىنىڭ قىسىملىرىنى زور پالاكەتكە ئۇچرىتىپ سىچۇ بىد كۆلى (ھازىرقى موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتىدىكى ئوبۇسۇ كۆلى) گىچە قوغلاپ بېرىپ مەشھۇر بانلار ۋە ئۇلارنىڭ قول ئاستىدىكىلەر بولۇپ خېلى كۆپ ئادەمنى ئۆلتۈردى. بىر مىليوندىن ئارتۇق چارۋا ـ مال ئولجا ئالدى، ئىلگىرى ـ كېيىن 81 قەبىلىدىن 200 مىڭدىن ئارتۇق ئادەم ئەل بولدى. دۇشيەن زور قوشۇننى باشلاپ قورۇلدىن چىقىپ 3000 چاقىرىمدىن ئارتۇق يۈرۈپ تولۇق غەلىبىگە ئېرىشكەنلىكىدىن

خۇشال بولۇپ، قول ئاستىدىكىلەرنى باشلاپ يەنرەن تېغىغا چىقىپ ئوتتۇرا ھىماتچى بەن گوغا خاتىرە سۆز يېزىپ تاشقا ئويۇپ خاتىرىلەشكە يارلىق چۈشۈردى.

ھۇنلارغا قىلىنغان بۇ قېتىمقى يۈرۈش «خەن گاۋدى، خەن ۋېندىلارنىڭ ئىنتىقامىنى ئېلىپ ئاتا - بوۋىلارنىڭ روھىنى خۇش قىلدى»، «كېيىنكى ئەۋلادلارنى تىنچلاندۇرۇپ، دۆلەتنىڭ زېمىنىنى كېڭەيتىپ، بۈيۈك خەن سۇلالىسىنىڭ ھەيۋىسىنى ئاشۇردى» دەپ جار سالدى. ئېنىقكى، دۇشيەن قاتارلىقلارمۇ بۇ قېتىمقى يۈرۈشنى ھۇنلارغا قارشى ئەڭ ئاخىرقى غەلىبىنىڭ ھەل قىلغۇچ بىر مەيدان جەڭ ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتكەچكە، بەن گۇ بۇ ئۇرۇشنى «ۋاقىتلىق بەدەل تۆلەپ، مەڭگۈلۈك خاتىرجەملىككە ئېرىشىش» دەپ ئاتايدۇ. پاكىتمۇ راست شۇنداق ئىدى. بۇ يۈرۈش 300 يىلغا سوزۇلغان خەن - ھۇن ئۇرۇشىدىكى ئەڭ ئاخىرقى بىر مەيدان ئىستراتېگىيىلىك ھەل قىلغۇچ جەڭ بولۇپ قالدى. شىمالىي ھۇنلار بۇ قېتىمقى قاتتىق زەربىدىن كېيىن ئاساسىي كۈچى تارمار بولۇپ، چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى ھۆكۈمرانلىق ئەمەلىيەتتە يىمىرىلىپ كەتتى، شىمالىي ھۇن تەڭرىقۇتى غەربكە كۆچۈپ، ھۇنلار 300 يىلدىن ئارتۇق ياشىغان چۆللۈكنى تاشلاپ، جاپا - مۇشەققەتلىك غەربكە كۆچۈش سەپىرىنى باشلىدى.

دۇشيەن يەنرەن تېغىدا چوڭ تۆھپىلەرنى تاشقا ئويغۇزۇپ بولۇپ ئوردىغا قايتتى. قوشۇن يېرىم يولغا كەلگەندە دالا لەشكەر بېشى ۋۇسى، لياڭ فېڭلارنى ئالتۇن - كۈمۈش، تاۋار - دۇردۇنلارنى ئېلىپ شىمالىي تەڭرىقۇتنى ئەل قىلىشقا ئەۋەتتى. بۇ چاغدا، شىمالىي ھۇنلار بالقاش كۆلى بويىغا قېچىپ بېرىۋالغان. ئىچكى قىسىمدا مالىمانچىلىق كۆتۈرۈلگەن چاغ ئىدى. ۋۇسى، لياڭ فېڭلار ئون مىڭدىن ئارتۇق ئادەمنى ئەل قىلدى. بالقاش بويىغا بارغاندا خەن سۇلالىسىنىڭ سۇر -

ھەيۋىسىنى تەشۋىق قىلىپ شىمالىي ھۇن تەڭرىقۇتىنى قوغشار تەڭرىقۇتقا ئوخشاش خەن سۇلالىسىگە بېقىنىپ ئەلنى ئەمىن تاپقۇزۇشقا ئۈندىدى. شىمالىي تەڭرىقۇت چەكسىز خۇرسەن بولۇپ، دەرھال قالدۇق قىسىملىرىنى ئېلىپ خەن سۇلالىسى ئەلچىلىرى بىلەن قايتتى. شىمالىي ھۇن تەڭرىقۇتى سىچۇ بىدى كۆلىگە كەلگەندە، خىل قوشۇنلىرىنىڭ قورۇلدىن كىرىپ كەتكەنلىكىنى ئاڭلاپ، ئىككىلىنىپ ئۆزى خەن سۇلالىسى قورۇلدىن كىرىشكە پېتىنالمىدى. شۇڭا، ئىنىسىنى بۇ گەپنىڭ راست - يالغانلىقىنى بىلىپ كېلىشكە لوياڭغا ئەۋەتتى. بۇ چاغدا، دۇشيەن ھۇنلارغا ھۇجۇم قىلغان تۆھپىسى ئۈچۈن ئۇلۇغ سانغۇنلۇققا كۆتۈرۈلۈپ، ۋۇيالڭ بېگى مەرتىۋىسى بېرىلىپ ئوردىنى تىترىتىۋەتكەنىدى. دۇشيەن شىمالىي ھۇن تەڭرىقۇتىنىڭ ئۆزى كەلمىگەنلىكىنى كۆرۈپ كۆڭلى غەش بولۇپ، تەڭرىقۇتنىڭ ئىنىسىنى قايتۇرۇۋەتتى. ھۇنلارنىڭ بىرىنچى قېتىملىق يارىشىش تەلىپى ئەمەلگە ئاشمىدى.

خەن مىڭدى سەلتەنەت دەۋرى يۈڭيۈەننىڭ ئىككىنچى يىلى (مىلادىيە 90 - يىلى) 7 - ئايدا، ئۇلۇغ سانغۇن دۇشيەن قوشۇن باشلاپ لياڭجۇ ئايمىقىدا تۇردى. يەنە بىر قېتىملىق لەشكىرىي يۈرۈش باشلىنىش ئالدىدا تۇراتتى. بۇ چاغدا، شىمالىي ھۇن تەڭرىقۇتى خەن سۇلالىسىنىڭ ئىنىسىنى قايتۇرۇۋەتكەنلىكىنى كۆرۈپ يەنە جۇشىيجۇ خاننى قورۇلغا ئەۋەتىپ خەن سۇلالىسى بىلەن ئۆزلىرىنىڭ بېقىنىش ئىشى توغرۇلۇق كېڭىشىش ھەققىدە ئىلتىماس سۇندى. دۇشيەن بەن گو بىلەن لياڭ فېڭنى ئۇلارنىڭ ئالدىغا ئەۋەتتى، جەنۇبىي ھۇن تەڭرىقۇتى شىمالىي ھۇن تەڭرىقۇتى بىلەن خەن سۇلالىسىنىڭ يارىشىپ قېلىشىنى خالىمىغاچقا، شىمالىي ھۇنلارغا ھۇجۇم قىلىش، ھۇنلارنى قوغدىغۇچى نۆكەر بەگ گېڭ تەننى خەن قوشۇنلىرىنى باشلاپ ماسلىشىپ بېرىش ھەققىدە خانغا ئىلتىماس سۇندى، بىراق

شىمالىي ھۇن تەڭرىقۇتى بالا - قازاننىڭ ئۆزىگە يېقىنلاپ كېلىۋاتقانلىقىنى ئۇقماي، خەن ئەلچىلىرىنىڭ كېلىشىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتۈۋاتاتتى. كەچ كىرگەندە خەن قوشۇنلىرى بىلەن جەنۇبىي ھۇن قوشۇنلىرى كېلىپ قىسماققا ئالدى. شىمالىي ھۇن تەڭرىقۇتى تاتلىق ئۇيقۇدىن چۆچۈپ ئويغىنىپ يارىلىنىپ قېچىپ كەتتى. قاشتېشى كەمىرىنى باغلاشقىمۇ ئۈلگۈرەلمەي قالدى. خېلى كۆپ ئادەم قىرغىن قىلىندى. تەڭرىقۇتنىڭ ئالچىسى، ۋە بەش بالىسى، مىڭدىن ئارتۇق پۇقرا ئەسىرگە چۈشتى. خەن سۇلالىسى ئەلچىسى بەن گۇ، لياڭ فېڭلار سىچۇبىدى كۆلىگە يېتىپ كەلگەندە شىمالىي ھۇن تەڭرىقۇتى قاياققىدۇر غايىب بولغان، تىتىلىپ كەتكەن چېدىر ۋە ئەتراپقا تولۇپ كەتكەن جەسەتلەر چۆللۈكتە ئۈن - تىنسىز ياتاتتى. يارىشىشقا كەلگەن خەن ئەلچىلىرىنى مانا مۇشۇنداق ئالاھىدە بىر ئەھۋال قارشى ئالدى!

خەن خېدى سەلتەنەت دەۋرى يۇڭيۈەننىڭ ئۈچىنچى يىلى (مىلادىيە 91 - يىلى) 2 - ئايدا، دۇشيەن شىمالىي ھۇنلارنىڭ زادى ھالى قالمىغانلىقىنى، شىمالىي ھۇنلار بىلەن سۆزلىشىشنىڭ ئەھمىيىتى قالمىغانلىقىنى سېزىپ شىمالىي ھۇنلارنى يوقىتىش قارارىغا كەلدى. شۇڭا، سول قول چېرىكچى گېڭ كۇينى زور قوشۇننى باشلاپ جۈيەن قورۇلىدىن چىقىپ شىمالىي ھۇنلارنىڭ جىنۋېيشەن باشلاپ جۈيەن قورۇلىدىن چىقىپ شىمالىي ھۇنلارنى جىنۋېيشەن تېغى (ھازىرقى ئالتاي تېغى) دا قورشاشقا ئەۋەتتى، بۇ چاغدا شىمالىي ھۇن تەڭرىقۇتىنىڭ زادى قارشىلاشقۇدەك مادارى قالمىغانىدى. خەن قوشۇنلىرى بىلەن بىرلا تۇتىشىپ قالدۇق قىسىملىرىنى باشلاپ مۇھاسىرىنى بۆسۈپ قېچىپ كەتتى. تەڭرىقۇتنىڭ ئانىسىمۇ خەن قوشۇنىغا ئەسىرگە چۈشتى. خېلى كۆپ ئادەم قىرغىن قىلىندى. گېڭ كۇي يەنە قورۇلدىن 5000 چاقىرىم چىقىپ خەن - ھۇن ئۇرۇشى

پارتلىغاندىن بۇيانقى ئەڭ يىراق بىر قىتىملىق سەپەرگە ئاتلاندى، شۇنداقلا ئەڭ ئاخىرقى بىر قېتىملىق ھەل قىلغۇچ جەڭنى قىلدى. جىنۇبىيشەن تېغىدىكى جەڭدىن كېيىن شىمالىي ھۇن تەڭرىقۇتى يوقالدى، ئەسلىدىلا شىمالىي ھۇن تەڭرىقۇتى ئىككى يىلنىڭ ئالدىدىلا غەربكە كەتكەن. دۈشيەن ئەۋەتكەن خەن ئەلچىسى لياڭ فېڭلارنىڭ نەسىھىتىنى ئاڭلاپ شەرققە قايتىپ كەلگەنىدى. بىراق، خەن قوشۇنلىرى تويۇقسىز جىنۇبىيشەن تېغى ئۇرۇشىنى قوزغاپ ۋەدىگە ۋاپا قىلماسلىقنىڭ تەمىنى تېتىدى، خەن سۇلالىسى بىلەن ھۇنلارنىڭ چوڭلۇقتە مەنمەنلىك تالىشىپ ئېلىپ بارغان 300 يىللىق ئۇرۇشى مانا مۇشۇنداق كۆڭۈلسىز ئۇرۇش بىلەن ئاياغلاشتى.

«كېيىنكى خەننامە. جەنۇبىي ھۇنلار ھەققىدە قىسسە» دە خاتىرىلىنىشىچە، جىنۇبىيشەن تېغىدىكى ئۇرۇشتىن كېيىن شىمالىي ھۇن تەڭرىقۇتىنىڭ ئىز - دېرىكى بولمىغان. بەزى ئالىملارنىڭ تەتقىقاتىچە، شىمالىي ھۇن تەڭرىقۇتى مۇھاسىرىنى بۆسۈپ چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، كونا يول بىلەن بالقاش كۆلى، ئارال دېڭىزى ئەتراپىدىكى گانگا ئەتراپىغا كەتكەن. بەن چاۋ غەربىي يۇرتنى تىنجىتقاندىن كېيىن، شىمالىي ھۇنلار گانگادىمۇ تۇرالماي ئارال دېڭىزىنى ئايلىنىپ ئۆتۈپ تېخىمۇ غەربكە بېرىپ ۋولگا دەرياسى بويىدا ئولتۇراقلاشقان. 4 - ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا، ۋولگا دەرياسى بويىدا ياشىغان ھۇنلار ئېھتىمال يىمىرىلىپ كەتكەن ھۇن ئىمپېرىيىسىنى قايتا قۇرۇشنىڭ تاتلىق چۈشلىرىنى داۋاملاشتۇرۇۋاتقاندۇ. . .

بۇ كىتاب خۇاشيا نەشرىياتىنىڭ 1996 - يىلى 3 - ئاي بېيجىڭ 1-نەشرى، 1997 - يىلى 1 - ئاي بېيجىڭ 1 - باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.

本书根据华夏出版社 1996 年 3 月北京第 1 版 1997 年 1 月北京第 1 次印刷本翻译出版。

مەسئۇل مۇھەررىرى: مۇختار مامۇت
مەسئۇل كوررېكتور: رەنا ئابلىمىت
مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: ئەكبەر سالىھ

# خەن سۇلالىسى بىلەن ھۇنلارنىڭ 300 يىللىق ئۇرۇشى (1)

ئاپتورى: سۇڭ چاۋ
تەرجىمە قىلغۇچى: ئابدۇرېھىم راخمان

•

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى №348)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
ئۈرۈمچى پاراۋانلىق باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
ئۆلچىمى: 850×1168 مم. 1/32، باسما تاۋىقى: 8.5
2003 - يىل 3 - ئاي 1 - نەشرى
2003 - يىل 3 - ئاي 1 - بېسىلىشى
تىرازى: 1 — 3000
ISBN 7—228—07824—1
باھاسى (ئىككى قىسىم): 24.00 يۈەن

مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: ئەكبەر سالىھ



ISBN 7-228-07824-1

9 787228 078240 >

ISBN 7-228-07824-1
（民文）总定价（两册）：24.00元